"ئەتىكى قۇياش" ـ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى

لى لىڭشيۇ    شېن شۇرېن

# يىقىلماس توغراق



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ




جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئابدۇسەمەتكە 2004 - يىلى 10 - ئايدا "مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنچى" دەپ نام بەردى.

ج ك پ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى ئابدۇسەمەتنى "جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى" دەپ ئەنگە ئالدى.

2005 - يىلى 5 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئابدۇسەمەتكە "مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك شەخس" دېگەن شەرەپنى بەردى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇسەمەتنى "ئىنقىلابىي قەھرىمان" دەپ ئەنگە ئالدى.

ISBN 7-105-07990-8/I · 1737
民文(维254)　定价：20.00元

ISBN 7-105-07990-8
9 787105 079902 >

لى لىڭشيۇ    شېن شۇرېن

# يىقىلماس توغراق

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: سېيىت تىلىۋالدى
ئەخمەتجان ھوشۇر

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑：阿合买提江
责任校对：赛比耶•艾合太木

图书在版编目(CIP)数据

不朽的胡杨/李玲修，沈树人著；色依提，阿合买提江译.—北京：民族出版社，2006.10
（托起明天的太阳—民文青少年读物丛书）
ISBN 7-105-07990-8

Ⅰ.不… Ⅱ.①李… ②沈…③色…④阿…Ⅲ.报告文学—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.125

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 117701 号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址：北京市和平里北街 14 号 邮编：100013
电 话：010-64290862 (维文室)
印 刷：北京迪鑫印刷厂
版 次：2006 年 10 月第 1 版 2006 年 10 月北京第 1 次印刷
开 本：850 毫米×1168 毫米
印 张：11.8125
印 数：0001-2000 册
定 价：20.00 元

本书根据海天出版社 2005 年 7 月第 1 版深圳第 2 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب خەيتيەن نەشرىياتى 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلغان 1 ـ نەشرى شېنجېن 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەخمەتجان ھوشۇر

مەسئۇل كوررېكتور : سەبىيەم ئەختەم

# يىقىلماس توغراق

## (ئەدەبىي ئاخبارات)

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: سېيىت تىلىۋالدى، ئەخمەتجان ھوشۇر**

---

**نەشر قىلغۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى

**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010

**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

**باسقۇچى** : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى

**نەشرى** : 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

**بېسىلىشى** : 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم

**باسما تاۋىقى** : 11.8125

**سانى** : 0001 ـ 2000

**باھاسى** : 20.00 يۈەن

---



شېن شۈرېن، بوجى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شېنجېن شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئەدەبىي ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «تۆھپىكارلار كۈيى»، «سېرىق تۇپراق رىشتى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «بوجى ۋادىسىدىن ئۆرلىگەن چولپانلار»، «نەنلىڭلىقلار»، «تامدا ئۈنگەن قىزىل ئۆرۈك»، «نەنلىڭ نەزمىلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات، شېئىرلار توپلىمى ۋە تېلېۋىزىيە سېنارىيىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان.



لى لىڭشيۇ شەندۇڭ يەنتەيلىك. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى كىنو-
تېلېۋىزىيە ئىجادىيەت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەنتەربىيە تېمىسىدىكى ئەدەبىي
ئاخبارات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ
تەكلىپلىك يازغۇچىسى، «نۇر گېزىتى»نىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى، جۇڭگو ئەدەبىي
ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكلىپلىك ئىجادىيەتچىسى، جۇڭخوا يەندى-
خۇاڭدى مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، خېبېي پەن-
تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېھمان پروفېسسورى، جۇڭگو كىنو ئەدەبىياتى ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىرى ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق
ۋەزىپىلەردە بولغان.

مۇكاپاتقا نائىل ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «پۇتبول مەشقاۋۇلىنىڭ تويى»،
«ئۇچقاندەك كەلگەن "ئاۋدى"» جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن
مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ «جىنخۇالىقلار»،
«دۆلەت گېمنى ملودىيىسىگە ئەگىشىپ» قاتارلىقلار «خەلق گېزىتى» تەرىپىدىن
بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئاخىرقى ماھىر» «بۇگۇنكى دەۋر» ژۇرنىلى
تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ «گۇلباغ
رەستىسىدىكى بەشىنچى نومۇرلۇق قورو» ناملىق سىنارىيىسى چاڭچۈن كىنو
ستودىيىسى تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن
مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ «مەشقاۋۇلىنىڭ قىزى»، «تۇگىمەس
مەنزىل» قاتارلىق سىنارىيىلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن لېنتىغا
ئېلىنىپ «پەرۋاز» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن: «تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرىنىڭ شەرىپى»،
«ئارغۇن»، «بۇجى بازىرىدىكى داڭدارلار» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلىرى،
«غەيرەت قىل، قىزچاق!» ناملىق رومانى، «ئەتە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە» ناملىق
پوۋېستى، «ئېھ، دوستلۇق» ناملىق نەسرى بار.

بۇ كىتابنى قەھرىمان ئابدۇسەمەتكە ۋە مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى بىرىنچى سەپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرىغا بېغىشلايمەن.

# بېغىشلىما

## ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى

### تۆمۈر داۋامەت

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئابدۇسەمەت خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر جاپاكەش دېھقاننىڭ بالىسى بولۇپ، ئانىسى بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدىكى يەتتە ـ سەككىز ئانىسىز يېتىم قاتارىدا بالىلىق چاغلىرىنى ئىنتايىن ئېغىر مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. تىرىشچان ئابدۇسەمەت ”دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدۇ، مىڭ ئوقۇغىنى بىلەن بىكار“ دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنستىتۇتقا كىرەلىشى ، ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى تۇنجى ھالقىش بولدى.

ئابدۇسەمەت ئىنستىتۇتتا ئوقۇغان تۆت يىل جەريانىدا نامراتلىق ۋە ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئاساسى ئاجىز بولۇشتەك توسالغۇلارنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەيسىرانە ئىرادە، يۈكسەك غايە ۋە دەۋر ئالدىدىكى بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن يېڭىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، كەسىپ، تىل ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلدى.

دۇرۇس، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىككىلەنگەن ، ئازابلانغان، ساۋاقداشلىرى ئۇرۇپ قويۇپ مەكتەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان، ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلغان ئىنىسىنىڭ ھىجران ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. لېكىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، ساۋاقداشلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە ياردىمى بىلەن

هـەممنى يېـگـىپ، ئـاخىرى ئىنسـتىتۇتنى ئـەلا پـۈتتۈرۈپ، قانۇنشۇناسـلىق بويىچـە باكالاۋرلىق ئىلمـي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى؛ ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ناھايىتى كەسكىن بولىدىغـان شـېنجېن شـەھرىنىڭ جامائـەت خەۋپسـىزلىكى سىستېمىسـىغا خىزمەتكـە ئورۇنلاشتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ھالقىش ئىدى.

ئابدۇسـەمەت شېنجېندا توققۇز ئـاي خىزمـەت قىلىپلا شـەرەپ بىلـەن قۇربـان بولدى، ئۇ ئەمدىلا 26 ياشقا قەدەم قويغان ياش يىگىت ئـىدى. دۇرۇس، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ياشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلـەن ئۆلچەنمەيدۇ. بۇ توققۇز ئـاي جـەرياندا ئابدۇسـەمەت ئـۆز خىـزمىتىنى قـالتىس ياخشـى ئورۇنداپـلا قالمـاي، 1500 نەچچە سائەت نورمىدىـن ئـارتۇق ئىشلىدى. بۇ نـەق 188 كـۈن ئـارتۇق ئىشلىگەنگە بـاراۋەر. ئـۇ يەنـە گـۇاڭجۇ ، دوڭگـۇەن ، خۇيجـو قاتـارلىق جـايلاردىكى سـاقچى ئورۇنلـىرىنىڭ بـاللارنى ئـالداپ ئـەكىلىپ يـانچۇقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا سـالىدىغان جىنايەتچىلـەرنى سوراق قىلىشىغا ھەمكارلىشىپ، يۈكسـەك سياسـىي ئېڭـىنى نامايـان قىلـدى. ئابدۇسـەمەت بـۇ جـەرياندا رەزىـل كۈچلـەرنىڭ ئازدۇرۇشـلىرىغا ئـالدىنىپ قالمىدى؛ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى. سەرسان باللارغا مېھرىبانلىق قىلىپ ئـۆز پۇلىغا ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردى؛ ئۇلارنى ئايروپىلان بىلـەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا يولغا سالدى. چۈنكى، ئۇنىـڭ نـەزەرىدە ئاشۇ سەرگـەردان باللارمۇ مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەنىنىڭ كېلەچىكى ئىدى؛ ناۋادا ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا ئوبدان ئوقۇسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ۋەتەنگە يـاراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقالايتتى. ئابدۇسـەمەت شـۇڭا خـەۋپ ـ خەتەرگـە پىسـەنت قىلماي، رەزىللـەرنىڭ ئۇۋىسـىغا يـالغۇز بۆسـۈپ كىـرىپ، ئـۇلار بىلـەن مەرتلەرچـە ئېلىشـىپ، ئـۆزىنىڭ قىممـەتلىك ھايـاتىنى ھەققانىيـەت ئۈچـۈن تـەقدىم قىلـدى. بـۇ ئۇنىـڭ ھاياتىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ھالقىش بولدى. بۇ ھالقىش ئۇنى ئـاداققى ھۆرمەت ۋە شەرەپكە نائىل قىلدى.

ج ك پ شېنجېن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ دائىمي ھەيئەت ئەزاسى، جامائەت خەۋپسـىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشـلىقى يولـداش لـى فېـڭ ئابدۇسـەمەتنى ”پـارتىيە ۋە خەلقنىڭ ۋاپادار ئوغلى، ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى“ دەپ تەرىپلىدى. ج ك پ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى يازغان

ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئۇنى ’’جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى‘‘ دەپ ئەنگە ئالدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا ’’مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچى‘‘ دەپ نام بەردى. يېقىندا يەنە گوۋۇيۈەن ئابدۇسەمەتكە ’’مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك شەخس‘‘ دېگەن شەرەپنى بەردى. دېمەك، ئۇ ئانا يۇرتىغا ۋە شىنجاڭ خەلقىگە شان-شەرەپ كەلتۈردى.

ئابدۇسەمەت مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن خەلق ئۇنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ. مەن بۇ يەردە قەھرىمان هايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان رايوندىكى هۆكۈمەتكە ۋە بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

قەھرىماننىڭ كۆچى چەكسىز بولىدۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۇنىڭ يۇرتىدا تىللاردا داستان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ. شۇڭا، «يىقىلماس توغراق» ناملىق بۇ ئەسەر نەشردىن چىققاندىن كېيىن، قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ياش ئۆسمۈرلەر قەلبىدە ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ تىكلىنىدىغانلىقىغا ، قەھرىمان روھىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى شۇنداقلا ئېلىمىزدە مەدەنىي، ساغلام ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ يېقىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ’’ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق كامال تاپقۇزۇش ـــ ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر نىشانى. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئالاقىدار تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، ئۇ رايونلارنىڭ قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ مېۋىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىشىمىز لازىم.‘‘

دېمەك، ھەر مىللەت خەلقى تەشنا بولغان سەلتەنەتلىك كۈنلەر ئالدىمىزدا. شۇڭا، قەھرىمانلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، ئابدۇسەمەتكە ئوخشاش ئاشۇ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشىمىز لازىم!

# جانلىق تەسۋىر، ئۆچمەس روھ

## ـــ «يىقىلماس تۇغراق» ھەققىدە

### جىبك بەينۇك

ئۇيغۇر ساقچى ئابدۇسەمەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش- ئىزلىرى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئاخبارات «يىقىلماس تۇغراق»(لى لىڭشيۇ، شىبىن شۇربىلارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ)ئادەتتىكى ئەسەرلەردىن ئەمەس. ۋەزىنلىك بۇ ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ، قەلبىمنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلىدى، كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. بۇ ـــ يېقىندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجە.

قەھرىمان- نەمۇنىچى شەخسلەر تۇيىبىكىت قىلىنغان ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە، شەخسلەرنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى يېزىش ئانچە قىيىن ئەمەس. قىيىنى شۇ ئىش- ئىزلارنى زادى قانداق روھنىڭ روياپقا چىقارغانلىقىنى يېزىپ چىقىشتا. بولۇپمۇ مەرتلەرچە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان يارقىنلىق كۆپ ھاللاردا ھەش- پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، ھالقىلىق پەيتتە كۆز چاقناتقان بۇ خىل يارقىنلىق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىدىيىۋى تەييارلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك قىسقا ۋاقىت بىلەن بىر ئۆمۈرلۈك ۋاقىتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، قەھرىمانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقارغان روھىي فونتان ۋە قەھرىماننىڭ يارقىن ئوبرازى قاتارلىقلارنى ھەم ئەتراپلىق، ھەم چوڭقۇر تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئاجايىپ "ئەخمەق"لەرچە ئۇسۇلنى قوللانغان. 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت "ئىستاژ"ىغا ئىگە پېشقەدەم يازغۇچى لى لىڭشيۇ خانىم ئەدەبىي

ئاخباراتنىڭ ئاساسى ـــ زىيارەت ئىكەنلىكىنى، بۇ ساھەدە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن زىيارەت قىلىپ ماتېرىيال توپلاش جەھەتتە جاپالىق كۈچ سەرىپ قىلىش، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش لازىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەمكارى شىبن شۇرېن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغانىدى. ئەگەر ئاپتور ئىشنىڭ ئاسىنىنى كۆزلىگەن بولسا، تەييار ماتېرىياللار ئاساسىدا ئاز- تولا تولۇقلىما زىيارەت قىلىپلا قەلەم تەۋرەتسە بولىۋېرەتتى. بىراق، لى لىڭشيۇ بۇنىڭ ئەكسىچە زىيارەت سەپىرىنى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا سوزدى. ئاۋۋال شىنجىن، گۇاڭجۇلاردا ئابدۇسەمەتنىڭ 10 نەچچە سەپدىشى، دوستى شۇنىڭدەك دېلوغا ئالاقىدار كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى؛ ئاندىن ئابدۇسەمەت ئوقۇغان شىبنياڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرىنى زىيارەت قىلدى؛ ئاخىرىدا شىنجاڭغا بېرىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى، دوست- بۇرادەرلىرى، خولۇم- قوشنىلىرىنى زىيارەت قىلدى... تەكلىماكان توغراقلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا دەرياسى ـــ تارىم دەرياسىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىدىن بەھرە ئېلىش ئۈچۈن، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ پېشقەدەم يازغۇچى ماشىنىدا 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ پايانسىز قۇملۇقلارنى بېسىپ، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جايلارغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. ئاپتور ئىنچىكە زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئاساسىدا دېتاللارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاخىرى ئوبرازلار يارقىن، ھېسسىياتى قويۇق لىرىكىلىق سەھىپىلەرنى ياراتتى.

"يېزىقچىلىقتا مەندە بىر خىل روھ بار، ئۇ بولسىمۇ قەھرىمانلارغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقتۇر... چۈنكى، مېنىڭچە ئەدەبىيات روھ قاتلىمىغا تەۋە نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. چىنلىق، گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ئەدەبىيات مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەدەبىيات ئەمەس!" بۇ سۆزلەر يالغۇز لى لىڭشيۇنىڭلا يۈرەك ساداسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھامكارى شىبن شۇرېنىڭمۇ ئەدەبىياتتىكى ئىنتىلىش نىشانىدۇر. چۈنكى ئۇلار قەھرىمانغا ئىشتىياق باغلاپ، قەھرىماننى ئۆزلىرىنىڭ قەلب تۆرىگە باشلىيالىغانلىقى ئۈچۈنلا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قەھرىماننى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە مەدھىيىلەشكە قادىر بولالىدى. ئەمما ئۇلار رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپى ۋە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا

قويۇلىدىغان ئۆزگىچە مىزانغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكلەرنى هايات چىنلىقى بىلەن زەررىچە توقۇلمىدىنمۇ خالىي ئەينەن تەسۋىرلىدى؛ نەتىجىدە ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنتايىن يارقىن ئوبرازغا ئايلاندى. دۇرۇس، ئابدۇسەمەت قانداقتۇر تۇغما قەهرىمانلاردىن ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلگەن رېئال قەهرىمان؛ ئۇنىڭ قەلبى قانداقتۇر ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك ئېرماش- چىرماش بولۇپ كەتكەن ئېلىشمان دۇنيا ئەمەس، بەلكى يېتەرسىزلىكلىرى ئىللار شەخسلەرنىڭكى بىلەن تومۇرداش بولغان يېپيېڭى دۇنيا. شۇنداق، ئابدۇسەمەت ”مەن دېگەن جىنايەتچىلەر شايكىسىدىكىلەر بىلەن بىر مىللەتتىن، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئالدىراپ قول سالالمايدۇ“ دەپ قاراپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆۋىسىغا هېچقانداق قوغدىنىش تەبىرلىرىنى قوللانماستىن ئىچكىرىلەپ كىرىشتەك ياش ساقچىلاردا بولىدىغان پىشمىغان خاراكتېر ۋەجىدىن قۇربان بولدى؛ يەنە بىر جەهەتتىن ئالغاندا ئابدۇسەمەتنىڭ جەسۇر ۋە كەسكىنلىكى ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئاپتورنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ شېنجېندىكى بىر تۇركۈم شىنجاڭلىق سەرگەردان باللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى هەققىدىكى ئىنچىكە تەسۋىرلىرى ناهايىتى تەسىرلىك چىققان. كىتابتا تەسۋىرلىنىشىچە، جىنايەتچىلەر شايكىسى شىنجاڭدىكى بىر تۇركۈم باللارنى گوۋاڭدۇڭغا ئالداپ ئەكىلىپ يانچۇقچىلىققا سالىدۇ. شېنجېندىكى ئۇيغۇر ساقچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇسەمەت هەم بۇ باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، هەم ئىز قوغلاپ جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ ئۆۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاش ئۈچۈن هېچ ئىككىلەنمەي بۇ سەرگەردان باللار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇردى. بەزىلىرىنى هەتتا يېنىغا ئەكىلىۋېلىپ باقىدۇ. ئۇ ”ئىنىم“ دەپ بېقىۋالغان پەرهات ئىسىملىك سەرگەردان بالا يامان خۇيىنى تاشلىماي ئابدۇسەمەتنىڭ هەمىيىنىدىن 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئادەتتە بىر يەرلەرگە ماڭسا پويىزنىڭ كارىۋاتلىق ئورۇندۇقىنى ئېلىشقىمۇ كۆزى قىيمايدىغان ئابدۇسەمەت پەرهاتنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ئۆز قىيىنچىلىقلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، 2000 نەچچە يۈز يۈەنگە ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ ئۇنى شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. قىسقىسى، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى تەسىرلىك تۇرمۇش دېتاللىرى ئارقىلىق ناهايىتى يارقىن يارىتىلغان. بۇنىڭدا ئاپتور ئارتۇقچە پەرداز،

دەبــدەبىلىك سۆپەتلەشلەرگــە ئەمــەس، بــەلكى ئــاددىي تۇرمــۇش تەپســىلاتلىرىغىلا مۇراجىئەت قىلغان. ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ئاددىي ئەمما يېقىملىق ئىبارىلـەر بىلـەن سۆزلەنگەن روھىي قىياپىتى ۋە ئىـدىيىۋى خىسلىتى ئوقۇرمەنلـەرنىڭ كۆزىگـە گـويا مارجاندەك تاشلىنىپ تۇرىدۇ؛ تەپسىلىي بايانلارغا يۇغۇرۇۋېتىلگەن كۈچلۈك ھېسسىيات گويا ۋۇلقاندەك بالقىپ تۇرىدۇ. ئاران 26 يىللا ياشىيالىغان ئابدۇسەمەتنىڭ ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىنسان شۇنداقلا دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى ئىكەنلىكى ئوقۇرمەنلەرگە جانلىق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ ناھايىتى ئاددىي يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايــدۇ. بــۇ، مەزكــۇر ئەســەردىكى مــۇھىم ۋەقــەلىك، شــۇنداقلا ئابدۇســەمەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق پەيت ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئابدۇسەمەت قاتىل خالىق بىلەن قانداق ئېلىشقان؟ ئۇ خالىقنىڭ تۇرالغۇسىغا جىنايەتچىلـەر شايكىسـىدىكىلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە تېلېفون نومۇرىنى ئالغىلى بارغاندا، بولۇپمۇ خالىق ئۇنىڭغا قـول سـالغاندا ئۇ كۆڭلىدە زادى نېمىلەرنى ئويلىـدى؟... بۇلار ئەسـەردە ئـاددىيلا تەسـۋىرلەپ ئۆتۈپ كېتىلگــەن. بــۇ دەل ئاپــتورلارنىڭ ئــاددىي بولــۇپ قالســا قالســۇنكى، تەســۋۋۇرنى يــاكى "ئەقىلغــە مۇۋاپــىق تەســەۋۋۇر"نــى ئەمــەلىي دېتــاللار ئاساســىدىكى ئــوبيېكتىپ تەسۋىرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايـدۇ، دەيـدىغان كۈچلۈك رېئالىزملىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىندۇر.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىـڭ قۇرۇلمىسـى ئەپچىل بولـۇپ، ئاپتورلار ئابدۇسەمەتنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىنى بىرمۇنچە كىشىنىڭ ئەسلىمىسى ۋە بايانلىرى ئاساسىدا يۇغـۇرۇپ تەسۋىرلىگەن، لېكىن تاياقتەك تۈپتۈز بايان قىلىپ قويۇشتىن ساقلانغان. ۋەقـەلىك ئابدۇســـەمەتنىڭ ســـاقچىخانىدىكى ئەتىگـــەنلىك يىغىلىشىغـــا كەلمىگـــەنلىكىدىن راۋاجلاندۇرۇلـۇپ، ھــە دېگــەندىلا كىشىنى بىــر خىــل ئەندىشىلىك تۈيغـۇغا باشـلاپ كىرىدۇ. ئاندىن قەھرىماننىڭ ئىـش- ئىزلىـرى دېلونـى پاش قىلىش جەريانى بىلـەن گىرەلىشىـپ كېتىـدۇ، ئوقۇرمەنلـەر ئابدۇسـەمەتنىڭ ئىـز- دېرىكىنـى بىلىشـكە تەقـەززا بولىـدۇ، ئارقىـدىنلا دېلونىـڭ ئـۆزۈل- كېسىل پـاش قىلىنىشى ۋە ھەققانىيـەت سـوتى توغرىسـىدىكى بايـانلار بېرىلىـدۇ؛ ئـاخىرقى بابتـا ئابدۇسـەمەتنىڭ جىنايەتچىلـەرنىڭ

ئۇۋۇسىغا قانداق كىرگەنلىكى، قانداق قۇربان بولغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ. كىتاب ‹‹يىقىلماس توغراق›› ئۈستىدە ئاخىرلىشىدۇ؛ چۆل-باياۋاندىكى گېگانت دەرەخ — توغراققا ئوقۇلغان مەدھىيە ئارقىلىق پۈتكۈل ئەسەر شېئىرىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا كىشىنى چەكسىز ھەسرەت ۋە ئوي- خىياللار ئىلكىگە تاشلايدۇ.

(مەزكۇر تەقرىز «خەلق گېزىتى»نىڭ 2005- يىل 4- ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان. ئاپتور جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «ئەدەبىيات- سەنئەت گېزىتى»نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، پارتكوروپىيسىنىڭ ئەزاسى، داڭلىق تەقرىزچى)

# مۇندەرىجە

## بېغىشلىما

ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى .......
1 تۆمۈر داۋامەت .......................................
4 جىلك بەينۇك ...................... جانلىق تەسۋىر، ئۆچمەس روھ

## مۇقەددىمە

1 ....................................... ئۇيغۇر ساقچى قېنى؟

## بىرىنچى باب

4 .................................... نەدە سىز، ئابدۇسەمەت؟
1. ھەر كۈنى تېلېفونلىشىش ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئادىتى ئىدى،
4 ............................ 2-ئىيۇن كۈنىمۇ شۇنداق بولدى
2. قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغانغان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىپ ھېچ
13 ................................................ ئالاقىلىشالمىدى
3. ئابدۇسەمەتنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن ساقچىلار ئىجارىكەشنىڭ ئۆيىدىن قان
19 ............................. يۇقىنى بايقاپ قالدى
4. قۇملۇقتىكى توغراق 1000 يىل ياشايدىكەن، لېكىن نەۋقىران
26 ................................ ساقچى26 يېشىدىلا كېتىپ قالدى

## ئىككىنچى باب

**شۇم خەۋەر** ........................................ 32
5. ئۇ مەكتەپكە كىچىككىپ باردى، چۈنكى ئۇ نامراتلىقنىڭ دەستىدىن ئوقۇيالمىغىلى تاس قالغانىدى ........................ 32
6. باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ يېتىشكەن ياردەم قىلىدىغان ئابدۇسەمەت ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلىغا سۈسلۇق قىلدى ........................ 43
7. ئۆگىنىش قىيىنچىلىقى بىلەن مۇسىبەت قايغۇسى ئابدۇسەمەتنى باش ئەگدۈرەلمىدى ........................ 49
8. قىنى قىزىق ياشلار گاھىدا ئالدىراپ مۇشت ئېتىپمۇ قالىدۇ ........................ 59
9. "بۈگۈن سىلەر ئانا مەكتىپىڭلاردىن پەخىرلىنىسەڭلار، ئەتە ئانا مەكتىپىڭلار سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ" ........................ 80

## ئۈچىنچى باب

**ئەنقا شەھىرىنىڭ كۆز يېشى** ........................ 86
10. كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشكەن مېھرىگۈل شىنجىڭغا ئۇچىنچى قېتىم كەلدى ... 86
11. ئىنىمنى كىم ئۆلتۈردى؟ ........................ 101
12. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزىگە قەغەز ئۈزۈك سېلىپ قويغانلىقى مېھرىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى........................ 122
13. ئابدۇسەمەت ھەتتا كۈندىشىگىمۇ ياردەم قولىنى سۇنغانىدى ........................ 145
14. "باشلىق، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى..." ........................ 154
15. ئىلگىرى سائادەت نۇرلىرىغا بۆلەنگەن كىچىككىنە ياتاق بۈگۈن جۇدالىق ئەلەملىرىنى قانداقمۇ سىغدۇرالىغاندۇ؟ ........................ 165
16. ئايرىلىشقا قىيمىغان يۈرەكلەر پۇچۇلىنىپ كەتتى........................ 172

17 . «سىغىندىمغۇ سەپدىشىم» دېگەن ناخشا سىياسىي يېتەكچىنىڭ قەلبىنى سىغىنىش ئوتلىرىدا ئۆرتىدى ........................ 185

## تۆتىنچى باب

يۇرتىغا قايتقان مېيىت ........................... 196
18 . مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت بىلەن تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا بىرگە چىقتى، لېكىن ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى ................ 196
19 . ئانا يۇرتنىڭ زارىقىشلىرى چىراغلاردىن نامايان ئىدى ........... 208
20 . ھازىدارلار ھەسرەتتە قالدى ........................ 216
21 . توپا ـ چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان كونا سىنىپتا ئابدۇسەمەتنىڭ باللىقتىكى ئىزلىرى بار ئىدى ........................ 223
22 . "چوڭ بولسام ساقچى بولىمەن..." ........................ 234
23 . مۇھەببەتنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان نامراتلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق ئۆز نۆۋىتىدە بۇ بىر جۈپ يۈرەكنى تېخىمۇ ئېچىل ـ ئىناق قىلىۋەتتى.............. 246

## بەشىنچى باب

ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىكنىڭ ئېلىشىشى ........................ 270
24 . جىنايەت گۇماندارى ئاخىرى سوتقا ئېلىپ چىقىلدى.............. 270
25 . ئۆچمەنلىك ئەسلىدە سەرگەردان نارىسىدىلەرنى تالىشىشتىن باشلانغانىدى ........................ 280
26 . ئابدۇسەمەت ھەققانىيەت ئۈچۈن ئاداققىچە ئېلىشتى.............. 293
27 . يالغانچىلىق قانلىق جىنايەتنى ياپالمىدى ........................ 298
28 . سەرسانلىق خالىقنى ھالاكەتكە باشلىغانىدى ........................ 307

29. «ئابدۇسەمەت قارىغىنا، داداڭ شىنجىڭغا كەلدى، مېھرىگۈل ئىزىڭنى باستى...!» ........................................ 331

## خاتىمە

يىقىلماس توغراق ........................................ 344

## ئاخىرقى سۆز

«ئەخمەق» ئاپتورنىڭ قەھرىمانغا مۇھەببىتى ........................ 349

(قىستۇرما رەسىملەرنى قايتا ئىشلىگۈچى: ئۇمىد سېيىت)

# مۇقەددىمە

## ئۇيغۇر ساقچى قېنى؟

2004-يىلى 3-ئىيۇن. شېنجېن شەھىرىدە يېزىلارنى شەھەرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان پەيت ئىدى. مەملىكەت ئىچىدە داڭقى بار بازار — لوڭگاڭ رايونى بۇجى بازىرىمۇ ئىككى ئايدىن كېيىن بازارنى مەھەللە باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىش تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، داغدۇغىلىق ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، پۈتۈن شەھەرنى زىل-زىلىگە سالغان چوڭ بىر دېلو يۈز بەردى.

بۇجى بازىرىدا ناھايىتى ئاۋات بىر رەستە بولۇپ، ئۇ جىنخۇا يولى دەپ ئاتىلاتتى. جىنخۇا يولى ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان قىستا-قىستاڭ رەستە ئىدى. چەكسىز سودا پۇرسىتى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغان جىنخۇا يولى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى خۇددى بايرام ۋە يەرمەنكە بولغاندەك ناھايىتى قايناپ كېتەتتى.

بۇ رايوننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئىشىغا بۇجى ساقچىخانىسى مەسئۇل ئىدى. ساقچىخانىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا يوقلىما قىلىناتتى. يوقلىمىدىن كېيىن ساقچىخانىنىڭ كېچىلىك نۆۋەتچىلىككە مەسئۇل باشلىقى كۈندۈزلۈك نۆۋەتچىلىككە مەسئۇل باشلىققا ئالدىنقى بىر سوتكىدا بولغان ئىشلارنى بىر-بىرلەپ تاپشۇراتتى. بۇ رايوندىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 30 مىڭدىن ئاشقىنى بىلەن، كۆچمە نوپۇس 110 مىڭغا باراتتى. كۆچمە نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى، ئەمدىلىكتە ساقچىخانىنى زورۇقتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. چۈنكى ئامانلىق ساقلاش ۋەزىپىسى بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ساقچىخانىدىكى ھەممەيلەن نورمىدىن ئارتۇق ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

ساقچىخانىنىڭ خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ ئالغۇچى باشلىقى سوڭ مىڭياۋ زەر جىيەكلىك كۆزەينەك تاقىغان ئادەم بولۇپ، قارىماققا ئىنتايىن سىپايە كۆرۈنەتتى. ناۋادا ئۇ ساقچى فورمىسىنى سېلىۋەتسە، باشقىلار ئۇنى ”تازا سالاپەتلىك كارخانىچى ئىكەن“ دەپ قالاتتى. ئۇنىڭ ساقچىلىق قىلىۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىل بولغانىدى. شۇڭا تەشكىلنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق مۇھىم بىر ئورۇنغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىشىمۇ دەل ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسىگە بولغان قايىللىقى ئىدى.

بىراق، 3 ـ ئىيۇن كۈنى خىزمەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىدا، ئۇ ئىلگىرى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان مۇنداق بىر ئىشقا يولۇقتى: ساقچىخانىنىڭ پراكتىكانت ساقچىسى ئابدۇسەمەت يوق ئىدى.

— ئاخشام ھېلىقى خالىق دېگىنى دېلو مەلۇم قىلىپ كەپتىكەن، — دېدى ساقچىخانىنىڭ كېچىلىك ئىسمىنىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى لەي شىنشېڭ ، — مەن ئۇ ئىشقا ئابدۇسەمەتنى بۇيرۇغانىدىم . بەك چارچاپ كەتكەن بولسا ئۇخلاپ قالدىمۇ ـ يا؟

”ئابدۇسەمەت ساقچىخانىغا كەلگەن توققۇز ئايدىن بۇيان ئىنتىزامدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرگىز كېچىكىپ ياكى بالدۇر قايتىپ باقمىغان، — دەپ ئويلىدى ساقچىخانا باشلىقى سوڭ مىڭياۋ ، — ئېھتىمال چارچاپ قالسىمۇ قالغاندۇ!“

— دەرھال تېلېفون قىلىڭلار، تېزدىن ئىشقا كەلسۇن، — دېدى سوڭ مىڭياۋ.

— تېلېفون قىلدۇق، ئالغىلى بولمىدى.

— ئۇنداق بولسا ياتىقىغا بېرىپ بېقىڭلار!

ھايال ئۆتمەي ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا كەتكەن ساقچى يېتىپ كەلدى:

— ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقى قۇلۇپلاقلىق تۇرىدۇ، — دېدى ساقچى، — ئىشىكنى قېقىپ باقسام ئاچمىدى. ناشتا قىلغىلى چىقىپ كەتتىمىكىن؟

ساقچىخانا ئاشپىزى ئېتىپ بەرگەن مۇسۇلمانچە غىزا ئابدۇسەمەتنىڭ ئاغزىغا تېتىمسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ئادەتتە كوچىدىكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىلىرىنىڭ تامىقىغا ئامراق ئىدى.

بىــردەمدىلا ســائەت 10 بولــدى. بىــراق ئابدۇســەمەت تېخىچــە ئىشــقا كەلمەيۋاتاتتى. ”شىنجاڭدىن بىرەر يۇرتدىشى كېلىپ قالغان بولسا، جىقراق ئىچىپ قويدىمۇ- يا؟ ـــ دەپ ئويلايتتى سۇك مىڭياۋ ، ـــ بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالماس؟“

ـــ ئابدۇسەمەتنىڭ يانفونىغا ”دەرھال ئىشقا كەل، بولمىسا تەكشۈرۈش يازىسەن“ دەپ ئۇچۇر يوللاڭلار ، ـــ سۇك مىڭياۋ يەنە تاپىلىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ دېرىكىنى ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

ۋاقىت سكونت ، مىنۇتلاپ ئۆتمەكتە. بىراق ئابدۇسەمەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭدىن تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى.

بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالدىمۇ- يا؟! سۇك مىڭياۋ بىلەن سىياسىي يېتەكچى پېڭ گوچىڭ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نۆۋەتچىدىن باشقا ھەممەيلەن تەرەپ- تەرەپكە بېرىپ ئابدۇسەمەتنى ئىزدەشنى قارار قىلدى ...

# بىرىنچى باب

## نەدە سىز، ئابدۇسەمەت؟

**1. ھەر كۈنى تېلېفونلىشىش ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئادىتى ئىدى،2. ئېيون كۈنىمۇ شۇنداق بولدى.**

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆرۈمچىدىكى لايىقى مېھرىگۈل ئۇنىڭ ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەممىدىن بەكرەك دەككە- دۈككىگە چۈشۈپ كەتتى.

مېھرىگۈل بىلەن ئابدۇسەمەتنى رىزنىقى قوشۇلغان قوشماقلار دېيىشكىمۇ بولاتتى. دېمىسىمۇ ئىككىلىسىنىڭ فامىلىسى ”مۇھەممەت“ بولۇپ، ھەر ئىككىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىدى. مېھرىگۈل ئاقسۇلۇق ئىدى، ئاقسۇ بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقى 500 نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى، ”500 نەچچە كىلومېتىر“ ئارىلىقنى ئاسمىنى كەڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا يىراق دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىدا ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇشى ئەڭ چوڭ رىزىقنىڭ قوشۇلىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىككىسى مەكتەپكە تەڭ كىرگەن، بىر ئەترەتكە تەقسىم قىلىنغان، بىر ئورۇندا پراكتىكا قىلغانىدى. تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئۇلار ھەركۈنى دېگۈدەك يۈز كۆرۈشۈپ تۇراتتى.

”ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس“ دېيىشكەن كونىلار. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى 1999 ـ يىلى كۈزدە ئوقۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇنجى قېتىم كۆردى. ئۇ چاغدا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى شىنياڭ ھاۋا ئارمىيىسى چېنىقىش بازىسىغا ھەربىي مەشىقە ئېلىپ بارغانىدى. ھەممەيلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، 10 نەپەر شىنجاڭلىق بالىدىن بىرەيلەننىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئاڭغىچە يىرىم

ئاي ئۆتۈپ كەتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، مېھرىگۈل مەخسۇس ئۇيغۇر باللار غىزالىنىدىغان ئاشخانىغا بىرىنچى بولۇپ كىردى. ئاڭغىچە ئوتتۇرىبوي بىر ئۇيغۇر يىگىتى كىرىپ مېھرىگۈلنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يىگىتنىڭ كىچىكىپ قالغان ھېلىقى بالا ئىكەنلىكىنى پەملىگەن مېھرىگۈل ئۇنىڭغا سالام قىلدى:

— تىنچلىقمۇ؟

ھېلىقى يىگىتمۇ مېھرىگۈلنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— تەسىمكەن ؟

مېھرىگۈل ئۇنىڭ ”ھەربىي مەشق قىيىنمىكەن“ دەپ سوراۋاتقانلىقىنى بىلدى. دېمىسىمۇ مەشق ناھايىتى قىيىن ئىدى. گىمناستىكىغا چىقىش، يۈگۈرۈش، جىددىي يىغىلىش... دېگەنلەر باللارنى ھاردۇرۇپ، ھېچ ماجالىنى قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماي دىدارى يوق ناچار تاماق تويغۇدەكمۇ بېرىلمەيتتى. شۇڭا ھەتتا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ قاخشاپ كېتىۋاتاتتى. ئون بالا ئولتۇرىدىغان بىر شىرەگە ئاران تۆت تەخسە قورۇمىلا چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، تەخسىدىكى قورۇمىلار ئىككى چوكا ئالا-ئالمايلا تۈگەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارنىڭ ماگىزىنىدىن ئۇششاق- چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يېيىشىگە يول قويۇلمايتتى . خۇپىيانە ئالسا، سېزىلىپ قالسىلا مۇسادىرە قىلىناتتى. تولۇق ئوتتۇرىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن بۇ باللار، بولۇپمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى شەھەرلىكلەر بۇنداق جاپاغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن ؟ شۇڭا ئۇلارنىڭ ھالى ۋاي ئىدى.

مېھرىگۈلنىڭ تېنى ئاجىزراق بولغىنى بىلەن تىرىشچان، غۇرۇرلۇق قىز ئىدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ۋايساشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەتنىڭ بايىقى ”تەسىمكەن“ دېگەن گېپىگە ”ئانچە ئەمەس“ دەپلا جاۋاب بەردى. ئاڭغىچە باشقا باللارمۇ كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. شوخ، تېتىك قازاق يىگىتى غەيرەت ئابدۇسەمەتنى كۆرۈپلا ئېتىلىپ كەلدى:

— يائاللا، ئەمدى كەلدىڭما ؟ ئەجەب ئەنسىرەتتىڭ جۇمۇ! — ئۇ كۆپچىلىككە ئابدۇسەمەتنى تونۇشتۇردى، — ئىسمى ئابدۇسەمەت، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىككىنچى ئىنستىتۇتىدىكى ساۋاقدىشىم. بىز ئىككى يىلنى يېنچۇەندە بىللە ئۆتكۈزگەن دەڭلا !

ئۇ چاغدا مېھرىگۈلنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى، ئابدۇسەمەتنىڭ قويۇق ۋە قاپقارا بۇدرە چاچلىرى ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ غەيرەت بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان چاغدىكى ئەدەپ ـ يوسۇنلۇق قىياپىتىنى كۆرگەن مېھرىگۈل ئۇنى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ بالىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

لېكىن، كېيىن يۈز بەرگەن بىر ئىش مېھرىگۈلنىڭ ئابدۇسەمەتكە بولغان قارىشىنى ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە نومۇر تەييارلاۋاتقان چاغ ئىدى. قىسمەن كەلگەنلەر شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى كوللېكتىپ ئۇسسۇل تەييارلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ چاغدا قىزلاردىن مېھراي بىلەن مېھرىگۈللا بار ئىدى. بىراق، كوللېكتىپ پائالىيەت دېگەن ئوغۇل ـ قىز دېمەي ھەممىسى قاتنىشىدىغان گەپ ـ تە! نومۇر تەييارلاشقا ناخشا ـ ئۇسسۇل دېسە ئۆزىنى ئېتىپ تۇرىدىغان غەيرەت مەسئۇل بولدى. شۇڭا مېھرىگۈل بىلەن مېھراينىمۇ ئوغۇللار ياتىقىغا ـــ 202 ـ ياتاققا چاقىردى.

مېھرىگۈل ئوغۇللار ياتىقىغا كىرىپ كەلگەندە، بەزىلەر ئويناپ ئولتۇراتتى. بەزىلەر گىتار چېلىۋاتاتتى، بەزىلەر مۇزىكا ئاڭلاۋاتاتتى، بەزىلار قارتا ئويناۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت بولسا كارىۋاتتا پاقىچىلاپ يېتىپ، كۆك تاشلىق «شىنخۇا لۇغىتى»نى كۆرۈۋاتاتتى.

رېپېتىتسىيە باشلاندى. لېكىن مېھرىگۈل ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغاچقا، پۇت ـ قولى زادىلا كەلمەيتتى. غەيرەت ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا ئۆگىتەتتى، مېھرىگۈل بۇنىڭدىن بەك ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ياندىكى ئوغۇللاردىن بىرىنىڭ ”ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلىرىمۇ بولىدىكەن ـ ھە، سەتلىكىنچۇ تېخى!“ دېگەن گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. مېھرىگۈل ئىتتىك بۇرۇلۇپ گەپ قىلىۋاتقان بالىغا قارىدى، ئۇ دەل ئابدۇسەمەت ئىدى. مېھرىگۈل قاتتىق خاپا بولدى. لېكىن باشقىلار ئالدىدا بىر نېمە دېيىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق بىر ئالىيىپ قويدى.

ـــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ـــ دېدى ئابدۇسەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ سىز سەتقۇ ئەمەسكەنسىز ، بىراق ئۇسسۇلنىزە ...

سەۋر قاچىسى توشقان مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە رەددىيە بەردى:

— سىز بىلگەندىكىن ئۆزىڭىزلا ئويناڭا ، ئو...ھۇش ...!

— بۇ... بۇ...، مەنمۇ دېگەندەك ياخشى ئوينىيالمايمەن. بىراق، ئاقسۇدەك ناخشا- ئۇسسۇل ماكانىدىن سىزدەك ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغان قىزنىڭ چىقىپ قالغانلىقىغا ھەيران قېلىپ شۇ... ئۇسسۇل ئوينىيالمىسىڭىز سىزگە نومۇس- تە! شۇنداقمۇ؟

مۇشۇ كەمگىچە بىرەرسىدىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان مېھرىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مېھرىگۇلنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇسەمەت سەل ھودۇقۇپ قالدى:

— ۋۇي... بۇ...، باشقا گەپ قىلمىدىمغۇ، يېتەرسىزلىكىڭىزنى دەپ باقتىم شۇ...

ئاڭغىچە باشقا باللار تەرەپ- تەرەپتىن ئارىغا كىردى:

— كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ مېھرىگۇل. قاراڭە ، ئابدۇسەمەتمۇ كەمچىلىكنى بويىنىغا ئالدىغۇ! قېنى، كېلىڭلار مەشق قىلايلى!

مېھرىگۇلنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— بولدى، مەن بۈگۈن قاتناشمايمەن ، ئەتە بىرگەپ بولار! ئۇ شۇنداق دېدى- دە، ياتاقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. غەيرەت، مېھرايلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى. لېكىن مېھرىگۇل ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي، يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇل ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ ياتىقىغا كىرىپ كارىۋاتتا داڭقىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئوغىسى قايناپ يىتتى، ئابدۇسەمەت دېگەن بۇ بۇدرە چاچنى چايناپ يۇرقۇۋەتكۇسى كېلەتتى.

ئەتىسى ناشتىدا ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— تۈنۈگۈنكى ئىش ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن، — دېدى ئۇ چىن يۈرىكىدىكى گەپنى قىلىپ.

تېخى ئاچچىقى يانمىغان مېھرىگۇل ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئوڭايسىزلانغان ئابدۇسەمەت زورىغا كۈلۈپ، بېشىنى قاشلاپ قويدى:

ــــ راستىنلا خاپا بولدىڭىزما؟

ــــ خاپا بولماي ئەمىسە، ــــ مېھرىگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.

ــــ ئۇسسۇل ئوينىيالمىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، مۇنداقلا دەپ قويغان گەپتى ئۇ...

ــــ باللارنىڭ ھەممىسى تۇرسا، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئالدىدا ئەجەپ دېدىڭىز ـ ھە!

ــــ يۈزىڭىز بەك تۆۋەنكەن جۇمۇڭ سىزنىڭ؟

ــــ بۇ يۈزى تۆۋەنلىك قىلىپ كەتكىنىممۇ ئەمەس. بىراق، بىز باللار بىلەن ئەمدىلا تونۇشقان تۇرساق، يا باشقا باللارنى چۆشەنمىسەم. راستىنلا بىرقىسما بولۇپ كەتتىم. ۋاي ـ ۋۇي، بولدىلا! بولار ئىش بولدى، ئەمدى تەگەۋەرمەيلى. مېنىڭمۇ ئاچچىقىم ياندى.

ئابدۇسەمەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يەلكىسىدىن ئېغىر بىر تاغنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك ئۇھ، دېدى.

ئۇ چاغدا بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ تەقدىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، قىيامەتلىك ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن...

2003 ـ يىلى يازدا ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئابدۇسەمەتنى شېنجېن شەھەرلىك جامائەت ـ خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ لوڭگاڭ شۆبىسى قوبۇل قىلىپ، بۇجى ساقچىخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت بىلەن بىر شەھەردە خىزمەت قىلىپ قېلىشقا شۇنچىۋالا تەشنا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىش ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇ ئامالسىز شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئۈچىنچى باشقارمىسىغا ئىمتىھان بىلەن كىردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ يانفون ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاقە قورالى بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇراتتى، ھەر ئىككىسى قارشى تەرەپنى تېلېفون قىلىپ قالارمىكىن دەپ تېلېفونلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز تاقىمايتتى.

2 ـ ئىيۇن كەچ سائەت 10 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە مېھرىگۈلنىڭ تېلېفونى سايرىدى. تېلېفون ئېكرانىدىكى تونۇش نومۇرنى كۆرگەن مېھرىگۈلنىڭ قەلبىنى بىر

خىل تاتلىق سېزىم چۇلغىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ ئابدۇسەمەتكە كۆن ئولتۇرغىچە تېلېفون قىلىپ باقمىغان تۇنجى كۈنى ئىدى. چۈنكى بۈگۈن ئۇ خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن باش قاشلىغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ سائەت 11 دىن كېيىن ئاممىۋى تېلېفوندا IPكارتىسى ئارقىلىق تېلېفون قىلىپ ئۇزۇنىراق پاراڭلىشىۋېلىشىنى ئويلىغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇ يېڭىلا خىزمەتكە چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە يۈكىمۇ ئېغىر بولغاچقا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى يانفوندا سۆزلىشىۋېرىشىمۇ ئۇنىڭغا ئاز پۇل كەتمەيتتى.

تېلېفوندىن ئابدۇسەمەتنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋەي، بۈگۈن ئەجەپ تېلېفون قىلمىدىڭىزغۇ؟

— بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم...

— نېمىگە شۇنچىۋالا ئالدىراش؟

— ئەمدىلا خىزمەتكە چۈشتۈم. بۆلۈمدە قاتنىلىق دېلوسىنىڭ رەتلەشكە تېگىشلىك ماتېرىياللىرى بەك جىق ئىكەن. شۇ ئىشنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتەي دەپ...، ئۆزىڭىزچۇ، ھازىر نەدە؟

— تارىم رېستورانىدا...

— بىرى بىلەن تاماق يېگىلى بارغانمۇ؟

— ھەئە، شىنجاڭدىن ئىككى ساقچى خىزمەتكە كەپتىكەن. تېررورلۇققا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. مېنىمۇ چاقىرىۋالدى...

— ھاراق ئىچتىڭىزما؟

— ئازراق ئىچىدىغان گەپتە، شۇ...

— ئاشقازىنىڭىزنىڭ دەردى بار، ھاراق زىيان قىلىدۇ. يەنە ئوكۇل ئۇرغۇزىمەن دەپ...

— پەقەت ئىچمىسەممۇ سەت تۇرىدۇ دەڭە! ئانچە - مۇنچە ئىچىپ، تونۇشۇپ يول تاپمىسام، سىزنى قانداق يۆتكەپ ئەكىلىمەن؟

— ئۇنداق بولسا ئازراق ئىچىڭ. بۇجىغا قاچان قايتىسىز؟

— ھازىرلا... مېھرىگۈل، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم جۇمۇڭ، بۇ يەردە ئادەم بەك جىق ئىكەن.

بىردەمدىن كېيىن مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى. بىراق، ئابدۇسەمەت بىرى بىلەن توختىماي سۆزلىشىۋاتاتتى.

بىر ھازادىن كېيىن تېلېفون ئاخىرى ئۇلاندى.

— بايا كىم بىلەن سۆزلەشتىڭىز؟ نەق ئالتە مىنۇت سۆزلەشتىڭلار. دېسەم-دېمىسەم قىزلار بىلەنغۇ دەيمەن؟ — دېدى مېھرىگۈل چاقچاق ئارىلاش.

— ۋاي- ۋۇي جېنىم، قىز باﻻ بىلەن سۆزلەشسەم نېمە بوپتۇ؟ كۆندەشلىكىڭىز تۇتىۋاتامدۇ؟ نېملەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ سىز دېگەنچۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمرىھىم، ھەم رەھبىرىم، ھەم سۆيۈملۈكۈم، بىلەمسىز. . . ؟

تېلېفوندىن مېھرىگۈلنىڭ ئېچىلىپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىراق، ئابدۇسەمەتنى ئەسنەك تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى:

— بىر قىمارۋازلار شايكىسىنى تۇتىمىز دەپ نەق 28 سائەت ئۇخلىمىدىم، جۇمۇڭ. بەك ئۇگدەپ كېتىۋاتىمەن. . .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى بالدۇرراق يېتىپ، قېنىپ ئۇخلىۋالسىكەن دەيتتى.

— بۇجىغا بېرىپ بولغانسىز؟

بىراق ئابدۇسەمەت جاۋاب قايتۇرمىدى. مېھرىگۈل تېلېفوندىن ماشىنىنىڭ تورمۇز قىلغان چاغدىكى ئاۋازىنى، ئابدۇسەمەتنىڭ شوپۇر بىلەن قىلىشقان تاكسى كىراسى ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭدىن مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ بۇجى ساقچىخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار تېلېفوندا تاكى ئابدۇسەمەت ياتاققا كىرىپ بولغىچە سۆزلىشىپ، ئاخىرى بىر- بىرىگە قېنىشماي تېلېفوننى قويدى.

تېلېفون ئۈزۈلدى. لېكىن بىر جۈپ يۈرەكنىڭ رىشتى بىر- بىرىگە مەھكەم چىرمىشىغلىق ئىدى. بىردەمدىن كېيىن مېھرىگۈل ئىختىيارسىزلا تېلېفوننى يەنە قولىغا ئالدى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ياتتىڭىزمۇ؟

— ياق تېخى. مۇنچىغا چۈشۈۋاﻻيمىكىن دەيمەن.

— بەك ھېرىپ كەتتىڭىز. مۇنچىغا چۈشمەن دەپ يۈرمەي ئۇخلىۋېلىڭە!

— خوپ، سۆيۈملۈكۈم!

ئابدۇسەمەتنىڭ گەپلىرىدىن يۈرەكلىرى قانائەت تاپقان مېھرىگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ تېلېفوننى ئەتتى.

مېھرىگۈل بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان قازاق قىز ئۇنىڭ ئېتىۋەتكەن تېلېفونىنىمۇ قويۇشقا كۆزى قىيماي تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلدى:



— سىزگە بەك ھەۋەس كېلىدۇ جۇمۇ، مېھرىگۈل.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ سىزگە ھەقىقەتەن كۆيىدىكەن.

مېھرىگۈلنىڭ تېلېفونى يەنە سايراپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، تېلېفوننى ئالدى. تروپكىدىن ئابدۇسەمەتنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋەي، مېنى بەك سېغىنىۋاتامسىز؟

— ئۇنى بىر دېمەك ئابدۇسەمەت. نېمىشقىكىن، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا شېنجېنغا ئۇچۇپ بارغۇم كېلىۋاتىدۇ...

— خۇدا بۇيرىسا ئاز قالدى. 7 ـ 8 ـ ئايلاردا كېلىسىز. ناۋادا كېلەلمەي قالغىدەك بولسىڭىز مەن سىزنى كۆرگىلى شىنجاڭغا بارىمەن.

— مېنىڭ ئىشلىرىم سىزنىڭكىدەك ئۇنچىۋالا ئالدىراشمۇ ئەمەس. شۇڭا مەن باراي! — نېمىشقىدۇر مېھرىگۈلنىڭ تۇيۇقسىزلا دىماغلىرى ئېچىشقاندەك بولدى.

ئۇنىڭ ئىچى توشۇپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، ئابدۇسەمەتنىڭ ئارام ئېلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن مېھرىگۈل ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گەپلىرىنى يەنە يۇتۇۋەتتى.

مېھرىگۈلنىڭ ئاۋازىنىڭ بۆلەكچىلا چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت ئىتتىك سورىدى:

— نېمە بولدى؟ خىزمەتتە قىيىنلىپ قېلىۋاتامسىز؟

— ياق، سىز يېنىمدا بولمىغاچقا كۆڭلۈم بەك يېرىم.

قىز باللار ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن ئاشىقىنىڭ ئالدىدا ھامان ئاجىز كېلىدۇ. مېھرىگۈلمۇ شۇنداق ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ ئېيتىۋاتقان مۇلايىم سۆزلىرى مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكىدىكى سېغىنىش ئوتلىرىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىۋەتتى. مېھرىگۈل سۆزلە ـ سۆزلە ئاخىرى بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى:

— سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم، ئابدۇسەمەت!

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا ئوغۇل باللارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن تەسەللىي بەردى:

— چىداپ تۇرايلى، مېھرىگۈل! سىز سەل ئاجىزلىق قىلىۋاتىسىز. سەۋرچانلىقنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. دەم ئېلىش جېنىم، ئەتە سىزمۇ ئىشلەيسىز.

تېلېفون ئۈزۈلدى. مېھرىگۈلنىڭ يىغلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قازاق قىز ئۇنىڭدىن بىرخىل ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا سورىدى:

— ئەگەر مۇشۇنداق بىرىڭلار شىنجاڭدا، بىرىڭلار شىنجاڭدا تۇرۇپ قالىدىغان ئىش بولسا قانداق قىلارسىلەر، مېھرىگۈل؟

مېھرىگۈل بېشىنى چايقىدى:

— بىلمىدىم، ئەگەر ئۇ كېلەلمىسە مەن بارىمەن.

— بىراق، سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز بۇ يەردە تۇرسا، سىز كەتسىڭىز ئۇلار قانداق قىلار؟

بۇ ئىش ئۈستىدە زادى قانچىلىك كاللا قاتۇرغانلىقىنى مېھرىگۈل ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى. شۇڭا ئۇ گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا دېدى:

ـــ ئاتا ـ ئانامنى دىسەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمەن، بىراق، ئابدۇسەمەتتىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق. ئاتا ـ ئانام مەندەك بىر ئاجىزنىڭ زارلاپ قىلىشىنىمۇ خالىمايدۇ، ئېھتىمال.

ئىككى قىز تاكى سائەت 12گىچە مۇڭدىشىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالدى...

**2. قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغانغان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىپ ھېچ ئالاقىلىشالمىدى.**

ئاھ خۇدا، بۇ زادى نەدۇ؟ قارا قۇيۇن مېھرىگۈلنى ئۇچۇرغىنىچە كىچىككىنە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. ئۆينىڭ تاملىرى پاتقاق ئىدى، ئۆيدە قالايمىقان نەرسىلەر دۆۋىلەگلىك تۇراتتى.

ئۆينىڭ بىر چېتىدىكى كارىۋاتتا مېھرىگۈلنىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى ياتاتتى. ئۇ مېھرىگۈلنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلدى:

ـــ دۇمبەمگە چاقا چىقىپ قاپتۇ، كېلىپ سىقىۋېتىڭە!

ـــ ۋىيەي! ـــ دېدى مېھرىگۈل ئوڭايسىزلىنىپ، ـــ ئۇچىڭىزدا كۆينەك بولمىسا مەن قانداق يېنىڭىزغا بارالايمەن، يا سىز ئابدۇسەمەت بولمىگىسىز؟

ـــ ھېچنېمە بولمايدۇ، ـــ دېدى ھېلىقى بالا مېھرىگۈلنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي.

بىراق مېھرىگۈلنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇسى يوق ئىدى. ئۇ بېشىنى شۇنداق بۇرىشىغا، كىچىككىنە بىر دېرىزىنى كۆرۈپ قالدى. ئابدۇسەمەت قولىنى گىرەلەشتۇرگىنىچە دېرىزە تەكچىسىدە تالاغا قاراپ ئولتۇراتتى.

مېھرىگۈل ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـــ ئابدۇسەمەت، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز...؟

مېھرىگۈلنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا يىغلىدى:

ـــ كەلدىڭىزمۇ مېھرىگۈل؟ يېنىمغا كېلىڭە، بۇ يەردىن چۈشەلمەيۋاتىمەن، مېنى چۈشۈرۈپ قويۇڭ. پۇتلىرىم بەك ئاغرىپ كەتتى، مىدىراتقۇچىلىك ماجالىم يوق...

مېھرىگۇل ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. تالا بۇك - باراقسان ئورمان ئىدى. بىراق ئابدۇسەمەت كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرايتتى:

— ئابدۇسەمەت، نەدە سىز!

دەل شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن ئۈچ ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى پاكىز كىيىنگەن بىرىنىڭ ئۈچتەك ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— نەگە كېتىۋاتىسىز قىزچاق؟ — دېدى ھېلىقى ساقاللىق كىشى ئۇنىڭغا،

— بۇ ياققا ماڭماڭ! ھېلىقى ئۈچەيلەن تۇيۇقسىزلا كۆزدىن غايىب بولدى.

نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مېھرىگۇل ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ يىقىنلا يەردە بىر نەچچە قوينى كۆردى. لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مېھرىگۇل قورقۇپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئابدۇسەمەت، نەدە سىز!

شۇ ئارىدا قاياقتىندۇر"بۇياققا ماڭماڭ!" دېگەن ئاۋاز كەلدى. مېھرىگۇل باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى. بىراق يەنىلا شۇ ئاۋاز ئاڭلاندى: "بۇياققا ماڭماڭ!"...

مېھرىگۇل دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. ئاھ خۇدا، نىمانچىلا تونۇش يەر بۇ! مېھرىگۇل بۇجىدىكى بىر رەستە ئاغزىغا كېلىپ قالغانىدى. يان تەرەپكە بىر كاۋاپدان قويۇلغان بولۇپ، كاۋاپدانىنىڭ چۆرىسىدە ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچىسى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قولىدا پىچاق، بەزىلىرىنىڭ قولىدا زىخ بار ئىدى. پىچاق تۇتقانلاردىن بىرى مېھرىگۇلگە قاراپ ئېتىلدى. ئەمما، مېھرىگۇل چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرىۋېدى، پىچاق ئۇنىڭغا تەگمىدى.

— خەپ توختا، — دېدى غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتكەن مېھرىگۇل، — ئابدۇسەمەتنى باشلاپ كېلىپ ئەدىپىڭنى بەرمىسەم!

پىچاق تۇتقان ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— قېنى كەلمەمسەن، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — ماڭا تەڭ كېلەلمەيدىغان دېگۈچە جېنىڭنى باقە!

ـــ خەپ توختاپ تۇر، ـــ دېدى مېھرىگۈل ئۇنى پىسەنتكە ئالماي، ـــ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ يۈگۈردى.

ئۇ ئازراق يۈگۈرۈۋىدى، سوقما تاملىق بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى، مېھرىگۈل ئۆيگە كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئارقىسىدىن تۇيۇقسىزلا گۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، بايىقى ئادەملەر ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مېھرىگۈل ھېلىقى ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ قارىدى، لېكىن ئابدۇسەمەت يوق ئىدى. تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقان مېھرىگۈل جېنىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

ـــ ئابدۇسەمەت، نەدە سىز...!

مېھرىگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. يىغلىغاچقىمۇ ياكى قارا بېسىپ تەرلەپ كەتكەچكىمۇ ئۇنىڭ ياستۇقى چىلىق ـ چىلىق ھۆل ئىدى. ئۇ ئاينىڭ يورۇقىدا سائەتكە قارىۋىدى، سائەت تۆت بوپتۇ.

ئۇنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىپ بايىقى چۈشىنى ئېيتىپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىش ۋە ئەلەملىرىنى تۆكۈۋېلىشقا ئالدىرايتتى. «بىر دەم تەخىر قىلاي، ئۇ ئۇخلاۋاتسۇن، ـــ دەپ ئويلىدى ئۆزىنى ئاران بېسىۋالغان مېھرىگۈل، ـــ ئۇنىڭ خىزمىتى شۇنچىلىك جاپالىق. 28 سائەت ئۇخلىمىغاننى ئاز دەپ يېرىم كېچىگىچە مېھمان كۈتۈپتۇ. ھېلىمۇ ئەر كىشىلەر چىدايدىكەن. يەنە بىردەم تەخىر قىلاي!»

تاڭ سەھەر سائەت بەش بولدى. ئاخشامقى قاباھەتلىك چۈشتىن قورقۇپ كەتكەن مېھرىگۈل تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى، لېكىن تېلېفون تاقاق بوپ چىقتى. «بەك ئەتىگەنىكەن، يەنە بىردەم ئۇخلاۋالسۇن » دەپ ئويلىدى ئۇ.

سائەت ئالتە بولغاندا مېھرىگۈل يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلدى. لېكىن تېلېفون يەنىلا ئېتىك ئىدى. شۇنداق قىلىپ مېھرىگۈل كۈندىكى ئادىتى بويىچە يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىپ ئىشقا كەتتى. ئۇ سائەت يەتتىدىن تاكى ئونغىچە

سائىتىگە بىر قېتىمدىن تېلېفون قىلدى. بىراق، ئابدۇسەمەتنىڭ تېلېفونى ئېتىكلا ئىدى.

مېھرىگۈل ھەر قېتىم قىلغان تېلېفونى ئۇلانمىسا، ئىشنى ياخشى تەرىپىگە ئويلاپ ئۆزىچە ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ باقاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتتىن ئەنسىرەپ جان-پېنى چىقىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئارتۇقچە ئويلاشنى خالىمايتتى ھەم ئۇنىڭغا جۈرئەتمۇ قىلالمايتتى. سائەت 10دا قىلغان تېلېفونى ئۇلانمىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى زادىلا باسالمىدى. ئابدۇسەمەتكە زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ زادى نەدىدۇ؟ چارچاپ ئۇخلاپ قالدى، دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ شۇنچىۋالا ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتمەس؟

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت بىلەن قوشنا ئولتۇرىدىغان ۋاڭ كەيگە تېلېفون قىلدى.

ۋاڭ كەي ئىنستىتۇتتا ئابدۇسەمەت بىلەن بىر ئەترەتتە تۇرغانىدى. ئۇ ئىنستىتۇتنىڭ تېخنىكا كەسپىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، شىنجاڭلىق باللار بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. قايسى بىر يىلى يازلىق تەتىلدە ئۇ غەيرەت، ئابدۇسەمەتلەر بىلەن بىرگە شىنجاڭغا كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا، پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپقان ۋە قاتتىق- قۇرۇق تاماقلار بىلەن كۈن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ قېتىمقى سەپەر ۋاڭ كەيدە ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. بىراق، ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا، ئۇ خوتەنگە ـــ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە بارالمىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئابدۇسەمەت بىلەن تەڭلا بۇجى ساقچىخانىسىغا تەقسىم قىلىندى، ياتىقىمۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقى بىلەن قوشنا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى قېرىنداشلاردەك بىر-بىرىگە ئىچىكىپلا كەتتى. شۇڭا، مېھرىگۈلنىڭ يادىغىمۇ ئالدى بىلەن ۋاڭ كەي كەلگەنىدى.

تېلېفون ئۇلاندى، مېھرىگۈل ئالاقزادىلىك ئىچىدە ۋاڭ كەيدىن سورىدى:

ـــ ۋاڭ كەي، نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ـــ دېلو ئىشى بىلەن سىرتتا!

ـــ ئابدۇسەمەت ئاخشام ياتىقىغا قايتىپ كەلگەنمۇ؟

ـــ قايتىپ كەلدىغۇ دەيمەن، ـــ دېدى ۋاڭ كەي، ـــ ئاخشام ئۇنىڭ ياتىقىدىكى چىراغ يېنىقلىقتەك قىلىۋىدى...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھرىگۇلنىڭ يۈرىكى سەل ـ پەل ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى:

ــــ بىراق ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام زادىلا ئۇلانمىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ئالاقىلىشالمايۋاتىمەن...

ــــ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز مېھرىگۇل؟ خاتىرجەم بولۇڭ، چاتاق چىقمايدۇ. مەن چۈشتە بارغاندا ئۇنىڭغا دەپ قوياي، سىزگە تېلېفون قىلسۇن. ياكى بولمىسا شىيې جيەنكەيگە تېلېفون قىلىپ بېقىڭ، ئۇ ياتاقتا قالغان.

شىيې جيەنكەي ۋاڭ كەينىڭ ياتاقدىشى ئىدى. ئابدۇسەمەت جۇڭگو جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رازۋېدكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بۇ ياش ساقچى بىلەن ۋاڭ كەيدەك ئۇنچە يېقىن ئارىلاشمىسىمۇ، لېكىن ئاخشىمى ـ ئەتىسى سالاملىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن دېلو ئىشىدا ھەمكارلىشاتتى. شۇڭا مېھرىگۇلمۇ ئۇنى شېنجېنغا كەلگەن چاغدا كۆرگەنىدى.

بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان شىيې جيەنكەي مېھرىگۇلنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن:"مەن تېخى ئىشتىن چۈشمىدىم. چۈشتە بېرىپ ئىزدەپ باقاي، سىز خاتىرجەم بولۇڭ" دېدى ئۇ مېھرىگۇلگە تەسەللىي بېرىپ.

چۈشتە شىيې جيەنكەي ياتاققا كىرىپ تۇرۇشىغا، مېھرىگۇلدىن يەنە تېلېفون كەلدى:

ــــ ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا قاراپ بېقىڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!

ــــ ئىشىك تاقاقلىقكەن!

ــــ ئۇنداق بولسا، ئىشىكنى ئامال قىلىپ ئېچىڭ!

شىيې جيەنكەي ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى، لېكىن سادا چىقمىدى. ئۇ ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ياتاققا كىردى.

ــــ ئابدۇسەمەت ياتاقتا يوقكەن، بىراق كومپيۇتېرى ئوچۇق تۇرىدۇ. قارىغاندا ھېلىلا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ...

ــــ يان تېلېفونىنىڭ ئىككىلىسىنى ئاپتۇمۇ؟ تېلېفونىنىڭ باتارىيىسى زەرەتلىگۈچتە بارمىكەن؟

ـــ باتارېيىنىڭ بىرى زەرەتلىگۈچتە تۇرىدۇ. ھە راست، تېلېفوننىڭ ئىككىلىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشكەن مېھرىگۈل يىغلاپ كەتتى.

شىي جيېنكەي دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

ـــ مېھرىگۈل، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مەن ئۇنى چوقۇم تاپىمەن. ئۇنىڭغا "دەرھال مېھرىگۈلگە تېلېفون قىلغىن" دەپ خەت قالدۇرۇپ قوياي، بولامدۇ؟

ـــ سىز چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىپلا ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپ بېقىڭ ياكى باشلىقلىرىغا دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ماقۇلمۇ؟

چۈشتىن كېيىن مېھرىگۈل بۇجى ساقچىخانىسىدىكى بۆلۈملەرنىڭ ھەممىسىگە بىرمۇ بىر تېلېفون قىلىپ چىقتى. بىراق تېلېفون ئالغانلارنىڭ ھەممىسى "ئابدۇسەمەتنى كۆرمىدۇق" دەپلا جاۋاب بېرەتتى.

مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى گويا قەپەزدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى ۋاڭ كەيگە باغلاپ ئۇنىڭغا يەنە تېلېفون قىلدى:

ـــ قانداق بولدى؟ ئابدۇسەمەتنى ئۇچرىتالىدىڭىزمۇ؟

ـــ بەك سەت بولدى، مېھرىگۈل. چۈشتىن كېيىن شۆبە ئىدارىغا يىغىنغا بارماقچى ئىدىم. شۇڭا چۈشتە ئادەم ئىزدەيمەن، ماشىنا ئالىمەن دەپ ياتاققا قايتالمىدىم.

ـــ رەھمەت...

ئۈمىدسىزلەنگەن مېھرىگۈل تېلېفوننى ئەتتى ۋە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. خىيالىغا كەچمىگەن خىياللار كېچەتتى، ئاخشامقى چۈشىنى ئويلىسىلا، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى. ئابدۇسەمەتكە بىرەر ئىش بولۇپ قالدىمۇ ـ يا؟ تۇۋا خۇدايىم، نېملەرنى ئويلاپ كەتتىم مەن!... ئۇنداق بولسا، ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ؟ مېھرىگۈلنىڭ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، كۆككە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن "ئابدۇسەمەت، نەدە سىز!" دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى...

> **3. ئابدۇسەمەتنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن ساقچىلار ئىجارىكەشنىڭ ئۆيىدىن قان يۇقىنى بايقاپ قالدى.**

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىماي، ئىچى تىتىلداپ يۈرگەن چاغلاردا، ساقچىخانا باشلىقى بىلەن سىياسىي يېتەكچىمۇ غەم-ئەندىشىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئابدۇسەمەتنى ئىزدەشكە چىققانلار ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلالماي قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساقچىخانا باشلىقى بىلەن سىياسىي يېتەكچى ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بولۇشقانىدى. ئۇلار ئەھۋالنى بۇجى ساقچى مەھكىمىسىگە دوكلات قىلدى. بۇجى ساقچى مەھكىمىسى شۆبە ئىدارىغا، شۆبە ئىدارە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە ئەھۋالنى دەرىجىمۇ دەرىجە مەلۇم قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ ئىشقا ناھايىتى جىددىي قارىدى. ھەتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى بىلەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ ھەقتە مەخسۇس يوليورۇق بەردى.

شۇنداق قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ كۇەنجى، سىياسىي كومىسسارى يۈەن شياڭبىن ۋە مۇئاۋىن باشلىقى سۈن گوشيۇڭ قاتارلىق يولداشلار بۇجى ساقچى مەھكىمىگە كېلىپ جىددىي يىغىن ئېچىپ، دېلو قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، رازۋېدكا خىزمىتىنى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇردى. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈ شىنگو، شەھەرلىك جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى چيەن ۋېي بۇجىغا كېلىپ دوكلات ئاڭلىدى ۋە دېلو پاش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇسەمەتنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇسەمەتنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ساقچىخانىمىزغا كەلگىنىگە ھازىر توققۇز ئاي بولدى. ئۇ ناھايىتى قائىدىلىك ساقچى. ئىشقا ۋاقتىدا كېلىپ- ۋاقتىدا قايتىدۇ. جەمئىيەتتە قالايمىقان باردى- كەلدىسىمۇ يوق. دېمەك، ئۇنىڭ ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى بىرەر پالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ،

دېگەن گەپ. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بەس- مۇنازىرىغا چۈشۈپ كەتتى: ئابدۇسەمەت ئۆيىدە بىرەر ئىش چىقىپ قېلىپ، دەپ قويۇشقا ئۈلگۈرمەيلا شىنجاڭغا كېتىپ قالدىمۇ- يا؟ كىچىك پەرھات دەرھال ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارمىغانلىقىنى ئېنىقلىدى. بەزىلەر ئايروپىلان بىلەتتى ئالغانلارنىڭ تىزىملىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىپمۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ شىنجاڭغا كەتكەنلىكى ھەققىدە يىپ ئۇچى تاپالمىدى. يەنە بەزىلەر بانكىدىن ئۇنىڭ مائاش كارتىسىنى تەكشۈرۈپ باقتى. لېكىن ئۇ يېقىندىن بۇيان كارتىدىن بىر سېنتمۇ پۇل ئالمىغانىدى. بۇنىڭدىن ”ئابدۇسەمەت بۇلاڭچىلارنىڭ قەستىگە ئۇچرىدىمىكىن؟“ دېگەن گۇمان يوققا چىقتى. قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قالدىمۇ- يا؟ ساقچىلار پۈتۈن شەھەردە يۈز بەرگەن قاتناش ۋەقەسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ۋە دوختۇرخانىدىكى يارىدارلارنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ چىقتى. لېكىن ”ئابدۇسەمەت“ دېگەن ئىسىمنى ئۇچراتمىدى. ئىشقىلىپ ساقچىلار قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامال- چارىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ باقتى. لېكىن ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق ئىدى...

شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يۈ شىنگو كۆپچىلىكتىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ پەرىزىڭلارچۇ؟

— ئىش چاتاق! — دېدى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رازۋېدكا تارماق ئەترىتى تېررورلۇققا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى جىڭ چېجۇن ئارىسالدىلىق ئىچىدە. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ئويغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

— ساقچىخانىدا ئابدۇسەمەتنى قايسىڭلار ئاخىرقى قېتىم ئۇچراتقان؟ — تارماق ئەترەت باشلىقى چيەن ۋېي كۆپچىلىكتىن سورىدى.

— مەن، — دېدى نۆۋەتچى ساقچىخانا باشلىقى لەي شىنشېڭ، — 2- ئىيۇن كەچ سائەت 11 دىن ئاشقان چاغدا خالىق دەيدىغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى بىر خەنزۇ قىزنى سۆرىگىنىچە كىرىپ كېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپتۇ. نۆۋەتچى ساقچى ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقالماي ماڭا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. مەن شۇ ھامان ئابدۇسەمەتكە

تېلېفون قىلىپ ئۇنى دەرھال كەلگىن دېدىم. شۇ چاغدا ئۇ شەھەردە ئىككى ئۇيغۇر ساقچى بىلەن تاماق يەۋاتقانىكەن.

بۇ ساقچىخانىنىڭ مۇنداق بىر قائىدىسى بار ئىدى: ساقچىخانىدىكى خەنزۇ ساقچىلار ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار دېلو مەلۇم قىلىپ كەلسە ياكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئۇيغۇرلار تۇتۇلسا، ئابدۇسەمەت ئارىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى. ساقچىخانىدا ئۇيغۇر ساقچىدىن پەقەت ئابدۇسەمەتلا بولغاچقا، ئابدۇسەمەت مەيلى كېچىسى بولسۇن، مەيلى كۈندۈزى بولسۇن، مەيلى ساقچىخانىدا بولسۇن، مەيلى سىرتتا بولسۇن، مەيلى ئىش ۋاقتىدا ياكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بولسۇن، ئاشۇنداقلار كەلگەن ھامان ئابدۇسەمەت شۇ مىنۇتتا ئۇنۇپ بولاتتى.

ھەر قېتىم ئىشخانىغا چاقىرتىلغاندا ۋەزىپىنى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلاتتى، ھەرگىز غۇدۇرىمايتتى.

ئابدۇسەمەت شۇ كۈنى ئاخشىمۇ شەھەردىن قايتىپ كېلىپ ياتىقىدا مېھرىگۈل بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە شۇنداق دېلو ئىشى بىلەن دېژورنىخانىغا كەلگەنىدى.

لەي شىنشېڭ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر نېمىلەرنى دەپ قايناپ كېتىۋاتقان خالىق ئابدۇسەمەتنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپلا پەسكويغا چۈشۈپ، ئابدۇسەمەتكە قاراپ ھىجايدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەرجىمە قىلدى: ئۇنىڭ دېيىشىچە ھېلىقى قىز ئۇنىڭ يانفون ۋە پۇللىرىنى ئوغرىلىۋالغان بولغاچقا، قىزنى تۇتۇۋېلىپ ساقچىخانىغا ئەكەلگەنىكەن. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭدىن: ‹‹بۇ قىز يانفونۇڭنى نەدە ئوغرىلىۋاپتۇ؟ بۇنىڭغا پاكىتىڭ بارمۇ؟›› دەپ سورىدى. بىراق خالىق ھېلى يولدا ئوغرىلىۋاپتۇ دېسە، ھېلى ماشىنىدا ئوغرىلىۋاپتۇ، دەيتتى. ئۇنىڭ تاقا ـ تۇققا گەپلىرى چەك باسمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى ھېلىقى قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. خالىقنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ قارىسا ھېلىقى قىز كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يانفون ۋە ھەمىيىنىمۇ يوق تۇرغۇدەك. بۇنىڭغا ئوغىسى قايناپ يۈرگەن خالىق يولدا دەل ئاشۇ قىزنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇدۇللا ساقچىخانىغا سۆرەپ ئەكىرىپتۇ.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى قىزدىن سوراپ باقتىم. خالىقنىڭ ئۇ قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغىنى راست ئىكەن. ھېلىقى قىزنىڭ دېيىشىچە، خالىق دەسلەپتە ئۇنىڭغا 100 يۈەن بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پىچاقنى تەڭلەپ تۇرۇپ: «بايىقى پۇلنى چىقار» دەپ ھەيۋە قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن قىز ھېلىقى 100 يۈەننى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن خالىق خۇددى چالا بوغۇزلىغان كالىدەك خارقىراپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ قىز جېنىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىپ ئالدى- ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ چىقىپتۇ. خالىقنىڭ تېلېفونۇم بىلەن پۇلۇمنى ئېلىۋاپتۇ، دېگىنى يالغانىكەن.

خالىق پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. شۇڭا ئەھۋالنى خاتىرىلىۋېلىپ، ھېلىقى قىزنى قويۇپ بەردۇق. بۇ چاغدا خالىق ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇيغۇرچە بىر نېمىلەرنى دېدى. ئاندىن خۇددى يېقىن دوستلاردەك ئابدۇسەمەتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، ئىككىسى تالاغا ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا ئابدۇسەمەت ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ ماڭا بەلگە بەرگىنى ئىدى.

— ئۇلار نەگە، نېمە ئىش قىلغىلى ماڭغانىكەن؟

گەپنىڭ ئايىغىنى ساقچىخانا باشلىقى سۇڭ مىڭياۋ چۈشەندۈردى:

— يىپ ئۇچى ئىزدەشكە چىققان ساقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككىسىنىڭ تەيزى قاۋۇقىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەنلەر بارئىكەن. قاۋاق خوجايىنىنىڭ سوراقتا ئېيتىشىچە، خالىق راستىنلا يەنە بىر ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ پىۋا ئىچىپتۇ. ئۇلار ئىككى- ئۈچ رومكىدىن ئىچكەن ئوخشايدۇ. مۇلازىم قىز كېلىپ شىرەنى سۈرتۈپ، كولدانىنى ئالماشتۇرۇۋاتسا، خالىق ھېلىقى مۇلازىمنىڭ ساغرىسىنى سىلاپتىكەن، مۇلازىم قىز ئۇنى تازا تىللاپ، ئاندىن خوجايىنغا بېرىپ ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىق دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋالغاندىن كېيىن، كۆپىنچە پۇل بەرمەي ئۇششۇقلۇق قىلغاچقا، خوجايىن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كېتىپتىكەن. شۇڭا، خوجايىن ئۇنىڭ ھېلىقى مۇلازىمنىڭ ساغرىسىنى سىيلىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇنى قاۋاقتىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. قاۋاق خوجايىنى كۆرسەتكەن بۇ پاكىتلار ئىچىدە يەنە مۇنداق بىر يىپ ئۇچىمۇ بار: خالىق بىلەن ھېلىقى ئۇيغۇر

يىگىتنى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان چاغدا يەنە بىر قىزمۇ كەلگەنىكەن. ئۇ ئۇچەيلەن بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ، خالىق بىلەن بىرگە چىقىپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ۋاڭ كەي بىلەن سۇن يوڭشىن ئابدۇسەمەتنىڭ كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىلغان تېلېفون خاتىرىسىنى ئېلىپ كىردى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرغان تېلېفونى ساقچىخانىدا ۋاقىتلىق خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن لو جوەننىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى.

ـــ لو جوەننى تاپالىدىڭلارمۇ؟

ـــ تاپتۇق، بىز ئىزدەپ بارغاندا ئۇ ئۆيىدە يوقكەندۇق. بىز ئۇنى دوستىنىڭ ئۆيىدىن تېپىپ ئەھۋال ئىگىلىدۇق. ئۇمۇ تونۇگۇن تەيزى قاۋىقىدا ئابدۇسەمەتنىڭ يەنە بىر ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى شىنجاڭلىق يىگىت ئۇنىڭغا ئۆزىچە يېقىنلىشىپ، تاغدىن- باغدىن گەپ سوراپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇسەمەت لو جوەننىڭ قۇلىقىغا:"بۇنىڭغا بەك يېقىنلىشىپ كەتمەڭ، ئۇ ياخشى ئادەم ئەمەس" دەپ پىچىرلاپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۇ يەنە لو جوەنگە: "بۇلارنىڭ ئاتامانى بارمىش، مەن ئۇلارنىڭ ئۇۋۇسىغا بىر كىرىپ باقاي دەيمەن" دەپتۇ. لو جوەن ئابدۇسەمەتكە:"ئەڭ ياخشىسى بارماڭ، خەتەرلىك جۇمۇڭ، ياكى مەن سىز بىلەن بىرگە بارايمۇ؟" دەپتۇ. بىراق ئابدۇسەمەت لو جوەنگە: "ھېچقىسى يوق، سىز دېگەن قىز بالا، بارسىڭىز بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ بىر تېلېفون دەپتىرىنى ئېلىپ كېلىمەن. ئۇنىڭدا يانچۇقچىلارنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى بار ئىكەن،" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ لو جوەن تاكسى توسۇپ قايتىپ كېتىپتۇ، ئابدۇسەمەت خالىق بىلەن بىرگە چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىنكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىككىسى يولدا كېتىۋاتقاچ «ۋاڭلاۋجى» ماركىلىق چايدىن ئېلىپ ئىچىپتۇ. ئۇلار بۇجى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ قورۇسى ئەتراپىغا كەلگەندە تاڭ فامىلىلىك بىر چارلىغۇچىغا ئۇچراپتۇ، بولغان ئەھۋال شۇ.

قوماندانلىق شتابى خالىقنى تېزدىن ئىزدەپ تېپىشنى قارار قىلدى. شەھەرلىك رازۋېدكا تارماق ئەترىتىگە قاراشلىق تېررورلۇققا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىنىڭ لوگەڭ

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى بىلەن بۇجى ساقچى مەھكىمىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆيغۇرلار دائىم كىلىپ- كىتىپ تۇرىدىغان جايلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

ئابدۇسەمەت ئىلگىرى خالىقلارنى سەرگەردان بالىلارنى يانچۇقچىلىققا ساپتۇ، دىگەن سەۋەب بىلەن قولغا ئالغانىدى. لېكىن پاكىت تولۇق بولمىغاچقا كىيىن قويۇپ بىرىلىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا خالىقنىڭ تۇرالغۇسىنى بۇجىدا دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

نۇرغۇن كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ باققاندىن كىيىن، ئاندىن خالىقنىڭ بۇجى دىڭشىڭ بازىرىدا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

لېكىن ئۆي ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىدىن ”خالىق“ دىگەن ئىسىم چىقمىدى. خالىقنى ئىزدەپ تاپالمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ساقچىلار خالىقنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كوچىمۇ كوچا، بىنامۇ بىنا، ئۆيمۇ ئۆي ئالا قويماي ئىزدىدى. ئۇلار ياپىمچىلار، ئامانلىق ساقلىغۇچىلار ۋە ئاھالىلەردىن بىرمۇ بىر سوراپ يۈرۈپ ئاخىرى خالىق ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئەسلىدە خۇ فامىلىلىك بىر خېنىملىك خەنزۇنىڭ نامىدا ئىجارىگە ئېلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇجى ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ جىڭچېڭ ساقچىلارنى باشلاپ خالىقنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلگەندە، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ساقچىلار ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشىكمۇ ئىنتايىن پۇختا ئىدى، ئىشىكنى ھەتتا ساقچىلار ئارىسىدىكى مەخسۇس ئىشىك ئاچىدىغانلارمۇ ئاچالمىدى. ساقچىلار ئاخىرى بولمىغاندا دېرىزىنىڭ رىشاتكىسىنى ھەرىدەپ كىسىپ ئۆيگە كىردى.

شيې جيەنكەي ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ كىردى. ئۇ قەدىمىنى ئۆي ئىچىگە شۇنداق ئېلىشى بىلەنلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. بىراق، ئۇ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈش كۆز ئالدىدا تاشلىنىپ تۇراتتى.

بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، مېھمانخانىسى ئىنتايىن قالايمىقانىدى. يەردە قان يۇقى ۋە قاننى ئېرتىپ تاشلىغان قەغەزلەر تۇراتتى. چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن بىر پىچاقمۇ بار ئىدى. تېلېۋىزور يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، شامالچىنىڭ توك سىمى يۇلۇپ ئېلىۋېتىلگەنىدى. چاي شىرەسى بىر ياققا قىڭغايغان، تامدا

چاچراپ چىققان قان يۇقى بار ئىدى. جىنايى ئىشلار ساقچىسى بولۇپ باققانلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاندىلا مۇشۇنداق قان چاچراندىسىنىڭ ئىزى قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى...

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شىي جيەنكەينىڭ ئەنسىرەشلىرى مانا ئەمدى چەككە يەتتى. بىراق ئۇ لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى. باشقىلارمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇلار پەقەت پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۈرەتكە تارتاتتى، قان ئەۋرىشكىسىنى ئالاتتى، ئىشقىلىپ قانۇن دوختۇرى ۋە ئىز تەكشۈرگۈچىلەرگە يوللىنىدىغان قىلچىلىك نەرسىنىمۇ قويماي يىغاتتى.

قانۇن دوختۇرلۇقى بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقتى. خالىقنىڭ ئۆيىنىڭ پول ۋە تاملىرىغا چاچرىغان قانلار ئاساسەنA تىپلىق ئىدى. ئاز- تولا Bتىپلىق قانمۇ بار ئىدى. بىراق، ئابدۇسەمەتنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى ”قان تىپى“ دېگەن يەرگە ”O“ دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ نەتىجە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى رەھبەر ۋە ساقچىلارنىڭ قەلبىدە كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئۈمىد شولىسىنى يالىتراتتى: ئەجەبا خالىق ئۆيىدە باشقىلار بىلەن ئېلىشقانمىدۇ؟

بۇنى يەنە بىر ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن، ساقچىخانا باشلىقى سۇڭ مىڭياۋ مېھرىگۈلگە ئۆزى تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئابدۇسەمەتنىڭ قان تىپىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— ئۇنىڭ قان تىپى O، — دېدى مېھرىگۈل.

سۇڭ مىڭياۋ ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سورىدى:

— راستتىنلا شۇنداقمۇ؟ بۇ ئىنتايىن مۇھىم جۇمۇڭ!

— ئابدۇسەمەت ئۆزى شۇنداق دېگەنىدى، — دېدى مېھرىگۈل سەل دېلىغۇل بولۇپ، — مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ سوراپ باقاي، بولامدۇ؟

مېھرىگۈل بىر ھازا تېلېفون قىلىپ ئاران دېگەندە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى يۈسۈپجاننى تاپتى. مېھرىگۈل يۈسۈپجاندىن بايا كىچىك پەرھاتنىڭمۇ تېلېفون قىلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ قان تىپىنى سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ قان تىپىنى ئۇقمايدىكەن. پەقەت

ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنىسى ”ئابدۇسەمەت ئاكام O تىپلىق قان دېگەندەك قىلغان“ دېگەن ئۇچۇرنىلا بېرەلىدى.

بۇ گەپلەر مېھرىگۈلنى ھەم ئۈمىدلەندۈردى ھەم ئەنسىرىتىپ قويدى: نەق مەيداندىكى قان ئاساسەن A تىپلىق ئىكەن، ئۇنداقتا ئابدۇسەمەت بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدىمۇ- نېمە؟

**4. قۇملۇقتىكى توغراق 1000 يىل ياشايدىكەن، لېكىن نەۋقىران ساقچى 26 يېشىدىلا كېتىپ قالدى.**

4- ئىيۇن كۈنى سۈك مىڭياۋ تېلېفوندا مېھرىگۈلدىن ئابدۇسەمەتنىڭ قان تىپىنى سورىغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكتە ئاز-تولا ئۈمىد تۇغۇلغاندەك بولدى. چۈنكى ئابدۇسەمەتنىڭ قېنى راستتىنلا O تىپلىق بولسا، ئۇنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىدىن ئۈمىد بار، دېگىلى بولاتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ كارىۋات كىرلىكىدىكى چاچ ۋە ئىسپېرما داغلىرىنى DNAلىك تەكشۈرۈشتە ئابدۇسەمەتنىڭ ئەسلىدە Aقان تىپلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭدىن ساقچىلار قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. قارىغاندا ئابدۇسەمەتنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن ئۈمىد قالمىغاندەك قىلاتتى. شىنجېن شەھەرلىك ساقچى تەرەپ شەھەرلىك رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى چيەن ۋېينىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پۈتۈن شەھەرگە مۇستەھكەم قانۇن تورىنى يايدى. جۈملىدىن لوخۇ، نەنسەن، لوڭگاڭ ۋە ئايرودرومنى كونتروللاپ، بۇجى رايونىغا قاراشلىق دوختۇرخانا ۋە شىپاخانىدىكى بىمارلار ۋە قاتناش ۋەقەسىدە يارىلانغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى؛ جىنايەت گۇماندارىنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئايرودروم، ۋوگزال ۋە ئۇزۇن يوللۇق ماشىنا بېكىتى قاتارلىق قاتناش تۈگۈنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسكەنجىگە ئالدى؛ شىنجاڭدىكى ساقچى تارماقلىرىغىمۇ دېلوغا ھەمكارلىشىش ھەققىدە ئالاقە يوللىدى.

كونتروللانغان جايلار ئاساسەن شىنجاڭلىقلار توپلاشقان رايونلار ئىدى. بۇنىڭدا ئۇلار مەسئۇلىيەت رايونى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كونترول رايونىنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە

ئايرىپ، مەسئۇلىيەتنى شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى؛ نورمال تىجارەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىق سودىگەرلەردىن يىپ ئۇچى ئىگىلەپ، ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە بىرىسم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى.

4 ـ ئىيۇن كەچ سائەت 9 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە بىر ئۇيغۇر يىگىتى نەنيۇەن ساقچىخانىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن دېلودا ئاخىرى ھالقىلىق ئىلگىرىلەش بولدى.

چىرايلىرى تاتارغان بۇ يىگىت گويا ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك، دەككە ـ دۈككىدە ئالاقزادە بولۇپ تۇراتتى.

ــــ مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەن، ــــ دېدى يىگىت.

ساقچىلار ئۇنى سوراق قىلدى.

ــــ ئىسمىڭ نېمە؟

ــــ ئابلەت كېبىر.

ــــ نەدىن؟

ــــ شىنجاڭنىڭ خوتەن ناھىيىسىدىن.

ــــ قايسى يىلى تۇغۇلغان؟

ــــ بۇ... ھە ... 1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.

ــــ شېنجېنغا قاچان كەلگەن؟

ــــ 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا.

ــــ ئۆزۈڭ يالغۇز كەلگەنمۇ؟

ــــ ياق، تۆتەيلەن بىللە كەلگەن.

ــــ ئۇدۇللا شېنجېنغا كەلگەنمۇ؟

ــــ ياق، ئالدى بىلەن گۇاڭجۇغا، ئاندىن شېنجېنغا كەلدۇق.

ــــ شېنجېننىڭ نەرىدە تۇرىسەن؟

ــــ فۇتيەن رايونى يۇقىرى سالوگچۇ كەنتىدىكى 5 ـ كوچا 8 ـ نومۇر 401 ـ ئۆيدە.

ــــ نېمە ئىش قىلىسەن؟

ــــ بىكار.

ـــ ئۆيۈڭدە يەنە كىملەر بار؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ـــ دادام موتسىكلىت سودىسى قىلىدۇ. ئاپام ئاجرىشىپ كەتكەن، ئۇ ھازىر يۇرتتا كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنى ئاچىدۇ. دادام قايتا خوتۇن ئالغان. ئۆيدە يەنە بىر ئاچام، ئىككى سىڭلىم، بىر ئىنىم بار...

ـــ سەن نېمە مەسلىنى تاپشۇرماقچى؟

ـــ بۇ... مەن... مەن...

ـــ ئىككىلەنمەي گەپىنىڭ راستىنى دېسەڭ، ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز.

ـــ 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، يېرىم كېچە سائەت ئۈچتىن ئاشقان چاغ ئىدى. مەن ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتىم. تۇيۇقسىزلا ئىشىك چېكىلدى. بېرىپ ئاچسام خالىق ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە 10 ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى. خالىق ماڭا: ”مەن بۈگۈن خەنزۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، بېرىپ ماڭا ياردەم قىل“ دېدى. مەن ئۇنىمىدىم. بىراق ئۇ ماڭا: ”بارساڭمۇ بارىسەن، بارمىساڭمۇ بارىسەن“ دېدى. ئۇنىڭ ئەلپازى ناھايىتى يامان ئىدى. مەن ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. دەل شۇ چاغدا مېنىڭ خوجايىنىم ئوسمان كۆرۈپ قېلىپ خالىقتىن: ”ئادىمىمنى نەگە ئاپىرىسەن؟“ دەپ سورىدى. خالىق: ”بۇ ياردەم قىلىدىغان ئازراق ئىش چىقىپ قالدى. ياسىن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سەل تۇرۇپ كېلىپ ئەكىتىمەن “ دېدى.

ـــ سېنى خالىق نەگە ئېلىپ باردى؟

ـــ ئۇ دەسلەپتە تاكسى بىلەن بۈجى دېيىشلىك بازىرىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن بىر دۇكاندىن ئىككى دانە قول چىرىغى ئالدى. مەن ئۇنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ ”ئىشى بار“ دېدى. ئاندىن ئۇ مېنى بىر بىنانىڭ ئارقىسىدىكى مەكتەپنىڭ مەيدانىغا ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. دەرۋازا ئېتىكلىك ئىدى. بىز تامدىن ئارتىلىپ كىردۇق. ئۇ قول چىرىغىنىڭ بىرىنى ماڭا بېرىپ، مېنى ئاچقۇچنى تېپىشقا بۇيرۇدى. مەن بىر ھالقا ئاچقۇچنى تاپتىم. كېيىن ئۇ مېنى بىر بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە باشلاپ چىقتى. بىز 404 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كىردۇق. مەن كىرىپلا قورقۇپ كەتتىم. ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى قالايمىقانىدى. پول، تاملارنىڭ ھەممىسىلا قان ئىدى. خالىق كارىۋاتتىكى يوتقاننى قايرىدى. كارىۋاتتا بىرەيلەن مىدىر قىلماي

ياتاتتى. قارىسام ئۇيغۇردەك قىلدى. شۇڭا خالىقتىن: «ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھەئە، ئۇيغۇر ساقچى. ئۇ گويى شورىكىلىرىمىنىڭ ھەممىسىنى قاچۇرۇپ بولدى. يەنە ماڭا يىپپىشىۋىلىپ يانچۇقچىلار تۇرىدىغان جاينى دەپ بېرىسەن دەپ ئارامىمدا قويمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. كېلە، ئۆلۈكنى كۆزدىن يوقىتايلى» دېدى. قورقۇپ جان- ئىمانىم چىقىپ: «ياق، ئۆزۈڭ نېمە قىلساڭ قىل» دېدىم. بىراق ئۇ ماڭا پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپ: «غىدىڭ- پىدىڭ قىلىدىكەنسەن، سېنىمۇ قوشۇپ بوغۇزلىۋىتىمەن» دېدى. مەن ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم.

— جەسەتنى قانداق يۆتكىدىڭلار؟

— خالىق ھېلىقى يوتقاننى يەردىكى كىرلىكنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئاندىن مېھمانخانىدىكى شامالچىنىڭ توك سىمى بىلەن تېلېۋىزورنىڭ ئارقىسىدىكى كابېلنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جەسەتنىڭ پۇت- قولىنى باغلىدى. ئاندىن بىز جەسەتنى ئېلىپ ھېلىقى يوتقاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يوتقاننىڭ ئاستىدىكى كىرلىكنىڭ تۆت ئۇچىنى ئالماپ باغلاپ، يەنە بىر كىرلىك بىلەن ئۇنىڭ سىرتىنى تاڭدۇق. يەردىكى قان ياتقان ئادەمنىڭ شەكلىدە ئىدى. شۇڭا بىر يوتقاننى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدۇق. ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا خالىق تېلېۋىزورنى تېپىپ ئۆرۈۋەتتى. ئاندىن بىز جەسەتنى كۆتۈرۈپ بىنادىن چۈشتۇق.

— سىلەر جەسەتنى نەگە ئېلىپ باردىڭلار؟

— بىز جەسەتنى يولنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، قىزىل تاكسىدىن بىرنى توستۇق. خالىق شوپۇر بىلەن تالىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى 150 يۈەنگە خېڭگاڭ بازىرىغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئۇناتتى. بىز جەسەتنى تاكسىنىڭ ئارقىسىدىكى يۈكلۈككە قاچىلىدۇق. تاكسى خېڭگاڭ بازىرىنىڭ سىلىيەن كەنتىگە كەلگەندە خالىق شوپۇرغا دەپ ماشىنىنى توختاتتى. بىز يۈكلۈكتىن جەسەتنى ئېلىپ، يول ياقىسىدىكى قورايلىققا تاشلىۋەتتۇق.

— ئاشۇ جاينىڭ نەدىلىكى ئېسىڭدىمۇ؟

— ئېسىمدە. يان تەرىپىدە بىر ماي ئىسكىلاتى... ياق... بىر خومدان باردەك قىلغان.

— كېيىنچۇ؟ خالىق يەنە بىرەر نەرسىنى تاشلىدىمۇ؟

— بىز يەنە ماشىنىغا چىقتۇق. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن خالىق يول ياقىسىدىكى چۆپلۈككە بىر پىچاقنى تاشلىدى.

— سىلەر نەدە تاكسىدىن چۈشتۈڭلار؟

— خېڭگاڭ بازىرىدا، شۇچاغدا شوپۇر سەل قورقتى بولغاي، ئۇ 100 يۈەننى ئېلىپلا تىكىۋەتتى.

— ئاندىن كېيىن نەگە باردىڭلار؟

— بىر ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنى توسۇپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر تاكسىغا ئالمىشىپ ياتىقىمغا يېنىپ كەلدۇق...

— خالىق يەنە نەگە بارىدىغانلىقىنى دېمىدىمۇ؟

— ئۇ ”شىنجاڭغا كېتىمەن“ دېدى. ئۇ مېنى ياتىقىمغا ئەكىلىپ قويۇپ، ھېلىقى ياسىن دېگەن بالىنى ئېلىپ كەتتى.

— سەن قانداقسىگە ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلماقچى بولۇپ قالدىڭ؟

— ئوسمان خوجايىن ساقچىلارنىڭ خالىقنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپتىكەن، شۇڭا ”ھېلىقى كۈنى نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلدىڭلار؟“ دەپ سورىغانىدى. مەن ئەھۋالنى ئەينەن دەپ بەردىم. ئۇ: ”ئاھ خۇدايىم! بالانىڭ چوڭىنى تېرىپتۇ. ساقچىنى ئۆلتۈرۈش دېگەن كاللا كېتىدىغان ئىش. شۇڭا دەرھال بېرىپ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىدۇ“ دېدى. بىراق مەن دەسلەپتە قورقۇپ كېتىپ، ساقچىخانىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. بىراق، خوجايىن بىلەن باشقىلار ماڭا: ”سېنى ئۇ ئىشقا خالىق مەجبۇرلىغان، بېرىپ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلساڭ، كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن. گەپ قىلماي يۈرۈۋەرسەڭ ھامان بىر كۈنى قولغا چۈشىسەن. ساقچى دېگەن ساقچى، خالىق ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ“ دەپ نەسىھەت قىلدى. مېنى ساقچىخانىغا خوجايىن ئۆزى ئېلىپ كەلدى. سىرتتا قاراپ تۇرۇپ، مەن ساقچىخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن كەتتى...

— ھېلىقى تاكسىنىڭ نومۇرى ئېسىڭدىمۇ؟

— ياق، بەك قاراڭغۇ بولغاچقا كۆرەلمىگەن... ھە راست، بىز شەھەر ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن خالىق بىر يانفوننى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىغاندەك قىلدى...

ساقچىلار ئابلەتكە يول باشلىتىپ بېرىپ، جەسەتنى بىردەمدىلا تاپتى. تېڭىقنى يەشكەن ساقچىلارنىڭ يۈرىكى گويا پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى قەستكە ئۇچرىغۇچى دەل ئۇلار بىر سوتكىدىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزى ئىدى!

شۇم خەۋەر ھەش- پەش دېگۈچە تارالدى. ئابدۇسەمەتنىڭ سەبداشلىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلار قۇملۇقتىكى توغراق 1000 يىل ياشايدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدى. بىراق، باللىقنى نامراتلىقنىڭ دەردىدە يىغلاپ- قاخشاپ ئۆتكۈزگەن، قىرانلىق چاغلىرىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ئابدۇسەمەت 26 يېشىدىلا كېتىپ قالدى...



# ئىككىنچى باب

## شۇم خەۋەر

**5. ئۇ مەكتەپكە كىچىكىپ باردى، چۈنكى ئۇ نامراتلىقنىڭ دەستىدىن ئوقۇيالمىغلى تاس قالغانىدى.**

زامانىۋى ئالاقە ئۇسكۈنىلىرىنىڭ كارامىتى ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇنىڭ شىنياڭدىكى ئانا مەكتىپى ـــ جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزدى.

جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخى جۇمھۇرىيەت تارىخىدىن توققۇز ئاي ئۇزۇن. بۇ مەكتەپ 1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ”شەرقىي شىمال جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلىرى مەكتىپى“ نامىدا قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىن مەركىزىي خەلق ساقچى كادىرلىرى مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1981 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئېلىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان تۇنجى ئالىي مەكتەپكە ئايلاندى.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان، جۇڭگو ساقچىلىرىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان بۇ مەكتەپتىن نۇرغۇنلىغان جاسارەتلىك، ھەققانىيەتچى، زېبەردەست، يۇقىرى ساپالىق ساقچىلار يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئۆلكە، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ئولتۇردى؛ بەزىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك ۋە پروفېسسورلۇق ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالدى؛ بەزىلىرى مەملىكەتلىك ”1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى“غا ئېرىشتى؛ بەزىلىرى ”مەملىكەتلىك ئالاھىدە مۇنەۋۋەر خەلق

ساقچىسى''دىن بولۇپ قالدى؛ بىرمۇنچىلىرى خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلاندى؛ بىرمۇنچىلىرى خىزمەت يولىدا بەختكە قارشى قۇربان بولدى.

ئابدۇسەمەت ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا كۆپ ئادەم تونۇمايدىغان ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. لېكىن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا توققۇز ئاي بولغان بۇ يىگىتنىڭ تۇيۇقسىز تۆكۈلگەن غۇنچىدەك ۋاقىتسىز قازا قىلىشى مەكتەپتىكى رەھبەرلەرنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنى ئېغىر ھەسرەتتە قويدى.

ئىنتېرنېت تورى قەھرىماننىڭ ئىش- ئىزلىرىنى ئالەمنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە تارقىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاسىتىگە ئايلاندى. ئابدۇسەمەت ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەر، ئۇنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئۇ ھەقتىكى تەسىراتلار، ئىشقىلىپ ئابدۇسەمەت ھەققىدىكى نۇرغۇن گەپلەر ئىنتېرنېت تورىنى قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ''ئابدۇسەمەت'' دېگەن بۇ ئىسىم جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى تورلىرىدىكى يارقىن نۇرغا ئايلاندى. شىنجىڭ لوڭگاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى ئابدۇسەمەتكە ئاتاپ ئاچقان مەخسۇس تور بېتىنى كۆرۈۋدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى.

كىشىلەرنىڭ بۇ نەۋقىران ساقچى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگۈسى كېلەتتى: ئابدۇسەمەت قانداق قۇربان بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئائىلىسى قانداق بولغىدى؟ ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى قانداق ئۆتكەن بولغىدى؟ ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىچۇ؟ ئۇ ئىش ئورنىدا قانداق خىزمەتلەرنى قىلغان بولغىدى؟ ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن قەستكە ئۇچرىغاندۇ؟ ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى قانداق ئۆتكەن بولغىدى؟

ئىشقىلىپ ئۇنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن، توردا سۆز قالدۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىناتتى. شۇنداق، ئابدۇسەمەت تېخى ياش، ناھايىتى ياش ئىدىغۇ! ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ئەمدىلا باشلانغانىدىغۇ! ئۇنىڭ ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغانىدىغۇ! ئۇ كۆرۈۋدىغان ئاسايىشلىق كۈنلەر تېخى ئالدىدا ئىدىغۇ!

ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرى گويا دېڭىز تاشقىنىدەك چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ ئانا مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى. ئوقۇتۇش بىناسى، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئاشخانا، بوكسخانا، مەيدان، كۇتۇپخانا، چىملىق، يول... ئىشقىلىپ ھەممىلا

يەردە ئابدۇسەمەتنىڭ گېپى بولاتتى؛ ھەممىلا يەرنى قايغۇ- ھەسرەت قاپلىغانىدى. ئابدۇسەمەتكە دەرسكە كىرگەن ئوقۇتقۇچىلار، ئۇنى تونۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەسرەتلىك ئۇھسىنىشلار ئىچىدە ئۇنىڭ ھايات چاغلىرىنى ئەسكە ئالسىلا ئازابلىق تولغىناتتى، ئۆرتىنەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇۋاتقان چاغدا قىلغان ھەربىر ئىخىز سۆزى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن، ھەربىر ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى...

ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىلىنخوت شەھىرىدىن كەلگەن ما يۈشەن تەجرىبىلىك، ئۈمىدۋار ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ مەكتەپتىكە يېڭى كەلگەن چاغدىكى ھالىتى ما يۈشەننىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقىدەكلا تۇراتتى. 1999 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرى ئىدى. ئىنستىتۇتتا دەرس باشلىنىپ كەتكىلى 10نەچچە كۈن بولدى. شۇ يىلى مەكتەپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى كەلگەن بالىلارنىڭ ھەربىي مەشقىنى شىنياڭ ھاۋا ئارمىيىسى مەشق بازىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ما يۈشەن ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى، شۇڭا ئۇ قىسىمنىڭ مەشق بازىسىدا يېڭى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە يېتىپ- قوپاتتى.

ئوقۇش باشلانغان چاغدا، ئۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دۇ چىڭلىڭدىن شىنجاڭلىق ئۈچ بالىنىڭ تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئۇقتى. بالىلاردىن ئىككىسى پويىز بېلىتى ئالالمىغاچقا ”بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ بارىمىز“ دەپ تېلېفون قىپتۇ. لېكىن خوتەنلىك يەنە بىر بالىنىڭ كېلىدىغان- كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

— نېمىشقا ئېنىق ئەمەسكەن؟ — ما يۈشەن دۇ چىڭلىڭدىن سورىدى.

— ئۇ ئىككىلىنىپ قاپتۇ، — دېدى دۇ چىڭلىڭ، — گېپىگە قارىغاندا ئوقۇش خىراجىتىدە قىينىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

كېيىن، پويىز بېلىتى ئالالماي كېچىكىپ قالغان ھېلىقى ئىككى بالىمۇ كەلدى. پەقەت خوتەنلىك ھېلىقى ئوقۇغۇچىلا كەلمىگەنىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ما يۈشەن ئىنستىتۇتقا يىغىنغا كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قىسىمغا قايتىدىغان چاغدا تۇيۇقسىزلا دۇ چىڭلىڭدىن تېلېفون كېلىپ قالدى:

ـــ ماڭماي تۇرسىڭىز بوپتىكەن. ئەترىتىڭلارغا تەۋە ھېلىقى خوتەنلىك بالا ئەمدى كەلدى، بىرگە ئېلىپ كېتىڭ.

بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ما يۈشەن شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئۇدۇل ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا دۇ-چىڭلىك ئۇنىڭغا ياندا تۇرغان ئوتتۇرا بوي يىگىتنى كۆرسەتتى:

ـــ بۇ يىگىت خوتەندىن كەلگەن ئابدۇسەمەت بولىدۇ! ـــ ئاندىن ئۇ ئابدۇسەمەتكە قارىدى، ـــ بۇ ياق ما يۈشەن مۇئەللىم بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئەترەت باشلىقىڭلار!

ئابدۇسەمەت ما يۈشەنگە ئەدەب بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلدى.

ما يۈشەن بۇ يېڭى ئوقۇغۇچىغا سەپ سېلىپ قارىدى. ئۈچ- تۆت كۈنلۈك يول ئازابىنىڭ ھاردۇقىدىن بولسا كېرەك، ئۇ ھەم توپاتەرەت، ھەم سولغۇن كۆرۈنەتتى. ساقال-بۇرۇتلىرىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، يېرىندىكى كىچىككىنە سەپەر سومكىسى قۇرۇق دېگۈدەكلا ئىدى.

ـــ ماڭايلى! ـــ ما يۈشەن ئابدۇسەمەتنى باشلاپ بىنادىن چۈشتى. تالادا يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق يېغىۋاتاتتى. ما يۈشەن ئابدۇسەمەتنىڭ يۈك- تاقىنى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۈستىدىكى يامغۇرلۇقنى ئابدۇسەمەتكە يېپىنچاقلىتىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئوڭايسىزلانغان ئابدۇسەمەت خەنزۇچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ رەت قىلدى:

ـــ ھاي... بۇ ئىش بولمىدى مۇئەللىم، زۆكامداپ قالىسىز.

ما يۈشەن بېشىدىكى شلەپىنى ئىشارەت قىلدى:

ـــ مېنىڭ شلەپەم بار، چاتاق يوق. يۈك- تاقىڭىز ھۆل بولۇپ كەتسە قىسمىغا بارغاندىن كېيىن قىينىلىپ قالىسىز.

ما يۈشەن ماڭغاچ ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـــ نېمىشقا بۇنچىۋالا كېچىكىپ قالدىڭىز؟

ـــ سەل كېچىكىپ قالدىم، ـــ دېدى ئابدۇسەمەت قورۇنۇپقىنا، ـــ ئۇن نەچچە كۈن كېچىكىپ قالدىم...، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى خۇددى چەت

ئەللىكلەرنىڭ خەنزۇچە سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزىغىلا ئوخشايتتى، تۆت تون ئاھاڭنىڭ بىرىمۇ توغرا ئەمەس ئىدى.

— ئۆيىڭىزدە كىملەر بار؟

— دادام...، ئاكام...، ھە...، ئىنىم...، سىڭلىم بار.

— ئاتا ـ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— دادام ...، ھە...، تۆمۈرچىلىك، ئۈزۈمچىلىك قىلىپ پۇل تاپىدۇ. بۇرۇن كىيىم ـ كېچەك سېتىپ زىيان تارتقان. ئاپام...، يوق...، مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا چاغدا تۆگەپ كەتتى، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئەلەم ئۇچقۇنلىرى يانغاندەك بولدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ما يۈشەننىڭ ئابدۇسەمەتكە ئىچى ئاغرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا گەپ سورىمىدى. ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما يۈشەن ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىنتايىن نامرات ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىدى: جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئابدۇسەمەت ھەم خۇشال بولدى، ھەم غەم ـ قايغۇغا پاتتى. ئۇ بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسا، ساقچى بولۇش ئارزۇسى ئىشقا ئاشىدىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن، مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن 5900 يۈەن ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا يول كىراسى، تۇرمۇش خىراجىتى دېگەنلەرنى قوشقاندا، مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈنلا 6800 يۈەن تېپىش كېرەك ئىدى. بۇنچىلىك پۇلنى تېپىش ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش باشلىنىدىغانغا ئاران يەتتە كۈنلا قالغانىدى. ئابدۇسەمەت دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇ-راتتى.

ئابدۇسەمەت ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، ئۆيدىكىلەرگە يەنە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى ئىككى يىل بۇرۇن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىككىنچى ئىنستىتۇتى تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ ئوقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ ئاكىلىرى ئۇنىڭ ئوقۇشىغا قوشۇلمىغانىدى. مۇھىمى ئۇلارنىڭ قولى قىسقا ئىدى. مانا ئەمدى شىنياڭغا بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ جىق پۇل كېتىدىكەن. بۇ قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك بىر ئىش ـ تە!

دېگەندەكلا، ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن يىغلىشىپ مەسلىھەتكە ئولتۇرغاندا ئابدۇسەمەت قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۈچ ئاكىسى بولۇپ، چوڭ ئاكىسى تۇرسۇن ئۇنىڭ بىلەن ئاتا بىر ئانا باشقا ئىدى. ئوتتۇرانچى ئاكىسى يۈسۈپجان، كەنجى ئاكىسى ئەھەت ۋە چوڭ ئاچىسى ھاۋانىسا ئۇنىڭ ئانا بىر قېرىنداشلىرى ئىدى. چوڭ ئاكىسى ياۋاش، كەمسۆز ئادەم بولغاچقا، ئۆينىڭ ئىشلىرى ئىككىنچى ئاكىسىنىڭ گېپى بويىچە بولاتتى. ئىككىنچى ئاكىسى ئابدۇسەمەت شۇنچىۋالا پۇل بىلەن ئوقۇيمەن دېگەنىكەن، ئۇنداقتا ئۇ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. چۈنكى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە كېلىپ دوختۇر بولسا، ئۇ بۇ ئائىلىگە پايدىلىق ئىدى. ئۆيدىكىلەر ئاغرىپ تارتىپ قالسىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە قولايلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىمۇ پايدىسى تېگەتتى. ساقچىلىقنىڭ ئارزۇلىغىدەك نەرى بار؟ جاپاسىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ دېگەن جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ قىلىدىغان ئىش ـ تە!

ئابدۇسەمەت ئۆيدىكى چوڭلارنى بەك ھۆرمەتلەيتتى، شۇ كەمگىچە ئۇلارنىڭ گېپىنى يېرىپ باقمىغانىدى. بىراق بۇ دۆرەم ئۇ گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ئىككىنچى ئاكىسى ئۇنىڭغا ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە نەسىھەت قىلدى، لېكىن ئابدۇسەمەت زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى.

ئائىلىدە ئۆز گېپىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆتمەي قېلىۋاتقانلىقىدىن ئىزا تارتقان يۈسۈپجاننىڭ ئاچچىقى كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبچىسى دەل جاپالىق يۈرەك قېنى ۋە تاپقان ـ تەرگىنى بەدىلىگە مۇشۇنچىلىك چوڭ بولغان ئامراق ئىنىسى ئابدۇسەمەت ئىدى. يۈسۈپجاننىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى:

ــــ ساقچى مەكتەپكە بارمايسەن دېدىممۇ بارمايسەن. ساقچى بولغان ئادەمگە ياخشى كۈن يوق. مەن سېنى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا ئاپىرىپ بېرىمەن، دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىسەن!

ــــ ياق، بارغىنىم بارغان!

دەرغەزەپكە كەلگەن يۈسۈپجان يەردىن بىر پارچە كېسەكنى ئېلىپ ئابدۇسەمەتكە قارىتىپ ئاتتى. كېسەك بېرىپ ئۇنىڭ گەجگىسىگە تەگدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ ئوغىسى قايىندى. ئۇ يۈسۈپجانغا قاراپ ئېتىلدى. ئاكا ـ ئۇكا

ئىككىسى گالاچ- گۇلۇچ ئېتىشىپ كەتتى. ئاگغىچە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنىسى ۋە ئاچىلىرى قىيا- چىيا بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى ئاجراتتى. ھويلىنى پات- پاراقچىلىق باستى.

ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى روزىمەمەت زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئىرغىپ قوپتى:

— بولدى قىلىش دەيمەن!

ھەممە پەسكويغا چۈشتى. روزىمەمەت يۈسۈپجانغا قاراپ گەپنى ئۇزۇپلا ئېيتتى:

— پوقنىڭ ئىسسىقنى يەپسەن! ئويلىمامسەن: ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى، ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىقنىمۇ ئوقۇپ بولدى. ئەگەر ئۇ ئوقۇماي ئۆيگە قايتىپ كەلسە ئاخىر نېمە بولماقچى ئىدى؟ بارىمەن دېگەن يېرىگە بارسۇن!

يۈسۈپجان پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. روزىمەمەت ئابدۇسەمەتكە بۇرۇلۇپ قارىدى:

— ئۆيدە ئازراق ياغاچ بار، شۇنى ئاچىقىپ ساتاي. كەملىسە يەنە ئامالىنى قىلارمىز!

— جاھىللىق قىلماڭلار جېنىم قېرىنداشلىرىم، — دېدى ئابدۇسەمەت ئۇلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، — ماڭا ياردەم قىلسڭلار، مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن پۇلۇڭلارنى قايتۇرىمەن.

ياغاچ ساتقان پۇل ئوقۇش پۇلىنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا چىقىش قىلدى. قانداق قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قاتقان ئابدۇسەمەت كەنت باشلىقى ئابدۇسەمەت خېلىلغا يالۋۇردى:

— ئوقۇشقا باراي دېگەنىدىم. ئاز- تولا پۇل ياردەم قىلالارسىزمۇ؟ مەن ئۇنى چوقۇم قايتۇراتتىم.

كەنت باشلىقى ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇشقا ھېرىسمەن، ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ئۇ ياردەم قىلاي دېسىمۇ، ئۇنىڭ ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇسەمەتكە 200 يۈەنلا بېرىپ تۇرالىدى.

ئابدۇسەمەت ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى دەپ باقتى. بۇ ئىدارىلەرنىڭمۇ ئابدۇسەمەتكە ياردەم

قىلغۇسى بولسىمۇ، ئىدارىدە پۇل يوق ئىدى. مىلىك بىر جاپادا قىيىنىش- قۇراش قىلىپ ئاران دېگەندە 1000 يۈەن پۇل غەملەندى.

مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى قىستاپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن ئوقۇش خىراجىتىنىڭ تېخىچە ئامالى بولمىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بولدى قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك ئۈرۈنۈپ بېقىش كېرەكمۇ؟

ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇشتىن ۋاز كەچكۈسى يوق ئىدى، ئۇ ۋاز كەچسە بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئالىي مەكتەپكە چىقمەن دەپ 14 يىل ئوقۇدى. ئۇ شۇ ئائىلىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككى يىل تەييارلىقىنى ئوقۇپ بولغان بىردىنبىر ئوقۇمۇشلۇق ئەزاسى ئىدى. ئەگەر ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا، كەلگۈسىدە ئىنىسىنىڭمۇ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشىغا ئاتىدارچىلىق قىلالايتتى. مۇبادا ئۇ ھازىر بەل قويۇۋەتسە، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىن بىرەرسىنىڭ ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئابدۇسەمەت ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، خولۇم- قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بىرمۇ بىر كىرىپ يالۋۇرۇپ باقتى. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ قولى قىسقا ئىدى. شۇڭا ئۇ نەچچە ئون كىلومېتىر يولدا تاپىنى تېشىلگۈدەك قاتراپ يۈرۈپ مىلىك تەسلىكتە بىر نەچچە 100 يۈەن پۇلنىڭ ئورنىنى قىلالىدى.

ھەش- پەش دېگۈچە دەرس باشلىنىشىغا 10 كۈن بولۇپ قالدى. ئابدۇسەمەت مەكتەپكە تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ئوقۇغۇچى قوبۇللاش ئىشخانىسىدىكى دۇ مۇئەللىم ئۇنىڭغا: ”بۇنى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال دەپ قاراپ سىزنىڭ ئوقۇش سالاھىيىتىڭىزنى بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتمىسۇن“ دېگەن گەپنى قىلدى.

ئابدۇسەمەت شۇنداق قىلىپ غەملىگەن ئازغىنە پۇلنى يانچۇققا سالدى- دە، بارغاندا بىر گەپ بولار دەپلا پەشنى قېقىپ يولغا چىقتى. چۈنكى ئۇ ئەھۋالنى ئېنىق دېسە، مەكتەپنىڭمۇ ئۇنى نېرى تۇر دېمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دېگەندەكلا ئۇ بارغاندىن كېيىن دۇ چىڭلىڭ مۇئەللىمگە ئوقۇش پۇلنى تولۇق غەملىيەلمىگەنلىكىنى ئەينەن دېۋىدى، مەكتەپمۇ ئۇنى ”نېرى تۇر“ دەپ مەيدىسىدىن ئىتتەرمىدى.

ما يۈشەن ئۇنى ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىگە ئەگەشتۈرۈپ بارغاندىن كېيىن، ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى لى كېغا تاپشۇردى.

لى كې لياۋنىڭلىق بولۇپ شەرقىي شىمال تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. ئۇ 80 ـ يىللاردا نەنجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاۋىئاتسىيە مەمۇلاتچىلىق فاكۇلتېتىغا كىرىپ، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ماتور ھۈنەر ـ سەنئىتى كەسپىنى ئۆگەنگەنىدى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شېنياڭ 410 ـ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىندى. ئېھتىمال ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان دادىسىنىڭ تەسىرى سىڭگەن بولسا كېرەك، 1982 ـ يىلى ساقچى مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئۇمۇ شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئايروپىلان ياساش كەسپىنى تاشلاپ، مائارىپ سېپىگە كىرگەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ: «مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار، ھەم بۇ كەسپنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەنىدى.

لى كې ساقچى مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىدىلا تۇرۇپ كەلدى ھەمدە ھازىرغىچە 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى قولدىن چىقاردى.

ئاشۇ 5000 ئوقۇغۇچىنى بىرمۇ بىر ئەستە تۇتۇپ بولۇش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، كېچىكىپ كەلگەن ئۇيغۇر يىگىتى ئابدۇسەمەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغىلى كەلگەن چاغدىكى ھالىتى ئۇنىڭ ھەرگىز يادىدىن چىقمايدۇ.

ئابدۇسەمەت لى كېنىڭ يېنىغا تۇنجى كىرگەن چېغىدا ئۇچىسىدا سېرىق كاژانكا، كۆلرەڭ شىم بار ئىدى. چىرايلىرى قارىلاق كەلگەن ئابدۇسەمەتنىڭ چاچلىرى قۇندۇزدەك قارا ھەم بۇدرە، كۆزلىرى يوغان ـ يوغان ئىدى. ئۆزى كەمسۆز بالىدەك قىلاتتى. باشقا باللارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ چوڭ چىرايراق بولۇپ، 30 ياشلاردىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى، ياقىلىرى مايلىشاڭغۇ ئىدى.

ـــ ئىسمىڭىز نېمە؟

ئابدۇسەمەت ئۆز ئىسمىنى خەنزۇچە دېدى. خەنزۇچە تەلەپپۇزى توغرا بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزمۇ ئۇقالمىغان لى كې ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پارچە قەغەزنى ئىتتىرىپ قويدى:

ـــ قېنى، ئىسمىڭىزنى بۇ قەغەزگە يېزىڭ!

ئابدۇسەمەت ھېلىقى قەغەزگە ئىسمىنى چىرايلىق قىلىپ يازدى.

لى كې كومپيۇتېردىكى يېڭى ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈۋېدى، دېگەندەكلا ”ئابدۇسەمەت“ دېگەن ئىسىم چىقتى.

— ئوقۇش پۇلىنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟، — دەپ سورىدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت ھودۇقۇپ كەتتى:

— مەن...، مەن...، مېنىڭ ئوقۇش پۇلۇم...، سەل...، كەملەيدۇ، ئاز كۈندىن كېيىن تاپشۇرسام...

— ئوقۇش پۇلىڭىز كەملىسە ھازىرچە تاماق كارتىسى سېتىۋېلىپ تۇرۇڭ. قېنى، 200 يۈەن چىقىرىڭ!

ئابدۇسەمەت مۇئەللىمنىڭ ”ئوقۇش پۇلىنى تولۇق ئەكەلمەپسەن“ دەپ كۆزىگە كىرىۋالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، گويا يەلكىسىدىكى يوغان قورام تاشنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ 200 يۈەننى چىقىرىپ لى كېغا تەڭلىدى. لى كې ئۇنىڭغا بىر دانە تاماق كارتىسى بەردى ۋە ئۇنىڭغا خۇددى ئاپىسىدەك بىرمۇ بىر تاپىلاپ كەتتى:

— يىتتۈرۈپ قويماي ئوبدان ساقلاڭ، 200 يۈەن تاماق پۇلى مۇشۇ كارتىدا. تاماق ئالغاندا مۇشۇ كارتىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. مەكتەپتە مەخسۇس سىلەردەك مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارغا ئاتاپ قۇرغان ئاشخانا بار. يۈرۈڭ، مەن سىزنى ياتىقىڭىزغا ئاچىقىپ قوياي.

لى كې ئابدۇسەمەتنى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقتى ۋە 202 - نومۇرلۇق ياتاقنى ئېچىپ، بىر كارىۋاتنى كۆرسەتتى:

— 3 - نومۇرلۇق ئورۇن سىزنىڭ، ئاۋۇ 3 - نومۇرلۇق ئىشكاپمۇ سىزنىڭ.

لى كې 3 - نومۇرلۇق ئىشكاپنى ئاچتى. ئىشكاپتا داس، چىش پاستىسى، چىش چوتكىسى، ئىستاكان ۋە لوڭگە دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى.

— مانا بۇ نەرسە - كېرەكلەرمۇ سىزنىڭكى، — دەپ چۈشەندۈردى لى كې ئۇنىڭغا، — بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئىشكاپقا قويىسىز، باشقا جايغا قويۇشقا بولمايدۇ. ساقچى ئىنستىتۇتى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشتا ساقچىلاردەك باشقۇرۇلىدۇ. يېتىپ قوپۇشتا رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. كۆردىڭىزمۇ؟ لوڭگىنى مانا مۇنداق قىرلىرىنى تۈپتۈز

چىقىرىپ قاتلاپ، ئۇستاكانلارنى رەتلىك تىزىسىز. ھەتتا ئۇستاكاندىكى چىش چوتكىلىرىنىڭ بېشىنىمۇ بىردەك بىر تەرەپكە قارىتىپ قويىسىز. يوتقاننى قىر چىقىرىپ يىغىسىز. بۇلارنى سىزدىن بۇرۇن كەلگەن بالىلارنىڭكىگە قاراپ ئۆگىنىۋالسىڭىز بولىدۇ. سىز كېچىكىپ قېلىپ ھەممىنىڭ ئارقىسىدا كەلدىڭىز، شۇڭا نومۇرىڭىز ئەترىتىمىزدە ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى، ياتىقىڭىز قۇراق ياتاق.

— نېمە؟ — ئابدۇسەمەت «قۇراق ياتاق» دېگەن گەپنى چۈشەنمىگەنىدى.

— ھە، ئىككى ئەترەتتىكى تەرتىپ نومۇرى ئاخىرىدا كەلگەن ساۋاقداشلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياتاق دېگەن گەپ. بىز بۇنى «قۇراق ياتاق» دەپ ئاتايمىز.

تارتىنىپ تۇرغان ئابدۇسەمەت مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى ئۇقتىمۇ، ئۇقمىدىمۇ ئىشقىلىپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا سەھرادىن ئەمدىلا شەھەرگە كىرگەن ساددا بالىلارنىڭكىدەك ھەممىلا نەرسىگە ئالاڭ- بۇلۇڭ تىكىلەتتى. بۇنى سەزگەن لى كې سەل- پەل ئەنسىرەپ قالدى. خەنزۇچىنى ئانچە ئۇقمايدىكەن، ئۆگىنىشتە يېتىشىپ ماڭالارمۇ؟



**6. باشقىلارغا ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلىدىغان ئابدۇسەمەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا سۇسلۇق قىلدى.**

ئابدۇسەمەتنىڭ قوربان بولغانلىقى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر ئۇنىڭ ئانا مەكتىپىگە يېتىپ كەلگەندە، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىر شۆبە ئەترەتتە تۇرغان ساۋاقدىشى جۇاڭ يۈ شۇ مەكتەپتە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتاتتى.

بويى 1.75 مېتىر كېلىدىغان بۇ قىز ئەسلىدە شىنياڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدى. ئۇ ئادەتتە كوچىلاردا ماگىسا كۆرگەنلەر ئۇنى ھەرگىزمۇ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى دېمەيتتى، بەلكى كىيىم مودىلى ياكى ئېسىلزادە خېنىملاردىن بولسا كېرەك دەپ قالاتتى. جۇاڭ يۈ چىرايلىق، ئەمما ئوغۇل بالا مىجەز قىز ئىدى، شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مۇشتلىشىش ئويۇنى، سوقۇشۇش ئويۇنى دېگەنلەرنى ياخشى كۆرەتتى. كېيىن سۇ ئۈزۈش، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن ئارىلىققا يۈگۈرۈش، ۋالېبول ئويناش دېگەنلەرگە قىزىقىپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۈگىنىشتە ياخشى، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار باشتىن-ئاياغ ئۇنى ئالقىنىدا يۆلەپ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىۋىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ساۋاقداشلىرى ھەيران قېلىشتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ساقچى بولۇشنى ئىرادە قىلغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى تاغىسىمۇ ساقچى ئىدى. ئىككى تاغىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە بۇ ساقچىلارنىڭ ئۇچىسىدىكى فورمىلىرى جۇاڭ يۈنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ "مەنمۇ چوڭ بولغاندا ساقچى بولىمەن" دەپ نىيەت قىلغانىدى.

1999-يىلى ئۇ ئىنستىتۇتقا يېڭىدىن كىرگەن چاغلاردا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پارتىيە ئەزالىرى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، شۆبە ئەترەتنىڭ پائالىيەتلىرى ئادەتتە ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ نامىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. جۇاڭ يۈ ياچېيكا ھەيئىتى، ئابدۇسەمەت ئىتتىپاق ئەزاسى ئىدى. ئابدۇسەمەت ناھايىتى ئىنتىلىشچان يىگىت بولۇپ،

ياچىيىكنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ شۇ چاغلاردىكى بەزى ئىشلىرى جۇاڭ يۈەنە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

بىر قېتىم ئىتتىپاق ئەزالىرى شىنياڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر دارلىتامغا بېرىپ ھال سوراشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى بولدى. ئۇ ھېلى دارلىتامنىڭ ھويلىسىنى تازىلىسا، ھېلى ياۋا ئوت-چۆپلەرنى يۇلاتتى. ئىشقا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن ئابدۇسەمەتنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىن چىپىلداپ تەر ئاقاتتى. ئۇ يەنە دارلىتامدىكى بىر خەنزۇ بالىغا ھىماتچى بولدى. ئۇ بالا ھەم ئاجىز، ھەم كېسەلمەن بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى ئۇنى تاشلىۋەتكەنىكەن. ئابدۇسەمەت ۋاقىت تاپسىلا دارلىتامغا ھېلىقى بالىنى يوقلاپ باراتتى ۋە ئۇنى تالاغا ئاچىقىپ ئوينىتاتتى.

بىر قېتىم، ياچىيىكا ئىتتىپاق ئەزالىرىنى دارلىتام ئۈچۈن ئىختىيارىي ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئابدۇسەمەت ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىنتايىن تېجەشلىك ئىدى، ھەر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتى 300 يۈەندىن ئاشمايتتى. بۇ قېتىم ئۇ دارلىتامغا بىراقلا 50 يۈەن ئىئانە قىلدى.

جۇاڭ يۈەنىڭ دەسلەپتە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىئانىسىنى ئالغۇسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلىسىنىڭ ناھايىتى نامرات ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئابدۇسەمەت ئادەتتە بۇ جەھەتتە لام دەپ ئېغىز ئاچمىسىمۇ، لېكىن ئۇ شۆبە ئەترەت بويىچە تۇرمۇشنى سىقىپ-يالاپ يۈرۈپ ئىنتايىن جاپادا ئۆتكۈزىدىغان بىردىنبىر ئوقۇغۇچى ئىدى.

جۇاڭ يۈەنىڭ دادىسى تىجارەتچى، ئاپىسى كارخانا خىزمەتچىسى بولغاچقا، بۇ يالغۇز قىز يوقسۇزلۇقنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئۇ ساۋاقدىشى ئابدۇسەمەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن نامراتلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولىدىغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇسەمەتنىڭ تۇرمۇشى باشقىلارنىڭكىدىن، بولۇپمۇ قول ئىلكىدە بار ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ باشقا بالىلار "پۇل" دەپ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە تەق ئىدى؛ لېكىن ئابدۇسەمەت ئوقۇش پۇلىنى غەملەش ئۈچۈن 20 نەچچە كۈن قاتىردى. بەزى بالىلار ئاشخانىغا كىرىپ ئەڭ قىممەت قورۇمىلاردىن ئېلىپ چالا-بۇلا يەپلا قالغىنىنى تۆكەتتى؛

ئابدۇسەمەتنىڭ يەيدىغىنى ئاشخانىدىكى ئەڭ ئەرزان تاماقلاردىن ئىدى. بەزى باللارنىڭ ياتاقتىكى ئىشكابى كونسېرۋا، ئىرىمچىك دېگەندەك ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن تولۇپ تۇراتتى؛ لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ ئىشكابىدا ئۆيىدىن ئەۋەتكەن قاتتىق ناندىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بەزى باللار بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى كىنوخانا، بازار، تورخانىلارغا قاتىرسا، ئابدۇسەمەت ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلاتتى. بەزى باللار يازلىق تەتىل، قىشلىق تەتىل، ھەتتا ماي، ئۆكتەبىر بايراملىرىدىمۇ ئايروپىلان بىلەن ئۆيىگە بېرىپ كېلەتتى؛ لېكىن ئابدۇسەمەت تەتىللەردە ئۆيىگە قايتمايتتى، قايتىپ قالسىمۇ ئولتۇرىدىغىنى پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقى ئىدى. بەزى باللار داڭلىق ماركىلىق سائەت تاقاپ، داڭلىق ماركىلىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ يۈرەتتى؛ لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ مەكتەپتىن تارقاتقان فورمىدىن باشقا، پەقەت ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ قۇرلا ئاددىي كىيىمى بار ئىدى. بەزى باللار چاقىرغۇ، يانفونلىرىنى توختىماي يېڭىلاپ تۇراتتى؛ لېكىن شۇبە ئەترەت بويىچە پەقەت ئابدۇسەمەتنىڭلا يانفونى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ھەتتا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بەزى باللار ھەممە نەرسىسىنى كىرخانىدا يۇيدۇرسا، ئابدۇسەمەت ھەتتا يوتقان - كۆرپە كىرلىكلىرىنىمۇ ئۆزى يۇياتتى...

قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن قىينىلىۋاتقان ئابدۇسەمەت بىر سېنتنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتنۈشكە، ھەتتا ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، مەكتەپتە تازىلىقچىلىق قىلىپ، كېچىلىرى كۆزەتچىلىك قىلىپ ئاز - تولا پۇل تېپىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بىراق، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن قاتتىق قىينىلىپ تۇرۇپمۇ، دارىلتامغا ئىككىلەنمەيلا 50 يۈەن ئىئانە قىلدى. جۇاڭ يۇ بۇ 50 يۈەن پۇلنىڭ ۋەزنىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ناۋادا بۇ پۇلنى ئالمىسا ئابدۇسەمەتنىڭ غورۇرىغا تېگىپ قويۇدىغانلىقىنى ھېس قىلغان جۇاڭ يۇ پۇلنى گەپ قىلماي ئالدى.

بىر قېتىم، ئېتتىپاق ياچېيكىسى ئېتتىپاق ئەزالىرىنى لياۋنىڭدىكى نامرات ناھىيە ــــ كاڭپىڭ ناھىيىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە دەپتەر، قەلەم، ئوقۇش قوراللىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىشقا چاقىردى. باشقا باللار قاتارىدا ئابدۇسەمەتمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىئانە قىلدى. بۇ چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ ئادەتتە دەپتەر،

خاتىرىلىرىنى تېجەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن لېكسىيىنى بەتنىڭ ئالدى- كەينىگە قىستاپ يازىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بار جۇاڭ يۇ ئىختىيارسىز ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى: ”پاھ، بۇ يىگىت ئۆزى نامرات بولغىنى بىلەن نېمە دېگەن ۋىجدانلىق- ھە!“.

شىنياڭنىڭ قىشى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ، ئىككى كۈندە بىر لەپىلدەپ قار يېغىپلا تۇرىدۇ. قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇق شاملى قار ئۇچقۇنلىرىنى ئادەمنىڭ يۈز- كۆزلىرىگە ئۇرۇپ، ئادەمنى كۆز ئاچقۇزماس قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا نەشتەردەك سوغۇق ھەرقانچە قېلىن پىيما كىيىۋالغان ئادەمنىڭ پۇتلىرىنىمۇ بىردەمدىلا ئۈششۈتىۋېتىدۇ. كۈن ئارىلاپ يېغىپلا تۇرىدىغان بىر گەز قېلىنلىقتىكى قارنى تازىلىماق ئاجايىپ مۈشكۈل ئىش. بولۇپمۇ قارنىڭ ئاستى ئېرىپ مۇز توڭلاپ كەتسە، ئۇ يەردىكى قار- مۇزلارنى پەقەت تۆمۈر گۈرجەك بىلەن بىرمۇ بىر قىرىپ تازىلاشقا توغرا كېلىدۇ. سوغۇقتىن قورقۇپ بورسۇقتەك قېلىن كىيىنىۋالغان قىز باللار بۇنداق ئىشقا ئەپلىشەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئابدۇسەمەت بۇنداق چاغلاردا زوق- شوقى بىلەن ئىشقا بىر كىرىشىپ كەتسە ئۆزىنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بولغان ھامان يۈگۈرۈپ كېلىپ، قىزلارغا ياردەملىشەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قىزلار ئاجىز بولغاچقا بۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايتتى، كۈچ- قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۆزىدەك يىگىتلەر قىزلارنى ئايىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا قىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتكە ئايلانغان ئىش ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە پويىزغا چىققان چاغلاردا ساۋاقداشلىرىغا ئۆزلىكىدىن ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى، ئۇلارنىڭ يۈك- تاقلىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇراتتى، ئۇلارنىڭ چايلىرىنى توشۇيتتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ ساۋاقدىشى مېھراي تۇيۇقسىزلا سوقۇر ئۈچەي يالللۇغى بولۇپ، ئولتۇرۇپلا قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇسەمەت ئۇنى ھاپاش ئېتىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزلار قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقسا ئابدۇسەمەتنى ياردەمگە چاقىرىدىغان بولۇشتى. ئابدۇسەمەت بۇنداق چاغلاردا لام- جىم دېمەي ياردەم قىلاتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىنتايىن نامرات ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پايدا- مەنپەئەت دېگەنلەرگە ئالدىراپ قول ئۇزىتىپ كەتمەيتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ ساۋاقدىشى ئىليار سالام خېلى چوڭ كادىرنىڭ بالىسى بولۇپ،

خەنزۇچىغا ئۇستا ئىدى، دەرسلەردە ئۇيغۇر بالىلارنىڭ سەركىسى ھېسابلىناتتى. بىر كۈنى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇش مۇكاپاتى تىزىملىكىنى يولغا قويۇپ، ئۆزى نامرات، ئەمما ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بالىلارنىڭ 40 پىرسەنتتىن 80 پىرسەنتكىچە ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ خىيالىغا شۇ ھامان ئابدۇسەمەت كەلدى. چۈنكى ئابدۇسەمەت شەرتكە توشاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ خەۋەرنى ئابدۇسەمەتكە دەپ، ئۇنى دەرھال ئىلتىماس يېزىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن ئابدۇسەمەت ئىلتىماس يازغىلى ئۇنىمىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىلتىماس يېزىشقا ئۇنىمايۋاتقانلىقىغا ھەيران قالغان ئىليار بۇ ئىشنى غەيرەتكە ئېيتتى.

غەيرەت ناھايىتى ئېتىك بالا بولۇپ، مەكتەپتە ۋاسكېتبول، پۇتبولنىڭ باشسى ئىدى، ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەنلەرنى سويۈۋېتەتتى، ھاراقىقا ئامراق ئىدى، ھاراقمۇ كۆتۈرەلەيتتى، دوستلىرىمۇ جىق ئىدى.

غەيرەت ئابدۇسەمەت بىلەن ئىككى يىل ئىلگىرىلا تونۇشقانىدى.

ــــ ئۇ ئەزەلدىن شۇنداق، ــــ دېدى غەيرەت ئىليارغا، ــــ يىنچۆەندىكى مىللەتلەر ئىككىنچى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى ئوقۇش مۇكاپاتى ئالىدىغانلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ بۇ ھەقتە لام دەپ ئېغىز ئاچمىغانىدى. كېيىن بىز بېرىپ مۇئەللىمگە: «ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلىسى باھالانغان بالىلارنىڭكىدىنمۇ نامرات تۇرسا، ئەجەپ ئۇنىڭ ئىسمى چۈشۈپ قاپتۇغۇ؟» دەپ ئىنكاس قىلىۋىدۇق، مۇئەللىم: «ئۇنداق بولسا دەرھال ئىلتىماس يازسۇن» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلى كۆتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ ئاشۇنداق ئاداش، ھە دېسىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يالغۇز ئۆزىلا كۆتۈرسەم، دەيدۇ.

ئىنستىتۇتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار چوڭ ئەترىتىنى قوشۇمچە باشقۇرغان مۇئاۋىن ئىتتىپاق سېكرېتارى نىڭ جياگجۈن بۇ ئىشنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپتە قېلىپ قالغان نىڭ جياگجۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بايقاشقا ناھايىتى ماھىر ئىدى. ئوقۇش پۇلى كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان بالىلار باھالىنىدىغان چاغدا ئابدۇسەمەت ئىلتىماس يازمىغان، ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ ۋاي دېگۈدەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىرىنچى مەۋسۇمدە ئۇ باھالىنالمىدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ ئۆگىنىشتە خېلى ئىلگىرىلەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭ ئائىلە

قىينچىلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا چوڭ ئەترەتتىن ئابدۇسەمەتنى بىۋاسىتىلا باھالانغان ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى يىللىق ئوقۇش پۇلى كۆتۈرۈۋېتىلدى.

تۆتىنچى يىلى مەكتەپكە لىياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن بىرىلگەن «ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش مۇكاپاتى» كېلىپ قالدى. بۇ پۇل باھالانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىگە 9900 يۈەندىن توغرا كېلەتتى. لېكىن باھالىنىدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى. 400 دىن بالا بار ھەربىر ئەترەتتىن پەقەت تۆت ـ بەش بالىلا باھالىنالايتتى. دېمەك، ھەربىر شۆبە ئەترەتكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر سان تېگەتتى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن نامرات ئوقۇغۇچىلار بۇ مۇكاپات پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىپ باقتى. بەزىلەر ھېلى شۆبە ئەترەت باشلىقلىرىغا ئەھۋالنى دېسە، ھېلى چوڭ ئەترەت رەھبەرلىرىگە ھال ئېيتىپ باقاتتى. ئىشقىلىپ ھەممىسىلا ئۆزىنىڭ تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ چاغدا نۇرغۇن بالىلار نىڭ جياڭجۈننىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ باقتى. ئۇ مەكتەپ قورۇسىدا ۋە ياتاق بىناسى ئىچىدە ئابدۇسەمەتنى كۆپ قېتىم ئۇچراتقان بولسىمۇ، ھەممىيلەن «ئەمدى ئۆزىنىڭ ھالىنى ئېيتىشى مۇمكىن» دەپ قارىغان ئابدۇسەمەت ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن سالام قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئابدۇسەمەت بۇ جەھەتتە ھەرگىز ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، لېكىن ما يۈشەن، نىڭ جياڭجۈن، لى كې قاتارلىق ئۈچ رەھبەر كىمنى باھالاشنى مۇزاكىرە قىلغاندا ھەممىسىلا ئالدى بىلەن ئابدۇسەمەتنى تىلغا ئالدى. نىڭ جياڭجۈن ئابدۇسەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ ھەقتە پاراڭلاشقاندا، ئۇ نىڭ جياڭجۈننى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى ئابدۇسەمەت ئائىلە قىيىنچىلىقىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويماي، ئەكسىچە «سىلەرنى ئەگىلكتە قويمايدىغان ئىش بولسا يوللاڭلار. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا ئەڭ ياخشىسى باشقىلار ئالسۇن، مۇئەللىم!» دېگەندى.

ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار چوڭ ئەترەتنىڭ رەھبەرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ ئابدۇسەمەتنى يوللاشنى بېكىتتى. كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويغاندىمۇ ھەممەيلەن ئۇنىڭغا «ئابدۇسەمەت ئۆگىنىشتە ئەلا، ساقچى قائىدىسى

بويىچە باشقۇرۇشتا ئالغان نومۇرى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپ، چوڭ ئەترەت ۋە شۆبە ئەترەت ئۇيۇشتۇرغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى» دەپ باھا بېرىشتى. نەتىجىدە، ئابدۇسەمەت تولۇق ئاۋاز بىلەن ئۆتتى.

ئابدۇسەمەت بۇ مۇپاكاتنى ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىرىنچى يىلى نېسى قالغان ئوقۇش پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇردى.

يوقسۇزلۇقنىڭ كۆز يەتكۈسىز بايىاۋانلىرىنى مۇشەققەت ئىچىدە كەزگەن ئابدۇسەمەت ۋىجدانى ۋە غۇرۇرىنى ھەرگىز سۇلدۇرمىغانىدى.

**7. ئۆگىنىش قىيىنچىلىقى بىلەن مۇسىبەت قايغۇسى ئابدۇسەمەتنى باش ئەگدۈرەلمىدى.**

ۋاڭ چىڭفۇ ئابدۇسەمەت تۇرغان شۆبە ئەترەتنىڭ باشلىقى ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، ئۇ شىنياڭ شەھىرىدىن ناھايىتى يىراق يەردىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر — چاۋياڭ شەھىرىدە كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇۋاتاتتى.

كەچ سائەت 12 دىن ئاشقاندا، ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. ئۇ تېلېفوننى ئالدى، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقىنى تونۇشلا بىر ئاۋاز ئىدى:

— ۋاڭ چىڭفۇما؟ مەن جۇاڭ يۇ. سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزەي: ئابدۇسەمەت كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتۇ...، ۋەي، ئاڭلاۋاتامسىز؟ مەن جۇاڭ يۇ! ئابدۇسەمەت كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتۇ...، — جۇاڭ يۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ چىڭفۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئاندىن تۇيۇقسىزلا :

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىر ئاي بۇرۇن ئۇنى شېنجېندا كۆرگەن تۇرسام! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

ئۇ گېپىنى توگىتىپلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى. ئاشۇنداق قىلسا، بۇ شۇم خەۋەرنى خۇددى تېلېفون ئۈزۈلگەن هامان يوقايدىغان سىگنالغا ئوخشاش يوققا چىقارغىلى بولىدىغاندەك.

ئۇنىڭ خىيال يىپلىرى چىگىشلىشىپلا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەرەپ- تەرەپكە تېلېفون قىلغىلى تۇردى. ئۇ گۇاڭجو، شېنجېن قاتارلىق جايلاردىكى ساۋاقداشلىرىغا بىرمۇ بىر تېلېفون قىلىپ چىقتى. ئۇ جۇاڭ يۇ يەتكۈزگەن شۇم خەۋەرنىڭ يالغان چىقىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۈيقۇسى قاچقان ۋاڭ چىڭفۇ بۇ كېچىنى كارىۋاتتا ئۆياقتىن- بۇياققا تولغىنىپ، كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. ئابدۇسەمەتنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىدىن- ھېلىغا زاھىر بولاتتى. ئابدۇسەمەت قازا قىلىپ كەتتى؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىر ئاي ئىلگىرى ــــ 1- ماي بايرىمىدا ۋاڭ چىڭفۇ ئىليار بىلەن گۇاڭجوغا ئايلىنىپ كەلگىلى بارغانىدى. ئۇلار گۇاڭجوغا بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى رازۋېدكا باشقارمىسىدىكى دۇ ۋېي، تاڭشيا ساقچىخانىسىدىكى ياڭ جېنجۇن، تيەنخې جەنۇبىي كوچا ساقچىخانىسىدىكى چوڭ پەرھات ۋە رىھىم قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ئۇلار 3- ماي كۈنى شېنجېنغا كېلىپ، كىچىك پەرھات بىلەن ئابدۇسەمەتنى تارىم رېستورانىغا چاقىرىپ كەلدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان تۆت ساۋاقداش جەم بولۇپلا توگىمەس پاراڭلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار مەكتەپتىكى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىنى سېغىنغانىدى. ئۇ چاغلاردا تۈزۈمى قاتتىق، مىدىر- سىدىر قىلغىلى بولمايدىغان مەكتەپ تۇرمۇشى مانا ھازىر ئويلىسا ئاجايىپ سەبىي چاغلار ئىكەندۇق. كۈن بويى ئۆگىنىشتىن باشقا غېمىڭ يوق. بىراق خىزمەت دېگەن ئاجايىپ مۇرەككەپ بولىدىكەن. گۇاڭجو، شېنجېنلاردا ساقچى ئاز، كوچىمۇ نوپۇس جىق بولغاچقا، دېلو بېجىرىشنىڭ تەسلىكىچۇ، تېخى!

شۇ كۈنى ئۇلار قانغۇچە ئىچىشىپ، پۇخادىن چىققۇچە مۇڭداشقانىدى.

ــــ ناۋادا شىنجاڭغا بېرىپ قالىدىغان ئىش بولسا، چوقۇم خەۋەر قىلىڭلار، ــــ دېدى ۋاڭ چىڭفۇ خوشلىشىش ۋاقتىدا ئابدۇسەمەت بىلەن كىچىك پەرھاتقا، ــــ مەن مۇئەللىملەر بىلەن ساۋاقداشلارنى يىغىمەن، قانغۇدەك ئىچىشىمىز.

ئۇلار قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى:

— خەير- خوش، ئامان بولۇڭلار!

ئەجەپ ئىش- ھە! بىر ئاي بۇرۇنلا كۆرۈشكەن قەدىناسلاردىن بىرىنى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېسە، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كېلەمدۇ؟

شۇ چاغلاردا شۆبە ئەترەت باشلىقى بولغان ۋاڭ چىڭفۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى. دۇرۇس، تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئابدۇسەمەتكە نىسبەتەن تىرىشىپ بىلىم ئۆگەنگەن، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىلدۈرگەن، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئالغا باسقان تۆت يىل ئىدى. ئابدۇسەمەت بۇ جەرياندا گويا قەدىمكى پالۋانلار قاتمۇ قات توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتكەندەك خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى؛ گويا ”ساردىن نار تۇغۇلۇپتۇ“ دېگەندەك، توپا تەرەت دېھقاننىڭ ئوغلى لاياقەتلىك ساقچى بولۇپ يېتىلدى. ئابدۇسەمەت بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارغا قارىغاندا ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەم بەدەل تۆلىدى. ئەقەللىيسى، ئۇ خەنزۇچىدا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. چۈنكى شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ خېلى تەرەققىي قىلغان ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىراق ئىدى، خەنزۇلار كۆپرەك بولغاچقا خەنزۇ تىلى خېلى ئومۇملاشقانىدى، شۇڭا شىمالىي شىنجاڭدا ئۆسكەن بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەنزۇچىنى ئاز- تولا بىلەتتى. لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەم قاتناشتى قولايسىز، ھەم نامرات بولۇپ، خەنزۇلار ئاز ئىدى. شۇڭا بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇچىدىن خەۋەرسىز ئىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتۈلگەن خەنزۇچە دەرستىمۇ ھېچقانچە نەرسە ئۆگەنگىلى بولمايتتى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بالىلار ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ياكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل خەنزۇچە ئۆگىنەتتى. بۇ خۇددى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالدى بىلەن تەييارلىق سىنىپىدا ئىنگلىزچە ئۆگەنگىنىگە ئوخشايتتى.

ئابدۇسەمەت تەييارلىقتا ئىككى يىل ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەنزۇچىسى سىنىپتىكى 10 نەپەر شىنجاڭلىق بالا ئىچىدە ھەممىدىن ناچار ئىدى. شۇڭا ئۇ دەسلەپتە ناھايىتى قىينالدى. ئەينى چاغدا ئابدۇسەمەت مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرس

ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا سەپ تۈزگەن چاغلاردا ئەترەت باشلىقىنىڭ بەرگەن كوماندىلىرىنىمۇ چۈشىنەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ نائىلاج ئالدىنقى رەتتىكى سەي خۇاسوگدىن ”نېمە دەيدۇ؟“ دەپ سورايتتى.

سەي خۇاسوڭ ئۇنىڭغا گەپنىڭ مەزمۇنىنى ئاستا دەپ بېرەتتى. ئابدۇسەمەت سوراۋەرگەچكە، جىلى بولغان سەي خۇاسوڭ گاھىدا ئىچى پۇشۇپ ”ئۆزۈڭ ئاڭلىمامسەن!“ دەپمۇ قوياتتى.

ئابدۇسەمەت بۇنى ئېغىر ئالماي، يەنە باشقىلاردىن سورايتتى.

ئابدۇسەمەت خەنزۇچىنى ئوبدان ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىر قېتىم شېنياڭدىكى بارلىق كىتابخانىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تىن بىرنى تاپتى. شۇندىن باشلاپ، ئۇ ھېلىقى لۇغەتنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى. ۋاقىت چىقسىلا لۇغەت ئاختۇراتتى. ئۇ خەنزۇچە تەلەپپۇزنى توغرىلاش ئۈچۈن خەتنىڭ پىنيىنىنى ئالدى بىلەن خەنزۇ باللارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆزى دوراپ ئوقۇيتتى.

شىنجاڭلىق باللارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، چوڭ ئەترەت ئۇلارنى ھەربىر ياتاققا بىردىنلا ئورۇنلاشتۇردى. باللار كەچلىك تەكراردىن چۈشۈپ بىر سائەتتىن كېيىن چىراق ئۆچۈرۈلەتتى. بۇ چاغدا كىچىك پەرھات ھەمىشە ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ ئۇيغۇر باللار بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق ئىدى. كىچىك پەرھات ئۇرۇمچىلىك بولۇپ، يەسلىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپلا خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ خەنزۇچىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

ئۇ ھەر قېتىم ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا كىرگەن چاغلىرىدا، ئابدۇسەمەتنىڭ توختىماي خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئابدۇسەمەت كىچىك پەرھاتنى كۆرۈپلا يېڭىدىن ئۆگەنگەن خام سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتى. كىچىك پەرھات ئاڭلىغاندىن كېيىن: ”ۋۇي، ياخشىغۇ، ئوبدان ئۆگىنىپسەن جۇمۇ ئاداش!“ دەپ ماختاپ كېتەتتى.

خەنزۇچىنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشنى نىيەت قىلغان ئابدۇسەمەت گاھىدا ئۇيغۇر ساۋاقداشلىرىغا خەنزۇچە سۆزلەپ كېتەتتى، بەزىبىر تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سورايتتى.

ئابدۇسەمەت خەنزۇچىدىن باشقا يەنە ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىنمۇ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئىلىيار، كىچىك پەرھاتلار تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئىنگلىزچە ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئاساسى بار ئىدى. لېكىن ئىنگلىز تىلى ئابدۇسەمەتكە ناتونۇش ئىدى. شۇڭا ئوقۇش پۈتتۈرگىچە ئىنگلىز تىلىدا تۆتىنچى دەرىجىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئابدۇسەمەتنىڭ هارماي ئوقۇپ مەشىق قىلىشىغا، خام سۆزلەرنى يادلىشىغا توغرا كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇ چاغدا ئىككى خىل تىلنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش مەشقى ئابدۇسەمەتكە ئاجايىپ ئېغىر بېسىم بولغانىدى.

شۇڭا ئابدۇسەمەت ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلىنى دەرسكە يېتىشەلمەي دېگۈدەك ئۆتكۈزدى.

هەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە، ئۇ يازغان خاتىرىلىرىنى خەنزۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ خاتىرىسىگە بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ، چالا قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ هەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرى كۇتۇپخانىدا، سىنىپتا، ياتاقتا دەرس تولۇقلاش بىلەن ئۆتەتتى.

ئابدۇسەمەت بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق خەنزۇچىدا ئاجايىپ تېز ئىلگىرىلەپ، خەنزۇچىنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىكى دەسلەپتە كەلگەن چاغدىكى "چەت ئەل" چە پۇراقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. هەتتا شەرقىي شىمالنىڭ بەزىبىر يەرلىك شىۋىدىكى گەپلىرىنىمۇ هەق-دادىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەنزۇچە خېتى ئادەم قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق ۋە ئۆلچەملىك ئىدى. ئۇلارغا هۆسنخەت دەرسىنى مەكتەپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شيەنزىڭ مۇئەللىم ئۆتەتتى. بۇ مۇئەللىممۇ ئابدۇسەمەتنىڭ خېتىنى "هەتتا بەزىبىر خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىنمۇ ياخشىكەن" دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەنىدى. جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى- سىرتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋاڭ مۇئەللىمنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

كومپيۇتېرمۇ ئابدۇسەمەتكە نىسبەتەن يۇرتىدا كۆرۈپ باقمىغان سىرلىق قورااللاردىن ئىدى. ئۇ تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا كومپيۇتېرغا ئائىت باشلانغۇچ

ساۋاتلارنىلا ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ساقچى ئىنستىتۇتىغا كەلگەندىن كېيىن كومپيۇتېر دەرسىدە ناھايىتى قىينالدى. ھەر قېتىملىق دەرستە ئۇ مۇئەللىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇرۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇقالمىغان يەرلىرىنى دەرستىن چۈشۈپلا باشقا باللاردىن سورايتتى. ئادەتتە سەي خۇاسوگدىن كۆپرەك سورايتتى. ئۇ سوراپ ئۆگىنىشتە ئىنتايىن چېچەن ئىدى، باشقىلار ئازراقلا دەپ بەرسە قالغىنىنى ئۆزى تېپىپ كېتەلەيتتى.

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا تېزراق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، ئۇ ھەر دېسىلا مەكتەپنىڭ كومپيۇتېرخانىسىغا كىرىۋېلىپ مەشىق قىلاتتى. چۈنكى 1.5 يۇەن تۆلىسە، كومپيۇتېرنى بىر سائەت ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئابدۇسەمەت قېرىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى خەت تىزىش، بەت ياساش، تورغا چىقىش ۋە ئېلخەت(ئېلېكترونلۇق يوللانما — تەرجىماندىن) يوللاش دېگەنلەرنى پىششىق ئىگىلىۋالدى.

بىر قېتىم ئۇ كومپيۇتېردا دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىۋاتاتتى، كومپيۇتېر تۇيۇقسىزلا قېتىۋالدى. كومپيۇتېرنى قايتىدىن قوزغىتىۋىدى، ھېلىقى ماقالىسىنى تاپالمىدى. جىددىيلىشىپ كەتكەن ئابدۇسەمەت سەي خۇاسوگدىن قانداق قىلارنى سورىدى. ئۇمۇ ئامال قىلالماي ئاخىرى مۇئەللىمدىن ياردەم سورىدى. ئابدۇسەمەت ئەسلىدە يازغانلىرىنى ئۇدۇللۇق ساقلاپ ماڭمىغاچقا، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتقاندا بىراقلا ئۆچۈپ كەتكەنىدى، بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەت ماقالىسىنى قايتىدىن يېزىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ ، ئابدۇسەمەت تۆت يىل ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا كومپيۇتېر ئىمتىھانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

بولۇپمۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆز ئىرزەت- ئابروينى ساقلاپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەش روھى ۋاڭ چىڭفۇدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. تەنھەرىكەت دەرسىدە ”چات كېرىش“ ھەرىكىتى دېيىلىدىغان بىر خىل مەشىق تۈرى بار ئىدى. بۇنىڭدا ئىككى پۇتنى ئالدى- ئارقىغا قىلىپ كېرىپ، كاسىنى يەرگە تەگكۈزۈش تەلەپ قىلىناتتى. دەسلەپتە ئابدۇسەمەت بۇ ھەرىكەتنى زادىلا ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمىدى. كېيىن ئۇ مەيداندا ئۆزلۈكىدىن مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ھەتتا كەچلىك تەكراردىن چۈشۈپمۇ چىراق ئۆچۈرگىچە ياتاقتا مەشىق قىلىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى. ئاشۇنداق جاپالىق مەشىقلەر ئارقىلىق ئاخىرى ئۇ چات كېرىش مەشىقىدە ھەرىكەتنى ئۆلچەمگە يەتكۈزەلەيدىغان بولدى.

ئوغۇللارنىڭ ئەڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغىنى ياتاق يىغىشتۇرۇش، بولۇپمۇ يوتقاننى تەلەپ بويىچە ئۆلچەملىك يىغىش ئىدى. بۇنىڭدا يوتقاننى تۆت قىرلىق قىلىپ، قىرلىرىنى ھەم تەڭ ھەم تۈز قىلىپ يىغىش تەلەپ قىلىناتتى.

يوتقان يىغىشتا ئەستايىدىل ۋە سەۋرچان بولۇشلا ئەمەس، ھەرىكەتتە ئەپچىل، تېز بولۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا، بەزى بالىلارنىڭ ھەتتا يوتقىنىنى تەلەپكە لايىق يىغىشتۇرالماي تېرىكىپ، ئاخىرى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى. بەزى بالىلارنىڭ ئۆلچەملىك يىغىلغان يوتقىنىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئاخشىمى ئۇنى ئاۋايلاپ ئىشكاپقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن يوتقىنىنى يېپىنىپ ياتقان چاغلىرىمۇ بولغانىدى.

بىراق ئابدۇسەمەت ئۇلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ يوتقىنىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قىرلىرىنى خۇددى پىچاقتا كېسىپ چىقارغاندەك قىلىپ يىغاتتى. شۇڭا ئۇ ياتاق يىغىشتۇرۇشتا بالىلارنىڭ ئۈلگىسى بولدى. بەزى كەپسىز ساۋاقداشلىرى قەستەن ئۇنى تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن، قولىنى ئۇنىڭ چىرايلىق يىغىلغان يوتقىنىغا سۇنۇپ: ”ئابدۇسەمەت قارا، يوتقىنىڭنى بۇزىۋېتىمەن!“ دەپ قوياتتى.

بۇنداق چاغلاردا ئابدۇسەمەت ئۇلارغا: ”مېنى نېمە قىلىپ بەر دېسەڭ مەيلى، يوتقىنىمنى بۇزىۋەتمە!“ دەپ يالۋۇراتتى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ يوتقانىنىڭ بالىلار تېگىپ قويغان يەرلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى.

ئابدۇسەمەت يوتقاننى ھەم تېز، ھەم ئۆلچەملىك قاتلىيالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ياتاقداشلىرى گاھىدا ئۇنىڭغا ”يوتقىنىمنى قاتلىشىپ بەرگىن“ دەپ يالۋۇراتتى.

ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى يازلىق تەتىلدە ئابدۇسەمەت ئۆيىگە قايتتى. بىراق، ئوقۇش باشلانغان چاغدا يەنە بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ قالدى. ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ پەقەت: ”ئۆيدە ئازراق ئىش چىقىپ قالغانىدى“ دەپلا جاۋاب بەردى. لېكىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمىدى.

ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كەمسۆز بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىم، بىر نەچچە بالا يىغىلىپ بىردەم ئېچىشتى. ئادەتتە باشقىلار زورلىسىمۇ رومكىنى تۇتۇپ قويۇشقىمۇ ئۇنىمايدىغان ئابدۇسەمەت نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم ئۆزى ھاراقتىن بىر رومكا قويۇپ

گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. باشقىلار ئابدۇسەمەتنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچمەيدىغان ئادىتىنى بۇزغانلىقىنى ئۇقالماي ھەيران قېلىشتى.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى: 10 ـ ئىيۇن كۈنى ئابدۇسەمەتنىڭ 16 ياشلىق ئىنىسى ئېلىجان بىلەن دادىسى ئېتىزلىقتىن ئېشەك ھارۋىلىق ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. 315 ـ دۆلەت تاش يولىغا كەلگەندە ، ئارقا تەرەپتىن بىر سانتانا ماركىلىق پىكاپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئېلىجان ئارقىسىغا شۇنداق قارىشىغا ھېلىقى پىكاپ ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپلا سوقتى، ئېشەك ھارۋىسى نەچچە دومىلاپ كەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى يولنىڭ چېتىدىكى پاتقاقلىققا چۈشۈپ ھوشىدىن كەتتى. ھارۋىدىن ئۇچۇپ چىققان ئېلىجان يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، ئارقا مېڭىسى يېرىلىپ كەتتى... ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسىنى تونۇيدىغان بىرى موتسىكلىت بىلەن بېرىپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئاڭغىچە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى يۈسۈپجان يېتىپ كەلدى. ئۇ يولدىن بىر تاكسىنى توسۇپ، دادىسى بىلەن ئىنىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى، لېكىن مېڭە قېتىقى ئېقىپ بولغان ئېلىجان يېرىم يولدا جان ئۈزدى. بالىلارنىڭ تەلىيىگە بوۋايىنىڭ جېنى ئامان قالدى...

قاتناش ساقچى ئەترىتىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەپ، ۋەقە تۇغدۇرغان شوپۇر ئۆلگەنگە 50 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

پۇلنىڭ ئىشى چاغلىق ئىدى، لېكىن 16 ياشلىق بىر بالا ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر ئابدۇسەمەت ئاڭلىسا دەرسلىرىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا دېمىگەنىدى. ئابدۇسەمەت يازلىق تەتىلدە قايتىپ بېرىپ ھويلىغا خۇشال كىرگەندە ئۇنىڭ ئامراق ئىنىسى ئېلىجان كۆرۈنمىدى. ئۇ ”ئېلىجان قېنى“ دەپ سورىدى. ئۆيدىكىلەر بولغان ئىشنى دەپ بەردى. ئابدۇسەمەت ئۆزى ئاجايىپ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى كۆتكەن، كىتاب، ئوقۇش دېسە جان بېرىدىغان ئامراق ئۇكىسىنىڭ ئاللىقاچان مەرھۇم ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتقانلىقىدىن شۇ چاغدىلا خەۋەر تاپتى.

ئابدۇسەمەت ئىنىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بوزلاپ يىغلاپ كەتتى:

ــــ جېنىم قېرىندىشىم، ئەقىللىق قېرىندىشىم ئېلىجان قېنى سەن! سېنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەتكىنىڭنى كۆرگۈم بار ئىدىغۇ قېرىندىشىم! ئاكا، مەنمۇ

سەندەك ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيمەن دەپ كىتەتتىڭىغۇ قىرىندىشىم! غۇنچە پېتىڭلا توزۇپ كەتتىڭغۇ قېرىندىشىم!

بۇ بەختسىزلىك ئابدۇسەمەتنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتىۋەتتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىداشلىق بەردى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى مېھرىگۈلدىن ئۆزگە ھېچكىمگە تىنمىدى. قەيسەر ئىرادە ۋە ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ئابدۇسەمەتنى مۇسىبەتنىڭ ئەلەم يۈكلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئازاد قىلدى. بىراق، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غۇربەتچىلىك، ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بەزىبىر كاشىلا ـ توسالغۇلار ئۇنىڭغا گويا رودىپايىدەك سوگدىشقىلا ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابدۇسەمەت ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىلىك، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىنىڭ ساۋاقدىشى شۇنداقلا قەدىناس دوستى مەتتوختى ئەخمەتنىڭ بېيجىڭنىڭ تورمۇشىغا كۆنەلمەي ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆگىنىش بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بېيجىڭدىكى تولۇق كۇرس كەسىپىنى تاشلاپ، شىنجاڭدا مەخسۇس كۇرسقا ئالمىشىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

مەتتوختى ئابدۇسەمەتكىمۇ خەت يېزىپ، ئۇنىمۇ ئالمىشىپ كىتىشكە دەۋەت قىلدى. شۇنداق قىلسا، ئۆيىگىمۇ يېقىن بولاتتى، تىل بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ خېلى يېنىكلەپ قالاتتى. ئەڭ بولمىغاندا ئىككى ئاغىنە ئاخشىمى ـ ئەتىسى كۆرۈشۈپ ئۆتسە زېرىكمەيتتى.

ئابدۇسەمەتمۇ دەسلەپتە خېلىلا ئىككىلەندى. لېكىن مېھرىگۈلنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ساقچى ئىنستىتۇتىدا داۋاملىق ئوقۇۋېرىش قارارىغا كەلدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچى ئىنستىتۇتىدا چىداپ تۆت يىل ئوقۇپ قىلىشىغا ئۇنىڭ لىياۋنىڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە باللارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىگە زەربە بېرىش پائالىيىتىدە قولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەر شايكىسىنى سوراق قىلىشقا تۇيۇقسىز قاتنىشىپ قالغانلىقىمۇ سەۋەب بولغانىدى.

قولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەر شايكىسى ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ساقچى ئىنستىتۇتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق بېرىپ سوراقتا تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئەلىيار، كىچىك پەرھات، رىھىملارنىڭ ھەممىسى بېرىپ سوراقتا تەرجىمانلىق قىلدى.

كېيىن ئابدۇسەمەتمۇ قاتناشتى. ئابدۇسەمەت سوراقتا، ئالتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى يۇرتىدىن ئالداپ ئەكىلىپ چوڭ شەھەرلەردە يانچۇقچىلىققا سېلىنىۋاتقان، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان نارەسىدە ئۇيغۇر بالىلىرىنى كۆرۈپ ئىچى سېرىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بالىلارنى ئالداپ ساتىدىغان ئاشۇنداق ئادەم بېدىكلىرىگە چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار مىللەتنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋاۋاتقان، بالىلارنىڭ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋاتقان كەچۈرگۈسىز جىنايەتچىلەر ئىدى...

بىراق، جىنايەت گۇماندارلىرى ئىچىدىكى بەزىبىر ئۇيغۇرلار ئابدۇسەمەتلەرنى "ۋۇي، ئۆزىنىڭ مىللىي قېرىندىشىنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىدىغان مىللىي مۇناپىقلار!" دەپ تىللىغان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتى.

شۇڭا، ئابدۇسەمەتنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ زىددىيەت تۇغۇلمىدى ئەمەس، تۇغۇلدى. بىر قېتىم ئابدۇسەمەت بىلەن كىچىك پەرھات لى كېنىڭ يېنىغا كىردى. ما يۈشەن ئىنستىتۇت ئورگىنىغا ئالمىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لى كې ئۇلارغا چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغانىدى.

— ئەترەت باشلىقى، بىز ئەمدى سوراقتا تەرجىمانلىق قىلىشقا بارمىساق، — دېدى ئىككىسى تەڭلا.

— نېمىشقا؟

— تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، بىزمۇ ئۇيغۇر. تەشكىلگە ياردەملىشىپ ئۇيغۇرلارنى جازالاشقا قاتناشسا ئادەم سەل...

لى كې ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىمەن. لېكىن ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ بالىلارنى ئالداپ ساتقۇچىلار دۆلەتنىڭلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ دۈشمىنى. بالىلار دېگەن مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ كېلەچىكى. ئۇلارنىڭ بالىلارنى يامان يولغا باشلىغانلىقى — مىللەتنى ۋەيران قىلغانلىق، دۆلەتنىڭ كەلگۈسىنى خاراب قىلغانلىق. سىلەر كەلگۈسىدە خەلق ساقچىسى بولىسىلەر. ساقچىنىڭ بۇرچى — خەلق ئۈچۈن بالايىئاپەتنى يوقىتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش.

جىنايەتچىلەر ئىچىدە ھېلىغۇ مىللىي قېرىنداش ئىكەن، ھەتتا بىر ئۆينىڭ ئادەملىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ. خەلق ساقچىسىنىڭ پەزىلىتى دەل مۇشۇ يەردە. شەخسىي ھېسسىياتقا بېرىلىپ ياكى تار مىللەتچىلىك قىلىپ، قارا نىيەتلەرگە ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ زەربە بېرىشكە ئاجىزلىق قىلسا، ئۇ ساقچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كەسپىي ئەخلاقنى يوقىتىپ قويغانلىق ئەمەسمۇ؟ قانداق دېدىم؟

ئابدۇسەمەت بىلەن كىچىك پەرھات بىر- بىرىگە قارىدى ۋە لى كېيغا قاراپ قايىللىق بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئابدۇسەمەت لى كېنىڭ بۇ گەپلىرىنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنگەنىدى، بۇ گەپلەر ھەم ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇسەمەت شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ سوراقلىرىغا ناھايىتى ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىشى بىلەن جىنايەتچىلەرنىڭ چالمىسى سۇغا چۈشۈپ، قىلمىشلىرىنى بىرمۇ بىر تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچى ئىنستىتۇتىغا تەشەككۈرنامىلەرنى ئەۋەتتى. ئابدۇسەمەت ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغدا، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئىدىيە، كەسىپ، تىل، جىسمانىي كۈچ ۋە ئىرادە جەھەتلەردە ئۆزلۈكسىز تاۋلىنىپ، ئۆزىدە خېلى يۇقىرى ئۇنىۋېرسال ساپانى يېتىلدۈرەلىگەنلىكىگە قايىل بولۇشقانىدى.

بىراق، خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا توققۇز ئاي بولغان ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمەت يولىدا قۇربان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان دەيسىز!

## 8. قىنى قىزىق ياشلار گاھدا ئالدىراپ مۇشت ئېتىپمۇ قالدۇ.

ساقچى ئىنستىتۇتنىڭ چامباشچىلىق دەرسىنى جۇ چىڭبىڭ ئىسىملىك بىر مۇئەللىم ئۆتەتتى. جۇ چىڭبىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ھامان ئالدىنقى قاتاردا ئىدى، ئۆزى پىئونېرلار ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، ئۆگىنىش ھەيئىتى ئىدى. شۇڭا ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ئاجايىپ چوڭ ئۈمىدلەرنى باغلايتتى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۇ «شاۋلىن ئىبادەتخانىسى» ناملىق كىنونى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خۇددى جىن چاپلاشقاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ مەكتەپ

مەيدانىدا ”هايت - هۇيت“ دەپ مۇشت ئاتقاننى ئاز دەپ، ئۆيدە سەكرەپ - يۇمۇلاپ يۈرۈپ ئارقىغا مولالاق ئېتىشنى ئۆزلا ئۆگىنىۋالدى. كېيىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن سەكرەپ چۈشەلەيدىغان بولدى. ئۆگزىدىن سەكرەيمەن دەپ، هويلىدىكى گۈل تەشتەكلىرى، سەي كورىلىرى ۋە دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ بولدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاپىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ جان - ئىمانى چىقىپلا كەتتى:

— ۋاي ئانىمەي، مانا ئەمدى ئۆينى بېشىڭغا كىيىپسەنغۇ! بولماپتۇ، مەن سېنى باردىغان يېرىڭگە ئاپىرىپ قۇتۇلمىسام بولمىغۇدەك!

شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئاتا - ئانىسى شېنياڭ شېنخې رايونلۇق ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىغا ئاپىرىپ، چامباشلىققا تۇتۇپ بەردى.

ئىككى ئاي چېنىقار - چېنىقمايلا، بۇ شاش ئارغىماق كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىلگىرى تاق قىلىچ ئويىنىشتا مەملىكەت بويىچە چېمپىيون بولغان داڭلىق چامباشچىلىق مەشقاۋۇلى شۇ چېچېڭ ئەينى چاغدا لى لىيەنجيېغا ئۇستاز بولغانىدى. جۇ چېڭبىڭنىڭ ئىستىقباللىق ئوبدان مايسا ئىكەنلىكىنى دەل شۇ كىشى بايقىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلكىلىك چامباشچىلىق كەسپىي كوماندىسىغا تاللاندى. بۇ چاغدا ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى.

جۇ چېڭبىڭ چامباشچىلىق كوماندىسىدا يەتتە - سەككىز يىل چېنىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ چامباشچىلىق، قىلىچۋازلىق، مىلتىق ئېتىش ۋە شەمشەر ئويىنىتىش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزۈدىغىنى چامباشچىلىق ئىدى. 1991 - يىلى شېنياڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنىڭ چامباشچىلىق كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى. 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق مۇسابىقىسىدە ئەنئەنىۋى چامباشچىلىق بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. 1995 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى جىنايەتچى تۇتۇش چامباشچىلىقى بويىچە مەشقلەندۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى.

جۇ چېڭبىڭ ئوقۇغۇچىلارغا جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشىشنى ئۆگىتىدىغان بۇ دەرسنى كەلگۈسىدىكى ئەمەلىي خىزمەتتىلا ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى ۋە پسخىكىسىنى تاۋلاشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايتتى.

شۇڭا ئۇ دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلشىش دەرسىنى ھى- ھى، ھا- ھا قىلىشىپ، بىر- بىرىنى ئۇرۇپ ئويناپدىغان ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. ئۇ ئادەتتە باللارنى "مەشقتە كۆپ تەر تۆكسەڭ، جەڭدە ئاز قان تۆكىسەن!" دەپ ئاگاھلاندۇرۇپلا تۇراتتى. جۇ چىڭبىڭ ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداق دەيدۇ: " جىنايەتچى بىلەن ئىلشىشنى ئۇقمىغان ئادەم لاياقەتلىك ساقچى بولالمايدۇ. چۈنكى ساقچىلىق خىزمىتىدە خەۋپ- خەتەرگە يولۇقمايمەن، دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، جىنايەتچى سودا- سېتىق مەيدانىغا ئوخشاش ئادەم جىق جايغا كىرىۋالدى، دەيلى. بۇنداق جايدا قورال ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمىسە نېمىگە تايىنىسەن؟ پەقەت ئىلشىشقىلا! يەنە مەسىلەن، جىنايەتچىنىڭ قولىدا پىچاق ياكى مىلتىق بار، دەيلى. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈشۈڭ كېرەك. ناۋادا ماھارىتىڭ دېگەندەك بولمىسا، قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرالمايلا قالماي، ھەتتا جېنىڭنى سېلىپ بېرىدىغان ئىش چىقىدۇ. شۇڭا ساقچىلارنى جىنايەتچىلەر بىلەن ئىلشىش بويىچە مەشقلەندۇرۇش ـــ ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆلۈم- يېتىمنى ئازايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى.

جۇ چىڭبىڭنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ئابدۇسەمەتنىڭ تەن قۇرۇلمىسى ئىلشىشقا دېگەندەك ماس كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەشقتە ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىدى، ھەرگىز لايغەزەللىك قىلمايتتى. گەرچە مۇئەللىمگە مەردانە سۆزلەر بىلەن ۋەدە بەرمىسىمۇ، يۈرىكىدە بىر خىل يېڭىلمەس جەسۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى. بەزى باللار ئىلشىشتا يېڭىلگەن ھامان ئارقىغا چېكىنەتتى، لېكىن ئابدۇسەمەت يېڭىلىپ قالسىمۇ جان تىكىپ ئىلىشاتتى.

بىر قېتىم مەكتەپنىڭ بوكسخانىسىدا 99104- شۆبە ئەترەت بىلەن 99205- شۆبە ئەترەتنىڭ ئەركىن ئىلشىش بويىچە تىركىشىش مۇسابىقىسى بولدى. بۇ ھەم ئىمتىھان ئىدى. ئىمتىھان گۇرۇپپىلار بويىچە ئېلىنىدى، ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا ئىدى. ئىككى شۆبە ئەترەتتىن بىردىن ماھىر ئىلشىشقا چۈشكەندە، مۇئەللىم ۋە باشقا باللار ياندا قاراپ تۇراتتى.

نۆۋەت ئابدۇسەمەتكە كەلدى. ئۇنىڭ رەقىبى شەنشىلىك ساۋاقدىشى خې يۇ ئىدى. خې يۇ مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان قاۋۇل بالا ئىدى. خې يۇ گەرچە ئابدۇسەمەتتىن ئىككى كىلوگرام ئېغىر بولسىمۇ، بۇ ئىككىسى ئوخشاش دەرىجىلىكلەر

ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خې يۇنىڭ بويى 1.80 مېتر كېلەتتى. بۇ بويى ئاران 1.72 مېتر كېلىدىغان ئابدۇسەمەت ئۇچۇن ئېيتقاندا ناھايىتى ئېغىر بېسىم ئىدى.

ئىككىسى مەيدانغا چۈشۈش ئالدىدا «بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتمەيلى» دېيىشىۋالغانىدى. لېكىن ئۇلار مەيدانغا چۈشۈش بىلەن تەڭلا ئىككى شۆبە ئەترەتتىن ياندا قاراپ تۇرغانلار: «ئۇرە!»، «نان يېگەندەك ئۇرە!» دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن خې يۇ جېنىنىڭ بارچە ئۇرغىلى تۇردى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ماڭلىيىغا «ۋاققىدە» بىرنى سالدى. بۇنىڭغا قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ئابدۇسەمەت ئېتىلىپ باردى- دە، خې يۇنىڭ خامىرىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى، خې يۇنىڭ بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى. قېنى قىزىغان ئىككى يىگىت جان- جەھلى بىلەن تۇتۇشقىلى تۇردى.

خې يۇنىڭ بۇرنىدىن قان كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇئەللىم، «توختاڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. خې يۇ قولىنى بوشاتتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ئابدۇسەمەت يۈرۈلۈپ ماڭغان خې يۇنىڭ گەجگىسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى.

بۇنىڭ بىلەن خې يۇنىڭ ئەترىتىدىكىلەر يوپۇرۇلۇپ كەلدى:

— مۇئەللىم «توختاڭلار» دەپ توۋلاپ بولغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئۇرىسەن؟

ئابدۇسەمەتنىڭ ئەترىتىدىكىلەرمۇ ئېتىلىپلا كەلدى:

— بىرەر مۇشت سېلىپ قويغانغا نېمە بولاتتى؟

قېنى قىزىق يىگىتلەر ئىككى ئېغىز گەپ تەگىشىپلا، مۇئەللىمنىڭ توختاڭلار دېگەن گېپىگىمۇ پەرۋا قىلماي گالاچ- گۇلۇچ سېلىشىپلا كەتتى، ھەتتا ئۇلارنى ئاجراتقىلى كەلگەن مۇئەللىملەرگىمۇ مۇشت تەگدى.

قەھرى غەزىپى تۇتقان جۇ چىڭبىڭ ئېتىلىپ كەلدى- دە، باللارنى ئاجراتتى. باللارنىڭ چۆجە خورازلاردەك قالايمىقان ئېلىشىشلىرى ئاخىرى بېسىقتى. جۇ چىڭبىڭ ئۇلارغا ۋارقىراپ كەتتى:

— بۇ دېگەن ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى ئېلىشىش. ئابدۇسەمەت «توختا» دېگەن گېپىمنى ئاڭلىمىغاچقا قول سېلىپ قالدى، ئۇنىڭ قەستەن ئۇرغىنى يوق. بىرەر مۇشتنى ئارتۇق سېلىپ قويغانغا نېمە بولاتتى؟ مۇشۇنىڭغىمۇ ھەممەيلەن يەڭ شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چۈشۈدىغان گەپما؟

ــــ شۇنداقتىمۇ، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۇرماسلىقى كېرەك ـ تە؟ ــــ دەپ غۇدۇرىدى بەزىلەر.

جۇ چىڭبىڭ ئابدۇسەمەتكە قارىدى:

ــــ يەنە شۇنى دەپ قوياي، يارىلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تىركىشىش مۇسابىقىسىدە ئادەمنىڭ گەجگىسىگە، چاترىقىغا ئۇرۇشقا بولمايدۇ!

ئابدۇسەمەت خىپ يۈدىن ئەپۇ سورىدى:

ــــ سەت بولدى، ئاداش! مىنى كەچۈرگىن!

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىپ يۇمۇ ئابدۇسەمەت بىلەن بىرگە شىنجىن لوڭگاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىندى. بىر قېتىملىق يىغىندا ساۋاقداشلاردىن بىر نەچچىسى جەم بولۇپ قالدى، سەي خۇاسۇڭ ئابدۇسەمەت بىلەن خىپ يۇگە چاقچاق قىلىپ:

ــــ قانداقراق؟ ئىككىڭلار بىر ئورۇندا بولۇپ قاپسىلەر. يەنە ئانچە ـ مۇنچە تىركىشىش جېڭىگە چۈشۈپ تۇرۇۋاتامسىلەر؟

كۆپچىلىك پاراقىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۇيغۇرلار خوتەنلىكلەرنى "جاھىل" دەپ ئاتايدۇ، ئابدۇسەمەتمۇ شۇ جاھىلدىن ئىدى . ئۇ ئادەتتە ناھايىتى خۇشپىچىم ۋە چىقىشقاق بولغىنى بىلەن، ئاچچىقى كېلىپ قالسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

بىر قېتىم ئابدۇسەمەت ساقچى ئىنستىتۇتىدا چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنىنى ئېزىۋېتىپ، چاتاقنىڭ چوڭىنى تېرىغانىدى.

ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغ، دەل ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ مۇھەببەت دېڭىزىدا غەرق بولۇپ يۈرگەن مەزگىللىرى ئىدى.

ئاشىقنىڭ ئەقلى كەمتۈك، دەيدىغان گەپ بار. بىر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال مېھرىگۈل بېرىلىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر مۇڭدىشايلى دېگەن نىيەتتە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. لېكىن ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن مېھرىگۈلنىڭ پاراڭلىشىشقا دېگەندەك ھەپىلىسى يوق ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنى تېزراق يولغا سېلىۋېتىش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز تېخى تاماق يېمىگەنسىز؟

— يېگىنىم يوق!

— دائىم ناشتىسىز يۈرىدىكەنسىز، ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى مېھرىگۇل، — سىز تاماق يەۋېلىڭ، مەن بىردەم ئۆگىنىش قىلاي!

— ئۆگەنسىڭىز ئۆگىنىۋېرەمسىز، مەن سىزگە كاشىلا قىلمىدىمغۇ! — ئابدۇسەمەت سەل- پەل نارازى بولدى.

مېھرىگۇل گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— ئۇنداق بولسا مەن ياتاققا بېرىپ ئۆگىنىش قىلاي، سەل تۇرۇپ كېلىمەن.

— بوپتۇ، مەن ساقلايمەن!

ئابدۇسەمەت توپتوغرا ئىككى سائەت ساقلىدى، لېكىن مېھرىگۇلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ ھەم كۆڭلى يېرىم بولدى، ھەم ئاچچىقى كەلدى. دەل مۇشۇ چاغدا ساقچى ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن بىر نەچچە ئۇيغۇر ساقچى سىرتقا تاماققا ماڭغانىكەن، ئۇلار ئابدۇسەمەتنىمۇ چاقىرىۋالدى.

مېھرىگۇل ياتاققا قايتقاندىن كېيىن ياتاقدىشى چۇ يەن ئۇنى سىرتتىكى 601- پونكىت ئاشخانىسىغا تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى. مېھرىگۇل بۇنى ئابدۇسەمەتكە دەپ قويماقچى بولدى، لېكىن ئۇ چاغلاردا ئابدۇسەمەتتە يانفون بولمىغاچقا ئالاقىلىشالماي ئاخىرى چوڭ پەرھاتقا «ئابدۇسەمەتكە دەپ قويسىڭىز، ماڭا تېلېفون قىلسۇن» دەپ ئۇچ قېتىم چاقىرغۇ قىلدى. لېكىن ئابدۇسەمەت تېلېفون قايتۇرمىدى.

چۈشتىن كېيىن مېھرىگۇل چۇ يەن بىلەن بىرگە 601- پونكىتنىڭ ئورمانلىقىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئاڭغىچە مېھراي يېتىپ كەلدى.

— ئابدۇسەمەت سىزنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. ھە راست، ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرماڭ جۇمۇڭ، سىزنى ئۇرۇپ قويمىسۇن يەنە!

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ يېقىنلا يەردە مۇشۇ تەرەپكە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىغا باردى.

ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى:

— چوڭ پەرھاتنى ئۇرۇپ قويدۇم، ئەمدى مېنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىشى مۇمكىن!

— نېمە؟ نېمىشقا ئۇردىڭىز؟

— مەن كادىرلار سىنىپىدىكىلەر بىلەن تاماققا چىققان. قايتىپ ئۇدۇللا چوڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا كىردىم. كىرسەم ئۇ يېتىپتۇ. مەن: "مېنى بىرەرسى ئىزدىدىمۇ؟" دەپ سورىسام، ئۇ: "ھە راست، مېھرىگۈل ئۈچ قېتىم چاقىرغۇ قىلدى، سەن تېلېفون قايتۇرمىدىڭمۇ؟" دەيدۇ. جان- ئىمانىم چىقىپ كەتتى. "سەن دەپ قويمساڭ مەن نەدىن بىلەي!" دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ ماڭا بىر مۇنچە بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئاچچىقىمدا ئۇنى "ئىشىڭنى قىلە ۋاي لاتا!" دەپ تىللىۋەتتىم. ئۇمۇ كارىۋاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ مېنى ئىتتەردى. مەن "ئەجەپ ئادەم ئەمەس نېمىكەنسەن، دەپ قويساڭ بولمامدۇ؟" دېدىم- دە، ياڭىقىغا بىرنى سالدىم. ئۇمۇ تۇمشۇقۇمغا بىرنى سېلىۋېدى، جاۋغىيىم قاناپ كەتتى. ئاڭغىچە رېھىم بىلەن ياڭ جېنجۈن كېلىپ بىزنى ئاجرىتىۋەتتى. مەن ياتاققا قايتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا قول ياندۇرمسام بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ، ئۇنى يەنە چاقىردىم ۋە ئۇنىڭغا: "ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، بىراق سەن بىلەن مۇشتلاشقۇم يوق، ياتىقىمغا كىرىپ پاراڭلىشايلى" دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. ئىككىمىز ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سىزنىڭ چاقىرغۇ قىلغانلىقىڭىزنى ماڭا دەپ قويمىغانلىقىغا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، كاللام قىزىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۆزۈمنى باسالماي ئۇنىڭ خامىرىغا بىرنى سېلىۋېدىم، بۇرنىدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى- دە، ئارقىغا "ۋاللاقىدە" ئۈچۈپ كەتتى. مەن ئۇنى دەسسىۋەتمەكچى بولۇپ ئېتىلىۋېدىم، ئاڭغىچە ياڭ جېنجۈن كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. رېھىم چوڭ پەرھاتنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ "بۇرنى ئېزىلىپ كېتىپتۇ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايلى" دېدى. شۇنداق قىلىپ رېھىم بىلەن ياڭ جېنجۈن شىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، كالتە ئىشتان بىلەنلا ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە چوڭ پەرھاتنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مەن قالغان بالىلاغا: "مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا بارىمەن" دەپ قويۇپ، ياتىقىڭىزغا كەلسەم سىز يوق. مېھراي سىزنى چۈ يەن بىلەن مۇشۇ يەردە كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كېلىشىم...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھرىگۈل چۆچۈپ كەتتى:

— قايسى دوختۇرخانىغا ئەكەتتى؟ يۈرۈڭە بىزمۇ بارايلى!

ئابدۇسەمەت يولدا كېتىۋاتقاچ خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىدەك ئۆزىنى ئاقلىغىلى تۇردى:

— ئادەم ئەمەسكەنسىز، مېنى ئىككى سائەت ساقلىتىپمۇ كەلمىدىڭىز. ئاچچىقىمدا كادىرلار سىنىپىدىكىلەر بىلەن تاماق يېگەچ ئىككى رومكا ئىچىپ سالدىم. شۇ ھاراق دېگەن نېجىسنىڭ كاساپىتىدىن ئاخىرى ئادەم تۇرۇپ قويۇپتىمەن. ھەممىنى قىلغان سىز!

— ئوھۇش... بولدى قىلىڭە ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى، ھازىر چوڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا تېزراق بارايلى! ئۇنىڭ يارىسى بەك ئېغىر ئەمەستۇ؟

ئۇلار مەكتەپكە ئۇچقاندەك كېلىپ، ئاممىۋى تېلېفوندا رېھىم بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ پەرھاتنى ئالدى بىلەن 242 - دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغانلىقىنى، لېكىن ئۇ يەردە شەنبە كۈنى رىنتگېندە رەسىمگە تارتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يەنە شىنياڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ بارغانلىقىنى، دوختۇرلارنىڭ ھازىر چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قاننى توختىتىشقا چارە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتى.

— پۇلچۇ؟

— پۇلمۇ ۋاقتىنچە ھەل بولدى. ۋاڭ چىڭفۇ لى كېدىن چوڭ پەرھات بىلەن رېھىمغا رۇخسەت سورىغىلى بارغاندا، لى كې ئۇنىڭغا 2000 يۈەن بېرىپ تۇردى.

ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل دوختۇرخانىغا ئىتتىك كىرىپ كەلگەندە، كارىدوردا كىچىك پەرھات ئۇچرىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئالايدى:

— ھەي، نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ، شۇ...

مېھرىگۈل ئالدىراپ سورىدى:

— قانداقراق؟

— دوختۇرلار قاننى توختاتتى، رەسىمگىمۇ تارتتى، — دېدى كىچىك پەرھات، — بۇرنىنىڭ كۆمۈرچىكى ئېزىلىپ كېتىپتۇ. مەن پۇل تاپشۇرغىلى ماڭدىم.

كىچىك پەرھات پۇلنى تاپشۇرۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى ۋە مېھرىگۈلگە پىچىرلىدى:

ــــ سىز بۇ يەردىن كېتىپ تۇرۇڭ، ئابدۇسەمەتكە سىز يوق يەردە ئازراق گەپ قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىر نېمە دەپ سالساق ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمىسۇن.

مېھرىگۈل «سۇخانىغا كىرىپ چىقاي» دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

كىچىك پەرھات ئۇنىڭغا سوكدىشىپ كېلىۋاتقان ئابدۇسەمەتكە غەزەپ بىلەن ھومايدى:

ــــ نېمە قىلغىنىڭ ئۇ؟ ئۇنىڭدىن ئالالمايۋاتقان زادى نېمە ئۆچۈڭ بار ئىدى؟ ئىنىڭدەك بولسامۇ ساڭا دەپ قوياي: ئۇنى ئۇرۇپ تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش قىپسەن!

ئابدۇسەمەت قاتتىق پۇشايمەن ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى:

ــــ مەن خاتا قىلدىم، پەرھات! ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق. پەقەت شۇ كاللام قىزىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قاپتىمەن. دەسلەپتە ياتاققا قايتىپ كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىمدىن نومۇس قىلدىم. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراي دەپ ئۇنى يەنە چاقىرغاندىم. بىراق، ئۇنىڭ ماڭا قاراپ دىماغ قاققىنىنى كۆرۈپلا چىدىيالماي، مۇشت ئېتىپ ساپتىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى يۈز كېلەلمەيمەن. بىز ھەم يۇرتداش، ھەم ساۋاقداش، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكا ـ ئۇكىدەك يېقىن ئۆتكەنىدۇق، ئىسىت! مەن ھازىر نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ناۋادا مېنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەتسە ئۆز ئۇۋالىم ئۆزۈمگە، ئادەم ئۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى.

ئابدۇسەمەت چوڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. بىراق مېھرىگۈل بىلەن كىچىك پەرھات: «ياق، بولمايدۇ! ھازىرچە سىرتتا تۇرۇپ تۇرغىن،» دەپ كىرگۈزمىدى.

مېھرىگۈل چوڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا كىردى. رىھىم بىلەن چوڭ پەرھاتنىڭ لايىقى ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چوڭ پەرھات ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە كارىۋاتتا ئۇندىمەي ياتاتتى، قاڭشىرى داكىدا تېڭىقلىق ئىدى، بۇرنىغا تىقىلغان دورىلىق پاختا قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى.

مېھرىگۇل ئاستا سورىدى:

ـــ ھازىر قانداقراق؟

چوڭ پەرھاتنىڭ لايىقى شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋېتىتى.

ـــ دوختۇر ھېلىلا ناركوز قىلدى، ـــ دېدى چوڭ پەرھاتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىۋاتقان قىز، ـــ قان بەك جىق چىقىپ كېتىپتۇ... تېخى ھوشىغا كېلەلمەيۋاتىدۇ...

مېھرىگۇل بىردەم ئولتۇرۇپ يېنىپ چىقتى. ئابدۇسەمەت ئۇنى ياتىقىغىچە ئاپىرىپ قويىدى. مېھرىگۇل يولدا بارغىچە ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. لېكىن ئابدۇسەمەت ئۈندىمىدى. ئۇ مېھرىگۇلنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپ، يەنە ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا كەلدى. ئابدۇسەمەت تىت ـ تىتلىق ئىچىدە كارىدوردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. چوڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراي دېسە، ئۇنىڭ دەم ئېلىشىغا دەخلى قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى؛ كېتەي دېسە، يەنە خاتىرجەم بولالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر كېچىنى دوختۇرخانىنىڭ كارىدورىدا ئۇ ياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ ئۆتكۈزدى.

ئىككىنچى كۈنى يەكشەنبە ئىدى. چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنى ناركوزنىڭ كۈچى كېتىشى بىلەن پىچاقتا تىلغاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى.

كىچىك پەرھات بۇ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش نىيىتىدە چوڭ پەرھاتتىن سوراپ باقتى:

ـــ بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

ـــ مەكتەپكە ئېيتىپ ئۇنى ھەيدىتىۋېتىمەن! ـــ دېدى چوڭ پەرھات غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

چوڭ پەرھاتنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرگەن كىچىك پەرھات ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىش تەرىپىگە ئۆتتى:

ـــ ئاۋۇال يارىڭ ساقايسۇن ئاداش، ئاندىن بىر نېمە دېمەمدۇق!

كىچىك پەرھات رىھىمغا قاراپ كۆز ئىشارىسى قىلدى. بۇ ئۇنىڭ "چوڭ پەرھاتقا گەپ قىل" دېگىنى ئىدى، رىھىم بېشىنى لىڭشىتتى.

شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بويى ئېگىز، ئاقپىشماق كەلگەن رىھىمنىڭ يېشى ھەممىدىن چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رىھىم كۆڭۈل- كۆكسى كەڭرى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇستا بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنى خۇددى ئاكىسىدەك ھۆرمەت قىلاتتى.

رىھىم بىلەن چوڭ پەرھات شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەييارلىق كەسپىنى بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن بولۇپ، كۆڭلى يېقىن ئىدى. رىھىم ئابدۇسەمەت بىلەنمۇ ئوبدان چىقىشاتتى. بىر قېتىم ئابدۇسەمەت يول كىراسىغا پۇلى يوق، تەتىلدە قايتالمىغاندا رىھىم ئۇنى يالغۇزسىراپ قالمىدۇ دەپ، ئۆزىمۇ قايتماي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى. شۇڭا كىچىك پەرھات ئابدۇسەمەت بىلەن چوڭ پەرھاتنى ياراشتۇرۇشقا رىھىمنى تاللىغانىدى.

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىشكە پېتىنالمىغان ئابدۇسەمەت بىنادىن چۈشۈپ كىچىك پەرھاتقا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن كىرسەم بولامدۇ، دەپ سورىدى. لېكىن كىچىك پەرھات: ”ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، سەن ئالدى بىلەن ئۆيۈڭگە تېلېفون قىل، ئۇلار داۋالاش ھەققى ئۈچۈن پۇل ئەۋەتسۇن!“ دېدى.

ئابدۇسەمەت دەرھال مەھەللىسىدىكى مەتتوختىغا: ”مەن مەكتەپتە بىر بالىنى ئۇرۇپ قويدۇم، يارىسى ئېغىرراق. مەكتەپتىن مېنى ھەيدىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ھازىر ئۇنى داۋالىتىشقا ئازراق پۇل لازىم بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۆيدىكىلەرگە مېنى شاڭخەيگە پراكتىكىغا بارىدىكەن، تۇرمۇش خىراجىتى، يول كىراسىنى قوشقاندا 2000 يۈەن پۇل كېتىدىكەن، دەپ ئۇلاردىن پۇلنى ھەل قىلىپ، مېھرىگۈلنىڭ كارتىسىغا ماڭدۇرۇپ بەرگەن بولساڭ“ دەپ تېلېفون قىلدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىدە تېلېفون بولمىغاچقا، ئۇ ئادەتتە شۇ كەنتتىكى تۇغقانلىرىغا ياكى ماگىزىنغا تېلېفون قىلاتتى، ئۇلار بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى چاقىرىپ كېلەتتى. پۇل لازىم بولغان چاغلاردا ئۇ مەتتوختىغا تېلېفون قىلاتتى. چۈنكى ئابدۇسەمەت مەتتوختى بىلەن سىرداش دوستلاردىن ئىدى، ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنى يېقىن كۆرگەچكە، ئۇنىڭ سۆزىنى ئالاتتى.

مەتتوختى ئابدۇسەمەتنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ سەل جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ باردى- دە، گەپنى ئابدۇسەمەتنىڭ

تاپىلغىنى بويىچە ئېيتتى. بىراق ئابدۇسەمەتنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى يۈسۈپجاننىڭ 2000 يۈەننى ئەۋەتكۈسى يوق ئىدى. مەتتوختى بۇ پۇلنى ئەۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئۇستاتلىق بىلەن قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ: "بۇ پۇلنى چوقۇم ئەۋەتىڭلار، بولمىسا چاتاق بولىدۇ" دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەتتوختى پۇلنى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا مېھرىگۈلنىڭ كارتىسىغا يوللاپ بەردى.

بەزى ئىشلار شۇنداق توغرا كېلىپ قالىدۇ. چوڭ پەرھات دوختۇرخانىغا كىرىپ ئۈچىنچى كۈنى دەل ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرا كەلدى. بىراق قىرىشقاندەك شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى دوختۇر ئۇنىڭغا:"بۈگۈن بۆرىكىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلىمىز" دەپ قالدى.

ــــ ئاپلا دوختۇر، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، ــــ دېدى چوڭ پەرھات، ــــ سەل تۇرۇپ دوستلىرىم يوقلاپ كەلمەكچى بولغانىدى.

ــــ ھە مەيلى، ئۇنداق بولسا چۈشتىن كېيىن قىلايلى. بىراق يادىڭىزدا بولسۇن: ھاراق ئىچمە ـ ھە!

دېگەندەك، چۈشكە يېقىن ئىليار دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىن مۇسۇلمان ئاشخانىسىدىن بىرنى تاپتى. رېھىم بىلەن غەيرەت دوختۇرخانىغا بېرىپ چوڭ پەرھاتنى ئېلىپ كەلدى.

تۆت ئاغىنە ئىنتايىن خۇشال ئىدى. كۆپچىلىك چوڭ پەرھاتقا ھاراق تۇتۇپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلىدى.

ــــ ياق، ياق مەن ئىچمەي، ــــ دېدى چوڭ پەرھات ئەندىكىپ تۇرۇپ، ــــ دوختۇر ئىچسەڭ بولمايدۇ، دېگەنىدى.

ــــ بۈگۈن دېگەن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ، ئىچمىسەڭ بولمايدۇ، ــــ دېدى غەيرەت ئېچىلىپ سۆزلەپ.

ــــ قېنى، خوشە!

چوڭ پەرھات دوستلىرىنىڭ قولىنى قايتۇرۇشنى بىئەپ بىلىپ ھاراقتىن ئىككى رومكا ئىچىۋەتتى.

چۈشتىن كېيىن دوختۇرلار ئىشقا چىقىپلا چوڭ پەرھاتنى ئوپېراتسىيىخانىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ ئوپېراتسىيە ئورۇندۇقىغا شۇنداقلا ئولتۇرۇشىغا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن هاراق پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن دوختۇر قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمىشقا هاراق ئىچتىڭ؟

— بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى...، شۇڭا...

— تۇغۇلغان كۈنۈڭ بولسىمۇ نېمىشقا ئىچىسەن؟ هاراق ئىچكەن ئادەمگە ناركوز كار قىلمايدىغان تۇرسا!

— مەيلى! — دېدى چوڭ پەرھات مەردانە قىياپەتتە.

دوختۇر ئۇنىڭغا ناركوز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوپېراتسىيە پىچىقى تېگە-تەگمەيلا ئۇنىڭ بۇرنى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى.

چوڭ پەرھات ئىختىيارسىزلا: «ۋايجان، بەك ئاغرىپ كەتتى!» دەپ سالدى.

بىراق دوختۇر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى:

— كىم سېنى هاراق ئىچسۇن دەپتۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەردىنى ئۆزى بىلىپ، قولىدا ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىنى چىڭ تۇتۇپ، چىشىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنى تۇيۇقسىزلا خۇددى بىگىز تىققاندەك ئېچىشىپ ۋە چىڭقىلىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىزلا بۇرنىنى تۇتۇشقا تەمشەلدى. ئايال دوختۇر ياندىكىلەرگە ۋارقىرىدى:

— ئۇنىڭ قولىنى چىڭ بېسىڭلار!

ياندا تۇرغان كىچىك ئىلىيار ئىتتىك كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى خۇددى جىنايەتچىنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ كويزا سالغاندەك قايرىپ چىڭ تۇتۇۋالدى. ئىلىيار ئۆزى بەستلىك، قوللىرى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا چوڭ پەرھات مىدىر- سىدىر قىلالمىدى.

دوختۇر چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنىغا بىگىزدەك يوغان يىڭنىدىن يەنە بىرنى تىقتى. چوڭ پەرھاتنىڭ باشلىرىدىن ئاققان سوغۇق تەر ئېڭەكلىرىدىن سىرغىدى. سېپىترا ئۇنىڭ تەرلىرىنى ئېرتىۋاتاتتى.

ئوپېراتسىيە يېرىم سائەت داۋاملاشتى. بۇ يېرىم سائەتنىڭ ھەربىر سېكۇنتى چوڭ پەرھاتقا گويا بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بۇرنى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىۋاتقان چوڭ پەرھاتنىڭ ھەتتا ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلىشقىمۇ ماجالى قالمىدى. ئوپېراتسىيە ئاخىرلاشتى. لېكىن يېڭىدىن سېلىنغان سۇنئىي قاڭشار مايماق بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى چىقىرىپ يەنە قايتىدىن سېلىشقا توغرا كەلدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ بۇرنىغا سۇنئىي قاڭشارنى قايتا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇرنىنىڭ ئىچىگە لىقمۇ قىل پاختا تىقىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇرنى ناغرىدەك ئىششىپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل سالدى.

ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ئاغرىققىمۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. بۇرۇننىڭ ئىچىدىكى پاختىنى يەنە ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. گاھىدا چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنىدىكى پاختا قاندا چىلىق- چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، يېڭىدىن چىقىۋاتقان قان ئارىلاش سۇنى سۈمۈرەلمەي قالاتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇرنىدىن چىققان قان ئارىلاش ئاچچىق سۇ ئۇنىڭ گېلىغا مېڭىپ كېتەتتى.

ئىشقىلىپ، چوڭ پەرھات بۇ قېتىم مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلدى.

بولۇپمۇ ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ھارام تاياق يەپ بۇرنىنى ئېزىۋالغانلىقىنى ئويلىسىلا، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كېتەتتى.

ئابدۇسەمەت يەنە بۇرۇنقىدەكلا دوختۇرخانىنى ھەركۈنى ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. لېكىن يەنىلا چوڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى ياكى باشقىلار ئۇنىڭ كىشىرىگە ئۇنىمايتتى.

بىر كۈنى كىچىك پەرھات چوڭ پەرھاتنى چېكىپ باقتى:

— ئابدۇسەمەت تالادا تۇرغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، سىزنى يوقلاپ سەندىن ئەپۇ سورىمىسام بولمايدۇ، دېدۇ.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان چوڭ پەرھاتنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە؟ ئۇ مېنى نېمىشقا ئۇرىدىكەن؟ يا مەندە ئاداۋىتى بولمىسا!

كارىدوردا ساقلاپ تۇرغان ئابدۇسەمەت كىچىك پەرھاتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭدىن ئالدىراپ سورىدى:

— قانداق بولدى؟

— ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدىغاندەك ئەمەس، يەنە ئىككى كۈن تەخىر قىلغىن!

ئابدۇسەمەت تۇرغان يېرىدىلا بېشىنى تۇتقىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى:

— مەن نېمانچە دېۋەڭ! نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ساراڭلىق قىلغاندىمەن، ئاھ خۇدايىم!

كىچىك پەرھات شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئابدۇسەمەتكە خېلى نەگكۈزدى:

— مېنىڭ بېشىم ھەممىڭلارنىڭكىدىن كىچىك، شۇڭا ساڭا بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرۈش سالاھىيىتىممۇ يوق. ئەسلىدە سەن مەندەكلەرنى باشلىشىڭ كېرەك ئىدى. بىراق، ئېيتىپ باقە، نېمە قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ئويلاپ باقامسەن، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئايرىلىدىغانلىقىمىزغا يېرىم يىللا قالدى. ھەممەيلەن ئىجىل- ئىناق ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟ تېرىقچىلىك ئىشقىمۇ مۇشت كۆتۈرۈپ قوپقىنىڭ تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى!

ئابدۇسەمەت زۇۋان سۈرمەي، بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

كەچ سائەت توققۇز بولدى. كىچىك پەرھات كېسەلخانىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى، ئابدۇسەمەت تېخىچە دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا شۈمشىيىپ تۇراتتى. ئىچى ئاغرىغان كىچىك پەرھات ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ چۈشتى:

— چىراق ئۆچۈرىدىغان ۋاقىت بولدى ئاداش، كەتكىن! كەچكى تەكشۈرۈشتە يوق بولۇپ قالساڭ، گۇناھتىن يەنە بىرنى ئارتتۇالسەن. مەن ئەترەت باشلىقىدىن رۇخسەت ئالغان، سەن دەپ قويىمدىڭ تايىنلىق...

ئابدۇسەمەت: "مەن دوختۇرخانىدا قالاي" دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇ سەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىسا، بۇ يەردە تۇرغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى. بىز قارىساق بولدى، سەن كەتكىن ئاداش!

ئابدۇسەمەت ناھايىتى تەستە قايتتى.

ئەتىسى چۈشتە، ئابدۇسەمەت كىچىك پەرھاتقا يەنە تېلېفون قىلىپ، دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىغا چاقىردى.

ـــ ھازىر كىرسەم بولامدۇ؟ ـــ ئابدۇسەمەت كىچىك پەرھاتنى كۆرۈپلا سورىدى.

ـــ ھازىر ئەپلەشمەيدۇ، ھەپتە ئاخىرلاشسۇن. ھەپتە ئاخىرىدا باللارنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ. شۇ چاغدا باشقىلار بىلەن بىرگە كىرگىنىڭ ياخشى. ئۆزۈڭ يالغۇز كىرسەڭ ئۇنىڭ يەنە جۇدۇنى ئۆرلەپ قالسا چاتاق بولىدۇ!

ئابدۇسەمەتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.

ـــ چۈشتىن كېيىن يەنە دەرس بار، ـــ دېدى كىچىك پەرھات، ـــ چۈشتىن كېيىن قارايدىغانلارمۇ كەلدى، ماڭە، بىز قايتايلى. سەنمۇ قېنىپ ئۇخلىۋالغىن. قارىغىنا جۇدەپ كەتكىنىڭنى!

راست گەپنى قىلغاندا، كىچىك پەرھاتمۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئادەتتە شىنجاڭلىق باللار ناھايىتى يېقىن، ئىناق ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇسەمەت بىلەن چوڭ پەرھاتنىڭ ياتىقىمۇ قوشنا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئاداۋەتمۇ يوق ئىدى. ئادەتتە سەن- پەن دېيىشىپمۇ قالمايدىغان بۇ باللار قانداقسىگە بۇ ئىشنى تېرىپ قويغاندۇ؟ شۇڭا مەيداندا پۇتبول ئويناۋاتقان كىچىك پەرھات دەسلەپتە بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، چاقچاقمىكىن دەپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئادەتتە ياۋاش يۈرىدىغان ئابدۇسەمەتنىڭ بۇنچىۋالا چوڭ ئىش تېرىپ قويۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇنىڭدىن ئاغرىنغاننىڭ پايدىسى نېمە؟ ئەندىكى گەپ، ئابدۇسەمەتنىڭ مۇشۇ قىيىن كۈنلەردىن ئۆتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئىدى.

ئابدۇسەمەت يول بويى گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭغا كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. شۇ كۈنلەردە ئۇ جىق ئويلاندى؛ قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە چىدىغۇسىز ئازابلاندى. "مۇشۇ ئىش بىلەن مېنى مەكتەپتىن ھەيدىسە، شىنجاڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىمەن؟ ئەڭ يامان يېرى، ساقچى بولۇش ئارزۇيۇمغا يېتەلىشىم مۇمكىنمۇ؟" دەپ پۇچۇلىناتتى.

كېچىدە ئۇيقۇسى قاچقان ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىگە مەرھۇم ئانىسى كۆرۈندى. ئابدۇسەمەت تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ بېشىدا قوش چۆگىلىمچى بار ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئانا خۇشاللىقتىن قىن- قىنىغا پاتماي قالغانىدى: "قاراڭلار، ئوغلۇمنىڭ بېشىدا قوش چۆگىلىمچى بار ئىكەن، ـــ دېيىتتى ئانا ئۇرۇق- تۇغقان ۋە يېقىن- يورۇقلىرىغا،

ــــ ئوغلۇم خۇدا بۇيرىسا دېھقان بولمايدۇ، كادىر بولىدۇ، ئەمەلدار بولىدۇ. ئۇنىڭ بەختى ئۇچۇق بولىدۇ!» بىچارە ئانا ئابدۇسەمەتنى ئوقۇتىمەن دەپ جىگەر راكىغا گىرىپتار بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ باللار ئۇچۇن قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلدى. سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئانا ئابدۇسەمەتنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز مىدىرلايتتىيۇ، گەپ قىلالمايتتى. ئابدۇسەمەت ئانىسىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن: ”جېنىم ئوغلۇم، ئوبدان ئوقۇغىن، چوڭ بولغاندا...“ دېگەنلىكىنى يۈرىكىدە سېزىپ تۇراتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى: ئەگەر مەكتەپتىن ھەيدەلسەم، مېنى ئوقۇتىمەن دەپ تىنىم تاپماي ئىشلەپ قېرىپ- مۈكچىيىپ كەتكەن دادامغا يۈز كېلەلمەيمەن. ئېلىجاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىچارە دادام تۈگىشىپلا كەتتى. ئەگەر مەن ”مېنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەتتى“ دەپ بارسام، دادام بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىملىرىم ماڭا شۇنداق ياردەم قىلغان، شۇنداق كۆيۈنگەنىدى، مەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى. مەكتەپتىن قوغلاندى بولۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ئابدۇسەمەت ئىچىدە ئويلايتتى: ساقچى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغىنىم بىلەن لاياقەتلىك ياردەمچى ساقچى بولالىشىمغا خېلى بار ئىكەن. ناۋادا ئىدىيە، مەدەنىيەت، پەزىلەت جەھەتلەردىن ئۆزۈمنى يەنىمۇ تاۋلىمىسام، كەلگۈسىدە ساقچى بولالىغان تەقدىردىمۇ، بۇ قېتىمقىدەك قاملاشمىغان ئىشلاردىن ساقلىنالىشىم تەسكەن... ئەمدى پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرىۋەرگەنىنىڭ پايدىسى يوق. ئوغۇل بالىدەك نەدە يىقىلغان بولسام شۇ يەردىن دەس تۇرۇۋشۇم كېرەك.

شەنبە كۈنى دەرس يوق ئىدى. چۈشتە بىر مۇنچە بالا چوڭ پەرھاتنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇسەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىۋېتىپ كىچىك پەرھاتتىن سورىدى:

ــــ ئۇ مېنى كەچۈرەرمۇ؟

ــــ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئوبدان چۈشەندۈرگىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇمۇ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالماس. ئۇ پەقەت سېنى كەچۈرسىلا بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق. قانداقلا

بولمىسۇن تۆت يىل بىر قازاننىڭ تامقىنى يېدۇق. بۇ ئاسانمۇ؟ پات ئارىدا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا تەرەپ- تەرەپكە پىتراپ كېتىمىز. يەنە قاچان كۆرۈشەلەيمىز، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

بالىلار كۆلكە- چاقچاق بىلەن چوڭ پەرھاتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ناھايىتى قورۇنۇپ كېتىۋاتقان ئابدۇسەمەت گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قىينىلاتتى.

كىچىك پەرھات چوڭ پەرھات كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا دېدى:

— قارىغىنا، ئابدۇسەمەت سېنى يوقلاپ كەلدى، — ئۇ ئابدۇسەمەتكە قاراپ كۆزنى قىسىپ قويدى.

ئابدۇسەمەت كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئىتتىك كېلىپ:

— قانداقراق تۇرىسەن ئاداش؟ خېلى ئوڭلىنىپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى چوڭ پەرھاتقا چىن سەممىيەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ، — ھېلىقى كۈنى مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. مەندە باشقا نىيەتمۇ يوق ئىدى. بۇنچىۋالا بولۇپ كېتەرىنى كىم بىلسۇن دېمىسەن، ئاداش!

— شۇنچىۋالامۇ ئۇرغان بارمۇ ئەمدى، — دېدى چوڭ پەرھات تېرىكىپ، — قارىغىنا، بۇرنۇمنىمۇ ئېزىۋېتىپسەن!

— مېنى كەچۈرگىن جېنىم ئاداش، — دېدى ئابدۇسەمەت ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — ئازمايدىغان ئادەم بولمايدىكەن، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، ئۇ كۈنى كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، ئازراق ئىچىپ قويۇپ...، شۇ ...

بالىلارمۇ تەرەپ- تەرەپتىن ئابدۇسەمەتنىڭ تەرىپىنى ئالدى:

— ئابدۇسەمەتمۇ بەك پۇشايمان قىلدى. سەن بالنىستا يېتىپ قالغان كۈندىن باشلاپ ئۇ ھەركۈنى مۇشۇ يەردە. بىراق، ئاچچىقى يانمىغان بولسا، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئىش قىلىپ قويارمەنمۇ دەپ يېنىڭغا كىرىشكە پېتىنالمىدى. شۇنداقمۇ ئابدۇسەمەت؟

— بولدى قىلىۋەتكىن ئاداش، ئۇنى كەچۈرگىن. ئابدۇسەمەتمۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ نەچچە قېتىم يىغلاپ كەتتى. ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتكىن، بولامدۇ؟

چوڭ پەرھاتنىڭ ئۆرلەپ تۇرغان جۇدۇنىمۇ خېلى پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى:

— كەچۈرمەيدىغان ئىش يوق. بىراق، بۇندىن كېيىن بۇرنۇمدىن نېرىراق تۇرساڭلا بولدى!

ئابدۇسەمەت ئۇھ دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ۋە چوڭ پەرھاتقا سەپ سېلىپ قارىدى:

— بۇرنۇڭ بۇرۇنقىدىن چىرايلىق بولۇپ قاپتۇ، جۇمۇ!

— ھە راست، ئىلگىرى بۇرنۇڭ سەل مايماقتەك قىلاتتى، مانا ھازىر ئېلىپتەك تۇرامدۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ بىر مۇشتىغا رەھمەت دېسەڭ بولغۇدەك، تېخى!

باللار پاراققىدە كۈلۈشتى. ئارىدىن بىرى سوراپ قالدى:

— مەكتەپكە ئابدۇسەمەت بۇرنۇمنى ئېزىۋەتتى، دەپ دەۋا قىلىپ يۈرمەيدىغانسەن؟ ئۇنداق قىلساڭ ئابدۇسەمەت بىچارە قوغلاندى بولىدۇ، شىنجاڭلىق 10 ساۋاقداشتىن توققۇزىمىز قالىمىز...

چوڭ پەرھات قورسىقىدىكى گەپنى قىلدى:

— دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان دەسلەپكى كۈنلىرى بۇرنۇم قاتتىق ئاغرىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم. شۇ چاغدا مەكتەپكە ئېيتىپ ئۇنى قوغلىتىۋەتمەيدىغان بولسام، دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم. ھازىر ئاغرىقمۇ بېسىقتى، ئۇ ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم.

— 30 يىلدىن كېيىن ھەممىمىز بوۋاي بولىمىز. شۇ چاغدا سەنمۇ نەۋرەڭگە بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىسەن. رەسىمدىكى ھەممەيلەننى بىر- بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ، ئابدۇسەمەتكە كەلگەندە ''مانا ماۋۇ ئابدۇسەمەت بوۋاڭ بولىدۇ، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا مېنىڭ بۇرنۇمنى ئۇرۇپ ئېزىۋەتكەن'' دەپ چۈشەندۈرۈپ كېتىسەن.

باللار يەنە كۈلۈشتى. مېھرىگۈل بىلەن چوڭ پەرھاتنىڭ لايىقىمۇ تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇسەمەت تەلەپ قىلىپ كېسەلخانىدا قېلىپ چوڭ پەرھاتقا قارىدى. ئاخشىمى چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنىدىكى پاختىدىن تەپچىرەپ قان سىرغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇرنىنى ئاستا ئېرتتى. قان توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئابدۇسەمەتمۇ ئۇنىڭ بۇرنىنى تىنىم تاپماي ئېرتاتتى، چوڭ پەرھات مۈگدەپ

قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇرنىنى ئابدۇسەمەتنىڭ ئېرتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرنىنى ئېرتىۋاتقىنى ئادەتتىكى قول ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر قېرىنداشلىق مېھىر- مۇھەببەت سىڭگەن شىپالىق قول ئىدى. تۇيۇقسىزلا، چوڭ پەرھاتنىڭ چىڭ يۇمۇلغان بىر جۈپ كۆزىدىن تامچە- تامچە ياشلار سىرغىشقا باشلىدى...

چوڭ پەرھات ئابدۇسەمەتنى كەچۈردى. لېكىن بۇ ئىشنى مەكتەپنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ساقچى ئىنستىتۇتىدىكى تۆزۈملەرنىڭ نەقەدەر چىڭ ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلەتتى. ئىككى كۈن سەۋەبسىز دەرس قالدۇرغانلار ھەيدىلىۋاتقان تۇرسا، ساۋاقدىشىنىڭ بۇرنىنى ئۇرۇپ ئېزىۋەتكەن ئادەمنىڭ تەقدىرى قانداق بولماقچى ئىدى؟ شۇڭا ئابدۇسەمەت، مېھرىگۈل، كىچىك پەرھاتلارنىڭ ئولتۇرسا- قوپسا ئويلايدىغىنى ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشلا ئىدى.

مەكتەپتىكى خەنزۇ بولسۇن، ئۇيغۇر بولسۇن ئابدۇسەمەتنىڭ بارلىق ساۋاقداشلىرى بۇ ئىشنى ئەپلەپ- سەپلەپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۆبە ئەترەت باشلىقى ۋاڭ چىڭفۇ چوڭ پەرھاتنى يوقلاپ كەلگەندە رېھىم ئۇنىڭغا «يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلىنىپتۇ» دەپ قويغانىدى. بىراق، پاختىنىڭ ئىچىدە چوغنى ساقلىغىلى بولمايدۇ- دە! ئۇ ئىككىسى مۇشتلاشقان چاغ دەل چۈش ۋاقتى بولغاچقا، نۇرغۇن خەنزۇ باللار كۆرگەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولامتى؟

مېھرىگۈل ئاۋۋال ۋاڭ چىڭفۇغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— چوڭ ئەترەت باشلىقى لى كې بۇ ئىشنى ئۇققاندىمۇ؟

— ئۇقۇپتۇ.

— قانچىلىك ئۇققاندۇ؟

— بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ، — دېدى ۋاڭ چىڭفۇ، — مەنغۇ باشقا گەپ قىلمىدىم. مېنىڭچە ئىشنىڭ راستىنى ئېيتقىنىڭلار تۈزۈكمىكىن. ۋاڭ چىڭفۇمۇ ئابدۇسەمەتنىڭ قوغلاندى قىلىنىشىنى خالىمايتتى.

كەچتە ئابدۇسەمەت بىلەن كىچىك پەرھات لى كىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار ئالدى بىلەن ھېلىقى 2000 يۈەننى قايتۇردى، ئاندىن ئابدۇسەمەت بولغان ئىشنى يىپىدىن- يىڭنىسىغىچە بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتتى.

— ئازراق ھاراق ئىچىپ قويغاچقا ئۆزۈمنى تۇتالماي قاپتىمەن، — دېدى ئابدۇسەمەت.

بولغان ئەھۋالنى ئۇققان لى كې ئەپسۇسلاندى:

— ھەي، ئابدۇسەمەت! ھەي، ئابدۇسەمەت! ئادەتتە شۇنداق ياۋاش، ئەدەبلىك يۈرسەن. بۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلغىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟ ھەي، ھەممىڭلار شىنجاڭلىق باللارغۇ، قېرىنداشلاردەك ئۆم ئۆتسەڭلار بولمامدۇ؟ . . .

ئابدۇسەمەت ئومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى:

— گۇناھ مەندىن ئۆتتى، مەن خاتالاشتىم. ئەترەت باشلىقى، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشنى مەكتەپكە تىنمىسىڭىز! چوڭ پەرھات ئىككىمىز يۇرتداش، ئۇمۇ مېنىڭ قوغلاندى بولۇشۇمنى خالىمايدۇ. ئائىلىمىزدە 11 بالا بولغىنى بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرەلىگەندىن پەقەت مەنلا. . .، مەن . . .، — ئابدۇسەمەتنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان لى كىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. لى كې ئابدۇسەمەتنىڭ ئالىي مەكتەپتە تۆت يىلنى مىڭ بىر جاپادا ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەتتى. بەزىدە ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن ئاران بىرەر- ئىككى يۈز يۈەنلىك پۇل چېكىنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى.

— ئەھۋالنى ئېنىقلەپ باققاندىن كېيىن بىر نېمە دەيلى، — دېدى لى كې بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — كۆچۈمىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ باقاي!

بۇ گەپتىن تەسىرلەنگەن ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلار تاراملاشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، لى كې بۇ ئىشنى يەڭ ئىچىدىلا تۈگىدى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەت ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق خەۋپتىن ئاخىرى ئامان قالدى.

> **9. "بۈگۈن سىلەر ئانا مەكتەپلەردىن پەخىرلەنسەڭلار، ئەتە ئانا مەكتەپلەر سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ".**

شەرقىي شىماللىقلارغا خاس خۇش خۇيلۇقى بىلەن مەردانە يۈرىدىغان لى كې ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ شۇم خەۋەرگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ قولى ھېچ ئىشقا بارمىدى. ئولتۇرسا - قوپسا ئابدۇسەمەتنىڭ خۇش پېچىم چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئابدۇسەمەتلەرنىڭ سىنىپىنى توپتوغرا تۆت يىل تۇتتى. بۇ تۆت يىل جەريانىدا، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن بىر توپ شوخ ھەم تېتىك، ساددا ھەم بەگۇۋاش بالىلارنىڭ ئاستا - ئاستا تاۋلىنىپ قامەتلىك ياردەمچى ساقچىلاردىن بولۇپ چىققانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. دۇرۇس، ئۇلارنىڭ بويى ئۆستى، بىلىمى ئۆستى، ساپاسى ئۆستى، كۆزى ئېچىلدى. ئۆزگەرمىگىنى پەقەت ئۇلاردىكى ياش ھەم ئۆزى ئالمىدەك بولغىنى بىلەن ئاتەش ھارارىتى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان قىپقىزىل يۈرەكلا ئىدى.

بۇ تۆت يىل جەريانىدا لى كې بالىلار ئۈچۈن قانچىلىك غەم يېگەن، قانچىلىك خاپا بولغان، قانچىلىك تىنتىلدىغان، قانچىلىك باش قاتۇرغان بولمىسۇن، ئايرىلىش دەملىرى يېتىپ كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەل ۋە قىممەتلىك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

بالىلار ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا ئاز قالدى. ئۇلار ھە دەپ خىزمەت ئۇقۇشىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئابدۇسەمەت لى كېنىڭ يېنىغا مەسلىھەت سوراپ كىردى:

— مۇئەللىم، مەن شېنجېنغا باراي دەيمەن، سىزنىڭچە بولامدۇ؟

لى كېنىڭ گېپى ئوچۇق ئىدى:

— شېنجېن دېلو جىق چىقىدىغان يەر، — دېدى ئۇ، — چېنىقىش پۇرسىتىمۇ كۆپ، كىرىمىمۇ يۇقىرى. ئائىلەڭگە ياردەم قىلالىشىڭدا گەپ يوق. لېكىن ئىش ئېغىر، بۇنى ئوبدان ئويلان.

ئابدۇسەمەت شىنجىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، لى كې ئابدۇسەمەتنىڭ جاپالىق چېنىقىشقا بەل باغلىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى ھەم ئۇنىڭ پايانسىز سامادا مەردانە شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان كۈننىڭ ھارپا ئاخشىمى ئىدى. ئۇنتۇلغۇسىز ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا يۈرىكى لەرزىگە كېلىۋاتقان باللارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق، تەجرىبىلىك لى كېنىڭ خىياللىرى باشقا يەردە ئىدى: بۈگۈن ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ، باللارغا ئوبدان قاراش كېرەك. چۈنكى باللار ساقچى ئىنستىتۇتىنىڭ جانىنى ئالغۇدەك قاتتىق ئىمتىھانلىرىدىن ئاخىرى قۇتۇلدى. خىزمەت تەقسىماتى ئۇيلىغىنىدەك بولماي كۆڭلى يېرىم بولغان بەزى باللارنى ھاراق ئىچىپ، بىرەر ئىش تېرىپ قويمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ ـ دە!

كونا بەل ئاغرىقىنى تامامەن ئۇنتۇغان لى كې ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىدا ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا قاتراپ، ھېلى بىرسىگە تەسەللىي بەرسە، ھېلى بىرىنى كۆزىتىپ باقاتتى.

ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى. ئۇ گەپ قىلالمايتتى، كۆزلىرىدىن تاراملىغان ياشلار ئۇنىڭ مەڭىزلىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىيتتى. باشقا باللارمۇ ئۈنسىز ئىدى. بەزىلەر تامغا يۆلەنگىنىچە داڭقىېتىپ ئولتۇراتتى؛ بەزىلەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرىۋاتاتتى. ياتاقنى ئاجايىپ بىر خىل تىمتاسلىق قاپلىغانىدى.

لى كې باللارغا بىلىكىدىكى سائەتنى ئىشارە قىلدى:

ــــ سائەت بىر بوپتۇ. چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭلار!

چىراغ ئۆچتى. لېكىن ئۇ ياتاقتىن چىقىپ ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا چىراغ يەنە يورىدى. لى كې چىرىغى يېنىقلىق تۇرغان يەنە بىر ياتاققا كىردى. ئادەتتە مەكتەپتە تاماكا چېكىش مەنئىي قىلىناتتى. ھېلىقى ياتاقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان بىر بالا لى كېنى كۆرۈپ تاماكاسىنى ئاستا تىقىشتۇردى:

ــــ مۇئەللىم، بىز مۇشۇ كەمگىچە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ كەلدۇق. بۈگۈن بىرەر قېتىم ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ قويۇشىمىزغا يول قويالارسىزمۇ؟

ئۆزنگە تىكىلىپ تۇرغان جۈپ-جۈپ ئىلتىجالىق كۆزلەر لى كېنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىۋەتتى:

— بەك ئۈزۈن ئولتۇرۇپ كەتمەڭلار، ئەتىگەنلىككە يەنە گىمناستىكىغا چىقىمىز.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى لى كې ھەيران قالدى. چۈنكى بالىلارنىڭ سۈرئىتى ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا تېز، ھەرىكىتى ناھايىتى رەتلىك ئىدى.

لى كې سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۇكىلىرىم، بۇ، ئەتىرىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق گىمناستىكىسى. ھازىر بىز ئايىغىمىزنىڭ ئاستىدىكى ئۆزىمىز سانسىز قېتىملاپ يۈگۈرگەن، ھەر بىر تال گىياھىسى بىزگە بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتكەن يولنى بويلاپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈگۈرۈيمىز!

"بىر- ئىككى- بىر، بىر- ئىككى- بىر!" چوڭ ئەترەتتىكى توققۇز شۆبە ئەترەت رەتلىك قەدەم ئېلىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئادەتتە ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغا چىققان بالىلار ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدا يۈگۈرگەندە، بەزىلىرى ئېرىنچەكلىك قىلىپمۇ قالاتتى. لېكىن بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر بالىلارنىڭ قەدىمى ئىنتايىن رەتلىك ئىدى.

"بىر- ئىككى- بىر، بىر- ئىككى- بىر، بىر! ئىككى! ئۈچ! تۆت!"

ياڭراق كوماندا ساداسى بالىلارنىڭ رەتلىك ھەم ھەيۋەتلىك ئاياغ تىۋىشىغا قوشۇلۇپ مەشىق مەيدانىنىڭ ئاسمىنىدا ئەكس سادا قايتۇراتتى.

رەتلىك فورما كىيگەن چوڭ ئەترەت باشلىقى لى كې، سىياسىي كومىسسار ۋە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى يول ئېغىزىدا تۇرۇپ بالىلارغا چاس بەردى.

بالىلار يۈگۈرۈپ بولۇپ كېلىپ راھەتتە تۇردى. لى كې بالىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى:

— ساۋاقداشلار، سىلەر ھەر يەر- ھەر يەردىن كېلىپ، ئىنستىتۇتىمىزدا تۆت يىل ئوقۇدۇڭلار. مانا، ئايرىلىش مىنۇتلىرىمۇ يېتىپ كەلدى، شۇ تاپتا سىلەردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ. سىلەر ساقچى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ جامائەت- خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا كىرىش، جۇملىدىن جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدا

تۇرۇسىلەر. سىلەرگە مۇنداق ئىككى جۈملە گەپنى ھەدىيە قىلماقچىمەن: ”بۈگۈن سىلەر ئانا مەكتىپىڭلاردىن پەخىرلەنسەڭلار، ئەتە ئانا مەكتىپىڭلار سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ...“.

لى كې ئارقا تەرەپكە قول ئىشارىسى قىلدى. قاياقتىندۇر ئاجايىپ تونۇش بىر مېلودىيە ياڭرىدى. باللار ئەتراپقا قاراشتى. ناخشا ئىككىنچى قەۋەتكە يېڭىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رادىئو كارنىيىدىن چىقىۋاتاتتى. ئورغۇن باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— ئاھ، «ئاق يول تىلەيمەن» دېگەن ناخشا! شۇنداق، ۋۇ چىلوڭنىڭ «ئاق يول تىلەيمەن» دېگەن ناخشىسى!

لى كې ناخشا سادايىسى ئىچىدە سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك چاس بەرگەندىن كېيىن، ئاخىرقى قېتىملىق كوماندىسىنى بەردى: ”تارقىلىڭلار!“. لېكىن باللار تارقىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ ھېلىقى ناخشىنى ئاڭلاۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن بەزى باللار يىغلاپ كەتتى، يىغا ئاۋازى بارا- بارا كۆچەيدى. ئاخىرى ھەممەيلەن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىككى نەپەر ياش ئەترەت باشلىقمۇ ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى...

باللار ۋە مۇئەللىملەر ئاستا- ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. لى كې بىنانىڭ ئالدىدىكى پەشتاقتا ئولتۇرۇپ سائىتىگە قارىدى. سائەت ئالتە يېرىم بولغانىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ناشتا قىلىدىغان ۋاقتى ئىدى. لېكىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماۋاتقان لى كې ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

لى كې 202- ياتاققا كىرگەندە باللار بىر- بىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئەستىلىك قالدۇرۇۋاتاتتى.

ئابدۇسەمەت چوڭ پەرھاتنىڭ خاتىرىسىگە: ”قىلغان ئىشلىرىمغا ئەپسۇسلىنىمەن، يۈزۈم قىزىرىدۇ دوستۇم! سەندىن كۆچۈرۈم سورايمەن. سەندەك ھەققىي ئەركەك دوستۇمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. تەقدىر بىزنى بىر ئۆلكىدە يەنى گۇاڭدۇڭدا ئىشلەشكە نېسىپ قىپتۇ. سەن بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرالايدىغانلىقىمنى ئويلىسام، خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغماي قالىمەن!“ دەپ يازدى. ئۇ يەنە ياتاقداشى فۇ خاۋنىڭ خاتىرىسىگە: ”دوستۇم فۇ خاۋ، ئۆمۈر بويى ئەمىن

ئۆتكەيسەن!» دەپ يىزىپ قويىدى. فۇ خاۋمۇ ئابدۇسەمەتنىڭ خاتىرىسىگە: «ئاداش ئابدۇسەمەت، ئاق يوللۇق بولغايسەن!» دەپ يازدى.

ئابدۇسەمەت لى كېنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مۇئەللىم، سىز ماڭا خۇددى دادامدەك خەيرخاھلىق قىلدىڭىز. ناۋادا سىز شېنجېنغا بېرىپ قالسىڭىز، سىزنى ئوبدان كۈتۈۋالىمەن. بېرىپ قالسىڭىز مېنى چوقۇم خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ! — ئۇ لى كېنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغىنى چىرايلىق گەپ- سۆز ئەمەس، بەلكى يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان چىن ھېسسىيات. ئادەتتە گەپ ئويىنىتىشنى ئۇقمايدىغان ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ سۆزلىرى لى كېنىڭ يۈرەكلىرىنى ھاياجانغا سالدى. شۇ چاغدىكى ئىشلار لى كېنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقىدەكلا تۇرىدۇ. ئەپسۇس، ئۇ شېنجېنغا بارالمىدى، بۇ ساددا شاگىرتىنى كۆرەلمىدى.

ھەممە ئىش تېخى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەكلا ئىدى. شۇڭا شېنىياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچىسى خۇاڭ خۇي تېلېفوندا ئۇنىڭغا: «مۇئەللىم ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئابدۇسەمەت قازا قىلىپ كېتىپتۇ!» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەندە، ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

— ۋۇي، نېمە دەيدىغانسىز، زادى نېمە بولۇپ؟ — دەپ سورىدى جىددىيلىشىپ كەتكەن لى كې.

— ئېنىق ئۇقمىدىم، بىر ئۇيغۇر قەست قىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

لى كې دەرھال بىر نەچچە ئوقۇغۇچىسىغا تېلېفون قىلىپ بۇ ئىشنىڭ راست- يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

قانداق ئىش بۇ؟ تۆت يىلدىن بۇيان كۆز ئالدىمدا تايچاقلاردەك قىيغىتىپ يۈرگەن، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان چاغلاردىن باشلاپلا ھاياتنىڭ جەۋر- جاپاسىنى يەتكۈچە تارتقان ئابدۇسەمەت بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتىما؟ لى كېنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ تېخى ياش ئىدىغۇ؟ دۇرۇس، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى خەۋپ- خەتەرنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكى، تەجرىبىسىزلىكى ئۇنىڭ

ياش جېنىغا زامىن بولدى. لى كې ئابدۇسەمەتنىڭ ئانا مەكتىپىدىن ئايرىلىپ توققۇز ئايدىن كېيىنلا قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسىلا چەكسىز ئۆكۈنۈش ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى.

ئەلۋەتتە، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ياش بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئابدۇسەمەت خەلق مەنپەئىتىنى دەپ قۇربان بولدى، ئۇ ئانا مەكتىپىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمىدى، ئانا مەكتىپى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ!

# ئۈچىنچى باب

## ئەنقا شەھىرىنىڭ كۆز يېشى

**10. كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشكەن مېھرىگۈل شىنجېڭغا ئۈچىنچى قېتىم كەلدى.**

3- ئىيۇن كۈنى ئابدۇسەمەت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مېھرىگۈلگە ھەربىر مىنۇت گويا بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا كەچمىگەن ئويلار كېچەتتى: ئۇ ھېلىقى يەردە ئىچىپ مەست بولۇپ قالدىمۇ- يا؟ يولدا ئالىمادىس ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالمىغاندۇ؟ يامان نىيەتلىك كىشىلەر دورا بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىپ، بۇلاپ كەتكەن بولسا قايتىپ كېتەلمەيۋاتامدۇ- يا؟ مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى يەتمىگەن يەرلەرگە يەتتى. بىراق، ئاخىرىدا يەنە ئۆز ئويىنى ئۆزى ئىنكار قىلاتتى.

بىراق بىر ئىش ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى يەنى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى: ئابدۇسەمەت ھاياتلا بولسا، ھەتتا ئاخىرقى نەپىسى قالغان تەقدىردىمۇ ماڭا چوقۇم تېلېفون قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالسا قانچىلىك تىت- تىت بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ مېنىڭ ياش تۆكۈشۈمگە چىدىيالمايدۇ .

ئۇ تېلېفوننى يىتتۈرۈپ ياكى بۇلىتىپ قويدىمۇ- يا؟ بىراق ئۇنىڭ ئىككى تېلېفونى بارغۇ، تېلېفونى يىتىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاممىۋى تېلېفوندا ”ھالىڭ قانداق“ دەپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ!

ۋارقىرىسا ئۈن، قارىسا كۆز يەتمەيدىغان شىنجېڭدىكى كىمگىلا تېلېفون قىلسا ”تېخى تاپالمىدۇق، بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ“ دەيدۇ. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟

ئابدۇسەمەت زادى نەدىدۇر ؟ ئۇيىلا ـ ئۇيىلا ئاخىرى تاقىتى تاق بولغان مېھرىگۈل ئىدارىدىن رۇخسەت ئېلىپ شىنجىننىغا بېرىش قارارىغا كەلدى.

بىراق نېمە دەپ رۇخسەت سوراش ئىشىدا بېشى قېتىۋاتاتتى : نېمە دەپ رۇخسەت سورىسام بولار؟ «لايىقىم يوقاپ كېتىپتىكەن » دەيمەنما ؟ «نېمىشقا يوقاپ كېتىپتۇ؟» دېسىچۇ ؟ زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى شىنجىندىكىلەرمۇ ئۇقمايدىغان تۇرسا. ناۋادا بۇ ئەنسىرەشلىرىم كۆلكىلىك بىر ئىشقا ئايلىنىپ، ھەممىگە يۈز كەتسە، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

مېھرىگۈل ئاخىرى باشلىقلىرىغا يالغان ئېيتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ تونۇش دوختۇردىن بىرنى تېپىپ ئىسپىراپكا ئالغاندىن كېيىن، شۇنى تاشلاپ بېرىپلا ئاز كۈن دەم ئالىمەن، دەپ قويۇپ شىنجىننىغا دىككىدە بېرىپ كەلمەكچى بولدى.

4 ـ ئىيۇن كۈنى چۈشتە بۇجى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى سۈڭ مىڭياۋدىن تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى.

ـــ مېھرىگۈل، شىنجىننىغا بىر كېلەمسىز؟

ـــ بولىدۇ، مەن دەرھال باراي.

ـــ ھە راست، ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيدىكىلەرگىمۇ تېلېفون قىلىڭ. دادىسى بىلەن ئاكىسىمۇ كەلسۇن!

مېھرىگۈل ماقۇل بولدى. ئۇ دەرھال كىرىپ باشقارما باشلىقىدىن رۇخسەت سورىدى.

ـــ سىز بارماي تۇرسىڭىز بولارمىكىن، ـــ دېدى باشقارما باشلىقى، ـــ ئويلىنىپ بېقىڭ، ئەڭ ياخشىسى بارماڭ، ماقۇلمۇ؟

مېھرىگۈل چىقىپ كېتىپ بەش مىنوت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قايتىپ كىردى.

ـــ مەن ئويلىنىپ بولدۇم، ـــ دېدى مېھرىگۈل، ـــ ماڭا رۇخسەت قىلغان بولسىڭىز بوپتىكەن. ئابدۇسەمەت ئامان ـ ئېسەن بولسا، دەرھال قايتىپ كېلىمەن. ناۋادا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالغان بولسا، ئۇزۇنراق تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

ئۇ يەنە «ناۋادا ئۇ يارىلانغان بولسا، خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا قاراشقا رازىمەن...» دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى .

بىراق ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پۇرسىتىنىڭ ئەبەدىي كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

مېھرىگۇل باشقارما باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇنىڭغا 20 مىنۇت يالۋۇرغاندىن كېيىن، باشلىق ئاخىرى قوشۇلدى. ئەسلىدە شېنجېندىكىلەر ئابدۇسەمەتنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭغا تېلېفوندا خەۋەر قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ مېھرىگۇلنىڭ شېنجېنغا بارسا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى بارماڭ دېگەنىدى. بىراق ئۇ مېھرىگۇلنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

مېھرىگۇل رۇخسەت ئالغان ھامان ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە تېلېفون قىلدى:

— ئابدۇسەمەت شېنجېندا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ باشلىقلىرى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسىنى كەلسۇن دەۋاتىدۇ.

— ۋۇي، نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — دېدى يۇسۇپجان، — بوپتۇ، بارساق بارايلى، مەن دادامغا دەي!

— ئۇنداق بولسا ئەتىدىن قالماي ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولۇڭلار ، — دېدى مېھرىگۇل، — مەن 6 - ئىيۇننىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى تەق قىلىپ تۇراي. سەل تۇرۇپ شېنجېنغا بارىدىغانلارنىڭ كىملىكنامە نومۇرىنى ماڭا دەپ بېرىڭ.

— بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپجان، — سەل تۇرۇپ تېلېفون قىلىمەن.

بىر سائەتتىن كېيىن مېھرىگۇل يەنە تېلېفون قىلدى.

— دادام بىلەن پاراڭلاشتىم، — دېدى يۇسۇپجان، — دادام سەل ساقسىز بولۇپ قالغان، شۇڭا بارالمايدىغاندەك تۇرىدۇ. تۇرسۇن ئاكام ئىككىمىز بارار بولدۇق. ئۇنداق بولسا مەن ئىككىمىزنىڭ كىملىكنامە نومۇرىنى دەپ بېرەي...

مېھرىگۇل ھېسابلاپ باقتى. ئۈچ ئادەمنىڭ ئايروپىلان بېلىتىگە 5000 يۈەندەك پۇل كېتەتتى. ئۇ بىر تورخانىغا كىرىپ يەڭگىسى بىلەن ئاچىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ شېنجېنغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ، شۇڭا پۇل لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يانفونىنى ئىشلەتسە، تېلېفون كارتىسىدىكى پۇل تۈگەپ كېتىپ، ئابدۇسەمەت بىلەن ئالاقىلىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تورخانىدىن تېلېفون قىلغانىدى.

ئۇ تورخانىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى. قارىسا يېقىن بىر دوستىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى.

— سەل تەخىر قىلىڭ، — دېدى ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ، — بىردەمدىن كېيىن مەن سىزگە تېلېفون قىلاي.

دەل شۇ چاغدا بىرەيلەن تۇيۇقسىز كېلىپلا ئۇنىڭ تېلېفوننى كاپپىدە قىلىپ ئالدى- دە، بەدەر تىكىۋەتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مېھرىگۈل جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— بۇلاڭچى، تېلېفونۇمنى بۇلاپ قاچتى! — ئۇ بۇلاڭچىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئىككى قەدەم يۈگۈرە - يۈگۈرمەيلا پۇتىدىكى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، يالاڭ ئاياق يۈگۈردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ تىزى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مېھرىگۈل ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ قارىسا، تىزىدىن بۇلۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى. مېھرىگۈل بۇلاڭچىنىڭ كەينىدىن يەنە قوغلىدى. بىراق، ئوقتەك يۈگۈرگەن بۇلاڭچى كەچلىك بازارغا كىرىپلا كۆزدىن غايىپ بولدى...

غەزەپ ۋە ھەسرەتتىن تىترەپ كېتىۋاتقان مېھرىگۈل تورخانىغا يېنىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلىۋىدى، ئۇلاندى. ئۇ بۇلاڭچىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، تېلېفوننى ماڭا ياندۇرۇپ بەرگىن. مەن ساڭا پۇل بېرەي... بىراق، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۈچۈرۈۋەتتى. ئاڭغىچە تورخانا خوجايىنى مېھرىگۈلنىڭ ئايىغىنى ئەكىرىپ بەردى.

مېھرىگۈل ئاقساپ يۈرۈپ ياتىقىغا باردى. بىر دوستى كېلىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ يارىسىنى يۇيۇپ تاڭدۇردى. ئۇ ئابدۇسەمەتتىن تېلېفون كېلىپ قالسا ئالاقىلىشالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، يانفوندىن بىرنى سېتىۋېلىپ تولۇقلاپ كارتا بېجىردى.

ئەتىسى شەنبە ئىدى. ئۇلار مېھرىگۈلگە ئۈچ دانە ئايروپىلان بېلىتىنى ئەكىلىپ بەردى، ئۇ بېلەتنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئالغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىككى ئاكىسى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار خوتەندىن ئاپتوبۇس بىلەن بىر سوتكىدا يېتىپ كەلگەنىدى.

6 ـ ئىيۇن ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا، ئىلىيار ئۇچەيلەننى ئايرودرومغا يەتكۈزۈپ باردى. بىراق، ئايروپىلانغا چىقىدىغان چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ كىملىكنامە نومۇرىدىكى بىر رەقەمنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئايروپىلانغا چىققىلى قويمايتتى. شۇڭا، بىلەت قايتۇرۇۋېتىلدى . ئۇ خوتەنگە قايتتى.

ئايروپىلان سائەت 8 دىن 35 مىنوت ئۆتكەندە قوزغالدى. كۆكتە غارقىراپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان مېھرىگۈلگە كۆتەك ھارۋىدىنمۇ ئاستا كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بۇ ئۇنىڭ ئۇچىنچى قېتىم شىنجېنغا بېرىشى ئىدى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى كىتاب ـ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى، بەزىلىرى ئۇنى ـ بۇنى يەپ ئولتۇراتتى ، بەزىلىرى مۈزگىگەلا ئاڭلاۋاتاتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇيغۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى. بىراق مېھرىگۈلنىڭ ھېچنېمىگە تاقىتى يوق ئىدى. ئىلگىرى شىنجېنغا بارغان چاغدىكى ئىشلار تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يادىغا كەلدى.

مېھرىگۈل بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى يەنى 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجېنغا تۇنجى قېتىم بارغانىدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئابدۇسەمەت ئۇنى ئايروپىلان بىلەن كېلىڭ دەپ، ئۇنىڭ كارتىسىغا پۇل سالغانىدى. بىراق، مېھرىگۈل ئايروپىلان بىلىتى ئېلىشقا كۆزى قىيماي، پويىز بىلىتى ئالدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭدىن تېلېفوندا سورىدى:

— نېمىنىڭ بىلىتىنى ئالدىڭىز؟

— ياتقۇنىڭ.

ئەمەلىيەتتە مېھرىگۈل قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ بىلىتىنىمۇ ئالالمىغانىدى . مېھرىگۈلنىڭ ياتاقدىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— بولدى بارماڭە ! پويىزدا ئۆرە تۇرۇپ قانداق چىدايسىز؟

بىراق مېھرىگۈل، يەتتە كۈنلۈك چاغانلىق دەم ئېلىشقا قۇربان ھېيت ئۇلىشىپلا كېلىدۇ، باشقىلار تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكىلى تۇرسا، ئابدۇسەمەت شىنجېندا يالغۇزسىراپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەسلى ئۇ قائىدە بويىچە ھېيتنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ ئابدۇسەمەتنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىنى قايىل قىلىپ شىنجېنغا باردى.

مېھرىگۈل ھېلىمۇ ياخشى كىچىك قاتلىما ئورۇندۇقتىن بىرنى ئېلىۋالغانىكەن. ئۇ ئاشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ نەق 48 سائەت ماڭغاندىن كېيىن خەنكوغا يېتىپ باردى. بىراق، قىرىشقاندەك شىنجېڭغا بىۋاستە بارىدىغان پويىزنىڭ شۇ كۈنلۈك بېلىتى قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، گۇاڭجۇنىڭ پويىزىغا ئولتۇرۇپ كېچىلەپ ماڭدى.

ئۇنىڭ چىققىنى ۋاقىتلىق سەپلەنگەن پويىزمىكىن ، ئىشقىلىپ ئىنتايىن ئەبجەق بولۇپ، ۋاگوندا پەقەت ئون نەچچىلا ئادەم بار ئىدى. ۋاگوننىڭ ئىچى ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا، مېھرىگۈل توڭلاپ كۆكىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچكۈسى كەلدى. لېكىن پويىزدا ھەتتا سۇ ئىچكۈدەك قاچىمۇ يوق ئىدى. مېھرىگۈلنىڭ توڭلاپ كۆكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پويىز خادىمى ئۇنى پويىز ئاشخانىسىدىكى ئوچاقنىڭ يېنىغا باشلاپ ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ ئوچاقنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئوتىسىنغاندىن كېيىن ئاندىن ۋۇجۇدى سەل- پەل ئىللىغاندەك بولدى.

ئۇ كېتىۋاتقاچ ئابدۇسەمەتنىڭ يانفونىغا "گۇاڭجۇغا ئالدىمغا كېلىڭ " دەپ ئۇچۇر يوللىدى . بىراق ئويلىمىغان يەردىن گۇاڭجۇغا ئاز قالغاندا ئۇنىڭدىن "ئالدىراش بولغاچقا بارالمىدىم. ئالدىڭىزغا رىھىم چىقىدۇ" دەپ ئۇچۇر كەلدى.

رىھىم بىلەن چوڭ پەرھات ئىككىسى گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ تيەنخې رايونىدىكى بىر ساقچىخانىدا ئىشلەيتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئۇققان مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇ ئابدۇسەمەتكە "پويىزدا ئورۇنمۇ يوق ئۆرە تۇرۇپ كەلگەن تۇرسام، سىز ئالدىمغا چىقىپ قويالمىدىڭىز" دەپ ئۇچۇر يوللىدى . ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ زادى قانچىلىك جاپادا كەلگەنلىكىنى ئاشۇ تېلېفون ئۇچۇرىدىنلا بىلگەنىدى.

مېھرىگۈل گۇاڭجۇ ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشۈپلا رىھىمنى كۆردى. ئۇ كېچىلەپ شىنجېڭغا ماڭماقچى بولىۋىدى ، لېكىن قاتناش تاپالمىدى. شۇڭا رىھىم بىلەن بىرگە ساقچىخانىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭ پەرھات بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئۇلار ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مېھمانخانىغا بېرىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، رىھىم مېھرىگۇلنى بىكەتكە ئاپىرىپ شىنجىڭغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلگە ”بۇجى دېگەن يەرگە كەلگەندە چۈشۈۋېلىڭ “ دەپ ئۇچۇر يوللىدى . لېكىن ئۇ ماشىنىدىن چۈشكەندە ئابدۇسەمەت كۆرۈنمەيتتى. تىت- تىت بولۇپ كەتكەن مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى. ئەسلىدە ئۇ ماشىنىدىن خاتا چۈشۈۋالغانىدى. ئابدۇسەمەت ئۇنى بۇجى ساقچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ساقلىغانىدى .

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنى قاياقتىن كېلىپ قالاركىن ، دەپ ساقلاپ تۇراتتى. بىرى تۇيۇقسىزلا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ قويدى. مېھرىگۇل ئەندىكىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. قارا كاۋانكىنىڭ ئىچىدە قىزىل پۇپايكا، ئاستى تەرەپكە ئاچ سېرىق شىم كىيگەن ئابدۇسەمەت ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى.

ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنى ئۇدۇللا ئۆزى ئالدىن تىزىملىتىپ قويغان بۇجى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلار ياتاققا كىرىپلا چىڭ قۇچاقلاشتى . ئىككى جۈپ كۆز بىر- بىرىگە تويماي بېقىشاتتى . مېھرىگۇل توگلاپ كۆكىرىپ كەتكەن بىلەكلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— ئايروپىلاندا كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى مېھرىگۇلنىڭ بىلەكلىرىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىۋاتقان ئابدۇسەمەت، — قولۇم قىسقا، لېكىن سىز ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ.

ئۇلار بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابدۇسەمەت ”چۈشتىن كېيىن يىغىنىم بار، كېچىكىپ قالسام بولمايدۇ“ دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مېھرىگۇلنى مېھمانخانىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان ئابدۇسەمەت كېيىن مېھرىگۇلنى ساقچىخانىغا ئەكىلىپ بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى.

ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولغاچقا، كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ مېھرىگۇلگە ھەمراھ بولۇشقا ۋاقتى چىقمايتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنى زېرىكىپ قالمىسۇن، دەپ تېلېۋىزوردىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ ياتىقىغا قويۇپ بەردى. ئۇ چاغ دەل شىنجىڭنىڭ ناھايىتى سوغۇق مەزگىللىرى ئىدى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنىڭ ياتىقىغا توك پاردىن بىرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئوچاق، قازان - قومۇش ، ئۇن-

گۈرۈچ، ماي دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكەلدى. لېكىن مېھرىگۈل تاماق ئېتىشنى دېگەندەك ئۇقمايتتى. ئابدۇسەمەت تاماق ئېتىشنى كىچىك چاغلىرىدا ئانىسىدىن ئۆگەنگىنى بويىچە مېھرىگۈلگە بىر- بىرلەپ ئۆگەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ تاماققا خېلىلا ئېپى بار ئىدى.

ئابدۇسەمەت كەچتە ئىشلىگەن ياكى نۆۋەتچىلىك قىلغان كۈنلىرى مېھرىگۈل ئۇنىڭغا ”سائەت قانچىدە كېلىسىز“ دەپ تېلېفون ئۇچۇرى يوللاپ سورايتتى ۋە ئۇ كەلگىچە تاماقنى ئىسسىتىپ تەق قىلىپ تۇراتتى. بەزىدە ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا ”بۈگۈن سىرتنىڭ تامىقىنى يېگۈم يوق، تاماق ئېتىپ تۇرسىڭىز“ دەپ ئۇچۇر يوللايتتى .

مېھرىگۈل ئەتكەن تاماقلار ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئابدۇسەمەت ”ئەتكەن تامىقىڭىز ھەرقانچە ئوخشىمىسىمۇ، سىرتنىڭ تامىقىدىن مېزىلىككەن“ دەپ ئىشتىھا بىلەن يەپ كېتەتتى.

چاغاندا ساقچىخانىدىكىلەر بىر نەچچە كۈن دەم ئالدى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى شىنجېڭدىكى خۇاچياڭبېي ، دوڭمېنلارغا ئاپىرىپ ئويناتتى . ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا بىنەپشىرەڭ پوپايكىدىن بىرنى باھا تالىشىپ يۈرۈپ 380 يۈەنگە ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭ مېھرىگۈل نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى ئېلىپ بەرگۈسى كېلەتتى. بىراق، مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئانچە تايىنى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە قۇر كىيىم تاللىغان بولسىمۇ، ئابدۇسەمەت: ”ئوغۇل بالا دېگەنگە كىيىم پاكىز، رەتلىك بولسىلا بولدى“ دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى.

بازار ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىيلەن شاتلىق جىلغىسىغا باردى. «دۇنيا كۆزنىكى» نىڭ ئالدىغا كەلگەندە مېھرىگۈل كىرىش بېلىتىنىڭ 150 يۈەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئابدۇسەمەتنىڭ بېلەت ئېلىشىغا زادىلا ئۇنىمىدى.

— پۇل خەجلىشىمگە نېمىشقا ئۇنىمايسىز، مېھرىگۈل؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سائەت بەش بولاي دەپتۇ، كىرگەن بىلەنمۇ ۋاقىت توشۇپ كېتىپ كۆرە- كۆرمەيلا يېنىپ چىقىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ خىزمىتىم بولمىسا، سىزنىڭ پۇلىڭىزنى خەجلەۋېرىشكە يۈزۈم چىدىمايدىكەن .

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قا قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا تۈزۈت قىلىش كېتەمدۇ؟

ــــ ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن 300 يۈەننى خەجلەپ كىرىپلا يېنىپ چىقىمىز، تايىنلىق. ئەمما ئۆيىڭىزدە بولسىڭىز ئۇ پۇل بىر ھەپتە خەجلىشىڭىزگە يېتىدۇ.

ئۇ ئىككىسى قىلىشىدىغان گەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە بولاتتى. مېھرىگۈل ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تاپىلايتتى:

ــــ خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ھەم چېچەن بولۇڭ، پېشقەدەم ساقچىلاردىن ئۆگىنىڭ، باشقىلار بىلەن ئوبدان ئۆتۈڭ ! ئابدۇسەمەتمۇ ئۇنىڭغا ۋەدىلەرنى بېرەتتى:

ــــ چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن، كېيىنچە تېخى شۆبە ئىدارىغا، ھەتتا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ بارىمەن...

قۇربان ھېيت چاغانغا ئۇلىشىپلا كەلدى. ھېيتتا يۇسۇپجاندىن تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفوننى نەق مېھرىگۈل ئالغانىدى.

ــــ تىنچ تۇردىڭىزمۇ سىڭلىم، ــــ دەپ ئەھۋال سورىدى يۇسۇپجان، ــــ سىزنىڭ ئابدۇسەمەتنى يوقلاپ بارغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق، ئۇكام. ئابدۇسەمەتنىڭ مىجەزى چۇسراق، قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلىپ قالسا، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ، ئۇنى ئوبدان باشقۇرۇڭ. 8 ـ ئايدا ئابدۇسەمەت كەلگۈدەك. شۇ چاغدا خۇدا بۇيرۇسا سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بېشىڭلارنى قوشۇپ قويايلىمىكىن دەۋاتىمىز .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ يۇسۇپجاننىڭ گەپلىرىنى تېلېفوندا ئاڭلاپ چىرايىنى كۆرمىسىمۇ بەك خىجىل بولدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا قاراپ قاش ـ قاپىقىنى ئوينىتىپ قويدى. يۈرىكى تاتلىق ھېسلارغا تولغان ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرىدە شاتلىق كۈلكىلىرى جىلۋە قىلاتتى. مېھرىگۈل بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

بۇ ئۈزۈك ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى سەپىرىگە ئاتاپ ئېلىپ بەرگەن سوۋغىتى ئىدى. ئۈزۈكنىڭ كېپى چىقسا ئۇلارنىڭ يادىغا مۇنداق بىر ئىش كېلەتتى: ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل بىر ـ بىرىگە ۋەدە بېرىپ پۈتۈشكەن كۈنى، ئابدۇسەمەتنىڭ قولى قۇرۇق ئىدى. ئۇ كەمپۈت قەغىزىدە بىر تال ئۈزۈكنى ياساپ ئۇنى مېھرىگۈلگە سېلىپ قويدى. كېيىن ئۇ مېھرىگۈلگە يالغان ئۈزۈكتىن بىرنى ئېلىپ بەردى. مانا ئەمدى ئىشلەپ پۇل تاپقان ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك سۆيگۈسىنىڭ

شاھىدى سۈپىتىدە ئالتۇن ئۈزۈكتىن بىرنى ئېلىپ سوۋغا قىلىش نىيىتىگە كەلدى. شۇڭا ئۇ ئاق ئالتۇندىن قىلىنغان بۇ ئۈزۈكنى مېھرىگۈل كېلىشتىن بۇرۇنلا دوكمېن ساقچىخانىسىغا خىزمەت بىلەن بارغاندا، چوڭ بىر ماگىزىندىن تاللاپ يۈرۈپ 2000 نەچچە يۈز يۈەنگە سېتىۋالغانىدى.

بۇ قىممەتلىك سوۋغىنى كۆرگەن مېھرىگۈل قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ قولىنى ئابدۇسەمەتكە ئۇزاتتى، ئابدۇسەمەت ئۈزۈكنى ئۇنىڭ بارمىقىغا ئۆز قولى بىلەن سېلىپ قويدى. مېھرىگۈل قولىدىكى ئۈزۈككە يېنىش- يېنىشلاپ قارايتتى، ئۈزۈك مېھرىگۈلگە ناھايىتى ياققانىدى.

— بۇ ئۈزۈك مېنى سىزگە ئەبەدىي ئاجرىيالماس قىلىپ باغلىۋەتتى - دە، — دېدى مېھرىگۈل، — ئەمدى قاچىمەن دېسەممۇ قاچالمايمەن . بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى باغرىغا مەھكەم باستى.

مېھرىگۈل شۇ كەلگىنىچە شېنجېندا 22 كۈن تۇردى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە دۆلەت مەمۇرلۇقى ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال قايتىشى كېرەك ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن، مېھرىگۈل شېنجېندىن ئايرىلغان كۈنى كېلىشمەسلىك يۈز بەرگىلى قىل قالدى.

قايتىدىغان كۈنى مېھرىگۈل تاڭ سەھەر تۇرۇپ، پولو ئەتتى، ئابدۇسەمەت پولوغا ئامراق ئىدى. تاماقتىن كېيىن مېھرىگۈل بىر كورا سۇنى قايىنتىپ قاچا- قۇمۇچلارنى يۇيۇۋەتمەكچى بولدى.

— ۋاي-ۋۇي مېھرىگۈل، بولدى قىلىڭ ئەمدى ، — دېدى ئابدۇسەمەت ئۇنى توسۇپ، — تاماقنى ئېتىپ بەردىڭىز، ئەمدى قاچا- قۇچىنى ئۆزۈم يۇيىمەن.

— مەن كېتىمەن ئابدۇسەمەت، ئاخىرقى قېتىم قاچىلىرىڭىزنى يۇيۇپ بېرەي.

ئىككىسى تالىشىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىزلا تېلېفون سايراپ كەتتى. ئابدۇسەمەت يۈگۈرۈپ كىرىپ تېلېفوننى ئالدى، مېھرىگۈلمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياتاق ئۆيگە كىردى. ئاندىن ئۇلار مېھرىگۈلنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

نەرسە- كېرەكلەر تەق بولۇپ بولدى. بىراق، دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان بىر جۈپ يۈرەك ئايرىلىشقا قىيمايۋاتاتتى. ئۇلار مەھكەم قۇچاقلاشتى، ئابدۇسەمەت سائەتكە قارىدى، ۋاقىت توشۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئالمان- تالمان بىنادىن چۈشتى.

ئابدۇسەمەت ئايرودرومغا ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ باردى. مېھرىگۈل ماشىنىدىن چۈشۈپلا تارام- تارام تۆكۈلۈپ كەتتى. لېكىن ئابدۇسەمەت غەيرىتىگە ئېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى. ئۇلار ئۇدۇل بېرىپ ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. بۇ چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ باشقىچىلا چىقاتتى. ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى توشۇپ قالدى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى ئايروپىلانغا چىقىشقا دەۋەت قىلدى. تەكشۈرۈش ئىشىكىگە قاراپ كېتىۋاتقان مېھرىگۈلنىڭ بىر كۆزى ئارقىسىدا ئىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتكە توختىماي قول پۇلاڭلىتاتتى. ئۇ تەكشۈرۈش ئىشىكىدىن كىرىپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا "تېزراق چىقىڭ" دەپ ئىشارە قىلدى. ئايروپىلانغا قاراپ كېتىۋاتقان مېھرىگۈل قەدەملىرىنى ناھايىتى تەستە ئالاتتى.

مېھرىگۈل ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا چۈشۈپلا ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى، بىراق تېلېفون زادىلا ئۇلانمايتتى . مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى دەككە- دۈككىگە چۈشۈشكە باشلىدى. "ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم قالغانىدى. دىققەتسىزلىكتىن ماشىنىسى سوقۇلۇپ كەتمىگەندۇ" دەپ ئەنسىرەيتتى مېھرىگۈل.

مېھرىگۈل كەچتە ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلدى.

— مېھرىگۈل، نېمە قىلىپ قويغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئابدۇسەمەت تېلېفوننى ئېلىپلا.

— ياق، نېمە بولدى؟

— ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەپتىكەنسىز ، سۇيى قايناپ تۈگەپ، قازاننىڭ قۇلاقلىرى، ھەتتا ئوچاقنىڭ ئۈستىمۇ كۆيۈپ كېتىپتۇ. تاس قاپتۇ، گاز تۈگىگى پارتلاپ كەتكىلى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — مېھرىگۈلنى سوغۇق تەر باستى، — بىرەر ئىش چىقمىغاندۇ ؟

— مەن ئايرودرومدىن ئۇدۇللا ئىشقا كەتكەن. تەلىيىمگە ۋاڭ كەي بىر نەرسىنىڭ پۇراۋاتقانلىقىنى سېزىپ كىرىپ كۆرۈپ قاپتۇ. بولمىسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقاركەندۇق. جېنىم مېھرىگۈل، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، تاماق ئەتمىسىڭىزمۇ ئەتمەڭ، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن!

مېھرىگۇل بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا بارغاندا ئۇچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي باشقىلارنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قېتىملىق سەپەر ئۇنىڭ يۈرىكىدە شېرىن ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى.

ئۇ ئابدۇسەمەت كېلىشىمەسلىككە ئۇچراشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم بارغانىدى. ئۇ بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا تورددىن شىنجاڭ شەھرى دۆلەت مەمۇرلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدى. تىزىملىتىش ۋاقتى 13 ـ ۋە 14 ـ مارت كۈنلىرى ئىدى. مېھرىگۇل پويىز بىلەن شىنجاڭغا كەلدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئابدۇسەمەت ئۆزى چىقتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ چۈشتىن ئاۋۋال ئىشى بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن تىزىملىتىشقا بىللە بارالمىدى. مېھرىگۇل ياتاقتا بىردەم ئولتۇرۇپ، كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا تىزىملىتىش ئورنىغا ئۆزى باردى، لېكىن تىزىملىغۇچىلار "شىنجاڭدا نوپۇسى يوقلارنى تىزىملاشقا بولمايدۇ" دېدى.

مېھرىگۇل ئۇلارغا نۇرغۇن يالۋۇرۇپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ باقتى، دەسلەپتە ئۇلاردىن بىر نەچچىسى قوشۇلغاندەكمۇ قىلدى. لېكىن ئاخىرىغا كەلگەندە بىرەيلەن بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى . شۇنداق قىلىپ مېھرىگۇلنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنى بىكار بولدى.

مېھرىگۇلنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئىدى، كەچتە ئۇنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئاخشىمى ئۇ بولغان ئەھۋالنى ئابدۇسەمەتكە سۆزلەپ بەردى.

ــــ ئەگەر شىنجاڭغا كېلەلمىسەم قانداق قىلارمەن؟ ــــ دېدى ئۇ غەمكىن كۆزلىرىنى ئابدۇسەمەتكە تىكىپ، ــــ گۇاڭجۇغا بولسىمۇ مەيلى ئىدى. ئارىلىقى يېقىن دەڭە!

ــــ مېنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىسىز ، مېھرىگۇل، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت، ــــ بىراق سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ئۆزۈمنى ئاسرايمەن ، ئۆز ھالىمدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. ئۆزۈمنى ئاسرىغىنىم ــــ سىزنى ئاسرىغىنىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

ــــ مۇشۇنى بىلسىڭىزلا بولاتتى، ئابدۇسەمەت. مېنى ياش تۆكمىسۇن دېسىڭىز، بۇ يەردە ھەرگىز ئاغرىپ قالماڭ، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالماڭ.

مېھرىگۇل بۇ قېتىم شىنجىڭغا كەلگەندە بىر ئىش ئۈچۈن ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىدا بەك خىجىل بولدى. چۈنكى ئۇ ئابدۇسەمەت ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى ئالتۇن ئۈزۈكنى يىتتۈرۈپ قويغانىدى.

مېھرىگۇل ئۈرۈمچىدە ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئەسلىدە تۆت ئېغىزلىق بۇ ئۆيدە ئۈچ قىز تۇراتتىكەندۇق . ئۇلاردىن بىرى كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، مېھرىگۇل ئالىيەگۈل ئىسىملىك قىز بىلەن ئۇ ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدا ئولتۇردى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى يۈزىنى يۇيغىلى سۇخانىغا كىرگەن مېھرىگۇل ئۈزۈكىنى ئېلىپ سوپۇن قۇتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئۈزۈكنىڭ سەل- پەل كىرلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مېھرىگۇل ئۈزۈكىنى يۇيۇۋېتەي دەپ ياتىقىغا چىش چوتكىسىنى ئالغىلى كىرىپ كەتتى. ئۇ چىقىشىغىلا يەنە بىر قىز سۇخانىغا كىرگەنىدى. ئۇ سۇخانىدىكى ئۈزۈكىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك چىقىپ سۇخانىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇردى. ئاڭغىچە ئالىيەگۈل ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

مېھرىگۇل ياتاققا قايتىپ كىردى. ئالىيەگۈل ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سورىدى. ئۇ ئالىيە گۈلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپلا ئالمان- تالمان سۇخانىغا كىرىپ قارىسا، ئۈزۈك يوق ئىدى.

مېھرىگۇل ئۈزۈكنى ھېلىقى قىزدىن گۇمان قىلدى. ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن:

—— ئۈزۈكىمنى قويۇپ قويسام يوق تۇرىدۇ، كۆردىڭىزمۇ؟ —— دەپ سورىدى.

—— ياق! —— دېدى ھېلىقى قىز.

—— ۋۆي، بۇ قانداق گەپ، ئۈزۈكنى شۇ يەرگە قويۇپ قويۇپ چوتكا ئالغىلى چىقىپ كەتتىم، ئاڭغىچە سۇخانىغا سىز كىردىڭىز. ھەش- پەش دېگۈچە نەگە كېتىدۇ ئەمىسە...؟

—— يۇندا يولىغا چۈشۈپ كەتكەندۇ بەلكىم!

جىددىيلىشىپ تىترەپ كېتىۋاتقان مېھرىگۇل ھېلىقى قىزغا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

—— بۇ ئۈزۈك مەن ئۈچۈن بەك قىممەتلىك، بىلەمسىز. پۇل دېسىڭىزمۇ بېرەي. ئۇنداق قىلماي ئۈزۈكىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ!

ــــ ۋۇي، قىزنىق گەپقۇ، ــــ دېدى ھېلىقى قىز ئۈكۈپ ، ــــ ئۆزۈكنىڭىزنى مەن ئالمسام نېمىنى قايتۇرۇپ بېرەتتىم، ئوھوش !

قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن مېھرىگۇل ماگىزىنلارنىڭ زىبۇ- زىننەت پوكەيلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. ئۇ، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزۈكتىن بىرنى ئېلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇ ئىشنى ئابدۇسەمەتكە چاندۇرماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى.

مېھرىگۇل جىق ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ئوپمۇ ئوخشاش ئۆزۈكنى تاپالمىدى. بىراق شەكلى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئۆزۈكتىن بىرنى ئۇچراتتى. قىزىقتۇرۇشقاندەك ئۆزۈكنىڭ باھاسى 2000 نەچچە يۈز يۈەن ئىدى. مېھرىگۇل تېخى خىزمەت تاپالمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك پۇل يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز يېنىپ چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىگۇل ئۆزۈكنى ئويلىسىلا چىۋىن يەۋالغاندەك كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇ ھەتتا بىر كۈنى ئاشۇ ئۆزۈكنى چۈشىدە كۆردى: چۈشىدە ھېلىقى ئۆزۈك ئۇنىڭ قولىدا تۇرغىدەك. ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ قىن- قىنىغا پاتماي: ”ۋۇي، ئالدىنقى كۈنىلا يىتىپ كەتكەن ئۆزۈكۈم قولۇمدا تۇرىدۇ غۇ؟ خۇدايىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ، ھېلىقى ئوغرىغا ئۆزۈكنى ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بەر، دەپتۇ- دە!“ دېگۈدەكمىش .

دەل شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئويغىنىپ كەتتى، قارىسا قولىدا ئۆزۈك يوق ئىدى، ئۇ ناھايىتى مەيۇسلىنىپ كەتتى.

ئۇ بۇ ئىشنى ئابدۇسەمەتكە قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن ، دەپ بېشى قاتاتتى. بۇ ئىشنى يوشۇرىمەن دېسىمۇ يوشۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ دېگەن يا ”ۋاپاتەي“ دېمىلا خۇپسەنلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولىدىغان نەرسە بولمىسا! ئابدۇسەمەت بىلەن كۆرۈشكەن ھامانلا چېنىپ قالىدۇ.

شۇ ئىش ۋەجىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان مېھرىگۇل چىداپ تۇرالماي، بىر كۈنى ئاخىرى بۇ ئىشنى ئابدۇسەمەتكە تېلېفوندا دېدى.

ــــ مىنىڭ بالالىقتا ئاران ئېلىپ بەرگەن نەرسەم ئىدى ئۇ، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلگە، ــــ جا ئۆزۈك بولسىغۇ مەيلى ئىدى. بىراق 2000 نەچچە يۈز يۈەنگە ئالغان جىنىڭ ئالتۇن ئۆزۈكتى ئەمەسمۇ!

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدىنلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرگەن مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ مېھرىگۇل، يىغلىماڭ! بۇ ئايدا ماڭا 600 يۈەن مۇكاپات كەلدى. ئۈنىڭغا ئازراق پۇل قوشۇپ يەنە بىرنى ئېلىپ بېرىمەن.

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئەزدى، ئۇ بارغانسېرى ئېسەدەپ كېتىۋاتاتتى.

— بولدى يىغلىماڭ، — دېدى ئابدۇسەمەت ئۆنلۈك قىلىپ، — جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىزنى كەم قىلمايمەن. بىراق، بۇ قېتىم مېنىڭ سوۋغىتىمنى قەدىرلىمەپسىز ، شۇڭا سەل كۆڭلۈمگە كېلىپ قالدى.

— ئۇنداق ئەمەس ئابدۇسەمەت، مەن ئۇ ئۈزۈكنى جېنىمدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتىم، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

— بىلىمەن. يەنە يېڭىدىن ئېلىپ بېرىمەن، مېھرىگۇل. خۇدايىم بېشىمىزنى ئامان قىلسىلا، ھەممە نەرسىمىز بولىدۇ.

مېھرىگۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يىغىدىن توختىدى:

— ئۇنداق بولسا قاچان ئېلىپ بېرىسىز؟

— نېمە؟ ئالدىراپ كېتىۋاتامسىز؟

— ياقەي!

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ئېلىپ پوچتىدىن ئەۋەتسەم مەززىسى بولمايدۇ، ئۆزىڭىز كەلگەندە ئېلىپ بېرەي.

شۇڭا مېھرىگۇل شىنجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئۈزۈكنىڭ گېپىنى چىقاردى.

— ھازىر ئېلىپ بەرگۈم يوق، — دېدى ئابدۇسەمەت، — قەدرىگە يېتىشنى ئۆگەنگەن چېغىڭىزدا ئاندىن ئېلىپ بېرەي، بولمىسا يىتتۈرۈپ قويىدىكەنسىز .

— ئۇنداق بولسا ھالقا ئېلىپ بېرىڭە، — دېدى مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە ئەركىلەپ.

ئابدۇسەمەت كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. شۇ كۈنى ئۇ مېھرىگۇلنى بازارغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار جىنخۇا رەستىسىنى قانغۇچە ئايلىنىپ ھارغاندىن كېيىن،

قايتىش ۋاقتىدا ئابدۇسەمەت شىنجىڭدا ئىشلەنگەن «تەبەسسۇم » ماركىلىق ئاشىق-مەشۇقلار سائىتىدىن بىر جۈپ ئالدى.

ئۇ سائەتنىڭ ئاياللارچىسىنى مېھرىگۈلنىڭ بىلىكىگە ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويدى:

— جېنىم مېھرىگۈل، گاھىدا ئاسانلا جۇدۇنىڭىز ئۆرلەپ قالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا بۇ سائەتكە قارىسىڭىزلا ئالا كۆڭۈلكلەر ئۆزلۈكىدىن كېتىدۇ.

ئابدۇسەمەت سائەتنىڭ ئەرەنچىسىنى تېلېۋىزورنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى:

— بۇ سائەتنى ئادەتتە تاقىمايمەن. ئۇنىڭغا سائەت نەچچە بولدىكىن دەپ ئەمەس، مېھرىگۈلۈم نەدىدۇر، دەپ قارايمەن.

شۇنداق قىلىپ مېھرىگۈلنىڭ ئۇزۇن يىتكەندىن كېيىنكى ئىچپۇشۇقلىرى ئاخىرى تۈگىدى.

ئىلگىرىكى قېتىم كەلگەندە قازان كۆيۈپ كەتكەچكە، بۇ قېتىم ئۇلار تاماق ئەتمىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مېھرىگۈل شىنجىڭدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى...

بۇ دورەم مېھرىگۈلنىڭ ئۈچىنچى قېتىم شىنجىڭغا كېلىشى ئىدى، ئۇنى زادى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ ؟

## 11. ئىنىمنى كىم ئۆلتۈردى؟

مېھرىگۈل بىلەن يۈسۈپجان «ZC9303»بەلگىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلان بىلەن شىنجىڭغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، لوڭگاڭ شۆبە ئىدارىسى، بوجى ساقچىخانىسى ۋە ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇ يەردىكى بولغۇسى ئېچىنىشلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنچىكە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قاتتىق ھەسرەت ئىچىدە ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ، دوختۇرلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئايرودرومغا ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ كەينىڭ دوڭگۇەن شەھرىدىن بوجىغا ئۇنى يوقلاپ كەلگەن لايىقى چېن يەننى تۇتۇپ قېلىپ،

مېھرىگۈلگە ھەمراھ بولۇشقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ مېھرىگۈلنىڭ بىر ئەترەتتە تۇرغان ساۋاقدىشى بولۇپ، مېھرىگۈلگە تەسەللىي بېرىشكە ئۇ تازا باب ئىدى.

ئايروپىلان سائەت ئىككىدىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە يەرگە قوندى. قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسمان گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ھېلىلا ياغقان يامغۇر ئايرودرومنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەندى.

يولۇچىلار ئايروپىلان كۆتكۈچىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئايروپىلان ئىشىكىدىن چىقىپ، يېپىق ئۆتۈشمىنى بويلاپ مېڭىپ، بىر- بىرلەپ ئۇزاشقا باشلىدى. ئايروپىلاننىڭ يەنە بىر ئىشىكىگە يىغما شوتا قويۇلغانىدى. پېڭ گوچىڭ ، ۋاڭ كەي ، كىچىك پەرھات ۋە چېن يەنلەر ئاشۇ يىغما شوتىدىن چىقىپ، ئايروپىلانغا كىردى.

كىچىك پەرھات يۈسۈپجاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

چېن يەن كېلىپ مېھرىگۈلنىڭ قولىنى تۇتتى:

— يۈرۈڭ ئەمدى چۈشەيلى، سىرتتا ماشىنا بار!

مېھرىگۈل شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى. ئادەتتە ھېچكىم كەلگەن مېھماننى ئايروپىلاننىڭ ئىچىگە كىرىپ بىللە ئېلىپ چىقمايتتى. تاقىتى تاق بولغان مېھرىگۈل چېن يەندىن ئاستا سورىدى:

— چېن يەن ، راست گەپنى قىلىڭا، ئابدۇسەمەت زادى نېمە بولدى؟ دېسىڭىزچۇ!

— قالايمىقان ئويلاپ يۈرمەڭ، قورقۇدەك ئىش يوق، — دېدى چېن يەن. چۈنكى بايا باشقىلار ئۇنىڭغا ”بىر يېرىڭىزنى چىشلەپ ئۈزۈۋالسىمۇ ھازىرچە دېمەي تۇرۇڭ“ دەپ تاپىلىغان بولغاچقا، قەدىناس ساۋاقدىشىنى ئامالىنىڭ يوقىدىن ئالداۋاتاتتى .

مېھرىگۈل باشقىلارغا قارىدى. بىراق كىچىك پەرھات، ۋاڭ كەيلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭدىن كۆزىنى قەستەن ئېلىپ قېچىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايۋاتاتتى . يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئايروپىلاننىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىدىن چىقتى.

مېھرىگۇل ئايروپىلان ئىشىكىدىن يىغما شوتىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ تۆۋەنگە قارىدى، ئايروپىلاننىڭ ئۆپچۆرىسىدە فورما كىيگەن ساقچىلار يېغىپلا كەتكەنىدى. نۇرغۇن مۇخبىرلار ئۇنىڭغا ئاپپارات ۋە كامېرالىرىنى توغرىلاپ تۇراتتى.

بۇنى كۆرگەن مېھرىگۇلنىڭ باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. تەلىيىگە ئۇنى چېن يەن قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى. بولمىسا، يىغما شوتىدىن دومىلاپ چۈشكەن بولار ئىدى. مېھرىگۇل بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چېن يەننىڭ ياردىمىدە شوتىدىن بىر قەدەم- بىر قەدەملەپ ئاستا چۈشتى.

ئاڭغىچە ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك فورما كىيگەن، پېشانىلىرى كەڭ بىر ساقچى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مېھرىگۇل ئۈچىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى نازارەتچى ساقچى باشلىقلىرىلا مۇشۇنداق ئاق فورما كىيىدىغانلىقىنى بىلەتتى . پېڭ گوچىڭ كېلىپ ئۇ كىشىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى لوڭگاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يولداش يۈەن شياڭبىن بولىدۇ.

— تىنچلىق تۇردىڭىزمۇ؟ — مېھرىگۇل ئۇنىڭغا ئالدىراپ قولىنى ئۇزاتتى.

چىرايلىرى سۈرلۈك تۇس ئالغان سىياسىي كومىسسار مېھرىگۇلنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى:

— سالامەت كەلدىڭىزمۇ، مېھرىگۇل؟

شۇ دەقىقىدە، مېھرىگۇل بىرەر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى. چۈنكى سىياسىي كومىسسارنىڭ كۆزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى. مېھرىگۇل ئامدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەشكە باشلىدى،.

يۈسۈپجان بىر چەتتە ئۈندىمەي بوينىنى قىسىپ تۇراتتى. ئۇ سىياسىي كومىسسارنىڭ ئۇزاتقان قوللىرىنى ئەپسىز تۇتتى. تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە شىنجاڭدىن چىقىپ باقمىغان، ئايروپىلاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئۇيغۇر دېھقان يۇرتىدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلىپ، تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇپ باققان ئايروپىلاندىن چۈشۈشىگىلا بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

كېيىن مېھرىگۇل بىلەن يۇسۇپجاننىڭ باشلىرى قايغاندەك بولدى، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇلار ماشىنىغا چىقتى. ماشىنىنىڭ ئىچمۇ ھەم سۇرلۇك، ھەم تىمتاس ئىدى. ھېچكىم ئېغىز ئاچماي جىم ئولتۇراتتى.

سەۋر قاچىسى توشقان مېھرىگۇل چېن يەندىن يەنە سورىدى:

— جېنىم چېن يەن ، ئۇنداق قىلماي ماڭا راست گەپنى ئېيتىڭا! ئابدۇسەمەتنىڭ پۇت-قولى ناكا بولۇپ قالدىمۇ، ياكى باشقا ئىش بولدىمۇ؟ ناۋادا ئۇ مېيىپ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئېلىشقا رازىمەن. ئۇنى كۆرسەملا بولاتتى!

— ئۇنچىۋالا ئىش يوق، باشقىچە ئويلاپ كەتمەڭ، — دېدى چېن يەن ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — سەپىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ؟

— نەدىكىنى! ئابدۇسەمەتنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ كىملىكنامە نومۇرى خاتا يېزىلىپ قالغانىكەن، شۇڭا ئالغان بېلەتنى مىڭ بىر جاپادا قايتۇرۇۋېتىپ ، ئۇنى خوتەنگە يولغا سالدۇق.

— ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ھېرىپمۇ كەتكەنسىز - ھە؟

— ياقەي، — دېدى مېھرىگۇل، — ھەي، چېن يەن،ئابدۇسەمەتنى تاپالىدىڭلارمۇ ؟

— تاپتۇق!

— ئۇ ھازىر قانداقراق؟

ئاڭغىچە ماشىنا توختىدى. چېن يەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ دېدى:

— كەلدۇق، قېنى ماشىنىدىن چۈشەيلى.

مېھرىگۇل ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ بۇجەيدىكى كەيلىلەي مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ مېھمانخانىنىڭ بۇجەي ساقچىخانىسىغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇ ئالدىنقى قېتىم شېنجېنغا كەلگەن چېغىدا، ئىچى پۇشۇپ بۇ يەرلەرنىمۇ ئايلىنىپ باققانىدى. شۇ چاغدا ئۇ بۇ مېھمانخانىنىڭ بۇجەيدىكى بىردىنبىر ئۈچ يۇلتۇزلۇق ساراي ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

مېھرىگۇلنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك بولدى.ناۋادا ئابدۇسەمەت تېخى ھايات بولغان بولسا، ماشىنا ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا بارغان بولاتتى. بىراق، ھازىر ئۇلارنى بۇجەيدىكى

ئەڭ ئىسسىق سارايغا ئېلىپ كەلدى. مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېغىشقا باشلىدى.

ئۇلار لېفىتقا چىققاندا مېھرىگۈلنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. قارىۋىدى،تېلېفون ئىليارنىڭ كەپتۇ.

— يېتىپ باردىڭىزمۇ، مېھرىگۈل؟

— ھەئە !

— ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇۋېلىڭ ... — مېھرىگۈلنى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بولدى دەپ ئويلىغان ئىليار ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىۋاتاتتى.

مېھرىگۈل ئىليارنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بىرەر ئىشنى سەزگەندەك بولدى:

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟

— بەك يىغلاپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، ئۆز دەردىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە يېتىپ ئاشىدۇ، مېھرىگۈل!

مېھرىگۈلنىڭ ياشلىرى يەنە تاراملاپ تۆكۈلدى. بىراق ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن مېھرىگۈل مەڭزىلىرىنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتتى. مېھرىگۈل بۇنىڭ گويا ئۆچۈپ قالاي دېگەن شامدەك ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان ئاداققى ئۈمىد ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتىمۇ، لېكىن يەنىلا ئابدۇسەمەتنى كۆرەلەيمەنمۇ، دەپ ئويلايتتى.

كۆپچىلىك ئارقا- ئارقىدىن بىر يىغىن زالىغا كىرىپ ئولتۇردى. سىياسىي كومىسسار كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ قويۇپ، چوڭقۇر قايغۇ بىلەن دېدى:

— مەن ئابدۇسەمەتنى قوغداپ قالالمىدىم. ئۇ خالىس ۋە مەردانە ساقچى ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا ئالتۇندەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ قۇرامىغا يەتمىگەن باللارنى ئالداپ ئەكىلىپ يانچۇقچىلىققا سېلىۋاتقان مۇستۇمزورلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ يىپ ئۇچى ۋە پاكىت ئىگىلەش يولىدا مەرتلەرچە قۇربان بولدى...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك بولدى- يۇ، لېكىن سىياسىي كومىسسارنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇراتتى. ھايال ئۆتمەي ئېسىگە كەلگەن مېھرىگۈلنىڭ ياشلىرى دەريا بولۇپ ئاقتى، ئۇ ھۆكىرەپ يىغلايتتى.

كىچىك پەرھات سىياسىي كومىسسارنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئابدۇسەمەتنىڭ ئاكىسى يۈسۈپجانغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. يۈسۈپجاننىڭ جامدەك ئېچىلغان كۆزلىرى كىچىك پەرھاتقا تىكىلدى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

جۇدالىق ئازابىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن مېھرىگۈل توختىماي نالە قىلاتتى:

— ئېيتىڭلارچۇ، ئابدۇسەمەتنى زادى كىم ئۆلتۈرۈپتۇ...؟

— جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلغۇچە ئاخشام قولغا چۈشتى، — دېدى سىياسىي كومىسسار مېھرىگۈلگە تەسەللىي بېرىپ، — ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغۇچىنى تۇتتۇق، قاتىل قانۇننىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— ئابدۇسەمەتنى بىر كۆرسەم بولاتتى، — دەپ ئىلتىجا قىلدى ئۆنلىرى پۈتۈپ كەتكەن مېھرىگۈل.

— بىر كۈن ئايروپىلاندا چارچىدىڭلار ، — دېدى سىياسىي كومىسسار، — ئالدى بىلەن دەم ئېلىڭلار. قانۇن دوختۇرلىرى جەسەتنى تېخى تەكشۈرۈپ بولمىدى، تاڭ ئاتسۇن، ئەتە ئۇرۇنلاشتۇرغىلى بولامدىكىن، قاراپ باقايلى!

رەھبەرلەر بىلەن ساقچىلارنىڭ بەزىلىرى تارقاشتى. چېن يەن ، كىچىك پەرھات ۋە بۇجى ساقچىخانىسىدىكى جاۋ مىڭ ئىسىملىك ساقچى يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۈلگە ھەمراھ بولۇپ قالدى.

كەچتە، مېھمانخانا مۇلازىملىرى ئۇلارغا تاماق ئېلىپ كىردى. يۈسۈپجان باشقىلارنىڭ زورلاشلىرى بىلەن تاماققا ئېغىز تەگدى، لېكىن مېھرىگۈل تاماققا قاراپمۇ قويمىدى.

چېن يەن مېھرىگۈل بىلەن بىر ياتاقتا ياتتى. ئۇ مېھرىگۈلگە نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشنى ئۇقمايۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ بۇنداق چاغدا ھەرقانداق گەپنىڭ مېھرىگۈلگە ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— بولدى، مېھرىگۈل تولا قايغۇرىۋەرمەڭ ، بالدۇرراق يېتىڭ!

بىراق مېھرىگۈلنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يىغلاپ ئۆنلىرى پۈتۈپ كەتكەن مېھرىگۈل كرىسلودا ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

— چېن يەن ، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن، — سىز ئۇخلاۋېرىڭ .

چېن يەنىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن مېھرىگۈل ياتقىلى ئۇنىمايۋاتقان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ خاتىرجەم ياتالىسۇن؟ ئۇ مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان جىق گەپلەرنى قىلدى.

ئۆزى ياتمىسا چېن يەنىنىڭمۇ خاتىرجەم ياتالمايدىغانلىقىنى سەزگەن مېھرىگۈل كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. چېن يەن بىردەمدىن كېيىن مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلغانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا ئۇخلاپ كەتتى.

مېھرىگۈل كارىۋاتتا قەستەن كۆزىنى يۇمۇپ ياتقىنى بىلەن ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ساقچى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىغا ئېلىپ كەتتى. چىراق نۇرى سىنىپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. باللار سىنىپتا جىمجىت ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتاتتى. مېھرىگۈل ماتېماتىكا كىتابىدىكى بىر مەسىلىنى يېنىدىكى جۇاڭ يۇدىن سورىدى. ئالدى تەرەپتە ئولتۇرىدىغان بىرى قارىغاندەك قىلدى، مېھرىگۈل ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۇنى ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىكەن دەپ مازاق قىلغان ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. مېھرىگۈل كۆرمەسكە سېلىپ، ھېسابىنى ئىشلەۋەردى.

سائەت توققۇزدا تەكراردىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. باللار كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ تارقىدى. مېھرىگۈل يەنە بىر ئاز ئۆگىنىش قىلماقچى بولۇپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئابدۇسەمەت كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ماتېماتىكىدا بەزى يەرلەرنى چۈشىنەلمەيۋاتامسىز ـ قانداق؟

— ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدىمۇ ماتېماتىكىدا يامان ئەمەس ئىدىم، — دېدى مېھرىگۈل، — بىراق ھازىر بەزى يەرلەرنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى:

— مەن خېلى ئوبدان كېتىۋاتىمەن. ئەتە سىنىپقا كېلىڭ، بىرلىكتە تەكرار قىلايلى.

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. مېھرىگۈل ناشتىدىن كېيىن سىنىپقا كەلدى. ئابدۇسەمەت خېلى بۇرۇنلا كېلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ مېھرىگۈلگە بىر

مەسلىنى باشتىن- ئاياغ تولۇق چۈشەندۈرۈپ چىقتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۈچ مىسالنى ئىشلىتىپ باقتى. لېكىن مېھرىگۈل ئۇنىڭ ئىككىسىنى ئىشلىيەلىدى، ئاخىرقى بىرىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىشلىيەلمىدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا قايتا- قايتا ئېزىپ ئىچۈردى. بۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈل ھېلىقى مىسالنى ئاخىر ھېسابلاپ چىقاردى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولغان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە رەھمەت ئېيتاي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭدىن جىددىي سوراپ قالدى:

— ئۆگىنىشتە قانداق ئويلىرىڭىز بار؟ راۋۇرۇس ئۆگىنەي دەمسىز ياكى ئەپلەپ- سەپلەپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋالسالا بولدى، دەپ قارامسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئوبدانراق ئۆگەنگۈم بار. ئۇنداق قىلمىسام ئاتا- ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن. يېمىسەممۇ، كىيمىسەممۇ مەيلى. لېكىن 60 نومۇرنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتۈشكە ھەرگىز كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا قايىللىق نەزىرى بىلەن باقتى:

— بۇ تەرەپلىرىڭىز ئوخشاپ كېتىدىكەن. بۇندىن كېيىن دەرستە چۈشىنەلمىگەن يەرلىرىڭىز بولسا مەندىن سوراڭ، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

بۇ ساۋاقداشنىڭ خېلى بولىدىغان بالا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن مېھرىگۈل ئىختىيارسىز ئېغىز ئاچتى:

— بىلەمسىز ئابدۇسەمەت، مېنىڭ قايتىپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى يۈگۈرتىدىكەن، ھېرىپ ھېچ ھالىم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز تىلىدىمۇ، ماتېماتىكىدىمۇ يېتىشەلمەيۋاتىمەن...

ئابدۇسەمەت ئەندىكىپ سورىدى:

— ئاقسۇغا كەتمەكچىمۇ؟

— شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمىكىن...

— بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ، جۇمۇڭ. ئەڭ ياخشىسى ئاتا- ئانىڭىزغا مەسلىھەت سېلىپ بېقىڭ.

— ئۇلارنى يەنە ئاۋارە قىلغۇم يوق. ئۇلارغا دېسەم مېنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تونۇش ئىزدەيمىز، پۇل خەجلەيمىز دەپ پايپېتەك بولىدۇ، ئۇلارغا يەنە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگۈم يوق...

ــــ مېنىڭچە، سىز تىرىشسىڭىزلا بۇنچىلىك قىيىنچىلىق دېگەننى يېڭىپ كېتەلەيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىڭىزمۇ ياخشىكەن دەڭە! ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە ئىلھام بولسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىنىش ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاڭغىچە چۈش بولدى.

ــــ يۈرۈڭ، ئەمدى بىرىپ تاماق يەيلى! ــــ دېدى ئابدۇسەمەت.

ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن مېھرىگۈل يېنىنى ئاختۇرغىلى تۇردى.

ــــ سىز يانچۇقىڭىزنى كولىماي تۇرۇڭ، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا.

ــــ ياقەي، ئۆزۈمنىڭكىنى ئۆزۈم تۆلەي.

ــــ قىزىقكەنسىزغۇ؟

ــــ ئۇنداق دېمەڭ. ھەممەيلەن ئوقۇغۇچى تۇرساق، سىزنىڭ پۇلىڭىزنى خەجلىسەم قانداق بولىدۇ؟

يولدا قايتقاچ ئابدۇسەمەتمۇ مېھرىگۈلگە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ بەردى:

ــــ ماڭىمۇ ئاسان توختىمايۋاتىدۇ. مانا ھازىرغىچە ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىدىم. بۇگۈن بۇ يەردە ئوقۇپ يۈرگىنىم بىلەن ئەتە نېمە ئىش بولىدۇ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ. مەن يىنچۇمدە تەييارلىقنىمۇ ناھايىتى جاپالىق ئوقۇغان. بەزىدە ھەتتا ئاچ قالغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. بىراق، ئىسسىق- سوغۇقنى كۆپرەك كۆرسە، ئادەمنىڭ ئىرادىسىمۇ تاۋلىنىپ قالىدىكەن.

ــــ شۇ چاغدىكى ئىشلىرىڭىزدىن دەپ بېرىڭە، ئۇنداق بولسا!

ــــ يىنچۇمدە يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا تۈزۈكرەك كىيىملىرىممۇ يوق ئىدى. ئۆيىمىز بەك نامرات بولغاچقا، بىر سىنىپتىنمۇ ئارتۇق خەجلىگۈم كەلمەيتتى. خەنزۇچىنىمۇ تۈزۈكرەك سۆزلىيەلمەيتتىم، شۇڭا بەزى باللار مېنى كۆزگە ئىلمايتتى. بىر قېتىم مەن بىر گەپ قىلىۋېدىم، دەرسكە ئۈستا بىر ساۋاقدىشىم: "بۇنى سەن بىلمەيسەن" دېمەسىمۇ، بەك غورۇرۇمغا تەگدى. "خەپ" دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، "توختاپتۇر، سەندىن ئۆتۈپ كەتمەيدىغان بولسام"! شۇنىڭدىن كېيىن، ئويۇن- تاماشا دېگەنلەرنى بىراقلا تاشلاپ، بارلىق ۋاقتىمنى ئۆگىنىشكە قاراتتىم. بىرىنچى مەۋسۇمدە ئۆگىنىشتە خېلىلا ئىلگىرىلەپ قالدىم. ئىككىنچى مەۋسۇمدە

ھېلىقى ساۋاقدىشىمغا يېتىشىۋالدىم. ئۇچىنچى مەۋسۇمگە كەلگەندە ئۇنىڭدىن بىر نەچچە نومۇر ئېشىپ كەتتىم. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا مەن ئالتىنچى بولدۇم، ھېلىقى ساۋاقدىشىم ئۇ نەچچىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئويلاپ بېقىڭە مېھرىگۇل، ئادەم تىرىشسىلا چوقۇم ياخشى نەتىجە قازىنالايدىكەن!

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇسەمەتكە كۆڭلىدىكى غەم- ئەندىشىلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى:

— مېنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ھەتتا تەييارلىقتىكى نەتىجىلىرىم باشتىن- ئاياغ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەنىدى. بىراق بۇ يەرگە كېلىپلا ئارقىدا قالدىم. مۇشۇنى ئويلىسامالا بۇ يەردىن كەتكۈم كېلىدۇ...

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— بىلەمسىز، بۇ دېگەن بىز ئۇچۇن پەۋقۇلئاددە مۇھىت دەڭە! بالىلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەتنىڭ جاي- جايلىرىدىن كەلگەن ئەلاچىلار. بۇ يەردە ھەممىنىڭ ئارقىسىدا ماڭىسىڭىزمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكىگە قارىغاندا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئويلىمامسىز، بۇ يەردە پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن ئۆگەنمىسىڭىز، بېسىمدىن قۇتۇلالمايسىز. يەنە بىرى، بۇ يەردە خەنزۇلارنى چۈشەنگىلى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئورۇنلۇق گەپلىرىنى ئاڭلىغان مېھرىگۇل توختىماي بېشىنى لىڭشىتاتتى.

— ئۆيىنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. قانداق قىلسام بولىدىكىن- تاڭ؟ — دېدى مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە قاراپ.

— ئۆيىڭىزنى سېغىنىپ ئىچىڭىز پۇشۇپ قالغان چاغلاردا ئىككىمىز گۇڭگۇر- مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشايلى!

— ۋىيەي! سىزنى يا چۈشەنمىسەم، قانداقسىگە گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە دېيەلىگۇدەكمەن؟

— مانا هازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ دەۋاتىسىزغۇ؟

مېھرىگۈل پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى «ئەجەپ قىزىقچى بالىكەن» دەپ قېلىۋاتاتتى. بىراق ئۆيىدىكىلىرى يادىغا كېلىپ كۆڭلى بۇزۇلغان مېھرىگۈلنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى.

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ سەل- پەل جىددىيلەشتى:

— ۋۇي، يىغلىدىڭىزما؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھرىگۈل ئېسەدىگىلى تۇردى.

ئابدۇسەمەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى:

— ئاپلا، نېمە بولدى؟ بايىقى گەپلىرىم كۆڭلىڭىزگە كېلىپ قالدىما؟

— ياق، بايا ماڭا تەسەللىي بېرىپ، قانداق ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدىڭىز، دادام يادىمغا يېتىپ قالدى. دادام ھەمىشە ماڭا: «قىزىم، كىچىك- كىچەك دېگەننىڭ ئاددىيراقنى كىيسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن كىتابنى كۆپ ئوقۇ! خەنزۇچە، ئىنگلىزچىنى ئوبدان ئۆگەنگىن!» دەيتتى. مېھرىگۈل يىراقتىكى دادىسىنى سېغىنغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملايتتى.

ئابدۇسەمەت يانچۇقىدىن بىر قولياغلىقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— يېشىڭىزنى سۈرتىۋېلىڭ!

مېھرىگۈل قولياغلىقنىڭ ئىنتايىن پاكىز ھەم چىرايلىق قاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىدى:

— ياق بولدى!

— ھېچنېمە بولمايدۇ، ئېلىڭە!

مېھرىگۈل قولياغلىقنى ئېلىپ ياشلىرىنى سۈرتىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئابدۇسەمەتكە قايتۇرۇپ بەردى.

— سىز «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانىنى ئوقۇغانمۇ؟ — ئابدۇسەمەت ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى، — ئۇ دېگەن سوۋېتنىڭ رومانى.

مېھرىگۈل بېشىنى چايقىدى.

— مەن ھەر قېتىم بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققان چېغىمدا رومانىدىكى باش قەھرىمان پاۋىل.كورچاگىننى يادىمغا ئالساملا ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىق دېگەنلەر

كۆزۈمگە كۆرۈنمەيلا قالدۇ، ـــ ئابدۇسەمەت پاۋلنىڭ كەچمىشلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئاشۇ ھېكايىلەرنى سۆزلىگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى.

ئۇلار كەچلىك تاماقنا كىردى. ئابدۇسەمەت تاماق يېگەچ پاۋىل.كورچاگىننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى، ئۇ يولۇققان ئوكۇشسىزلىقلارنى جان كىرگۈزۈپ سۆزلەيتتى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ ھېكايىلىرىغا ھەيران قالدى.

ئۇ ئىككىسى تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ ئۇدۇل سىنىپقا كىردى ـ دە، سائەت سەككىزدىن ئاشقىچە تەكرار قىلدى. مېھرىگۈل شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكىدەك يالغۇزسىراپ بوينىنى قىسىپ قالمايدىغان بولدى.

ئابدۇسەمەت دائىم ئۇنىڭغا ماتېماتىكىدىن تەكرار قىلىپ بېرەتتى. مەۋسۇملۇك ئىمتىھان باشلىنايلا دەپ قالغانىدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى مىنۇت ـ سېكۇنتىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ تەكرار قىلىۋاتاتتى. بىر قېتىم ئالتە بالا سىنىپتا تاڭ ئاتقۇچە تەكرار قىلدى. بىراق، ئابدۇسەمەت بولسا بۇ بىر كېچىنى پۈتۈنلەي مېھرىگۈلگە ماتېماتىكىنى تەكرار قىلىپ بېرىشكە ئاتىۋەتتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن مېھرىگۈل ناھايىتى خىجىل ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجە ئېلىپ، بۇ ئاق كۆڭۈل ساۋاقدىشىغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى. بىراق، ئىمتىھان ئېلىنىدىغان كۈنى سوئال تارقىتىلىشى بىلەنلا مېھرىگۈل جىددىيلىشىپ كېتىپ، ھەتتا فورمىلانىمۇ ئېسىگە ئالالماي ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئاخىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يىغلىغىلى تۇردى. مېھرىگۈل ئولتۇرسامۇ بەربىر ئىشلىيەلمىگۈدەكمەن، دەپ ئويلىدى ـ دە، چالا ـ بۇلا يېزىپلا قەغەزنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي كۆڭلى قاتتىق ئازابلانغان مېھرىگۈل سىنىپتىن چىقىپلا ئاكىسىغا تېلېفون قىلدى:

ـــ ئاكا، ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان ئالغانىدى، ئۆتەلمىدىم. جېنىمنىڭ بارىچە تىرىشتىم، لېكىن يەنە شۇ ... ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟

ـــ ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ مەكتەپتە قايتىدىن تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىشكە يول قويامدىكەن؟

— ھەئە!

— باشقا دەرسلەردىن قانداقراق بەردىڭىز؟

— دىلى شىياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قانۇندىن خېلى ياخشى بەردىم.

ئۇنى ئاڭلىغان ئاكىسى ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى:

— تەتىلدە كەلگەندە ماتېماتىكىنى ئاچچىڭىز تەكرار قىلىپ بەرسۇن. قايتىپ بارغاندىن كېيىن تولۇقلاپ ئىمتىھان بەرسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى كۆرۈپلا قايناپ كەتتى:

— قارىڭە سىزنى! سىزگە تەكرار قىلىپ بېرىمەن دەپ ئۆزۈممۇ تەكرار قىلالمىغان تۇرسام، بىراق سىز ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي، ئۈمىدىمنى يەردە قويدىڭىز!

— ھەتتا فورمۇلالارنىمۇ يادىمغا ئالالمىسام، قانداق بېرەلەيمەن؟

— قەغەز تارقىتىلىپ 30 مىنۇتتىلا كۆزلىرىڭىزنى قىزارتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ ”ئىش چاتاق“ دەپ ئويلىغانىدىم، دېگەندەك بوپتۇ.

— ئاكامغا تېلېفون قىلدىم، — دېدى مېھرىگۈل پەس ئاۋازدا، — تەتىلدا قايتىپ بارغاندا ئاچام تەكرار قىلىپ بېرىدىغان بولدى. ئاچام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماتېماتىكا ئوقۇغان...

— مىجەزىڭىز كىچىك بالىغىلا ئوخشايدىكەن، — دېدى ئابدۇسەمەت خۇددى چوڭ ئادەملەردەك گەپ قىلىپ، — يەنە بىر يەن قالدى، ئوبدانراق تەكرار قىلىڭ.

ماتېماتىكا ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى چىقتى. مېھرىگۈل 30 نومۇر، ئابدۇسەمەت 68 نومۇر ئالغانىدى. ئابدۇسەمەت سىنىپتىن چىقىۋېتىپ مېھرىگۈلگە ئاستا پىچىرلىدى:

— سىزنىڭ ئىمتىھاندا يېرىم سائەت ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپلا سىزدىن ئەنسىرەپ كەتكەچكە مەنمۇ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەپتىمەن، جۇمۇڭ!

— ۋىيىي، دەپكەتكىنىنى تېخى! ماڭا كۆيۈنۈپىما؟ مۇمكىن ئەمەس. بىز تېخى تونۇلغىنىلا تونۇشقان تۇرساق.

ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلمىدى.

ئابدۇسەمەتمۇ ئۇ چاغدا دەرسلەردە بەك قىينىلىۋاتاتتى، ھەتتا خەنزۇ تىلى بىلەن قانۇن ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنىدى. ئەمدى گەپ قىلىش نۆۋىتى مېھرىگۇلگە كەلگەنىدى:

— قانداق ئۆگىنىۋېلىڭىز بۇ؟

— مەن يادلايدىغان نەرسىلەرگە بەك ئۆچ، — دېدى ئابدۇسەمەت، — بىر نەرسىنى يادلىسام كاللامغا چۈشمەيدىكەنغۇ تاڭ!

مېھرىگۇل كېيىن يادلايدىغان دەرسلەردە مۇھىم نۇقتىلارنى ئابدۇسەمەتكە "مۇشۇ يەرلەرنى يادلىسىڭىز بولىدۇ" دەپ بەلگە سېلىپ بېرىدىغان بولدى.

قىشلىق تەتىلدىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئۆتەلمىگەن دەرسلىرىدىن تولۇقلىما ئىمتىھان بەردى. بۇنىڭ بىلەن مېھرىگۇل ماتېماتىكىدىن 80 نومۇر ئالدى. ئابدۇسەمەتمۇ قېلىپ قالغان ئىككىلا دەرسنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتتى.

يانفوننىڭ ئاۋازى مېھرىگۇلنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئاچسى ئۇنىڭغا "شېنجېندىكى ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ سىزنى سېغىندۇق. تېلېفون قىلىڭ" دېگەن مەزمۇندا ئۇچۇر يوللىغانىدى.

شۇ مىنۇتلاردا ياندىش ئۆيدىكى يۈسۈپجاننىڭ كۆزلىرىمۇ ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى.

كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلەنگىنىچە تورۇسقا قاراپ ياتقان يۈسۈپجانغا ھەممە نەرسە گويا چۈشتەكلا بىلىنىۋاتاتتى.

مېھرىگۇل تېلېفون قىلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ قان تېپىنى سورىغاندىن كېيىن ئۇ گاڭگىراپلا قالدى. ئۇلار ئۇكامنىڭ قان تېپىنى سوراپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئابدۇسەمەت ئاغرىپ قالدىمۇ- يا؟ ياقەي! دوختۇرلار قان تەكشۈرسىلا بىلىۋالىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا تېلېفون قىلىپ بىزدىن سوراپ يۈرىدۇ؟ قازا قىلىپ كەتكەن كىچىك ئىنىسى ئېلىجان يادىغا يەتكەن يۈسۈپجاننىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى.

ئابدۇسەمەت ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچرىغان بولسا، ئۆيدىكىلەرنىڭ قېنى لازىم بولۇپ قالدىمۇ ـ يا؟ ھەيتاڭەي! دوختۇرخانا قان تەكشۈرۈپ كۆرسىلا بولمىدىمۇ؟ بۇ، تېلېفون بېرىپ بىزدىن سوراپ يۈرگەندىن تېز بولمامدۇ؟ شىنجىبىندەك شۇنداق چوڭ شەھەردە ئۇكامغا خوپ كەلگۈدەك قان تېپىلماسمۇ؟ ھەي...، بولدىلا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. مۇنداقلا سوراپ باققاندۇ ئېھتىمال، خۇدايىم بار، قورققىدەك ئىش بولماس!

ئەتىسى ئۇ مېھرىگۈلنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ قان تىپىنى سوراپ قىلغان تېلېفونىنى ئەمدىلا ئۇنتۇپ تۇرۇشىغا، مېھرىگۈلدىن يەنە تېلېفون كەلدى:

ـــ ئابدۇسەمەتكە ئازراق پىشكەللىك كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇڭا سىلەرنى دەرھال شىنجىبىنغا كەلسۇن دەيدۇ.

يۈسۈپجان زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدى. لېكىن مېھرىگۈل مەنمۇ ئۇقمايمەن، دېدى. يۈسۈپجاننىڭ دادىسى ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلچان بولغاچقا، يۈسۈپجان دادىسىغا ”ئابدۇسەمەتنىڭ ئىدارىسىدىن بىرنى مېھرىگۈل بىلەن بىرگە كېلىڭلار، دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. قارىغاندا ئېكسكۇرسىيە بارىدەك قىلىدۇ“ دەپ قويدى.

بۇۋاي ساقسىز بولغاچقا، يۈسۈپجان بىلەن تۇرسۇننى ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇۋاينىڭ بۇنداق قىلىشىدىمۇ باشقىچە ئويى بار ئىدى. چۈنكى تۇرسۇن بۇرۇنقى ئايالىدىن، يۈسۈپجان بىلەن ئابدۇسەمەت كېيىنكى ئايالىدىن تۇغۇلغان باللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەتتە خۇددى بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلاردەك ئۆم-ئىجىل ئۆتەتتى. شىنجىبىنغا ئۇ ئىككىسى بارسا، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىگە ۋەكىللىك قىلغان بولاتتى. لېكىن قېرىشقاندەك تۇرسۇننىڭ كىملىكنامە نومۇرى خاتا يېزىلىپ قالغاچقا، ئايروپىلانغا چىقالمىدى.

يۈسۈپجان ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ: ”ئابدۇسەمەت مېھرىگۈل بىلەن ئىككىمىز بارمىساق بولمىغۇدەك زادى نېمە ئىشقا يولۇقۇپ قالغاندۇ؟“ دەپ ئويلىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە مۇنداق بىر ئوي كەلدى: ئابدۇسەمەت بىرنى شىنجىبىنغا بىر كېلىپ كېتىڭلار، دەپ جىق دەپ كەتتى. لېكىن ۋاقىت يوق، پۇلمۇ يوق بارالمىدۇق. يا ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئىككىسى مېنى شىنجىبىننى كۆرۈپ كەتسۇن دەپ

مۇشـۇ ئۆيۈنـنى ئۆيـلاپ تاپـتىمۇ- يـا؟ بۇنىمـۇ يـوق دېگـىلى بولمـايدۇ. هـەي، بـۇ شەيتاننىزە!!

دۇرۇس، يۇسۇپجان ئىشنى يامان تەرىپىگىمۇ ئويلاپ باقتى: ئۇكـام دېگـەن سـاقچى. ئۇنىـڭ دېيىشـىچە، ئـۇ شـىنجىڭغا بېرىپ ئـۇزۇن ئۆتمـەيلا كىچىـك پـەرھات دەيدىغان بىر دوستى بىلەن يامان ئادەملەر ئالداپ ئاپىرىپ يانچۇقچىلىققا سالغان بىر نەچچە بـالىنى ئـەكىلىپ قويغىلـى ئۇرۇمچىگـە كەپـتۇ. بىـراق، ئىشـى بـەك جىددىـي بولغاچقـا ئۆيگـە بېرىشـقا ۋاقـتى يـوق، ئۇرۇمچىدىـنلا يەنـە قـايتىپ كېتىپـتۇ. ئۇنـى ئاشۇنداق يامان ئادەملەر تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ قويدىمۇ- يا؟ ئادەم بېشىغا كۆن چۈشكەندە قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىـڭ باشـلىقلىرى بىـزنى كېلىپ يوقلاپ كەتسۇن، دەپ چاقىرتىپتۇ- دە! چىداپ تۇرغىن جېنىم ئۇكام، بىز بىر نەچچە سائەتكە قالماي يېتىپ بـارىمىز. شۇ چـاغدا سېنى باغرىمىغا چىـڭ باسـىمەن، ساڭا قېنىمنى بېرىمەن. يارالـ ساقايغاندىن كېيىن بىز قانغۇچە مۇڭدىشىمىز...

يۇسۇپجان شىنجىڭ ئايرودرومىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشنىڭ باشقىچىرەك تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى.

مېهرىگۈل بىلەن يۇسۇپجان يا ئەمگەك نەمۇنىچىسـى بولمىسا، يا شـىنجاڭنىڭ چوڭ ئەمەلدارى بولمىسا، شۇنچىۋالا جىق باشـلىق نېمىشقا ئۇلارنىـڭ ئالدىغا چىقىـدۇ؟ ئۇ خەنزۇچە بىلمىسىمۇ، لېكىـن مېهرىگۈلنىڭ هېلىقى ئـاق كـىيىملىك باشـلىق بىلـەن كۆرۈشكەندىن كېيىن يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى:

"ئۇكامغا بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟"

كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگـەن بـۇ ئـوي ئۇنىـڭ پـۈتۈن ۋۇجۇدىـنى تىترىتىپ، باشلىرىنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئۇ شۇ گاراڭلىق ئىچىدە كىچىك پەرهاتقا ئەگىشىپ ئايروپىلاندىن چۈشـۈپ ماشـىنىغا چىقـتى؛ مېهمانخانىنىڭ ئالدىغا بېرىـپ ماشـىنىدىن چۈشـۈپ، بىناغـا كىردى؛ ئـاندىن يەنـە لىفىتقـا چىقـتى؛ ئـاخىرىدا لىفىتتىـن چۈشـۈپ هېلىقى يىغىن زالىغا كىردى... لېكىن ئۇ گويا ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك باشتىن - ئاياغ هېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى.

يىغىن زالىدا سىياسىي كومىسسار ئابدۇسـەمەتنىڭ قۇربـان بولغـانلىقىنى هـەمدە ئۇنىڭغا قەسـت قىلغـان قـاتىل بىلـەن ئۇنىـڭ هەمشىرىكىنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى

ئېيتتى. شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يۈسۈپجاننىڭ كاللىسىدا پەقەت بىرلا ئوي ھۆكۈم سۈرەتتى: ‹‹خەپ قانخورلار! ئىنىمنىڭ بۇ قان قەرزىدىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. يەتمىش پۇشتۇڭنى ئىزدەپ تېپىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىسام، توختاپتۇر!››.

كىچىك پەرھاتنىڭ سىياسىي كومىسسارنىڭ گەپلىرىنى تەرجىمە قىلىپ دېگەن سۆزلىرى ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. پەقەت باشلىقلار ياندىغان چاغدا ئۇلار بىلەن خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەكلا قول ئېلىشىپ قويدى.

مېھرىگۈل ‹‹ئابدۇسەمەتنى كۆرۈۋالايلى›› دېدى، لېكىن يۈسۈپجان گەپ قىلمىدى. چۈنكى ئىنىسىنىڭ جەسىدىنى كۆرۈشنى خالىمىدى.

ئۇ دادامغا تېلېفون قىلىپ بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزەي، ئاندىن ئۇنىڭدىن قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى سوراپ باقاي، دەپ ئويلىدى-يۇ، لېكىن تېلېفون قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتكەن ئېلىجاننىڭ ئۆتىدا ئاغرىپ يىقىلىپ ئەمدىلەتىن ئەسلىگە كەلگەن بوۋاينىڭ ئەمدى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. يۈسۈپجاننىڭ دادىسى ئۆتكەندە ئېلىجان قازا قىلغاندا ئىچىگە ئېلىپ كېتىپ قاتتىق ئاغرىپ، گۆر ئاغزىدىن قايتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئۈمىدلەرنى باغلىغان ئوغلى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسا، يەر دەسسەپ تۇرالايتتىمۇ؟

يۈسۈپجان قانداق قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. ئەسلى ئۇ ئۇن نەچچە كىشىلىك چوڭ بىر ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى نېرى- بېرى قىلالايدىغان پەم-پاراسەتلىك ئەركەك ئىدىغۇ!

ئۇ مېھرىگۈلدىن ‹‹قانداق قىلساق بولار؟›› دەپ سورىدى.

—— دادىڭىزغا خەۋەر قىلايلى، —— دېدى مېھرىگۈل، —— بۇ يەردىكى رەھبەرلەر بىزگە ئىگە بولىدۇ. دادىڭىزنىڭ نېمە تەلىپى بولسا، بىز ئۇنى ۋاقتىدا رەھبەرلەرگە دېيلى.

يۈسۈپجان دادىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى. بوۋاي تېلېفوندا باشقا گەپ قىلماي، ئۇزاقتىن ئۇزاق جىمىپ كەتتى. تروپكىدىن پەقەت ئۇنىڭ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەكەلگىن بالام، — دېدى بوۋاي بىر ھازادىن كېيىن، — بىز دېگەن مۇسۇلمان، ئۆزىمىز يەرلىكىدە قويايلى. ئابدۇسەمەتنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەل. ئوغلۇمنىڭ ساقچى كىيىمى بىلەن تۇرغان سۈرىتىنى بولسىمۇ كۆرەي، كۆزلىرىمگە سۈرتەي...

يۇسۇپجان دادىسىنىڭ تېلېفوندا قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەل- پەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى تۇرمۇش مۇشەققەتلىرىنى جىق تارتىپ، ئىسسىق- سوغۇقنى كۆپ كۆرگەن بوۋاي يۇسۇپجانغا ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېغىر- بېسىق ۋە چىداملىق بىلىندى. بىراق، ئۇ يەنىلا بوۋاينىڭ بۇ پاجىئەگە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

يۇسۇپجاننىڭ خىيالى پۈتۈنلەي ئابدۇسەمەتنىڭ سىيماسى بىلەن توشقانىدى. ئابدۇسەمەت تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇسەمەت ئاغزى- بۇرنى قانغا بويالغان ھالدا كىرىپ كەلدى، كىيىملىرىمۇ ھەررەك- سەررەك ئىدى.

ئىنىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان يۇسۇپجان ئۇنىڭ بۇرنىدىكى قانلارنى سۈرتكەچ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

— مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، — دېدى ئابدۇسەمەت بولغان ئىشنى بايان قىلىپ، — يەنە بىر مەھەللىدىكى توپاقتەك يوغان بىر بالا كىچىككىنە بىر قىزنى بوزەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ. مەن يۇگۈرۈپ بېرىپ: «ئوغۇل بالا دېگەن قىزلارنى بوزەك قىلمايدىغان» دەپ توستۇم. بىراق، گېپىمنى ئاڭلىماقتا يوق، مېنى ئۇرۇپ، تېپىپ كەتتى. مەن ئۇنى بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ تۇتىۋېلىپ، ھېلىقى قىزنى قاچۇرىۋەتتىم.

ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، كۆينەكلىرىنىڭ ئالدى پۈتۈنلەي قان ئىدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان يۇسۇپجاننىڭ جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە، ئۇدۇللا ھېلىقى بالىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھېلىقى بالا ئىشىكى ئالدىدا بىر نەچچە ئادىشى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن. يۇسۇپجان ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇكامنى ئۇرغان قايسىڭ؟

ـــ مەن...! ـــ دېدى ھېلىقى بالا. ئۇنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا يۈسۈپجان ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالدى، ھېلىقى بالا يەرگە دومىلاپ چۈشتى.

ـــ ئۇ قىز سەنخەقنىڭ سىڭلىسىمىدى يا، بوزەك قىلسام نېمە بوپتۇ؟ ـــ دېدى ھېلىقى بالا.

ـــ ئاڭلاپ قوي، ھېچكىمنى بوزەك قىلىشقا بولمايدۇ!ـــ يۈسۈپجان غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ۋە ئابدۇسەمەتنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئادەتتە يۈسۈپجان ئابدۇسەمەتكە بەك قاتتىق قوللۇق قىلاتتى. بۇنىڭغا قورسىقى كۆپكەن ئابدۇسەمەت يۈسۈپجاننى ئانچە بەك ”ئاكا“ دەپ چاقىرىپ كەتمەيتتى. لېكىن شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن ئۇ ئاكىسىغا بەك قول قويدى. شۇندىن بۇيان ئۇ يۈسۈپجانغا ئەگىشىپ، ”ئاكا“ دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

يۈسۈپجان بۇ قېتىم شىنجىڭدىن ئۇكىسىغا قەست قىلغان خۇمسىنى ئۆز قولى بىلەن جايلىيالماي كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى:

ـــ ناۋادا ساقچىلار ئۇنى تۇتالمىغان بولسا، پوتكۇل ۋەسلىم كەتسىمۇ ئۇ گۆينى ئۆزۈم ئىزدەپ تېپىپ، قىيما ـ چىيما قىلىۋەتمەيدىغان بولسام...!

بۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئابدۇسەمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى: ”ئاشۇ جاپاكەش ئاتا ـ ئانىلار ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھېدى كەتمىگەن نارىسىدە بالىلىرىنى يامان ئادەملەر ئالداپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇققان چاغلىرىدا قانچىلىك ئازابلىنىپ كەتكەندۇ، ئاكا! بۇ ئادەم بېدىكلىرى ئاشۇ نارىسىدە بالىلارنىڭ ئىستىقبالىنى خاراپ قىلدى، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلدى. ئۇلار دېگەن مىللىتىمىزدىن چىققان مۇناپىقلار! بەزى ئاتا ـ ئانىلار تىرىك يېتىم بولۇپ قالغان ئاشۇ بالىلىرىنى نەچچە يىللاپ شەھەرمۇ ـ شەھەر ئىزدەپ يۈرۈپ، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى ھەتتا بالىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن يەردە ئوغرى ـ قاراقچىلارغا ئۇچراپ، سەرسان بولۇپ كېتىپتۇ. ئويلاپ بېقىڭا ئاكا، ئۇنداق گۆيلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي بولامدۇ ؟ “ ئابدۇسەمەت بۇ گەپلەرنى ئاكىسىغا تېلېفوندا دەپ بەرگەنىدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان يۇسۇپجان ئۇنىڭغا يېنىش-يېنىشلاپ تاپىلاپ كەتكەنىدى:

— ئۆزۈڭگە ھېزى بولغىن، جېنىم ئۇكام. ئۇنداق ئادەملەر ساڭا بىر نەرسە بەرسە زادى ئالمىغىن، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بەرگىنىنى ھەرگىز ئېلىشقا بولمايدۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا، — دېگەنىدى ئابدۇسەمەت شۇ چاغدا ئاكىسىغا جاۋابەن، — ئۇنداق قىلمايمەن. ھېلىغۇ ماڭا دۆلەت مائاش بېرىدىكەن، ھەتتا مائاش بەرمىسىمۇ ئۇ خەقنىڭ قىلىغا كۆز قىرىمنى سالمايمەن. ئۆلسەممۇ ئۇلارنىڭ پۇلىنى خەجلىمەيمەن. ئۇنداقلاردىن مېنىڭ تونۇش- بىلىشىممۇ يوق. ئويلاپ باقامسىز ئاكا، ئۇلارنىڭ ھېلىقى باللارنى يانچۇقچىلىققا سېلىپ تاپقان پۇللىرى بىزگە ئوخشاش جاپاكەش خەقنىڭ قان- تەرى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇلارغا دائىم تەربىيە قىلىمەن، ”ناۋادا سېنىڭ بالاڭ ياكى ئىنى- سىڭىللىرىڭنى باشقىلار ئاشۇنداق ئالداپ ئېلىپ كەتسە، سەن قانچىلىك ئازابلىنىسەن، بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟“ دەپ كېتىمەن.

ئاھ، خۇدايىم! ئۇكام ئۇلارغا ئاشۇنداق ياخشى گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلغان تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنە ئۇكامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئى ئاللاھ، قېنى بۇ جاھاننىڭ ئادالىتى؟!

يۇسۇپجان ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇسەمەتنى ئۇقۇشماي خاتا ئەيىبلەپ قويغانلىقىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى.

ئابدۇسەمەت شېنجېنغا يېڭىلا بارغان چاغلار ئىدى. يۇسۇپجاننىڭ يانفون ئالغۇسى كېلىپ قالدى. ئۇ ”يانفون شېنجاڭغا قارىغاندا شېنجېندا ئەرزانمىش“ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئابدۇسەمەتكە يانفوندىن بىرنى ئەۋەتىپ بەرگىن، دەپ تېلېفون قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇسەمەتتىن تېلېفون كەلدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا: ”ئاكا، يانفوندىن بىرنى ئېلىپ قويدۇم، پات ئارىدا ئەۋەتىپ بېرىمەن“ دېدى. يۇسۇپجان ئۇزۇن ساقلىدى، لېكىن ئابدۇسەمەت ئەۋەتمەكچى بولغان يانفون كەلمىدى. كېيىن يۇسۇپجان ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. ئابدۇسەمەت:

— ئاكا، يېقىندىن بۇيان بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. قولۇم سەل بوشىسىلا پوچتىدىن ماڭدۇرىمەن، — دېدى. ئارىدىن

خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ئابدۇسەمەت ئەۋەتىدىغان يانفون كەلمەيۋاتاتتى. يۈسۈپجان يەنە تېلېفون قىلدى، لېكىن ئابدۇسەمەت يەنىلا بۇرۇنقىدەك گەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپجان نەق تۆت ئاي ساقلىدى، لېكىن ئىنىسى ئەۋەتمەكچى بولغان يانفون كەلمىدى.

بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن يۈسۈپجان بىر كۈنى ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى:

ـــ ئۇكامەي، سىلەرنىڭ ئىدارىدا سەندىن باشقا ساقچى يوقما؟ سەن بىرەر-ئىككى سائەت ئىشقا چىقماي قالساڭ، ئىدارەڭنىڭ ئىشلىرى چۆكىلمەي قالامدا؟ بولدى، ماڭا ئاتاپ ئالغان يانفونۇڭنى ئۆزۈڭ تۇت، مەن مۇشۇ يەردىن ئالاي!

ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلدى.

ـــ خاپا بولۇپ قالدىڭىزما، ئاكا؟ ـــ دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ يۈسۈپجانغا، ـــ سىزنىڭ شىنجاڭدىن ئالغان يانفونىڭىزدا شېنجېنغا تېلېفون قىلالمايسىز، ماقۇلما! ئالغان يانفونىڭىزدىن مېنىڭ ئاۋازىم ئاڭلانمىسا چىچاڭشىپ كېتەرسىز، تاپىنلىق! ئۇنتۇپ قالماڭ: پەقەت مەن ئېلىپ بەرگەن يانفوندىلا ماڭا تېلېفون قىلالايسىز. ئالدىرىماي تۇرۇڭ، تېز يوللانما قىلىپ سالىمەن، ھەپتىگە قالماي بارىدۇ!

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان يۈسۈپجان كۈلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بايىقى ئاچچىقى نەلەرگىدۇ ئۇچتى. دېگەندەكلا ئارىدىن تۆت- بەش كۈن ئۆتمەيلا ئابدۇسەمەت ئەۋەتكەن يانفون پوچتىدىن كەلدى. بىراق، يۈسۈپجان ئاشۇ قىلغىنىنى ئويلىسا ئۆزىنى نەچچە كاچات سېلىۋەتكۈسى كېلەتتى. ”ئەجەپ قىپتىكەنمەن- ھە؟ ـــ دەيتتى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە، ـــ چوپچوڭ ئەركىشى تۇرۇقلۇق، ئۇكامنىڭ خىزمىتىنىڭ نەقەدەر ئالدىراشلىقىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن! بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام، ئابدۇسەمەت بىلەن تېلېفوندا گەپلەشكەن چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى قانغۇدەك ئاڭلىۋالماسمىدىم! ئۇنىڭغا قېرىنداشلىق مېھرىم بىلەن گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماسمىدىم! ئىسىت، ئىسىت!“

يۈسۈپجان ئەينى چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشقا قوشۇلماي، ئۇنى كېسەك بىلەن ئۇرغانلىقىنى ئويلىسىلا پۇشايماندىن ئىچى ئۆرتىنىپ كېتەتتى. يۈسۈپجان ئاشۇ قىلغانلىرىغا كېيىن پۇشايمان قىلىپ، ئۇكىسىنىڭ كۆڭلىنى

ئېلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قىلغان ئاشۇ ھاماقەتلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە نەپرەت ئوقۇغۇسى كېلەتتى. شۇ چاغدا ئابدۇسەمەت نۇرغۇن- نۇرغۇن قارشىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ساقچى ئىنستىتۇتىغا بارىدىغان بولدى. ئابدۇسەمەتنى ئۇزىتىپ ۋوگزالغا كەلگەن يۈسۈپجاننىڭ چېھرىدە شاتلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ، شۇ چاغدىلا ئىنىسى ئابدۇسەمەتنىڭ كەلگۈسىدە خوتەندىن، تەكلىماكاندىن بۆسۈپ چىققان جەسۇر ساقچىلاردىن بولالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى.

شۇ چاغدا ئەبدۇسەمەتنىڭ پويىز دېرىزىسىدىن قول پۇلاڭلاتقاچ يۈسۈپجانغا ئۇزاقتىن- ئۇزاق تەلمۈرۈپ قاراپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. ئابدۇسەمەت ئاشۇ جەمەتتىن چىققان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدىغۇ...! ئۇنىڭ زىممىسىگە ئۈچ ئەۋلادنىڭ ئۇلۇغۋار ئۈمىدلىرى يۈكلەنگەن ئىدىغۇ...!

**12. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزىگە قەغەز ئۈزۈك سېلىپ قويغانلىقى مېھرىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى.**

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا چېن يەن كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، مېھرىگۈل كارىۋىتىدا يوق تۇراتتى. چېن يەن بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى: ”ۋاي ئانىمەي! نەگە كەتكەندۇ؟ چاتاق چىقىپ قالمىسا بولاتتىغۇ!“ چېن يەننىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇيقۇ ئاللىقاياقلارغا ئۇچتى. ئۇ كارىۋاتتىن ئىرغىپ چۈشتى- دە، دېرىزىگە قارىدى. دېرىزە ھەم ئېتىكلىك ئىدى. چېن يەن سۇخانىغا كىرىپ باقتى، بىراق ئادەم يوق ئىدى. ئاندىن مېھمانخانىغا چىقتى.

مېھرىگۈل مېھمانخانىدىكى كرىسلودا سۈرەت كۆرۈپ ئولتۇراتتى، چېن يەننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. چېن يەن مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى:

— ئۇخلىيالمىدىڭىزما...؟

ـــ بايا ئاچامغا تېلېفون قايتۇردۇم، ـــ دېدى مېھرىگۇل زورىغا تەبەسسۇم قىلىپ، ـــ ئۇلارمۇ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ...

ـــ ئاچىڭىز خىزمەتتىمۇ؟

ـــ ھەئە، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماتېماتىكا ئوقۇغان.

ـــ ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر بار؟

ـــ دادام بار، ئۇ دوختۇر، ئاپام، بىر ئاكام، بىر ئىنىم بار.

ـــ تاڭ ئېتىپ كېتەي دېدى، بىر دەم بولسىمۇ كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالسىڭىز بولاتتى!

ـــ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، سىز ئۇخلاۋېرىڭ، چېن يەن.

ـــ بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز، ئابدۇسەمەتنىڭمۇ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ.

چېن يەننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مېھرىگۇل كىرىسلودىكى سۆرەتلەرنى يىغىشتۇردى ۋە چېن يەننىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كارىۋاتقا چىقتى. مېھرىگۇل كۆزىنى يۇمۇشىغىلا ئابدۇسەمەت يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئابدۇسەمەت پۇقراچە كىيىنگەنىدى. بۇ كىيىم ئەجەپ تونۇشلىغۇ...؟ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بىر بىر- بىرىمىزگە ۋەدە بېرىپ پۈتۈشكەن كۈنى ئۇچىڭىزدا مۇشۇ كىيىم بار ئىدى. ئاھ، تەقدىر، ئاھ قىسمەت! شۇ كېچە ئېسىڭىزدىمۇ ئابدۇسەمەت؟ ئۇ، ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىز ئىدى. مەن قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە بېرىپ كەلدىم. لېكىن سىز يول كىراسىغا پۇل يوق قايتالمىدىڭىز. مەن كېلىپلا، سىزنىڭ ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئىچىمدە: «بۇ ئالىمۇ چاغلىق ئوخشايدۇ، ئائىلىسىدە شۇنچە قىيىنچىلىق تۇرسا يەنە ھاراق ئىچىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان!» دەپ ئويلىدىم ۋە سىزگە نەچچە كۈنلەرگىچە چىراي ئاچمىدىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى مېھراي ئىككىمىز بازارغا چىقىپ قايتىپ كىرىۋاتاتتۇق. دەرۋازىدا سىز، رىھىم، كىچىك پەرھات ۋە خېلىل تونۇشلارنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. سىزنىڭ قولىڭىزدا بىر نەرسىلەر بار ئىدى. سىز يېنىمغا كېلىپ:

— سەل تۇرۇپ يېنىڭىزغا كىرىمەن، بىرگە تاماق يەپ كىرەيلى، — دېدىڭىز.

بىراق مەن:

— بەك چارچاپ كەتتىم، سىرتقا چىققۇم يوق، — دېدىم.

سىز باشقا گەپ قىلمىدىڭىز. مەن يۆزلىرىمنى يۇيۇپ ئەمدىلا ياتاققا كىرىشىمگە، سىز كىرىپ كەلدىڭىز. سىز ياتاقتا چۆ يەن بىلەن جۇاڭ يۈنى كۆرۈپ ماڭا ئاستاغىنا: — يۈرۈڭە، تاماق يەپ كىرەيلى، — دېدىڭىز. قارىسام كۆزلىرىڭىزدىن بىر خىل ئىلتىجالىق يېلىنىش تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ياق دېيەلمەي ئارقىڭىزدىن ماڭدىم.

ئىككىمىز دائىم بارىدىغان ھېلىقى كىچىك ئاشپۇزۇلغا كىرىپ لەڭمەن يېدۇق.

— ئاززاق پىۋا ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدىڭىز سىز.

— قاچانلاردىن ئىچىدىغان بولۇۋالدىڭىز؟ قاملاشمىغان...! — دېدىم مەن زەردە بىلەن.

— بۈگۈن ئىككى رومكا ئىچەي، كېيىن ھەرگىز ئىچمەيمەن.

غىزالىنىپ بولۇپ چىقساق كەچ سائەت سەككىزدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئېسىڭىزدىمۇ، ئابدۇسەمەت؟ مارت ئايلىرىدىكى شېنياڭدا دەل- دەرەخلەر تېخى پوتلا سۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سىيلىق سىيپاپ ئۆتىدىغان شامالدىن باھار ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئىككىمىز دەريانىڭ قېشىنى بويلاپ ئاستا ماڭدۇق. ئۇ كۈنى ھاۋا قەۋەتلا ئوچۇق ئىدى، تىنىق ئاسماندىكى تولۇن ئاي جىمى جاھاننى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. بوۋايلار يول چىرىقىنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ قارتا، شاھمات ئويناۋاتاتتى؛ بىر مۇنچە كىشى بوۋايلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سالاچىلىق قىلىۋاتاتتى.

ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئۇ كۈنى سىز بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىڭىز. ماڭا يىنچۈەندە تەييارلىق ئوقۇغان چاغدىكى ئىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەردىڭىز، مەندىن قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە بېرىپ نېمىلەرنى قىلغانلىقىمنى سورىدىڭىز. ئاندىن يەنە:

— شىئەندە نەچچە كۈن تۇردۇڭلار، — دەپ سورىدىڭىز.

— ئۈچ كۈن تۇردۇق، مېھرايىنىڭ ئاكىسىنىڭ دوستلىرى ئالدىمىزغا چىقتى، — دېدىم مەن.

سىز يەنە:

— نەدە قونىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىڭىز.

— شىئەن پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياتىقىدا، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن، — ھە راست، ئۇ يەردە نۇرنىسا دېگەن بىر قىزنى كۆردۈم. ئۇ سىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يىنچۇەندە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىڭىز ئىكەن. ماھىرە دەيدىغان مودا قىزدىن بىرى بار ئىكەندۇق. ئۇ قىز سىز توغرىلىق جىق گەپلەرنى سوراپ: ”ئابدۇسەمەت مىنىڭ تەييارلىقتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى، ئۇ نېمىشقا قايتمىدى؟ مەن تېخى قايتىپ كېلەمدىكىن دەپتىمەن. ئۇ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ تېنى ساقمۇ؟ مەكتىپىڭلارنىڭ تۇرمۇشى بەك چىڭمۇ؟“ دېگەندەك بىر مۇنچە گەپلەرنى سورىدى. ئۇ سىلەرنىڭ ياتاقنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالماقچى بولۇپ مەندىن قەلەم سورىدى. مەن قەلىمىمنى بېرىۋىدىم، ”بەك ياخشى قەلەمكەن“ دەپ ماختاپ كەتتى. مەن: ”بۇ قەلەمنى ئابدۇسەمەت بەرگەنىدى“ دېۋىدىم، ئۇ تۇرۇپلا قالدى.

ئابدۇسەمەت، ئاشۇ چاغلار كۆز ئالدىمدا ھازىرقىدەكلا تۇرىدۇ. سىز گەپلىرىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويۇپ، باشقا گەپ قىلمىغانىدىڭىز.

مەن كۆكتىكى تاۋاقتەك تولۇن ئايغا قاراپ تۇرۇپ سىزدىن سوراپ باقتىم:

— نېمىشقا تۇيۇقسىزلا ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، ئابدۇسەمەت؟ بىرەر قىزغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، دېيىشتىن ئۇيۇلۇپ يۈردىڭىزمۇ- يا؟ ئەگەر شۇنداق بولسا مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. شىئەندىكى ماھىرە دېگەن قىزمۇ سىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈدىغاندەك قىلىدۇ.

سىز ئىرەڭسىزلىك بىلەن سورىدىڭىز:

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— ئۇ سىز توغرىلىق جىق گەپلەرنى ئېچىلىپ- يېيىلىپ سوراپ كەتتى، مەن بىر- بىرلەپ جاۋاب بەردىم. مەن قەلەمنى سىزنىڭ بەرگەنلىكىڭىزنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.

گەپلىرىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويۇپ، باشقا گەپ قىلمىدىڭىز.

بۇنى تەن ئالغانلىقىڭىزنى سېزىپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. لېكىن چاندۇرمىغانغا سېلىپ:

— مەن ياردەم قىلايمۇ؟ — دەپ سورىدىم ۋە كۆزلىرىمنى سىزگە سوئاللىق تىكتىم.

سىز بىردىنلا توختاپ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىڭىز:

— سىزنى ياخشى كۆرسەم زادى بولمامدىكەن؟

سىزنىڭ گەپنى ئۇدۇللا دېيىشىڭىزنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئەتەي ئىرەڭسىز قىياپەتتە قا قاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم:

— بۇ مۇمكىنمۇ؟

— نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟ — سىز يەنە كوچىلاپ سورىدىڭىز.

— مىنى قەستەن تېرىكتۈرەي دەمسىز؟ — دېدىم مەن، — ئۇنداق ئويلىسىڭىز بولمايدۇ، ئابدۇسەمەت.

— زادى نېمىشقا، دەپ بېقىڭا؟

— مەن بىلىپ بولدۇم، سىز ماھىرەنى ئەمەس، نۇرنىسانى ياخشى كۆرۈدىكەنسىز...

— نۇرنىسا بىلەن بولغان ئىش ئىككى يىل بۇرۇنلا تۈگىگەن.

— ئۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېقىڭا؟

سىز گەپ قىلمىدىڭىز. چۈنكى ئىلگىرىكى ئىشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان قىزغا سۆزلەپ بېرىشنى خالىمايتتىڭىز، ئاينى شاھىد قىلىپ تۇرۇپ دەپ بېرىشنى خالىمايتتىڭىز.

— سىز مىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىسىز ئابدۇسەمەت، — دېدىم مەن ۋەزمىن ئاھاڭدا، — مىنىڭ لايىقىم بار.

— مەن ئىشەنمەيمەن، سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىز.

— ياخشى كۆرمىسەممۇ ئۇنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتىم بار، دەپ قارايمەن.

— ئۇ سىزنىڭ كۆرۈنۈشتىكىلا لايىقىڭىز.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— ناۋادا ئۇنى ياخشى كۆرسىڭىز، نېمىشقا شىنجاڭدا ئوقۇماي بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ نېمىشقا ئۆزىڭىز دوختۇرلۇققا شۇنداق ھەۋەس قىلغان تۇرۇقلۇق، شىنجاڭ

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇماي، بۇ يەرگە كېلىپ ساقچى مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەپ ئۆزىڭىزنىڭ قىزنىقىشلىرىدىن ۋاز كەچتىڭىز؟

شۇ چاغدا سىزنىڭ كۆزنىتىشلىرىڭىزگە، تەھلىللىرىڭىزگە ھەيران قالغان بولسامۇ، لېكىن بويىنۇمغا ئالغۇم كەلمىدى.

— ئۇ دېگەن سىزنىڭ قارىشىڭىز، — دېدىم مەن، — ناۋادا بۇ ھۆكۈملىرىڭىز خاتا بولۇپ قالسىچۇ؟

— ھەرگىز خاتا ئەمەس. مەنلا ئەمەس، سىنىپتىكى سەككىز ئوغۇلنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ قارايدۇ.

شۇ چاغدا سىزنىڭ باشقىلار بىلەن ئارقامدىن گېپىمنى قىلغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ خاپا بولغانىدىم. شۇڭا:

— ناۋادا تەلىپىڭىزنى رەت قىلسامچۇ؟ — دەپ سورىدىم.

سىز ياندۇرۇپلا سورىدىڭىز، — نېمە ئۈچۈن رەت قىلىسىز؟

— ھازىر دېگەن بىزنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس، ئۆگىنىدىغان ۋاقتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپنىڭ قاتتىق بەلگىلىمىسى بار، مېنىڭ ئىنتىزامسىزلىق قىلغۇم يوق.

شۇ چاغدا سىز ئىشەنچ بىلەن ئېيتتىڭىز:

— سىز ئۆگىنىش بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى ئارىلاشتۇرۇۋالدىغان قىزلاردىن ئەمەس. سىز مۇھەببەتنى دەپ ھەرگىزمۇ ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمەيسىز...

مەن يەنە قەستەن گەپ كوچىلىدىم:

— ماھىرە سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، ئۆزىمۇ ناھايىتى ياخشى قىزكەن...

خاپا بولۇپ كۆزلىرىڭىزنى چەكچەيتىپ ماڭا قادالدىڭىز:

— ئۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلمىسىڭىز تۇرالامسىز؟ سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز-كۆرمەمسىز، ئۇ ماڭا بەرىبىر. بىراق، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى قولدىن بەرمەيمەن. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سىزنى كەلتۈرگىنىم كەلتۈرگەن.

بىر دەمدىن كېيىن سىز يەنە دېدىڭىز:

— سىز مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سوراۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— ھە، شۇنداق...

— سىزنى دەپ بولمامدۇ!

— مېنى دەپ؟ يا مەن سىزنى ھاراق ئىچىڭ دېمىسەم.

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قېلىشىممۇ سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بولدى!

— ۋوي، نېمىشقا مەندىن كۆرىسىز؟ قېنى دەپ بېقىڭا نۇنداق بولسا!

— ئىمتىھان باشلىنىش ئالدىدا سىزنىڭ قىشلىق تەتىلدە كېتىپ، ئۆزۈمنىڭ يالغۇز قالىدىغانلىقىمنى ئويلىساملا ئۆپكەم ئۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىدىم، شۇ...

بۇ گەپلەرنىڭ يۈرىكىڭىزدىن چىققان سۆزلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. بولمىسا، خوتەننىڭ "ماتېماتىكا ئۇستىسى" قانداقمۇ 68 نومۇر ئېلىپ قالسۇن؟ مەن ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدىم، سىزگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم. سىزنىڭ ماڭا بولغان ساپ سۆيگۈڭىزنى سېزىپ تۇرسامۇ، لېكىن ئاشۇ سۆيگۈگە قانداق يۈزلىنىشكە پېتىنالمايتتىم. سىز كۆڭلىڭىزنى ئەنە ئاشۇنداق ئۇدۇللا بايان قىلدىڭىز. ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆزۈمچە ئويلاپ كەتتىم: ناۋادا رەت قىلسام سىزگە زەربە بەرگەن، ئۆگىنىشلىرىڭىزگە تەسىر يەتكۈزگەن، ئىستىقباللىڭىزنى خاراب قىلغان بولىمەن. شۇڭا، ئۆزۈم ئاز- تولا بەدەل تۆلىسەممۇ سىزگە ياردەم قولۇمنى سۇنۇشۇم كېرەك.

مەن گەپ قىلماي ماڭدىم، سىزمۇ ئارقامدىن زۇۋان سۈرمەي كېلىۋاتاتتىڭىز. مەن سائەتكە قارىدىم، سائەت 9 دىن 45 مىنۇت ئۆتۈپتۇ. بىز مەكتەپنىڭ يان ئىشىكىدىن كىرىپ، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى گۈلىستان راۋىقىنىڭ يېنىغا كەلگەندە سىز تۇيۇقسىز باتناپ، راۋاقنىڭ بېقىنىدىكى گۈللۈكتە ئولتۇرىۋالدىڭىز.

ئېسىڭىزدىمۇ، ئابدۇسەمەت؟ يەر نەم بولغاچقا مەن كىيىملىرىڭىزنى ھۆل بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، قولىڭىزدىن تارتتىم. بىراق، سىز خۇددى تەتۈرلۈكى تۇتقان كىچىك بالىدەك تۈرغىلى ئۇنىمىدىڭىز.

مەن سىزگە قاراپ ۋارقىرىدىم:

ــــ تۇرۇڭە، ئۇنداق قىلماي!

سىز بىردىنلا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل كېلىپ مۇرەمگە ئېسىلدىڭىز. ئاندىن بېشىڭىزنى ئاستا كۆتۈرۈپ، بىر قولىڭىز بىلەن يۈزۈمنى سىلىدىڭىز.

مەن ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم. شۇڭا يۈزۈمنى قوغدىماقچى بولۇپ، سىزنى بىر كاچات سالدىم.

سىز ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ ئارقىغا داجىدىڭىز ۋە بىر ھازاغىچە ماڭا قاراپ ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ كەتتىڭىز. ئاندىن سورىدىڭىز:

ــــ نېمىشقا ئۇرىسىز، مېھرىگۈل؟

ــــ ماڭا چېقىلماڭ! ــــ مەن سىزگە قاپىقىمنى تۈرۈپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىم.

سىز قاتتىق مەيۈسلۈك ئىچىدە بىرىپ گۈللۈكتە ئولتۇردىڭىز. مەن سىزگە بىلىنمىدىكى سائەتنى كۆرسەتتىم.

ــــ يۈرۈڭ، چىراغ ئۆچۈرىدىغان ۋاقىت بولدى. بولمىسا ياتاقتا كىرەلمەي تالادا قالىمىز.

سىز بۇقىدەك تۈرۈلۈپلا ئولتۇرىۋالدىڭىز. مەن باشقىلار كۆرۈپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرەپ سىزنى تارتىپ باقتىم. بىراق سىز مىدىر قىلىپ قويماي دېمىدىڭىز. سىزنى تارتىپ ئورنىڭىزدىن تۇرغۇزۇشقا نەدىمۇ كۈچۈم يەتسۇن؟ جۇدۇنۇم ئۆرلەپ سىزنى بىرنى تەپتىم.

سىز تېرىكىپ كەتتىڭىز:

ــــ نېمە؟ سىز مېنى تېپىۋاتامسىز؟ قىز بالىمۇ سىزدەك بولامدۇ؟

مەن ئۆزۈمنىڭ قوپاللىقىغا ئۆزۈم نومۇس قىلىپ كەتتىم. بىراق، سىزدىن ئەپۇ سوراشقىمۇ ئۆلگۈرمەي سىزنى يەنە تارتقۇچلىدىم. دەل شۇ چاغدا مەكتەپتىكى چىراغلار تۇيۇقسىزلا ئۆچتى. قارىسام ياتاق بىناسىنىڭ چىراغلىرىمۇ ئۆچۈپتۇ. مەن قورققىنىمدىن تىترەپ كەتتىم: «مانا ئەمدى تۈگەشتۇق! چىراغ ئۆچتى، بىنانىڭ دەرۋازىسىمۇ تاقالدى. ياتاققا كىرىش ئۈچۈن ئىشىكنى چېكىش كېرەك. دېژورنى ئىسمىمنى ۋە سىنىپىمنى يېزىۋېلىپ، مۇئەللىملەرگە يوللايدۇ!» بۇلارنى ئويلىغانسېرى قورقۇپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. ئاخىرى يىغلاپ كەتتىم.

سىز مېنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تەمتىرەپ كەتتىڭىز. ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ، مېنى دەرۋازىنىڭ سىرتى تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدىڭىز.

بىز مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتۇق. مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە سىزدىن سورىدىم:

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟

— كىنو كۆرمەمدۇق- يا؟ — دەپ سورىدىڭىز سىز.

ئۇ چاغدا روھىم چۈشۈپ، ھەممىدىن بىزىۋاتقان تۇرسام، كىنو كۆرۈشكە كۆڭلۈم تارتاتتىمۇ؟ كىچىكىمدىن تارتىپلا ئەدەبلىك ئۆسكەن قىز ئىدىم. شۇڭا ئاتا- ئانامنىلا ئەمەس، مەكتەپتە مۇئەللىملىرىمۇ مېنى ئالقىندا كۆتۈرەتتى. مانا بۈگۈن مەكتەپ ئىنتىزامىنى بۇزدۇم. مۇشۇلارنى ئويلىساملا ھەم قورقاتتىم، ھەم تىت- تىت بولاتتىم. كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتاتتى، قانداق قىلىشىمنى ئۇقالماي تېرىكەتتىم.

بۇ چاغدا كوچىدا ئادەم قالمىغانىدى. يىراقتا بىر نەچچىسى ھەدەپ ئىسقىرتىشاتتى، كۈلۈشۈپ قىقاس- چوقان سېلىشاتتى، ھەتتا ئادەم ئاغزىغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن ۋارقىرىشاتتى. مەن قورقۇپ كەتتىم، شۇڭا سىزگە:

— كوچىدا بۇنداق يۈرسەك چاتاقكەن ئابدۇسەمەت، مەن قورقۇۋاتىمەن. بىرەر يەرنى تېپىپ تۇنەيلى ئەمدى، — دېدىم.

ئۇدۇلدا بىر يەردىكى مېھمانخانىنىڭ چىرىغى يېنىقلىق ئىدى. سىز يېنىڭىزنى كولىدىڭىز، يېنىڭىزدا پەقەت 30 نەچچە يۈەنلا پۇل بار ئىكەن.

مەن ھەمىيىنىمنى ئاختۇردۇم، ئىچىدىن 70 نەچچە يۈەن پۇل چىقتى. پۇللىرىمىزنى بىر ئاخشام تۈنەشكە يېتىدىكەن، دەپ ئويلاپ، ئاشۇ مېھمانخانا تەرەپكە ماڭدۇق.

كىرىپ سورىساق، ئۇلار: «ئۈچ كىشىلىك بىر ئۆيدە ئىككى ئايال كىشى بار. ياتىمەن دېسىڭىز شۇ ئۆيدە يېتىڭ، بىر كارىۋات 20 يۈەن» دېدى. مەن بولىدىكەنغۇ، دېدىم.

بىراق سىز:

— سىز كىرىپ ئۇلار بىلەن بىرگە ياتسىڭىز مەن خاتىرجەم بولالمايمەن، ئۇلارنىڭ قانداق ئاياللار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تۇرساق، — دېدىڭىز.

مەن تېرىكتىم:

— سىز بىلەن بىللە تۇرغىنىمدىنىغۇ ياخشىراقتۇ؟ ھازىر ھەرقانچە كۆيۈنگىنىڭىز بىلەن، بايا تارتىشىپ يۈرۈپ مېنى تالادا قويدىڭىز...

سىز مەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايلا مېھمانخانا مۇلازىمىدىن سورىدىڭىز:

— ئايرىم ياتاق بارمۇ؟

— بار، 75 يۈەن، يەنە 20 يۈەن رەنە قويىسىلەر.

سىز يېنىڭىزدىكى 35 يۈەننىڭ ھەممىسىنى مۇلازىمغا سۇندىڭىز، مەنمۇ يېنىمدىن 50 يۈەن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردىم.

مەن مۇلازىمدىن ئاچقۇچنى ئالدىم ـ دە، سىزگە دوقاسلاتقىنىمچە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم ۋە ئۆزۈم كىرىپلا ئىشىكنى گۈپپىدە تاقىۋالدىم.

سىز ئىشىكنى ئاستا چەكتىڭىز:

— مەن قانداق قىلىمەن، ئەمدى؟ مېنى نەگە بارسۇن، دەيسىز؟

مەن غەزەپ بىلەن دوق قىلدىم:

— نەگە بارسىڭىز بېرىڭ! يەنە تۇرۇپلا سىزگە ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

سىز جىمپىلا كەتتىڭىز، مەن سىزنى ماڭا قېيداپ كېتىپ قالدى دەپ ئويلىدىم. كارىۋاتتا يېتىپ بۇگۇنكى بۇ پالاكەتچىلىكنى، بىكاردىن ـ بىكار خەجلىۋەتكەن 50 يۈەن پۇلنى ئويلىسامىلا ئىچىم ئاچچىق بولاتتى. مەن ئويلا ـ ئويلا يەنە يىغلاپ كەتتىم، كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن.

بىر چاغلاردا كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، تاڭ سەھەر سائەت ئۇچتىن ئېشىپتۇ. مەن ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ ئويلىسام، سىزنى باتاققا كىرگۈزمەي، بەك ئاشۇرۇۋېتىپتىمەن. بىراق، سىزنى كىرگۈزسەم نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەركىن ـ تاڭ؟ تاڭ ئاتقۇچە بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتۇق دېگەن تەقدىردىمۇ، «ئىككىسى بىر كېچە تۈنەپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتسە، بۇ يۈزۈمنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ تۇرۇپلا يەنە ھېلىقى ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىۋاتقانلارنى ئەسكە ئېلىپ سىزدىن ئەنسىرەپ كەتتىم: ئابدۇسەمەت ئۇلار

بىلەن ئۇچرىشىپ قالماس؟ جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرغاندا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالارمۇ-يا؟ راستىنلا ئۇرۇشۇپ قالغۇدەك بولسا ئۇ تاياق يەپ كېتىدۇ، ئۇ يالغۇز تۇرسا...

شۇلارنى ئويلاپ پۇت- قولۇمدا جان قالمىدى. دېرىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تالاغا قارىدىم. كوچىدا ئىنسۇ- جىن كۆرۈنمەيتتى. مەن يەنە ئويلاپ كەتتىم: ئابدۇسەمەت بىرەر ياتاقنى ئاچقۇزۇپ كىرىپ ياتتىمۇ- يا؟ ياقەي، ئۇنىڭ يېنىدا بىر سېنتمۇ پۇل قالمىغان تۇرسا... مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنىڭ تەتۈرلۈك قىلغىنىمغا بەك ئۆكۈنۈپ كەتتىم. مەن ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپى ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆك يىپەك پەردە تارتىلغانىدى. مەن پەردىنى ئاستا قايرىپ قاراپ باقتىم، كارىدوردا ئادەم يوق ئىدى. ئاستى تەرەپكە قارىدىم. ۋاي، خۇدايىمەي! سىز تامنىڭ تۈۋىدە تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپسىز.

مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئىتتىك ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ سىزنى تۇرتتۇم:

— ئابدۇسەمەت، كىرىڭە!

سىز كۆزلىرىڭىزنى تەستە ئېچىپ، ماڭا ئۇيقۇلۇق قارىدىڭىز:

— سىز كىرمە دېگەن تۇرسىڭىز!

سىز مېنى گېپىدىن يېنىپ ئىشىكنى يېپىۋالمىسۇن، دەپ ئىتتىك ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ياتاققا كىردىڭىز.

مەن ئۆزۈمنى ئاقلىدىم:

— كىرگۈزمىسەم تالادا ئۇخلايتتىڭىزمۇ؟ سوغۇق ئۆتۈپ زۇكام بولۇپ قېلىپ، دەرسكە چىقالمىسىڭىز قانداق قىلىمەن؟

بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىڭىز. خۇددى كىچىك باللاردەك كۈلۈپ، مەمنۇنلۇق ئىچىدە سورىدىڭىز: — ماڭا چىدىمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

شۇ چاغدا ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى كۆرۈپ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىپ كەتتى:

— ئاپلا، يىغلاپ قاپاقلىرىڭىز ئىششىپ كېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

سىزگە يەنە دوق قىلدىم:

— ئەجەپ ئەسكىكەنسىز، مېنى ياتاققا قايتقىلى قويمىدىڭىز. مېنىڭ يا بۇ يەردە ئۇرۇق- تۇغقىنىم بولمىسا، ياتاقتىكىلەر نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئەمدى؟

ــــ كەچۈرۈڭ مېھرىگۈل، مەن خاتا قىلدىم!

ــــ ئەمدى كەچۈرۈم سورىغانىنىڭ پايدىسى نىمە؟ ــــ مەن يەنە يىغلىغىنىمچە تۇردۇم.

سىز ياشلىرىمنى سۈرتتىڭىز. بىراق، مەن يەنە يۈزۈمنى سىلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، قولىڭىزنى قاتتىق سىلكىۋەتتىم:

ــــ نېمىشقا يۈزۈمنى سىلايسىز؟ سىز ئەدەپ دېگەننى بىلەمسىز- يوق؟

سىز ئوڭايسىزلىنىپ ئورنىڭىزدا تۇرۇپلا قالدىڭىز. بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇرۇپ، لام- جىم دېمىدىڭىز.

ــــ مەن خاتا قىلدىم، مېھرىگۈل، ــــ دېدىڭىز سىز بىر ھازادىن كېيىن پەس ئاۋازدا، ــــ مېنى ئۇرغانلىقىڭىزدىن رەنجىمىسەم بولاتتى. سىز ئەخلاقلىق، ئەدەپ- قائىدىلىك قىز بولغاچقىلا شۇنداق قىلدىڭىز.

ــــ سىز يا مېنىڭ لايىقىم بولمىسىڭىز. لايىقىم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلىشىڭىزنى كۆتۈرەلمەيمەن، ئابدۇسەمەت. دادام-ئاپام ماڭا: «توي قىلىشتىن بۇرۇن ئوغۇل باللار بىلەن بەك يېقىن ئارىلاشمايدىغان» دەپ تەربىيە بېرەتتى.

ــــ بايا مەكتەپتە سىز مېنى ئۇرغان چېغىڭىزدىلا بۇنى بىلگەنىدىم.

ــــ مېنىڭمۇ ئۇرۇش نىيىتىم يوق ئىدى. بىراق قانداقلارچە قولۇم كېتىپ قالدىكىن- تاڭ... شۇ ...

ــــ بولدى مېھرىگۈل، ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. مېنى كەچۈرۈڭ!

ــــ باشقىلار «مېھرىگۈلنىڭ لايىقى باركەن» دېيىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئىشنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىمەن.

ــــ ئەلۋەتتە شۇنداق. تە!

ــــ ئۇ دوستىڭىز سىزنىڭ قولىڭىزنىمۇ تۇتۇپ باقمىغانمۇ؟

ــــ تۇتۇپ باقمىغان.

ــــ ئىشەنمەيمەن!

ــــ ئىشەنمىسىڭىز ئىشەنمەڭ. شىنجاڭدىكى چاغدا بىز بىر قېتىم كىنوغا كىردۇق. ئۇ قولۇمنى تۇتىۋىدى، مەن شۇ يىغلىغىنىمچە كىنونىمۇ كۆرمەي يېنىپ

چىقتىم. ئاندىن ئاغرىپ قېلىپ ئۈچ كۈن ئاسما ئوكۇل سالدۇردۇم. كېيىن ياتاقتىكى قىزلار ئۇقۇپتىكەن، ئۇلار ”ئوغۇل بالا قولىڭىزنى تۇتۇپ قويسا يىغلاپ ئاغرىپ قېلىپ، ئۈچ كۈن ئوكۇل ئاستۇرۇپسىز“ دەپ مازاق قىلىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— راستما؟

— راست!

— قەسەم قىلالامسىز؟

— خۇدا ھەققى!

— قارىغاندا سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز.

— ياخشى كۆرىمەنمۇ، كۆرمەيمەنمۇ ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. لېكىن مەن مۇھەببەتلەشسەم بولمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بىز ئۆگىنىشتە باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا. بىزنىڭ مۇھەببەتلىشىش سالاھىيىتىمىز يوق، مۇھەببەتلەشسەك ئۆگىنىشىمىزگە تەسىر يېتىدۇ.

— ناۋادا ياردىمى بولۇپ قالسىچۇ؟

— ئىشقىلىپ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ.

— بۇ يەردە يالغۇز يۈرسىڭىز غېرىپسىنىپ كېتىسىز. ناۋادا مۇھەببەتلەشسىڭىز، مۇھەببەت سىزگە روھىي تۈۋرۈك بولىدۇ.

بىردەمدىن كېيىن يەنە سورىدىڭىز:

— سىز بۇ بالا بىلەن قانداق تونۇشقان؟ ئۇنىڭ ئېتى نېمە؟

— ئىسمى ئەسقەر، ئۇمۇ ئاقسۇلۇق. مەن ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا تونۇيتتۇم. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىرقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى، ئۆگىنىشتە ئەلاچى ئىدى. كېيىن مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە كىردىم. ئۇ چاغدا مەن 16 ياش بولۇپ، ھېچ نېمە ئۇقمايتتىم. مەن ئۇنى يۇرتداشلار ئولتۇرۇشىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆگىنىشتىلا ئىدى. باشقىلار تاماق يەۋاتقان، ئويناۋاتقان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. كېيىن مەن ”ئەسقەرنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىركەن“ دەپ ئاڭلىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ ئۆگىنىشتە ئانچە ـ مۇنچە ئىلگىرىلىدىم.

تەييارلىقنىڭ بىرىنچى يىللىقى ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئۇ دائىم بىزنىڭ ياتاققا تېلېفون قىلىپ: «تاماق يېدىڭىزمۇ؟ دەرسلىرىڭىزنى تەكرار قىلىپ بولدىڭىزمۇ؟ ئىككى كۈندىن بۇيان چوڭ سىنىپقا دەرسكە بارمىدىڭىز، نەدە ئۆگىنىش قىلىۋاتىسىز؟» دەپ سورايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تېلېفونىنى بەزىدە ئالاتتىم، بەزىدە ئالمايتتىم. بىر كۈنى ئۇ مەكتەپ قورۇسىدا ئۇچراپ قېلىپ ماڭا: «ئىككىمىز يۈرۈپ قالساق بولمامدۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «مەندە ئۇنداق خىيالمۇ يوق ھەم سىزنى قوبۇل قىلالمايمەن» دېدىم. دېمىسىمۇ مەن ئۇ چاغدا «يۈرۈش»، «مۇھەببەتلىشىش» دېگەننىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن ئۇنىڭغا يەنە: «مەن ھازىرغىچە بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپمۇ باقمىدىم، ئوغۇللارغا ئانچە قىزىقمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانمەن» دېدىم.

ئۇ: «ئىلگىرى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسىڭىز، ئەمدى ئويلىنىپ باقسىڭىز بولىدۇغۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلمىدىم. ئىككىنچى يىلى بىر قېتىملىق يۇرتداشلار ئولتۇرۇشىدا نۇرغۇن باللار بار ئىدى. مەن يالغۇز باردىم، قارىسام ئەسقەرمۇ بار ئىكەن. بىرى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭدىن: «مېھرىگۈل سىنىڭ لايىقىڭما؟» دەپ سورىدى. ئەسقەر: «ھەئە، مېنىڭ لايىقىم» دېمەسمۇ، مەن ئاچچىقىمدا دەس تۇرۇپ شۇ يەردىلا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەي دەپ، يەنە ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم.

ئولتۇرۇش تارىدى. مەن چىقىۋاتسام ئۇ ئارقامدىن يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا چېچىلىپ كەتتىم: «باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش دېگەننى ئۇقامسىز؟ شۇ يەردىلا سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي دېگەنىدىم. بىراق، سىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىپ قالمىسۇن، دەپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جىم ئولتۇردۇم.» ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاپا بولمىدى، ئەكسىچە كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەمەلىيەتتە مەن سىزنى خۇپىيانە ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، قولۇمنى ئۇزۇتۇپ باقتىم، بىراق قولۇم يەتمىدى، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېسەم ئېرىپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغان» دېدى.

مەن ئاچچىقىمدا: ”ئېرىپ قالارمىش تېخى“ دەپ، دىمىقىمنى قېقىپلا كېتىپ قالدىم.

كېيىن تېلېفون قىلىسىمۇ ئالمايدىغان، ئالسامۇ ”نېمە رودىپايىدەك ئارقامغا كىرىۋالسىز؟ بۇ مېنىڭ شەنىمگە داغ تەگكۈزگەنلىك، بىلدىڭىزمۇ؟“ دەپ قاتتىق گەپ قىلىدىغان بولدۇم. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ”مېھرىگۈل مېنىڭ لايىقىم“ دېگىنى ئەمەلىيەتتە ”مەن مېھرىگۈل بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتىمەن“ دېگىنى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ ھەممىسى مېنى ”بەك شاللاق قىزكەن“ دەپ قالاتتى. لېكىن ئاز كۈندىن كېيىن باللارنىڭ ھەممىسى ئىشنىڭ ئۇنداق ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتتى.

كېيىن ئۇ قىلغانلىرىغا ئەپۇ سوراپ، مېنى ئىككى قېتىم تاماققا تەكلىپ قىلدى. بىر قېتىم مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىغا كىردۇق، يەنە بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ تاماق يېدۇق.

2 ـ ئوقۇش يىلىنىڭ 2 ـ مەۋسۇمىغا كەلگەندە ئۇ تۇيۇقسىزلا زوكام بولۇپ يېتىپ قالدى. باللارنىڭ ھەممىسى: ”سىز ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنىڭ نەرى يامان؟“ دېيىشىپ كەتتى. مەن ئۇنى ياتىقىغا يوقلاپ باردىم. ئۇ پەن ـ تېخنىكا سىنىپىدا ئىدى. ئۇ سىنىپقا شىنجاڭ بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئالغانلار يىغىلغان بولۇپ، ئىككى يىل تەربىيىلىگەندىن كېيىن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىققا ئۆتەلىگەنلىرى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيتتى؛ چەت ئەلگە چىقالىغانلىرى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيتتى؛ بەزىلىرى قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسىمۇ بولاتتى. مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىغا بەك تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقنى، بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشنى ئويلىدىم. ئىشقىلىپ ئۇ 6 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرەتتى. ئۇ ئىككى يىلنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىچكىرىگە بېرىپ تېخىمۇ ئوبدان تەربىيىلىنىشنى كېرەك ئىدى. لېكىن شىنجاڭدا قېلىپ، كەچلىرى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئۆزى تېپىپ ئوقۇدى. كېيىن ئاڭلىسام ئىچكىرىگە مېنى دەپ بارماپتىكەن.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا بىر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بىر نەچچە دوستى بىلەن كېتىۋاتسا، يولدا بىر نەچچە مەست لۈكچەك ئۇچراپ قاپتۇ. ھېلىقى لۈكچەكلەردىن بىرى ئەسقەرلەر بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان بىر قىزغا پوخۇرلۇق قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھېلىقى لۈكچەكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بىر لۈكچەك پىچىقنى چىقىرىپ ئەسقەرنىڭ بىر دوستىغا تىقماقچى بوپتۇ، ئەسقەر ئېتىلىپ بېرىپ توسۇۋېتىكەن، پىچاق ئۇنىڭ ئالقىنىنى تىلىۋېتىپتۇ. ئەسقەرنىڭ ئالقىنىدىن شۇرقۇراپ قان ئاققىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن لۈكچەكلەر تىكىۋېتىپتۇ، ئەسقەرنىڭ دوستلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىر دوستى كېلىپ بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتتى. مەن دوختۇرخانىغا ئىككى قېتىم بېرىپ، تامىقىنى توشۇپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ ئىككى كۈن قاردىم. ئۇ تۆت كۈن بولغاندا دوختۇرخانىدىن چىقتى. 10 ـ ئىيۇن كۈنى بىز ئوقۇش پۈتتۈردۇق. ئۇ چاغدا ئوقۇيدىغان مەكتىپىمىزنى 17 ئالىي مەكتەپ ئىچىدىن تاللاپ تىزىمغا ئالدۇرساق بولاتتى. مەن تىزىملىكنى ئۆيدىكىلەرگە فاكستا يوللاپ بەردىم. ئۇلار بىلەن قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، دالىيەن مالىيە ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرنى تاللىدىم.

بۇ ئىشنى ئۇققان ئەسقەر بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ: ”دوختۇرلۇقنى ياخشى كۆرەتتىڭىز، بىراق ئەجەپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىماي، ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرنى تاللاپسىز؟“ دەپ سورىدى. مەن: ” قارىغاندا شىنجاڭدا ئوقۇسام بولمىغۇدەك!“دېدىم. ئۇ: ” ئىشقىلىپ مەن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن، سىز بۇ يەردە ئىنگلىزچىنى ئوبدانراق ئۆگەنسىڭىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزنىمۇ ئاچىقىپ كېتەتتىم“ دېدى. مەن: ” مېنىڭ ئەرلەرگە تايىنىپ ياشىغۇم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە ئىشىنەلمەيمەن“ دېدىم. ئۇ ياندۇرۇپلا سورىدى: ”بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟“. مەن: ”مەن تەلپىڭىزگە قوشۇلمىغان تۇرسام، يەنە باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېنى ”لايىقىم“ دەپ تونۇشتۇرۇپ يۈرىسىز. بىلىپ قويۇڭ ئەسقەر، دادام، ئاپاملار ئاچام ئىككىمىزنى دەل ئاشۇنداق ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھەم مۇستەقىل ياشيالايدىغان قىزلاردىن بولسۇن دەپ ئوقۇتقان“ دېدىم ئۇنىڭغا.

ئەسـقەر يەنـە مېنىـڭ نېمـە ئۈچـۈن سـاقچى ئىنسـتىتۇتىنى تاللىغـانلىقىمنى سورىدى. مەن: ‹‹ساقچى بولۇش، مېنىـڭ ئـارزۇلىرىمنىڭ بـىرى ـ دە›› دېدىـم. كېيىـن ساقچى ئىنستىتۇتىغا تاللاندىم. مەن ئاقسۇغا قايتقاندا ئەسقەر مېنى بېكەتكـە ئۇزىـتىپ كـەلدى. يازلىق تـەتىلدە ئـۇ بـىر قېتىم بـىزنىڭ ئۆيگـە بېرىپتۇ. ئۆيدىكىلـەر ئەسـقەر ئىككىمـىزنىڭ ئارىسـىدىكى ئىشنى ئۇقمىغاچقـا: ‹‹ۋاي، بـۇ بـالا ئىنگـلىزچىغا بـەك ئۇستىكەن، سىز ئۇنىڭدىن ئۆگەنسـىڭىز بولغۇدەك›› دەپ كـەتتى. بولغـان ئىـش ئەنـە شۇ...

ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىز بېشىڭىزنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ شـۇنداق دېدىڭـىز: ‹‹ دېگەنلىرىڭىزگـە ئىشـىنىمەن مېھرىگـۈل، مېھـراي سـىزنىڭ لايىقىڭـىز بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن سـىزنىڭ ئۇنىڭغا كـۆڭلىڭىز يوقلۇقىـنى ئـاللىبۇرۇنلا بىلگـەنىدىم... سـىز بـىردەم بولسـىمۇ ئۇخلىۋېلـىڭ، ئەتـە يەنـە دەرسـكە چىقىدىغـان گەپ، مەن سىزگە چېقىلمايمەن.››

مـەن كارىۋاتتـا كـىيىملىرىم بىلـەنلا ياتـاتتىم. تۇيۇقسىزلا قورسىقىم ۋە بـەللىرىم ئاغرىغاندەك بولـدى، مـەن ھاجەتخانىغا چىقتىم، ئـەھۋال باشـقىچىرەك تۇراتـتى. بۇنـى كۆرۈپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپلا كەتتىم. چۈنكى سومكامدا تازىلىق قـەغىزى يوق ئىدى. بـىرىنچى قەۋەتكـە چۈشـۈپ مۇلازىمىدىـن سوراپ بـاقتىم. لېكىـن ئۇلاردىمۇ يوق ئىكەن. مەن نېمە قىلارىمنى ئۇقالماي ياتاققا كىرىپ يىغلاپ كەتتىم.

سىز مېنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىڭىز.

مەن گەپ قىلالماي، يۈزلىرىمنى قىزارتىپ ئولتۇرۇپ يەنە يىغلىدىم.

سـىز: ‹‹دېيسـىڭىزچۇ، زادى نـېمىش بولـدى؟›› دەپ كوچىـلاپ سـورىغىلى تۇردىـڭىز. مـەن نېمە قىلارىمنى، نېمـە دېيىشـىمنى ئۇقالمـاي، سومكامدىكى پـارچە پۇللارنى ئېلىپ تالاغا ماڭدىم. سىز: ‹‹ۋۇي، نېمـە گـەپ بۇ؟ نەگـە بارىسىز؟›› دەپ سورىدىڭىز. مەن: ‹‹چىقىپ تازىلىق قەغىزى ئەكىرەي›› دېدىم.

سـىز زادى نېمـە بولغـانلىقىنى ئاڭقىرالمـاي تـۇرۇپ كېتىپ، ئـاندىن: ‹‹تـەڭ كېچىدە سىز تالاغا چىقسىڭىز بولمايدۇ، مەن ئەكىرىپ بېرەي›› دېدىڭىز.

سىز تالاغا ماڭدىڭىز. مـەن پەشتاقتا سـىزنىڭ قـارىڭىز يۈتكىچە قـاراپ تـۇرۇپ، ئاندىن ياتاققا قايتىپ كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدىم.

مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بۈگۈن بولغان ئىشلارنى ئويلاپ ئۆز- ئۆزۈمدىن سورايتتىم: ھەي، بۇ ئويغۇمۇ- چۈشۈممۇ ؟ كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇسەمەتكە دەۋېتىپتىمەن. ئەسقەر بىلەن بولغان ئىشىمنى ھەتتا ئەڭ يېقىن ئادىمىم بولغان ئاپام بىلەن ئاچامدىنمۇ سىر تۇتۇپ كەلگەنىدىمغۇ؟ ئابدۇسەمەت دېگەن بۇ بالىغا نىمانچىۋالا ئىچىكىپ قالغاندىمەن؟ شىنجاڭلىق نى- نى باللار ماڭا ئىچ پەش تارتىشىپ مېنى تاماقلارغا چاقىرغان، ماڭا شاكىلاتلارنى سوۋغا قىلغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ پەرۋا قىلمىغانىدىم. ئەسقەرنى ھەممەيلەن «ناھايىتى ئېسىل بالا» دېيىشەتتى، مېنىمۇ ئاشىقلارچە ياخشى كۆرەتتى. بىراق، ئۇنىڭ يېلىنىشلىرىنى زادىلا پەرۋايىمغا ئالغۇم كەلمىدى. نېمىشقا ئەمدى مۇشۇنداق نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خوتەنلىك بالىغا كۆڭۈل بېرىپ قالغاندىمەن؟ بۇمۇ بىر تەقدىر ئوخشايدۇ...

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن سىز كىرمىدىڭىز. بۇنىڭ بىلەن مەن دەككە- دۈككىدە ئولتۇرالماي قالدىم: ئالمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالماس؟ بىر ئوغۇل بالا يېرىم كېچىدە تازىلىق قەغىزى ئىزدەپ كوچىدا يۈرسە، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويارمۇ؟ كوچىدا لۈكچەكلەرگە ئۇچراپ قالمىغاندۇ؟ مەن ئويلىغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم، ھەتتا كۆڭلۈمنى بىر خىل ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى. سىزنى «قەغەز ئەكىرىپ بېرىڭ» دەپ تالاغا چىقارغانلىقىمدىن پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم: ئېسىت، چىقماڭ دېسەممۇ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە سەتچىلىككە قالسامۇ، ئۇنى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئىتتىرگىنىمدىن ياخشىراق ئىدىغۇ؟ ياتاقتا ئولتۇرۇشقا تاقىتىم قالماي، ياتاقتىن ئاستا چىقىپ، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ باقتىم. ئىشىكتىكى نۆۋەتچى ئۇخلاپ قالغانىدى، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ تالاغا قارىدىم. تالادا ئىنسۇجىن يوق ئىدى. مەن، نۆۋەتچى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، يەنە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتتىم.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. يەنە ئولتۇرالماي بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ قاراپ باقتىم. بىراق، يەنىلا سىزنىڭ قارىڭىز كۆرۈنمەيتتى. مەن ھولۇقۇپ- تەمتىرەپ يەنە ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاققا قايتىپ كىردىم.

مەن ياتاقنىڭ ئىچىدە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇ ياقتىن- بۇ ياققا ماڭاتتىم. تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىمغا كەلگەندەك، دېرىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم- دە، دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاچتىم. يۈزۈمگە گۈپپىدە ئۇرۇلغان سوغۇق شامالدىن ئەندىكىپ كەتتىم. كۆزلىرىمنى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا يۈگۈرتەتتىم، كوچىدا ئادەم دىدارى يوق ئىدى. پەقەت غۇۋا يول چىراغلىرىلا خۇددى ئۈيقۇ بېسىپ كەتكەندەك يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاجىز پىلىلدىشىپ تۇراتتى. مەن تۇيۇقسىزلا ئويلاپ قالدىم: ھە راست، يېقىنلا يەردە بىر مىلىچ مال دۇكىنى باردەك قىلغان. بىراق، بۇ چاغقىچە تاقىۋەتكەندۇ. ئابدۇسەمەت ئۇ دۇكاننىڭ ئىشكىنى قېقىپ ئاچقۇزالمىسا، سوتكىلىق تالالا بازىرىغا بارىدۇ- دە. ئەمما، ئۇ تالالا بازىرى بەك يىراق.

تۇيۇقسىزلا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ بوي- تۇرقىدىن تارتىپ مېڭىشىغىچە سىزگىلا ئوخشايتتى. ئۇ بارا- بارا يېقىنلاپ كەلدى، خۇشاللىقتىن يۈرۈكۈم يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتاتتى. كېچىدە ۋارقىراشقا پېتىنالماي، سىزگە قاراپ جېنىمنىڭ بارىچە قول پۇلاڭلاتتىم. سىز ئالدىراپ كېلىۋاتاتتىڭىز، قولىڭىزدا بىر پلاستىر خالتا بار ئىدى. سىز بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قاراپلا مېنى كۆردىڭىز- دە، يۈگۈردىڭىز.

سىز ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ياتاققا كىردىڭىز ۋە قولىڭىزدىكى پلاستىر خالتىنى ماڭا بېرىپ: "ۋەزىپىنى ئاخىرى ئورۇندىدىم" دېدىڭىز.

مەن پلاستىر خالتىنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا چىقىپ كەتتىم. بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ قارىسام، سىز ھە دەپ گۈپۈلدىتىپ سۇ ئىچكىلى تۇرۇپسىز، پېشانىڭىزدىن مونچاق- مونچاق تەرلەر تەپچىرەپ تۇراتتى.

سىز سۇنى ئىچىپ بولۇپ، ماڭا زوقمەنلىك بىلەن قارىدىڭىز:

— دېمىگەن بىلەن ماڭا بەك ئامراقكەنسىز جۇمۇ؟

مەن قەستەن تەتۈر گەپ قىلدىم:

— مەن سىزگە ئۆچ!

— ئۇنداقتا، ئەجەپ دېرىزىدىن يولۇمغا قاراپ تۇرۇپسىزغۇ؟

— مەن سىزگە ئەمەس، قولىڭىزدىكى نەرسىگە تەقەززا بولۇپ تۇرغان.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدىم:

— مەن راستىنلا بەك ئەنسىرەپ كەتتىم. سىزنى يېرىم كېچىدە بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالمىغىدى، دەپ قورقۇپ، ئۈچ قېتىم بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ قاراپ باقتىم.

سىز خۇشاللىقتا نېمە قىلارىڭىزنى بىلەلمەي، قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، مەيدىڭىزگە قويدىڭىز.

مەن سىزنىڭ سەممىيەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، بەخت نۇرلىرىدا مەسنخۇش بولغان كۆزلىرىڭىزگە قاراپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا دېدىم:

— بىز چوقۇم ياخشى ئۆگىنەيلى، ھاردۇقىمىز چىققۇدەك ئۆگىنەيلى. خەنزۇ ساۋاقداشلىرىمىز ھەيران قالسۇن، ئۇلار ھەقىقىي ئۇيغۇرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن. ھازىر، ئىچكىرىدىكى بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى ئوغرى، يانچۇقچى...

سىز مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتتىڭىز:

— دېگەنلىرىڭىز دۇرۇس مېھرىگۈل، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىزگە ماسلىشىمەن، سىزگە ھەرگىزمۇ دەخلى قىلمايمەن. مۇشۇ ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرالىسام، مېنىڭ ئىلتىجايىمغا ماقۇل دېيەلەرسىزمۇ، مېھرىگۈل؟

مەن «ھەئە» دېمەكچى بولدۇم-يۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرالماي، سىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

شۇ چاغدا سىز ئۇچىڭىزدىكى پادىچىلار شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە كەمپۈت قەغىزىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇ ياققا - بۇ ياققا قاتلاپلا، ئۆزۈكتىن بىرنى ياسىدىڭىز. ئاندىن ئۇنى ماڭا قوش قوللاپ سۇندىڭىز:

— بۈگۈن بىز ئۈچۈن خاسىيەتلىك 11 - مارت، مۇشۇ كۈننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇنى سىزگە سوۋغا قىلدىم!

مەن كۈلۈپ كەتتىم:

— ۋىيەي، ئەجەپ پىخسىقكەنسىز. ماڭا قەغەز ئۆزۈك سوۋغا قىلامسىز؟

— ياق مېھرىگۈل، كېيىن سىزگە خۇدا بۇيرىسا ھەقىقىي ئالتۇن ئۆزۈك سوۋغا قىلىمەن!



ــــ ماقۇلە، ــــ مەن نامىسىز بارمىقىمنى سىزگە ئۇزاتتىم. سىز ھېلىقى رەڭلىك قەغەز ئۆزۈكنى بارمىقىمغا سېلىپ قويدىڭىز.

ــــ ئەسقەر ئىككىڭلار زادى قانداق بولدۇڭلار؟ ــــ دەپ سورىدىڭىز سىز.

ــــ راست گەپنى دېسەم ئۇنىڭغا كۆڭلۈم يوق. لېكىن ئۇنىڭ مېنى دەپ ئازابلىنىپ نابۇت بولۇپ كېتىشىگە يۈرىكىم چىدىمايدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى بەك نامرات. ئاشۇنداق ئائىلىدىن بىرەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ چىقىشى ئاسان ئەمەس. ئۇ چەت ئەلگە چىقالىسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. شۇڭا، زۆرۈر تېپىلسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلسام، دېگەن ئويدىمەن.

ــــ ياخشى كۆرمىگەن ئادىمىڭىزگە ياردەم قىلىشنى ئويلايدىكەنسىز، سىز بەك ئاق كۆڭۈللىكەنسىز جۇمۇ، مېھرىگۈل! سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، ماڭا ئۆمۈر بويى ۋاپا قىلىسىز، مەندىن ئايرىلمايسىز، ئاچ ـ يالىڭاچ قالساممۇ مەندىن يۈز ئۆرۈمەيسىز شۇنداقمۇ؟

مەن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

سىز مېنى ئالدىڭىزغا تارتتىڭىز، ئىككىمىز چىڭ قۇچاقلاشتۇق. سىز قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلىدىڭىز:

ــــ مېھرىگۇل، مەن خېلى بۇرۇنلا سەزگەنىدىم. سىزنىڭ مىجەزىڭىز ئانامغىلا ئوخشايدىكەن، ئۆمرىڭىز ئوخشىمىسۇن، خۇدايىم. ئانام سىزدەك ھەم ئاق كۆڭۈل، ھەم مەسئۇلىيەتچان مەزلۇم ئىدى. بىراق، رەھمەتلىك بەك بالدۇر كېتىپ قالدى. سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا بەك كۆيۈمچان ئىكەنسىز، ھەرقانداق ئىشتا ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىڭىزنى ئويلايدىكەنسىز. بۇلارنى كۆرۈپ، ئەگەر رىزىقىمىز قوشۇلۇپ قالسا، يالغۇز دادامنى تاغدەك رازى قىلالىغۇدەك ۋاپادار كېلىن بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەندىم، مېھرىگۇل!

تاڭ سۈزۈلگەندە بىز ھېلىقى مېھمانخانىدىن ئايرىلدۇق. گەرچە بىر كېچىنى مۇھەببەتلىك شىۋىرلاشلارنىڭ شېرىن لەززىتىدە كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، لېكىن قورقۇپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق. چۈنكى مەكتەپتىن بىر كېچىنى ياتاقتا كىرمەي تالادا ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ قالسىلا، تونىمىزنى پىچىۋېتەتتى.

ھازىرغىچە ئېسىمدە، ئابدۇسەمەت! مەن ياتاققا ئالاقزادىلىك ئىچىدە كىرىپ كەلدىم. چېچىنى تاراۋاتقان جۇاڭ يۈمۇ ماڭا جىددىيلىشىپ تۇرۇپ دېدى:

ــــ مېھرىگۇل، ئاخشام ياتاق تەكشۈردى، جۇمۇڭ!

ۋاي، خۇدايىم، مەن ئەنسىرەپ تۇرغان ئىش بوپتۇ ئەمەسمۇ! يۈرىكۈم دۈپۈلدەپ سىلىپ كېتىۋاتاتتى. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

ــــ ئەمدى قانداق قىلارمەن، ــــ دېدىم مەن بىر ھازادىن كېيىن.

ــــ ئەترەت باشلىقىغا بېرىپ گەپنىڭ راستىنى دەڭ، شۇ! ــــ دېدى چۇ يەن.

ــــ ئەترەت باشلىقىغا دېسەم پايدىسى بولارمۇ؟ ئېيتىڭا، ئۇ نېمە دېدى، ئاچچىقلاپ كەتتىما؟

مېنىڭ قورقۇپ چىرايىمدا قان قالمىغانلىقىنى كۆرگەن چۇ يەن قا قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــــ قاراڭە قورقۇپ كەتكىنىڭىزنى، تەلىيىڭىزگە ئاخشام ياتاق تەكشۈرمىدى، قورقماڭ!

جۇۋاڭ يۇمۇ كۈلۈپ كەتتى:

ــــ راست گەپنى قىلىڭ، ئاخشام نەگە باردىڭىز؟

ــــ ئابدۇسەمەت بىلەن بىللە. ئۇ، هاراق ئىچىپ سىرتتىكى ئاشپۇزۇلدا مەست بولۇپ قالدى. تارتىپ، سۆرەپمۇ ئەكىلەلمىدىم. ئاڭغىچە چىراغ ئۆچتى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە كىرىشكە پېتىنالمىدۇق...

ــــ هەر هالدا تەلىيىڭىز باركەن مېهرىگۈل، مەكتەپتىن بىلىپ قالمىدى.

شۇ چاغدا جۇۋاڭ يۈ ئېسىمگە سالدى:

ــــ ئوغۇللارنىڭ ياتىقىنى تەكشۈردىمۇ ئۇقمىدۇق. ئابدۇسەمەت بۇ ئىشنى دەپ قويۇپ يۈرمىسۇن يەنە!

مەن يەنە جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئالدى- ئارقامغا قارىماي ئوغۇللار ياتىقىغا يۈگۈردۈم. مەن ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ تۇردۇم، بىر بالا سىزنى چاقىرىپ قويدى.

سىز چۈشتىڭىز، چىرايلىرىڭىز جىددىي تۇس ئالغانىدى. مەن: ”ئاپلا، چاتاق بوپتۇ، تەكشۈرۈپتۇ- دە، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىپتۇ!“ دەپ ئويلىدىم. سىز مېنى بىر چەتكە تارتىپ تۇرۇپ ئاستا سورىدىڭىز:

ــــ نېمىش؟ ئاخشام ياتاق تەكشۈرۈپتۇما؟

ــــ ياق، سىلەرنىڭ ياتاقىنچۇ؟

يۈرىكىڭىز ئورنىغا چۈشكەنىدى:

ــــ ياق، بىزنىڭكىنىمۇ تەكشۈرمەپتۇ! ــــ دېدىڭىز سىز. ئىككىمىز خۇشاللىقتا ۋارقىراپ، سەكرىۋەتكىلى تاسلا قالدۇق. لېكىن، بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرىۋاتقانلار بىرلغاچقا بىر- بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈپلا قويدۇق.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. بىز ئۆزئارا: ”ئەبەدىي ئايرىلمايمىز“ دەپ ۋەدە بېرىشكەنىدۇققۇ؟ ئەجەپ مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قاپسىزغۇ، ئابدۇسەمەت؟

**13. ئابدۇسەمەت ھەتتا كۆندىشىگەنمۇ يا ئاردەم قولىنى سۇنغانىدى.**

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت بىلەن ۋەدە بېرىپ پۈتۈشكەن 2000 - يىلى 11 - مارت كېچىسى «ئەمدى ئابدۇسەمەت بىلەن بولغان ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ياخشى ئىشقا كاشىلا كۆپ دېگەندەك، ئويلىمىغان يەردىن نۇرغۇن دەتالاشلار كېلىپ چىقتى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت بىلەن پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىشلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتقاندا ئەسقەر بىلەن كۆرۈشتى:

— كەچۈرۈڭ ئەسقەر، مەن بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئەسقەر ئەندىكىپ سورىدى:

— مۇنداقلا ياخشى كۆردىڭىزمۇ ياكى كۆڭلۈڭىز چۈشۈپ قالدىمۇ؟

مېھرىگۈل ياندۇرۇپ سورىدى:

— ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

— ئابدۇسەمەتمۇ؟

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— سىز ئۆتكەندە تەتىلدە كەلگەندە سىزگە شۇنچە يېلىنساممۇ پەرۋايىڭىزغا ئالمىدىڭىز. لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ گېپى چىقسىلا شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىڭىز. ئېھتىمال ئۆزىڭىزمۇ سەزمىدىڭىز مېھرىگۈل، ئىككىمىز پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق، سىز گەپنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئابدۇسەمەتنى تىلغا ئالدىڭىز. شۇ چاغدا سىزنىڭ چىرايىلىرىڭىز گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى، مەن شۇنىڭدىن بىلدىم.

مېھرىگۈل باشقا گەپ قىلماي كۆلۈپلا قويدى، ئەسقەر جىمىپلا كەتتى.

— ئەھۋال شۇنداق ئەسقەر، — دېدى مېھرىگۈل ئاستاغىنا، — ئەمدى سىز مەندىن ئۈمىدنى ئۈزۈڭ، ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى. سىز تىرىشىپ ئۆگىنىڭ، چەت ئەلگە چىقسىڭىز مەندىن ياخشى قىزلارنى ئۇچرىتالايسىز.

ــــ بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ــــ نېمىشقا؟ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇسىڭىز ئۆلىمەن. بىلىمدە يېتىشسىز، پۇلمۇ تاپالايسىز. ئۇ چاغدا قىزلارنىڭ سىزگە كۆزى چۈشمەي قالامتىمۇ؟

ــــ چەت ئەلگە چىقىپ پۇل تاپالىغۇدەك بولغاندا ماڭا كۆزى چۈشكەن قىزلارنى ياخشى قىز دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداقلار مېنىڭ كەچمىشلىرىمنى، تارتقان دەرد-ئەلەملىرىمنى بىلمەيدۇ-دە!

ــــ ئەمىسە، قانداق قىلاي دەيسىز؟

ــــ باشقىدىن ئويلىنىپ باقسىڭىز بولماسمۇ؟

ــــ بولدى قىلىڭ ئەسقەر، ئەمدى مۇمكىن ئەمەس.

ــــ سىز ئابدۇسەمەتنى قاچانلاردىن ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟

ــــ بىر يىل بولاي دېدىمىكىن.

ئەسقەر مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كەتتى.

مېھرىگۈل ئەسقەرگە تەسەللىي بېرىشنى ئويلايتتى- يۇ، لېكىن نېمە دېيىشنى ئۇقمايتتى.

ئۇلار مەكتەپ قورۇسىدىكى يولدا كېتىۋاتاتتى. ئەسقەر تۇيۇقسىزلا مېھرىگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ مېھرىگۈلگە گويا سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم تۇيۇقسىز قولىغا ئۇرۇنغان شاخ- شۇمبىغا جېنىنىڭ بارىچە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ھاياتلىق تىلىگەندەك، ئۆلتىجا ۋە يىلىنىش بىلەن باقاتتى.

ــــ قويۇۋېتىڭ! ــــ قولىنى ئەسقەرنىڭ قولىدىن سىلكىپمۇ ئاجرىتالمىغان مېھرىگۈل ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ دېدى.

لېكىن ئەسقەر مېھرىگۈلنىڭ قولىنى تېخىمۇ مەھكەم تۇتۇۋالدى.

مېھرىگۈل ئەمدى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

ــــ قويۇۋېتىڭ دېيمەن!

ئەسقەرنىڭ قوللىرى بوشىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام- تارام ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە باقتى:

ــــ سىزنىڭ مېنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. خۇدايىم تۇيۇقسىزلا دىلىڭىزغا سېلىپ، نىيىتىڭىزدىن يېنىپ قالغان بولسىڭىزچۇ. پەقەت مۇمكىن بولمىسا، مەنمۇ بولدى قىلماي ئامالىم يوق. بىراق، مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، قوشۇلالارسىزمۇ مېھرىگۈل؟

ــــ قانداق ئىلتىماس؟

ــــ سىزگە خەت يېزىپ تۇرسام بولامدۇ؟

مېھرىگۈل تۇرۇپ قالدى:

ــــ سىز خەت يازسىڭىز، ئابدۇسەمەت ئۇ...

ــــ مەن ھەرگىز ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە سوغۇقچىلىق سالىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. ئەمما ـ زە، شۇ سىزدىن ئايرىلىپ قالسام، مېنىڭ چەت ئەلگە چىقالىشىم مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ يەردىكى ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرەلىسەممۇ چوڭ گەپ.

ــــ بۇ گەپلىرىڭىزگە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئادەملەر نۇرغۇن نەرسىلىرىدىن، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، ئوخشاشلا ياشاۋېرىدۇغۇ! يەنە كېلىپ ئىككىمىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا بەك ئۇزۇن بولمىسا...!

ــــ ئۇنداقتا ماڭا ئاندا ـ ساندا تېلېفون قىلىپ تۇرالارسىزمۇ؟

ــــ بولىدۇ. يۇرتداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، سىزگە تېلېفون قىلىمەن.

ئەتىسى مېھرىگۈل ئاقسۇغا قايتتى. ئەسقەر بىر مۇنچە مېۋە ـ چېۋىنى زەللە قىلىپ ئۇنى ۋوگزالغا ئۇزىتىپ چىقتى. ئەسقەرنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى. بىراق مېھرىگۈل مەت قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئەسقەرگە قانداقلارچە بۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.

ئوقۇش باشلاندى. ئاپرېل ئايلىرى ئەسقەردىن بىر نەچچە پارچە خەت كەلدى، لېكىن مېھرىگۈل ئۇنىڭغا يا خەت، يا تېلېفون قايتۇرمىدى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ئەسقەرنىڭ ئاغىنىسىدىن جىددىي تېلېفون كېلىپ قالدى:

ــــ مېھرىگۈل، ئەسقەر چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەنىدى. ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتتى. ھازىر ھوشىنى ئۇقمايدۇ. لېكىن جۆيلۈپ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا چاقىرىۋاتىدۇ. ئامال قىلىپ بىر كېلەمسىز؟

مېھرىگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئەسقەرنىڭ تەلپىنى رەت قىلغاچقا، ئەسقەر ئىچىگە ئېلىپ كېتىپ، ئاخىرى مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغانىدى.

ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. جۇاڭ يۇ ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ:

— ئەسقەرنى ماشىنا ئۇرىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

ئۇ چاغدا باشقا باللار مېھرىگۈلنىڭ ئابدۇسەمەت بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتى. پەقەت ”مېھرىگۈلنىڭ شىنجاڭدا لايىقى بارمىش“ دېگەننىلا بىلەتتى. شۇڭا جۇاڭ يۇ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بېرىپ يوقلاپ كېلەمسىز قانداق؟

— ناۋادا مەن بارمىسام، بەك ئىچىگە ئېلىپ كېتىپ مېيىپ بولۇپ قالسا، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋىجدانىغا يۈز كېلەلمەيمەن، ئۆمۈر بويى خاتىرجەم ئۆتەلمەيمەن، — دېدى مېھرىگۈل يىغلاپ تۇرۇپ.

مېھرىگۈل لى كېنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن: ”مېنىڭ بىر دوستۇمنى بېيجىڭدا ماشىنا ئۇرىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدە باشقا ئادىمى يوق. شۇڭا ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت بەرگەن بولسىڭىز، بېرىپ كۆرۈپ كەلگەن بولسام“ دەپ رۇخسەت سورىدى. لى كې ئۇنىڭغا قوشۇلدى. مېھرىگۈل پويىز بىلەن كېچىلەپ بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. ئۇ پويىزدىن چۈشۈپلا قايتىشنىڭ بېلىتىنى ئېلىۋالدى.

مېھرىگۈل ئالدىراپ- تېنەپ كېسەلخانىغا كىرىپ كەلگەندە، ئەسقەر ھوشىغا كەلگەنىدى. مېھرىگۈلنى كۆرگەن ئەسقەرنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزلىرىگە ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى. مېھرىگۈل ئەسقەرنىڭ كۆڭلى سەل- پەل ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاستاغىنا دېدى:

— ئەجەپ ئېھتىيات قىلماپسىز- ھە، كىچىك بالىدەك.

— خەت يازسام جاۋاب قايتۇرمىدىڭىز، تېلېفون قىلسا قويايمۇ دېمىدىڭىز، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. ھېچقانداق ئىشقا قولۇم بارمايدۇ، كېچىلىرى ئۇيقۇ يوق. كۈندۈزلىرى گاراڭ- ساراڭلا يۈرىمەن. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قانداقلارچە ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايلا قالدىم...

ئەسقەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مېھرىگۇل ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئەسقەرنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى چەت ئەلگە چىقىشتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنى رىغبەتلەندۈردى:

— تۇرمۇشتا ئۇچۇشسىزلىقتا يولۇقمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ شۇڭا، بەك مەيۈسلىنىپ كەتمەڭ. بۇندىن كېيىن ئىچىڭىز پۇشۇپ قالسا ماڭا خەت يېزىڭ، مەنمۇ سىزگە يازىمەن. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن كاللا سەگەك، تەن ساق بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ھەممىدىن مۇھىم، جۇمۇڭ! بۇ جەھەتتە قولۇمدىن كېلىشىچە سىزگە ياردەم قىلىمەن، ئەسقەر!

— سىزگە خەت يازسام، ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالارمۇ؟ — ئەسقەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

— ئۇنداقمۇ بولماس، مەن ئۇنىڭغا دەيمەن. ناۋادا ئۇ ماقۇل دېسە سىزگە تېلېفون قىلىمەن.

— مەنمۇ شۇنىڭغا تەشنا. ناۋادا شۇنداق قىلالىسىڭىز سىزدىن تاغدەك مىننەتدار بولغان بولاتتىم. ئۇنداق قىلالمىغان تەقدىردىمۇ سىزدىن رەنجىمەيمەن، مېھرىگۇل. سىز بەختلىك بولالىسىڭىزلا مەن شۇنىڭغا خۇش.

مېھرىگۇل كېسەلخانىدا ئەسقەرگە بىر كېچە قارىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى ئەنسىرەپ قالارمىكىن دەپ، بىيجىڭگە كېلىپلا كىچىك پارھاتنىڭ چاقىرغۇسىغا: «ئابدۇسەمەتكە دەپ قويسىڭىز، مەن بېيجىڭدا، ئەنسىرىمىسۇن» دەپ سۆز قالدۇرۇپ قويدى.

ئەتىسى ئەسقەر خېلىلا ئوڭلىنىپ قالدى. مېھرىگۇل پويىز بىلەن كېچىلەپ شىنياڭغا قايتىپ كەلدى.

مېھرىگۇل ئۇنىڭغا گەپ قىلمايلا كېتىپ قالغانلىقىغا ئابدۇسەمەتنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. لېكىن بۇنچىۋالا رەنجىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئابدۇسەمەت توپتوغرا بىر ھەپتە ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمىدى. مېھرىگۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ گەپ قىلسىمۇ، ئۇ زۇۋان سۈرمەيتتى.

ئامالسىز قالغان مېھرىگۇل ئاخىرى رىھىمدىن ياردەم سورىدى:

ــــ ئابدۇسەمەتكە گەپ قىلىپ قويۇڭا، رىھىم. ئۇ ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرىدۇ، مېنىڭ چېپىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، مەن پەقەت كىسەلخانىدا ئەسقەرگە بىر كېچە قارىدىم، شۇ، ــــ دېدى مېھرىگۇل بولغان ئىشنى تەپسىلىي بايان قىلىپ.

بىراق رىھىم ئويلىمىغان يەردىن ئابدۇسەمەتنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ گەپ قىلدى:

ــــ ئەسلىدە بىپىجىڭگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئابدۇسەمەتكە دەپ قويغان بولسىڭىز توغرا بولاتتى، مېھرىگۇل!

ــــ ئۇنىڭغا دېسەم ئۇ چوقۇم بارغىلى قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنى تاپالمىغان تۇرسام...

رىھىم مېھرىگۇلنىڭ بۇ گەپلىرىگە باشقىچە ئىنكاستا بولمىدى.

ــــ ماڭا زادى ياردەم قىلامسىز- قىلمامسىز؟

ــــ ياردەم قىلغۇم بار. لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ پەيلى بەك يامان تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى ئۇقمايۋاتىمەن، ــــ رىھىم باشلىرىنى چايقىدى. بۇ ئۇنىڭ ”ئامالىم يوق“ دېگىنى ئىدى.

ــــ بوپتۇ، سىز دېيەلمىسىڭىز ئۆزۈم دەي، ــــ دېدى مېھرىگۇل خاپا بولۇپ، ــــ بەك بولسا ئۇ مېنى تىللاپ، دۆشكەلەپ كېتەر شۇ، ئۇرۇپ پاچىقىمنى چىقىۋەتمەس!

شۇنداق قىلىپ مېھرىگۇل ۋاقىت تاپسىلا ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىغا كىرىدىغان بولىۋالدى. ئۇ ئىشى بولسۇن- بولمىسۇن ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

بىراق، ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنى كۆرسىلا قوپۇپ كېتەتتى. مېھرىگۇل بولسا ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشەتتى.

ئابدۇسەمەت ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

ــــ ئادەمنىڭ تولا ئىچىنى سىقمىسىڭىزچۇ! ــــ دېدى ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ.

ــــ ئالدى بىلەن گېپىمنى ئاڭلاپ باقمامسىز! ئىدىيىڭىزدىن ئۆتسە تېخى ياخشى، ئۆتمىسە مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن.

ئابدۇسەمەت كېلىپ ئولتۇردى:

ــــ قېنى، ئاڭلاپ باقاي ئەمىسە.

مېھرىگۈل بولغان ئىشنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

—— ناۋادا مەن ئۇققان بولسام سىزنى بارغىلى قويمايتتىم، —— دېدى ئابدۇسەمەت، —— بىراق، سىز بىرىپسىز، دېمەك سىز ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن مېھرىگىزنى ئۈزەلمەيۋاتىسىز.

—— ناۋادا ئۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن مېيىپ بولۇپ قالسا، ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا قالماممەن.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ: "بېيجىڭغا بارغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرەلمەمسىز" دەپ سورىماقچى بولدى. يۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

ئابدۇسەمەت ئورنىدىن دەس تۇردى. دە، گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلىنىڭ كۆڭلىدىن كۆڭگە شۆكلىشىپ، ياداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ باقتى، ئۆزىمۇ خېلى ياداپ كەتكەنىدى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

—— ئابدۇسەمەت، ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ تولا قىينىماڭ. ئويلىغانلىرىڭىزنى ئوچۇق دەڭ، ئاڭلاپ باقاي. ئەگەر مېنى كەچۈرەلمىسىڭىز بۇنىڭغا ئامالىم يوق. ناۋادا كەچۈرەلىسىڭىز، ھازىرقى ئېغىر روھىي ئازابىدىن قۇتۇلغان بولاتتىم.

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ ياداپ كەتكەن يۈزلىرىگە سەپ سېلىپ قارىدى.

—— سىزنى كەچۈردۈم، —— دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

—— راستىما؟ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىزغۇ! سىز راستىنىلا ماڭا ئاداۋەت تۇتمامسىز؟ —— شىللىسىدىكى يوغان بىر قورام تاشنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالغان مېھرىگۈل خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئابدۇسەمەتنىڭ بىلەكلىرىنى ھەدەپ تارتاتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ خېلىدىن بېرى تۇتۇلۇپ يۈرگەن چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ مېھرىگۈلنى تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى:

—— مەن جىق ئويلاپ كەتتىم، مېھرىگۈل. ئەسقەر ئىنتايىن غايىلىك يىگىت ئىكەن. مىللىتىمىزدىن، بولۇپمۇ ئىنتايىن نامرات بىر ئائىلىدىن بىلىم ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئاشۇنداق قەيسەر يىگىتنىڭ چىققانلىقىغا ھەممىمىز خۇشال بولساق بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. ناۋادا ئۇ چەت ئەلگە چىقىش ئىشىدا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە مۇھتاج بولسا، ياردەم قىلىڭ.

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرى مېھرىگۈلنىڭ يۈرەكلىرىنى لەرزىگە سالدى. ”ئابدۇسەمەت نېمانچە ئاق كۆڭۈل، مەرت يىگىت ـ ھە! ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ”ھەقىقىي ئوغۇل بالىچىلىقى بار يىگىت ئىكەن. ھازىر دۇنيادا ئەرلەرنىڭ قانچىلىكى لايىقىنىڭ ئۆز كۆڭدىشىگە ياردەم قىلىشىغا چىن دىلىدىن ماقۇل دېيەلىسۇن؟!“.

ــ ئۇ ماڭا خەت يازسا مەيلىما؟

ئابدۇسەمەت بېشىنى لىڭشىتتى:

ــ بىراق ئۇنىڭدىن خەت كەلسە مەن كۆرۈپ باقاي، ماقۇلمۇ؟

ــ بولىدۇ، مەن سىزگە كۆرسىتىمەن، ــ دېدى مېھرىگۈل گەپنى كېسىپلا.

ــ سىز ئۇنىڭغا ھەر ھەپتىدە تېلېفون قىلىمەن دېسىڭىز مەيلى. بىراق بەك ئۇزۇن سۆزلىشىپ كەتمەڭ.

ئۇ ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى ئىللىق مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ راستىنى ئېيتىڭا مېھرىگۈل، ئۇنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەمسىز؟

ــ ياق! مەن سىزگە كۆڭۈل بەرگەنىكەنمەن، گېپىم گەپ. مەن سىزنىڭ ئىچ ـ باغرىڭىزنى چۈشىنىپ بولدۇم ئابدۇسەمەت، كۆڭلەرنىڭ بىردە ئىششىز قالسامۇ، ئاغرىپ ـ تارتىپ قالسامۇ، قېرىپ ماك ـ ماك موماي بولۇپ كەتسەممۇ سىزنىڭ مېنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

ــ ئىلگىرىمۇ سىزگە دېگەنغۇ، مېنىڭ قولۇم قىسقا. لېكىن سىزگە بولغان ساداقىتىم چەكسىز.

ــ ئىلگىرى باشقا قىزلارنىمۇ ياخشى كۆرۈپ باققانىدىڭىزغۇ؟

ــ ھازىر ئويلىسام ئۇ ياخشى كۆرۈش ئەمەس، پەقەت بالىلارچە ھەۋەسلا ئىكەن. ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالماڭ، ماقۇلمۇ؟

ــ بولىدۇ، ئەمدى ئىككىنچى تىلغا ئالمايمەن.

ئۇ ئىككىسى ئاخىرى ئەپلىشىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىگۇل ئەسقەردىن خەت كەلگەن ھامان ئالدى بىلەن ئابدۇسەمەتكە كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۆزى كۆرەتتى. ئەسقەرگە تېلېفون قىلغاندا ئابدۇسەمەت ياندا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلايتتى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ‹‹مېھرىگۇلنىڭ شىنجاڭدا لايىقى بار›› دەپلا بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسقەردىن ئۇنىڭغا دائىم خەت كېلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۇلنىڭ ساۋاقداشلىقتىن ھالقىغان باشقىچىرەك مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيتتى. بىراق بەزى باللار سەل گۇمانلىنىپ قېلىپ كوچىلاپ سوراپ قالسا ئابدۇسەمەت: ‹‹مەن ئۇ قىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. بىراق دائىم بىر بالا ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ، تېلېفون قىلىدۇ...›› دەپ قويياتتى.

مېھرىگۇل بۇ ھەقتە گەپ سوراپ قالغانلارغا: ‹‹مەنمۇ ئابدۇسەمەتنى ياقتۇرۇپ قالغان، بىراق شۇ...›› دەپ گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتىۋېتەتتى. بۇنى ئاڭلىغانلار ‹‹مېھرىگۇل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى لايىقىغا تارتىنىشىدىغان ئوخشايدۇ›› دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل جاۋابلىرى بىر ھېسابتا ياخشى بولغانىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھەم بۇ مۇرەككەپ ئىشنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ يۈرۈش ئاۋارىچىلىقىدىن، ھەم باللار ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قېلىپ، ئىنتىزام جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنالايتتى.

سەمىمي نىيەتكە تويۇنغان بۇ خىل ‹‹ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت›› تاكى ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىلىغىچە داۋاملىشىپ، كېيىن بارا - بارا ئۆز ئايىغىدىن يوقىدى. ئەسقەرمۇ مېھرىگۇلگە خەت يازماس، تېلېفون قىلماس بولدى. چۈنكى مۇھەببەت مەستانىلىقىدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلغان ئەسقەر پۈتۈن ئەس - يادىنى ئۆز نىشانىغا بېغىشلىغانىدى. دۇرۇس، ئۇ كۆڭلىنىڭ بىرىدە ئۆز كەسپىدە ئۈتۈپ چىقالىسا، ئالدى بىلەن كۆڭدىشى ئابدۇسەمەتنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىگە ئەلۋەتتە تەشەككۈر ئېيتىشى كېرەك. ناۋادا ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ تۆۋۈقسىز قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن چىن قەلبىدىن ياش تۆكەرمۇ؟

## 14."باشلىق، مىنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى..."

7 ـ ئىيۇن كۈنى «شىنجاڭ ئالاھىدە رايونى گېزىتى»، «شىنجاڭ سودا گېزىتى»، «جەنۇبىي جۇڭگو شەھەر گېزىتى»، «ياڭچېڭ كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ فانۇنچىلىق گېزىتى»، «شىنجاڭ كەچلىك گېزىتى»، «كرىستال گېزىتى»، «شىنجاڭ مۇھاجىرلار گېزىتى» قاتارلىق ئۆلكە ـ شەھەر دەرىجىلىك چوڭ گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدىكى ئۇزۇن تەپسىلىي ماقالىلەر ئۇنىڭ سۈرىتى بىلەن قوشۇپ بېسىلدى. گېزىتتىكى «زوراۋانلارنىڭ ئۇۋىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن ئۇيغۇر ساقچى قۇربان بولدى، لوڭگاڭ ساقچىلىرى چاقماق تېزلىكىدە دېلونى پاش قىلىپ، قەھرىماننىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلدى»، « شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ساقچى ئابدۇسەمەت يانچۇقچىلار شايكىسىنىڭ ئۇۋىسىنى بىتچىت قىلىش يولىدىكى كۆرەشتە تۈن نىسپىدە قۇربان بولدى»، «ساقچى ئابدۇسەمەت مەرتلەرچە قۇربان بولدى»، «پىداكار ساقچى ئارمانسىز كەتتى» دېگەن ماۋزۇلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

گۇاڭدوڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ «جەنۇبىي جۇڭگو ساقچىلىرى» سەھىپىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئۈچىنچى قانال «شەھەردىكى 110» سەھىپىسىدە ئابدۇسەمەتنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن مەخسۇس ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن 26 ياشلىق ئۇيغۇر ساقچى ئابدۇسەمەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى شىنجاڭ ئالاھىدە رايونىغىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن گۇاڭدۇڭغا تارقىلىپ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

دەل شۇ چاغلاردا ئازاب ۋە ئەسلىمىلەر ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەن مېھرىگۈلنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئىستەك بىخلىغانىدى. ئۇ بۇ ئويىنى دەسلەپتە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ يۈسۈپجانغا دەپ باقتى، يۈسۈپجان ئۇنى توغرا تاپتى. جۇاڭ يۈگە دېۋىدى، ئۇمۇ قوللىدى. 7 ـ ئىيۇن چۈشتىن ئىلگىرى، لوڭگاڭ جامائەت

خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ كۇەنجى، سىياسىي كومىسسارى يۈەن شياگىبىن هازىدارلاردىن هال سوراپ كەلدى. چۈشتىن كېيىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى فېڭنىڭمۇ هال سوراپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مېھرىگۈل ئۆز ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئاشقاندا يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۈل كىچىك پەرھات ۋە چېن يەننىڭ ھەمراھلىقىدا بۇجى ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى مەجلىسخانىسىغا كەلدى.

"باشلىق لى فېڭ كەلدى!" دېگەن سۆز بىلەن تەڭ بىر مۇنچە كىشى مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدى، ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغىنى لى فېڭ ئىدى. كۆزەينەك تاقىغان، زىيالىي سۈپەت لى فېڭنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل جەسۇرلۇق، زىرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يۈسۈپجان، مېھرىگۈللەر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— مەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، شېنجېن شەھەرلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى يولداش خۇاڭ لىمەن، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شېنجېن شەھىرىنىڭ باشلىقى يولداش لى خۇگجۇڭ، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش لياڭ گوجۇ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شېنجېن شەھەرلىك پارتكوم، شېنجېن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نامىدىن قەھرىمانىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى يوقلاپ كەلدىم، سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ھەمدە سىلەردىن سەمىمىي هال سورايمەن.

لى فېڭ ئابدۇسەمەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىغا يۇقىرى باھا بەردى:

— ئابدۇسەمەت شېنجېن ساقچىلىرىنىڭ پەخرى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ۋاپادار ئوغلى. ئۇ شېنجېننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن جىنايەتچىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئابدۇسەمەت شەھىرىمىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. شۇڭا بىز شەھىرىمىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ئارىسىدا ئابدۇسەمەتتىن ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىشىمىز كېرەك.

لى فېڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـــــ ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچى بولغىنىغا گەرچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى. قىسقىغىنە خىزمەت هاياتىدا ۋەزىپىلەرنى بىجانىدىل ئورۇنداپ ئاجايىپ ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ۋە سەپداشلىرى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ھەممەيلەن مۇشۇنداق بىر ياخشى سەپداشتىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغىنىغا قاتتىق ئازابلانماقتا. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن ئاۋام- پۇقرانىڭ دىققەت- ئېتىبارى ھازىر ئابدۇسەمەتكە مەركەزلەشتى. ئۆلكە ۋە شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىدارلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىمىزنى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبدان ھەل قىلىپ بېرىشىمىزنى قايتا- قايتا تاپىلىدى ... قېنى، سىلەرنىڭ قانداق قىيىنچىلىق ۋە تەلەپلىرىڭلار بار؟

يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن يۈسۈپجان دېدى:

ـــــ رەھبەرلەر ئەتراپلىق ئويلاپتۇ، سىلەرنىڭ كۆيۈنگەنلىكىڭلارغا رەھمەت. ئىنىمنىڭ ۋاپاتى ئائىلىمىز ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەت. ئۇ ئائىلىمىزدىن چىققان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇنى ياشلا كېتىپ قالدۇ، دەپ كىم ئويلىغان؟ ئېست، ئېست! بىراق بىز ئابدۇسەمەتتىن ھەسرەت ئىچىدە پەخىرلىنىمىز. بىزنىڭ باشقا تەلىپىمىز يوق، قاتىلنى قانۇن بويىچە تېزراق جازالاپ بەرسەڭلارلا بولدى. بىزنىڭ بىردىنبىر تەلىپىمىز شۇ! ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنىمنىڭ لايىقى مېھرىگۈل شېنجېنغا كېلىپ ئىشلەپ، ئىنىمنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلسا، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

يۈسۈپجاننىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا مېھرىگۈل ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، لى فېڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى ۋە راۋان خەنزۇ تىلىدا مۇنداق دېدى:

ـــــ سالامەت تۇردىڭىزمۇ باشلىق! ئىسمىم مېھرىگۈل، ئابدۇسەمەتنىڭ لايىقى بولىمەن. ئابدۇسەمەتنىڭ ئارزۇسى، نارىسىدە بالىلارنى ئالداپ ئايرىپ ساتىدىغان جىنايەتچىلەرنى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق جازالاش ئىدى. بىراق ئۇ قۇربان بولدى. شۇڭا، مەن شېنجېنغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاشۇ جىنايەتچىلەر بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلسام

دېگەن ئارزۇدىمەن. مەن جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ئابدۇسەمەتنىڭ ساۋاقدىشى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئىشلەيمەن. ھازىر گەرچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنىڭ خادىمى بولساممۇ، لېكىن بىرىنچى سەپكە كەلگۈم، ئابدۇسەمەت ياشىغان، قان ـ تەر تۆككەن ۋە قۇربان بولغان يەرلەردە ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭ شەھىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقۇم بار. ناۋادا تەلىپىم ئورۇنلۇق بولسا، رەھبەرلەرنىڭ بەستىقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېھرىگۈلنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرى لى فېڭغا تىكىلدى.

لى فېڭ شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا ئىپادە بىلدۈردى:

ـــ قارشى ئالىمىز! شىنجىڭ ئابدۇسەمەتتەك مۇنەۋۋەر ساقچىلارغا موھتاج. ئابدۇسەمەتنىڭ ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن سىزلا ئەمەس، بارلىق ساقچىلىرىمىزنىڭ داۋاملىق كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ! ئۇ يېنىدىكى بىرەيلەنگە تاپىلىدى:

ـــ بۇ ئىشنى دەرھال بېجىرىڭلار!

مېھرىگۈلنىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. بۇ ئۇنىڭ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن بۇيانقى تۇنجى كۈلۈمسىرىشى ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لوڭگاڭ رايونىنىڭ سېكرېتارى يۇ خۇيخۇڭ، مۇئاۋىن سېكرېتارى جەي جۇڭتەي، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى لى ۋېنلۇڭ، سەي لىچاڭ قاتارلىقلار رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بوجى ساقچى مەھكىمىسىگە كېلىپ ھازىدارلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارغا ھال سوراش پۇلى بەردى.

ـــ ئابدۇسەمەت خىزمەتنى بىجانىدىل ئىشلەشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى، ـــ دېدى يۇ خۇيخۇڭ، ـــ بىز پۈتۈن رايون خەلقنى ئابدۇسەمەتتىن ئۆگىنىشكە چاقىرىمىز!

لى فېڭنىڭ مېھرىگۈلنىڭ كېلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا قوبۇل كۆرگەنلىكى مېھرىگۈلنىڭ ئۈمىد شامىنى قايتا يورۇتتى. كەچلىك غىزادا ئۇ شىنجىڭغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىر چىنە

تاماقنى تۈگىتىپ يېدى. مېھرىگۈلنىڭ كۈندىن- كۈنگە ياداپ، تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ قېلىشقان جۇۋاڭ يۇ بىلەن چېن يەن بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى.

شېنجېنلىقلارنىڭ قىزغىنلىقى، شېنجېن جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى رەھبەرلەر، ساقچىلارنىڭ كۈچلۈك ئادەمگەرچىلىكى ۋە غەمخورلۇقى يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۈلنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈردى. كۈندۈزى تەرەپ- تەرەپتىن ھال سوراپ، يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۈل گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ ئىزلىمە زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى، ئۇلار ھەتتا ئابدۇسەمەتنىڭ ۋاپاتىغا ئازابلىنىپ ياش تۆكۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتى. پەقەت ئۆزلىرىگە تەئەللۇق جىمجىت كېچىدىلا ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۇھ دەپ ئولتۇرالايتتى. مېھرىگۈل ئاشۇ تىمتاس كېچىدە ئابدۇسەمەت بىلەن ئۆتكەن شېرىن مىنۇتلارنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىشتىن كۆڭلىگە تەسەللىي ئىزدەيتتى.

جىمغۇر سەھرالىق بالا ئابدۇسەمەت مۇنەۋۋەر ساقچىلاردىن بولۇپ يېتىلىپ چىقىش جەريانىدا نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ھەتتا مەكتەپتىن چېكىنىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدى، لېكىن ئاخىرى لېۋىنى چىشلەپ ھەممىگە چىدىدى. بۇ دۇنيادا ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان ئادەم پەقەت ئۇنىڭ دىلكەش مەھبۇبى مېھرىگۈللا بولسا كېرەك.



مېھرىگۈلنىڭ ھازىرمۇ يادىدا تۇرۇپتۇ. ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلى بىرىنچى مەۋسۇمدە ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئىككىلىسى بەزى

پەنلەرنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. كېيىن تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە ئۆتتى. ئىككىنچى مەۋسۇمنىڭ بىر كۈنى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە تۇيۇقسىزلا دەپ قالدى:

— مەن شىنجاڭغا قايتىپ كېتەيمىكىن دەيمەن، شېنياڭدا پەقەتلا تۇرغۇم يوق.

— نېمىشقا؟

— كۆنەلمىدىم، بۇ يەردە پۇلمۇ جىق كېتىدىكەن. شىنجاڭغا بېرىپ مەخسۇس كۇرستا ئوقۇسام، ئۆيدىكىلەرنىڭ يۈكمۇ يەڭگىللەپ قالاتتى...

— قانداقلارچە بۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭىز، ئابدۇسەمەت؟

— باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان مەتتوختى ئىسىملىك يېقىن ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىدە ئوقۇيتتى. دەرسلەرنى ئېلىپ ماڭالماي، يېقىندا شىنجاڭغا مەخسۇس كۇرس ئوقۇشقا ئالمىشىپ كېتىپتۇ. يېقىندا ئۇنىڭدىن خەت كەلگەن، مېنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىپتۇ. شۇڭا، تۆت يىل بۇ يەردە ئوقۇپ ئاخىرى مەكتەپنى پۈتتۈرەلمەي قالغاندىن كۆرە، ھازىرلا ئالمىشىپ كەتكىنىم تۈزۈكمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم...

مېھرىگۈلنىڭ ئائىلىسىدىكى تۆت بالىنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ دادىسى دوختۇر بولۇپ، دائىم بالىلىرىنى ئىرادىلىك بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى بىلىمگە بولغان ئىستەك ۋە ئىنتىلىشلىرى ھەتتا بەزى ئوغۇل بالىلارنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەتنىڭ سەل ـ پەل ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مېھرىگۈل ئۇنىڭ بۇ نىيىتىدىن يېنىشىغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنىسى ئېلىجانغا بەك ئامراق ئىكەنلىكىنى، ئېلىجاننىڭ تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ گەپنى ئۇدۇللا ئېيتتى:

— بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋالسىڭىز خىزمەت تېپىش ئاسانراق بولىدۇ. سىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئىنىڭىز دەل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ ـ دە! خىزمەتكە چىقسىڭىز ئىنىڭىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىغا ياردەم قىلالايسىز. شۇنداق بولغاندا، ئائىلەڭلەردىن يەنە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقىدۇ. ئېلىجاننىڭ

ئوقۇشىنى بەك ياخشى دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا خۇدا بۇيرىسا ئىستىقبالىنى تاپالايدۇ. ناۋادا سىز ھازىر شىنجاڭغا كېتىپ، كېيىن خىزمەت تاپالماي، تۆت تەڭگە پۇلنىڭ ئورنىنى قىلالمىسىڭىز ئۇكىڭىزنى نېمە بىلەن ئوقۇتىسىز؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ سىز ماڭا: "كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلسىڭىز، ئۆگىنىشلىرىڭىزگە ھەرگىز دەخلى قىلمايمەن" دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىز. مەن ھازىر سىزگە شۇنچىلىك ئىچىكىپ قالغان تۇرسام، ناۋادا سىز كەتسىڭىز مېنىڭ ئوقۇمىقىممۇ تەسكە چۈشىدۇ.

— مەن يەنە ئويلىشىپ باقاي، — دېدى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

بىر نەچچە كۈنگە قالمايلا 1 ـ ماي بايرىمى كەلدى. مەكتەپمۇ دەل بايرامغا توغرىلاپ ئۈچ كۈنلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئولتۇرۇپ مۇسابىقە كۆرگەچ ئۇزۇن مۇڭداشتى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى ئاخىرى قايىل قىلدى.

— بولدى، مەن كەتمەي مۇشۇ يەردە ئوقۇيمەن، — دېدى ئابدۇسەمەت ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ.

بۇ مەۋسۇمدە مېھرىگۈل ئاساسەن ئابدۇسەمەتنىڭ يادلايدىغان دەرسلىرىگە ياردەم قىلدى. ئۇ مېھرىگۈلنىڭ بەلگە سېلىپ بەرگەن يەرلىرىنى ئالدى بىلەن ئىچىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىۋالاتتى، ئۇنى ئۇيغۇرچە يادلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلاتتى. بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭغا خەنزۇچىنى بىۋاسىتە يادلىغاندىن ئاسانغا چۈشەتتى.

شۇنداق قىلىپ مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا ئىككىلىسى ئىمتىھاندىن تولۇق ئۆتتى. بۇنىڭدىن ئابدۇسەمەت بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئۇ يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتىش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى بىر يىلدىن بۇيان ئۆيىدىكىلەرنى ناھايىتى سېغىنغانىدى.

بىراق، قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولىدىغان ئاشۇ يازلىق تەتىلدە، ئۇ ئۆزىنى بىر شۇم خەۋەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

ئۇ چاغدا مېھرىگۈلنىڭ ئۆيىدە تېلېفون بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئابدۇسەمەت بىلەن ئالاقىلىشىشى بەك تەسكە چۈشتى. مېھرىگۈل ئالدى بىلەن مەتتوختىغا چاقىرغۇ قىلاتتى، مەتتوختى بۇ خەۋەرنى ئابدۇسەمەتكە يەتكۈزەتتى. ئاندىن ئابدۇسەمەت

مېھرىگۇللەرنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلاتتى؛ ئاخىرىدا قوشنىسى چىقىپ ئابدۇسەمەتنىڭ سائەت نەچچىدە تېلېفون قىلماقچى بولغانلىقىنى مېھرىگۇلگە دەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆيى بولغاچقا ئارتۇق- تۆشۈك گەپ قىلىشقىمۇ ئەپسىز ئىدى. شۇڭا پۈتۈن يازلىق تەتىلدە ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا بىر قېتىملا تېلېفون قىلىپ خاتىرجەم قىلىپ قويغاندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر ئۇن- تىنسىز جىمىپلا كەتتى.

يازلىق تەتىلمۇ تۈگىدى. مېھرىگۇل مەكتەپكە قايتماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە خوتەنلىك خېلىل، مايتاغلىق غەيرەتنى ئۇچراتتى. لېكىن ئابدۇسەمەت كۆرۈنمەيتتى.

— ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىدە ئازراق ئىشى چىقىپ قاپتۇ، سەل كېيىنرەك كېلىدىكەن، — دېدى خېلىل.

ئۈرۈمچىدىن شىنياڭغا بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كېچە- كۈندۈز پويىزدا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. باللارنىڭ ئولتۇرىدىغىنى قاتتىق ئورۇندۇق بولغاچقا، ئۇيقۇسى كېلىپ بولالماي قالغان چاغلىرىدا دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان باللار چاي شىرەسىگە بىردەم بېشىنى قويۇپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاتتى؛ ئىچ تەرەپتە ئولتۇرغان باللار پەقەت بىر- بىرىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ مۈگدەشكە مەجبۇر بولاتتى. بىراق مېھرىگۇل باشقا ئوغۇل باللارنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ: "ئىسىت، ئابدۇسەمەت بولغان بولسىچۇ كاشكى، مۈرىسىگە بېشىمنى قويۇپ ئۇخلىۋالاتتىم" دەپ ئويلاپ كەتتى.

ئوقۇش باشلاندى. مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ يولىغا جىق قارىدى، لېكىن ئۇ تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. ئوقۇش باشلىنىپ ئىككىنچى ھەپتىسىنىڭ بىر كۈنى، شۇبە ئەترەتتىكى ئوقۇغۇچىلار بوكسخانىغا ئېلىشىش دەرسىگە كىردى. ئابدۇسەمەت تۇيۇقسىزلا بوكسخانىنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا نىقاب كىيىمى بار ئىدى. ئۇ ھەم ياداپ، ھەم قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى مىسكىن كۆرۈنەتتى. پەقەت قاپقارا بۆدرە چاچلىرىلا يېڭىلا بويىغاندەك پارقىراپ تۇراتتى.

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن باللارنىڭ ھەممىسى ئابدۇسەمەتنى ئورىۋېلىشتى:

— ئەجەپ كېچىكىپ كەتتىڭغۇ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش بولدىمۇ- يا؟

ئابدۇسەمەت زورىغا كۈلۈپلا قويۇپ: — ھېچ ئىش يوق... ئۆيدە ئازراق ئىش چىقىپ قېلىپ شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. باشقىلارمۇ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋەرمەي، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سالقىنداشقا ماڭدى. مېھرىگۈلمۇ باللار بار يەردە ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە گەپ سوراشنى بىئەپ كۆردى.

كەچلىك تەكراردىن چۈشكەندە ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا ئىشكتىن تەڭلا چىقتى. ئۇلار ياتاققا قايتماي، مەيداندا بىردەم سەگىدىدى.

— چېچىڭىز قارىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە سەپ سېلىپ قاراپ، — بۇرۇنقى ئاق چاچلىرىڭىزمۇ يوق.

ئابدۇسەمەتنىڭ كۆز جىيەكلىرى شۇ ھامان قىزاردى:

— يولغا چىقىش ئالدىدا مەتتوختى: "چاچلىرىڭدىكى ئاق بەك كۆپىيىپ كېتىپتۇ، بارغاندىن كېيىن مېھرىگۈل تونۇيالماي قالمىسۇن يەنە" دەپ بوياپ قويدى.

— نېمىشقا ئاق چېچىڭىز كۆپىيىپ كەتتى، ئابدۇسەمەت؟

ئابدۇسەمەت يول بويىدىكى دەرەخكە يۆلەنگىنىچە بىردىنلا ھېقىلداپ يىغلاپ كەتتى.

مېھرىگۈل بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى:

— يىغلىماڭە ئابدۇسەمەت، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ يەنە شۇ ئوقۇش پۇلىنىڭ ئىشىمۇ- يا؟

ئابدۇسەمەت تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرىنى مېھرىگۈلگە تىكتى:

— كىچىك ئىنىم ... ئىلىجان كېتىپ قالدى... رەھمەتلىك ئاپامنىڭ يېنىغا كەتتى...

— نېمە؟ — مېھرىگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە تۇرۇپلا قالدى، — سىز ئەڭ ئامراق ھېلىقى ئۇكىڭىزمۇ؟

ـــ ھەئە...

تېخى ماي بايرىمىدىلا ئابدۇسەمەتكە ”ئۇكىڭىز ئېلىجاننى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇشىڭىزنى ئاخىرىغا چىقىرىڭ“ دەپ نەسىھەت قىلغانلىقىنى ئەسكە ئالغان مېھرىگۈل بۇ شۇم خەۋەرگە راستتىنلا ئىشەنمەي قالدى. ”شۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالدىما؟“ دەپ ئويلايتتى ئۇ. مېھرىگۈل بىر ھازادىن كېيىن سورىدى:

ـــ ئاغرىپ قالغانمىدى؟

ئابدۇسەمەت بېشىنى چايقىدى.

ـــ ئەمىسە، نېمە بولۇپ ...؟

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ تۇتتى:

ـــ ئۇ... ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپتۇ... ئابدۇسەمەت بېشىنى مېھرىگۈلنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ يەنە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

بۇنى كۆرۈپ مېھرىگۈلمۇ يىغلاپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ سەل- پەل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ يانچۇقىدىن قەغەزنى ئېلىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ ياشلىرىنى ئېرتتى. ئۇنىڭغا ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقىنى ياش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېزىلگەن يۈرەكلىرىدىن تەپچىرىگەن قىپقىزىل قاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى ھازىرقى دىلخەستىلىكتىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنىنى دەرسكە قارىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى قولتۇقلاپ، يول ياقىسىدىكى تاش ئورۇندۇققا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئابدۇسەمەت بولغان ئىشنى مېھرىگۈلگە ئېيتىدەپ تۇرۇپ باشتىن- ئاياغ سۆزلەپ بەردى.

مېھرىگۈل ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، توختىماي ياش تۆكەتتى. ”ئابدۇسەمەت ئۆيدە ياشنىپ قالغان دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ پۇخادىم چىققۇدەك يىغلىيالمىدى تايىنلىق، ـــ دەپ ئويلايتتى مېھرىگۈل، ـــ ئىچى توشۇپ كېتىپتۇ بىچارىنىڭ، يىغلىسۇن، قانغۇدەك يىغلىۋالسۇن، يېنىكلەپ قالار...“

ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تۆككەندىن كېيىن ئىچى بوشىغاندەك بولغان ئابدۇسەمەت مەيداندىكى گارغا قارىدى:

— ... مەن ئىنىمنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ بوزلاپ كەتتىم. ئۇ، رەھمەتلىك ئانامغا ھەمراھ بولۇپ يېتىپتۇ... ئۇكام بەك ياش كەتتى، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنىدى... رەھمەتلىك بىرەر كۆڭۈلۈك خوشلۇق كۆرمىدى... ئۇ ئوقۇش بىلەن ئىبتىزنىڭ ئىشىدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ ئاجايىپ كۆيۈمچان بالا بولغان... ئەجەپ بالدۇر كېتىپ قالدى، بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئانامغا ھەمراھ بولغىلى كەتتى...

— بېشىڭىزغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملىرىڭىزنى چۈشىنىمەن ئابدۇسەمەت. ئىلچىنىڭ ياپىياش تۇرۇپلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ مەنمۇ چىدىيالماي قىلىۋاتىمەن. بىراق بولار ئىش بوپتۇ، ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولامدى؟ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىڭ، ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن رەھمەتلىكنىڭ. ئۆزىڭىزنى بەك تۈگەشتۈرۈپ قويماڭ، بولامدۇ؟ بۈگۈن سىزنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتىم، قارىداپ جۈدەپلا كېتىپسىز. بىراقلا نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپسىز...

— شۇنداق، بىر نەچچە تال ئاق چېچىم بولىدىغان، كۆپىيىپلا كېتىپتۇ...

چىراق ئۆچۈرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى قولتۇقلاپ ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئابدۇسەمەت بىناغا چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن قىزلار بىناسىغا قايتتى.

«بۇ ئىش بەك ئېغىر كەپتۇ ئۇنىڭغا، — دەپ ئويلىدى مېھرىگۈل، — بەزىدە ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئاجىز كېلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا كۆيۈنمىسەم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمىسەم بولمىغۇدەك...»

ئابدۇسەمەت بىر ھەپتىگىچە دەرسكە ئانچە كىرىشىپ كېتەلمىدى، كۆڭگە يەقەت ئىككى ۋاقلا تاماق يەيتتى. مېھرىگۈل ئۇنىڭغا ئوبدان قوروما، تاماقلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنى كىتابخانىلارغا باشلاپ باراتتى. ئابدۇسەمەت كېچىسى ئۇيقۇسى قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېھرىگۈل «يېتىشتىن ئاۋۋال ئىچسىڭىز ئۇيقۇڭىز ياخشىلىنىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا سۈت پاراشوكى ئەكىلىپ بەردى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى جۇدالىق ئازابىدىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆگىنىش قىلاتتى؛ ئۇنى توپ ئويناشقا، چېنىقىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئابدۇسەمەت دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە

تۇرمۇش خىراجىتى تېپىش ئۈچۈن سىنىپلارنى تازىلايتتى. مېھرىگۇل بولسا ئۇنىڭ پوللارنى سۈرتۈپ تازىلىشىغا ياردەملىشەتتى. ئاندىن ئىككىسى سىرتلارغا چىقىپ ئايلانغاچ هال- مۇڭ ئېيتىشاتتى.

ئابدۇسەمەت ئۈكىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى بىر قانچە ساۋاقداشىدىن باشقا باللار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ھېچكىمگە تىنمىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ قەيسەرلىكى ئۇنى جۇدالىق ئازابىدىن ئاستا- ئاستا قۇتۇلدۇردى. ئۇ مېھرىگۇلدىن بەكمۇ مىننەتدار ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ بېشىغا كەلگەن شۇ قېتىملىق كېلىشمەسلىك ئۇ ئىككىسىنى تېخىمۇ ئىجىل، ئىناق قىلىۋەتتى.

ئۆز غايىسىنى مىڭ بىر جاپادا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئاران توققۇز ئايلا خىزمەت قىلغان ئابدۇسەمەتنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كېتىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن دەيسىز! شۇڭا، مېھرىگۇل شىنجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ ئابدۇسەمەتكە بولغان سېغىنىش ئوتلىرىنى بېسىشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىپ تاللىدى...

**15. ئىلگىرى سائادەت نۇرلىرىغا بۆلەنگەن كىچىككىنە ياتاق بۇگۈن جۇدالىق ئەلەملىرىنى قانداقمۇ سىغدۇرالىغاندۇ؟**

8- ئىيۇن چۈشتىن ئاۋۋال سائەت توققۇز يېرىمدا يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۇل كىچىك پەرھات ۋە جىۋاڭ يۇنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇجى ساقچىخانىسىغا كەلدى. ئۇلار ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا بۇجى ساقچىخانىسى تەۋەسىدىكى كەنتلەر، ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۇلاردىن ھال سورىغىلى كەلدى.

— مەن خىزمەت جەريانىدا ئابدۇسەمەت بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئەسرا بولغان، — دېدى بىر كارخانا مەسئۇلى ھاياجان بىلەن، — ئۇ يىگىت تېپىلغۇسىز سەممىي، ئوبدان ساقچى ئىدى!

ھال سورىغۇچىلار ئۇزىغاندىن كېيىن يېڭى گوچىڭ يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۇلگە دېدى: — ئابدۇسەمەت قازا قىلغاندىن بۇيان ساقچىخانىنىڭ تېلېفونى

جىرىڭلاپ توختىمىدى. بىر مۇنچە ئادەملەر سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى سورىدى؛ بەزىلەر ''قەھرىمانىمىز ئائىلە تاۋاباتلىرىغا پۇل ئىئانە قىلساق'' دېيىشتى؛ شىپىنجېنىدىكى نۇرغۇن ئوقەتچى ۋە مەدىكار ئۇيغۇرلار ماڭا تېلېفون قىلىپ: ''ئابدۇسەمەت بىزنىڭ قەھرىمانىمىز. شۇڭا مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بىزنىڭ قانداق ياردىمىمىز كېرەكتۇ؟'' دەپ سوراشتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يۇسۇپجان ۋە مېھرىگۈل ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ھال سورىغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى، ساقچىخانا باشلىقى بىلەن سىياسىي يېتەكچى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئابدۇسەمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىشتە، مېھرىگۈلگە يول باشلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى تونۇش ياتاق بىناسىغا قاراپ ماڭدى.

«شېنجېن ئالاھىدە رايونى گېزىتى»، «شېنجېن سودا گېزىتى» ۋە «شېنجېن كەچلىك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

مېھرىگۈل بىلەن يۇسۇپجان ئابدۇسەمەتنىڭ بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى ياتىقىغا كىردى. ئىنىسىنىڭ ياتىقىغا تۇنجى قېتىم كىرىۋاتقان يۇسۇپجان ھەسرەت ئىچىدە ياتاققا سەپ سالدى: يېڭىلا ئالغان يوغان كارىۋات ياتاقنىڭ يېرىمىغا لىق كەلگەنىدى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە كومپيۇتېر ئۈستىلى قويۇلغانىدى، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە يېپيېڭى كومپيۇتېر ۋە بىر نەچچە پارچە كىتاب تۇراتتى.

ــــ ئابدۇسەمەت بۇ كومپيۇتېرنى تېخى ۋاپات بولۇشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئالغانىدى، ــــ دېدى پېلىك گوچېك. كومپيۇتېر ئۈستىلىنىڭ يېنىدا كىچىك بىر كىيىم ئىشكابى، ئۇنىڭ بېقىنىدا سەپەر سومكىسىدىن بىرى تۇراتتى. كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىگە بىر دانە تېلېۋىزور قويۇلغانىدى. شىرەنىڭ يېنىدا يەنە بىر كىيىم ئاسقۇچ، ئىككى ئورۇندۇق بار ئىدى.

بۇ چاغدا يۇسۇپجان 6 ـ ئىيۇن كەچتە ئۆيىگە تېلېفون قىلغاندا دىئابىت كېسىلى بىلەن قىينىلىۋاتقان دادىسىنىڭ تېلېفوندا ئېسەدەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. شۇڭا مېھرىگۈلگە:

— ئابدۇسەمەتنىڭ سۈرەتلىرىنى ئېلىۋالساق بولاتتى، — دېدى، — دادام رەھمەتلىك ئابدۇسەمەتنى سۈرەتتىن بولسىمۇ كۆرسۇن.

مېھرىگۈل ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن يۇسۇپجاننىڭ دىماغلىرى ئېچىشىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. يۇسۇپجان بالكوندىكى تاندا ئېسقلىق تۇرغان بىر كۆينەكنى كۆرۈپ قالدى. نېمە دېگەن تونۇش كۆينەك ـ ھە! ئابدۇسەمەت ئۇنى نەچچە يىللاپ كىيگەنىدى، تەتىلدە قايتقان چاغدىمۇ، شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈش ھارپىسىدا ئۆيگە بارغان چاغدىمۇ مۇشۇ كۆينەك ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئىدى. تا ھازىرغىچە شۇ كۆينەكنى كىيىۋېتىپتىكەن ـ دە، بايقۇش!

يۇسۇپجان تاندا ئېسقلۇق تۇرغان كۆينەككە قاراپ ماڭدى. ئابدۇسەمەتنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. ”جېنىم ئۇكام ئابدۇسەمەت، — دېدى يۇسۇپجان پىچىرلاپ، — مەن سېنى ئاتايىن كۆرگىلى كەلسەم، سەن كېتىپ قاپسەن، ئۇكام. مەندىن رازى بولغىن ئابدۇسەمەت. سەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭ، سەندىن پەخىرلىنىمىز، جېنىم قېرىندىشىم!“

مېھرىگۈل بىر نىلون خالتىغا ئابدۇسەمەتنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى سېلىۋاتاتتى. جۇاڭ يۇ كېلىپ مېھرىگۈلگە تەسەللىي بەرگەچ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. كىچىككىنە ئىشكاپنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قۇرۇق بولۇپ، بىر نەچچە قۇر چاپان ـ ئىشتان، كۆينەك بار ئىدى، ئىچ كىيىملەرنىڭ تەگدىن تولىسى كونا ئىدى.

مېھرىگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ئابدۇسەمەت كېلىۋالدى: ئۇ شىنجاڭغا كەلگەن چاغدا ئابدۇسەمەت بىلەن بازار ئايلاندى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە بىر نەچچە قۇر كىيىمنى تاللىدى. لېكىن ئابدۇسەمەت ”ئۇچام يالىڭاچ قالمىغاندىكىن بولىدى ئەمەسمۇ“ دەپ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىغانىدى. بۇلۇڭدا تۇرغان ئاياغنى ئابدۇسەمەت مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بىر نەچچە يىل كىيگەنىدى. ئاشۇ ئاياغنىڭمۇ تەۋەررۈك بولۇپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان ـ ھە!

مېھرىگۈلگە بۇ كىچىككىنە ياتاق ناھايىتى تونۇش ئىدى. مانا بۇ كارىۋاتنى ئۇ مېھرىگۈل شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن سېتىۋالغان، تېلېۋىزورنى مەن ئىشقا چىقىپ كەتسەم مېھرىگۈل ياتاقتا ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالىدۇ، دەپ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەنىدى.

ئەنە ئاۋۇ قازان- قومۇچلارنى مېھرىگۇل ئابدۇسەمەت ئىشتىن چۈشكىچە ئۇنىڭغا پولو ئېتىپ بېرىمەن دەپ ئالغانىدى... ئابدۇسەمەت ۋەزىپە ئۆتەشكە ئالدىراپ ماڭغاچقىمكىن كارىۋاتتىكى يوتقان يىغىقسىز ئىدى. مېھرىگۇل يوتقانىنى ئاستا كېلىپ يىغدى؛ كومپيۇتېر ئۈستىلىدىكى ئۈچۈق تۇرغان كىتابنى ياپتى. ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا بىر مۇنچە ئاشقازان دورىسى ۋە بىر نەچچە پارچە ئىسپراپىكا تۇراتتى. مېھرىگۇل ئۇ نەرسىلەرنىمۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ يىغىشتۇردى. ئاھ، خۇدا! سائەت، تېلېۋىزورنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ”تەبەسسۇم“ ماركىلىك ئەرەنچە سائەت! سائەتنى كۆرگەن مېھرىگۇلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئابدۇسەمەتنىڭ ھېلىقى گەپلىرى جاراڭلىغاندەك بولدى: ”جېنىم مېھرىگۇل، گاھىدا ئاسانلا جۇدۇنىڭىز ئۆرلەپ قالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا بۇ سائەتكە قارىسىڭىز ئالا كۆڭۈلكلەر ئۆزلىكىدىن كېتىدۇ... مەن بۇ سائەتنى ئادەتتە تاقىمايمەن. ئۇنىڭغا سائەت نەچچە بولدىكىن دەپ ئەمەس، مېھرىگۇلۇم نەدىدۇر، دەپ قارايمەن.“ مېھرىگۇلگە بۇ ”تەبەسسۇم“ ماركىلىق سائەتنى ئېلىپ بەرگەن ئاشىقى كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالايدىغان بىردىنبىر سىردىشى كەتتى... مېھرىگۇل ئەمدى قانداقمۇ تەبەسسۇم قىلالىسۇن! مېھرىگۇلنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا شۇ: ئۇ بۇ ئەرەنچە سائەتنى بۇ سائەتنىڭ جۈپى — ھېلىقى ئاياللىچە سائەت بىلەن بىرگە ساقلايدۇ، ئۇنى بىر جۈپ ئاشىق يۈرەكتىن بالقىغان مەڭگۈلۈك تەبەسسۇمنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ساقلايدۇ...

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ سەپەر سومكىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭدا ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇش ئارخىپلىرى، جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىدىن بېرىلگەن دىپلوم ۋە خاتىرە دەپتەرلەر تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر پارچە ئىسپاتنامە بار ئىدى. بۇ، خوتەن ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ”ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر. ئۇنىڭغا ئوقۇش ياردىمى قەرزى ھەل قىلىپ بەرسەڭلار“ دېگەن مەزمۇندا، 2000 - يىل سېنتەبىردە بانكىغا قارىتىپ يېزىپ بەرگەن ئىسپاتنامىسى ئىدى. ئىسپاتنامىنىڭ قېتىدا يەنە بىر پارچە تامغىلىق قەغەز تۇراتتى. ئۇ، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى خوتەن تارمىقىدىن بېرىلگەن 17 مىڭ 600 يۈەنلىك قەرزنى قايتۇرۇش ھەققىدىكى كاپالەتنامە بولۇپ، ”قەرز ئالغۇچى“ دېگەن كاتەكچىگە ”ئابدۇسەمەت“ دەپ، ”قەرزنىڭ

قايتۇرۇلۇش ۋاقتى» دېگەن كاتەكچىگە «2000 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىردىن 2007 ـ يىلى 31 ـ ئىيۇلغىچە» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنى كۆرگەن مېھرىگۇل ھەممىنى چۈشەندى. بۇ، ئابدۇسەممەت ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا ئوقۇش ھەققى ۋە تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئالغان قەرز پۇل ئىدى. «ئالغان قەرزىمنى قايتۇرۇشقا باشلىدىم، ـــ دېگەنىدى ئۇ مېھرىگۇل ئالدىنقى قېتىم شېنجېنغا كەلگەندە، ـــ خۇدا بۇيرىسا تويىمىزنى قىلغۇسىچە، ئاندىن ئۇھ دەپ قەرزىمنى قايتۇراتتىم، مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بولۇشقا كۆزۈم يېتىدۇ...»

شۇ چاغدا ئابدۇسەممەتنىڭ توي ھەققىدە دېگەن گەپلىرى يادىغا يەتكەن مېھرىگۇلنىڭ يۈرەكلىرى يەنە ئېزىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىزلا ياندا تۇرغان ياستۇققا چۈشتى. ئۇ ياستۇقنى قولىغا ئالدى. ياستۇقنىڭ تېشىدىكى بىر جۈپ قىپقىزىل يۈرەك بىلەن «ئاداققى سۆيگۈ» دېگەن خەتلەرنى مېھرىگۇل ئۆز قولى بىلەن كەشتىلىگەنىدى. ئۇ ياستۇقنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ھېلىقى ياستۇققا ئېقىپ چۈشتى.

كېيىن ئۇ تارتمىدىن بىر نەچچە پارچە سۇ بوياق رەسىمنى قولىغا ئالدى. بۇ، ئۇ ئۆتكەندە شېنجېنغا كەلگەن چاغدا ئابدۇسەممەت بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سىزغان رەسىملەر ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئىشلار مېھرىگۇلنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەكلا تۇرىدۇ. ئابدۇسەممەت پەرىشتىلەردەك قاناتلىق بىر قىزنى سىزىپ مېھرىگۇلگە كۆرسەتتى:

ـــ مانا بۇ سىز!

مېھرىگۇلمۇ قولىدا بىر تۇتام ئەتىر گۇلنى تۇتۇپ تۇرغان بەرنا يىگىتتىن بىرنى سىزدى:

ـــ مانا بۇ سىز، سىز ماڭا گۇل سۇنۇۋاتىسىز!

ئىككى جۈپ كۆز بىر ـ بىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى، ئىككىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنى ئاستا باغرىغا باستى:

ـــ مېھرىگۇل، خۇدا بۇيرىسا كەلگۈسىدە بىز بەختلىك بولىمىز، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

ئابدۇسەممەت بىر پارچە قەغەزنى ئالدىغا تارتىپ ئۇنىڭغا يوغان ئۆيدىن بىرنى سىزدى. ئاندىن مېھرىگۇل ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەمنى ئېلىپ رەسىمنىڭ ئاستىغا «بەختلىك تۇرمۇش 2003 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇل » دېگەن خەتلەرنى يازدى.

بۇ رەسىملەرگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرغان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت بىلەن ئۆزىنىڭ گويا بىر جۈپ چوڭ ـ كىچىك ئىسكىرىپكىدىن ياڭرىغان تەڭكەش مۇزىكىدەك يېقىملىق بەختىيار كۈلكىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئەتتەڭ! ھېلىقى كۈلكە سادالىرى ئەمدى كەلمەسكە كەتتى! بىر ئىسكىرىپكىنىڭ تارىسى ۋاقىتسىز ئۈزۈلدى. يېگانە قالغان يەنە بىر ئىسكىرىپكىدىن ئەمدى پەقەت مۇڭلۇق ماتەم كۈيىلا ياڭرايدۇ...

مېھرىگۈل ھېلىقى رەسىملەرنى يىغلاپ تۇرۇپ يىغىشتۇردى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ كارىۋاتتا تۇرغان ساقچى فورمىسىنى تىترەۋاتقان قوللىرىدا سىلىدى. ئۇ فورمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ھېلى يېشەتتى، ھېلى ئېتەتتى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ فورما كىيگەن قىياپىتىنى بەك ياقتۇراتتى. چۈنكى ئابدۇسەمەت فورمىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە بەك قاماتلىق، غەيۇر كۆرۈنەتتى. مېھرىگۈل بىرىنچى قېتىم شىنجېڭغا كەلگەندە ئىككىسى بىرگە بازارغا چىقتى. ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇچىسىدا فورما بار ئىدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ يېنىدا كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىزلا ئۇنى قولتۇقلىۋالدى. بىراق، ئابدۇسەمەت چىپپىدە توختاپ ئۇنىڭ بىلىكىنى ئۆزىدىن ئاجرىتىپ، ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن دېدى:

ــــ ئۇنداق قىلماڭ، ئۇچامدا فورما بار، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ.

ــــ ھە ماقۇل، ــــ دەپ كۈلدى مېھرىگۈل، ــــ ئارقىڭىزدىن ئۈچ ـ تۆت قەدەم نېرى ماڭايمۇ ياكى يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپلا ماڭايمۇ؟

ئابدۇسەمەتمۇ كۈلدى، ئۇ بايىقى قىلغىنىغا سەل ـ پەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى:

ــــ باشقىچە ئويلاپ قالماڭ مېھرىگۈل، ھازىر ئۇچامدا فورما بار ئەمەسمۇ...

ئابدۇسەمەتنىڭ نەزەرىدىكى ساقچى ئوبرازى ئەنە ئاشۇنداق ھايات ۋە مۇھەببەتتىنمۇ يۈكسەك ئورۇندا ئىدى.

ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ساقچىلىققا كىرگەن چاغدا قىلغان قەسىمىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىشقا ئاشۇردى. مېھرىگۈل ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئاشىقىنىڭ

بولغانلىقىدىن ئاجايىپ پەخىرلەندى. بىراق، مەڭگۈلۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن مۇھەببەت جۇدالىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلەرچە ئېزەتتى.

مېھرىگۈلنىڭ ھازىرقىدەكلا يادىدا تۇرۇپتۇ: ئۇ مۇشۇ ياتاقتا ئابدۇسەمەتكە ئەركىلەپ تۇرۇپ دەپ قويغان ئىككى ئېغىز گېپىنىڭ خۇددى ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەكلا راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى نەدىن بىلسۇن؟ بىر كۈنى كەچتە ئۇلار بىر- بىرىنىڭ قوللىرىنى سىلىغىنىچە، بىر- بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇسەمەت بەك چارچاپ كەتكەچكە بېشىنى ئاستاغىنا مېھرىگۈلنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلىدى:

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسىڭىز قانداق قىلارمەن؟ سىز بىلەن تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىغۇم بار، ئابدۇسەمەت. ئىشقىلىپ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەتسەم دەيمەن. سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، سىزسىز ياشىيالمايمەن، جۇمۇڭ!

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرىگە سۆزسىز تىكىلدى.

مېھرىگۈل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالىمادىس بىز توي قىلغان كۈننىڭ ئەتىسىلا ئۆلۈپ كەتسەم- ھە! سىزنىڭ قۇچىقىڭىزدا يېتىپ تۇرۇپ جان بەرسەم، بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمنىڭ ئاندىن ئەھمىيىتى بولاتتى.

— تولا جۆيلىمەڭە، — دېدى ئابدۇسەمەت دەرھاللا، — نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، ئادەمنى قورقۇتۇپ.

— بولدى، ئاغزىمغا تاش! ھېچ بولمىغاندا سىز ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇبدان ياشايمەن، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، ئابدۇسەمەت. سىزنى ئاغرىپ- تارتىپ قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ يۈرىكىم سۇ. ئۆزىڭىز يالغۇز سىرتلارغا چىقماڭ، خەتەرلىك يەرلەرگە بارماڭ. ئەگەر خەتەرلىك ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قالسا، ھەرگىز ئالدىغا ئۆتىۋالماڭ. ھەر قېتىم ۋەزىپىگە چىققاندا ماڭا تېلېفون قىلىۋېتىڭ. نەگە بارغانلىقىڭىزنى، ۋەزىپىنى كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇراي، ماقۇلمۇ؟

ئىشكىنى تۇگىگەندە قايتىپ كېلىپلا ماڭا خەۋەر بېرىشىڭ، بولمىسا مەن ئەنسىرەپ كېتىدىكەنمەن. ھېلىمۇ يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالاي دېدىم!

شۇ قېتىم مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ ئالقانلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى سىزىقلارنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئابدۇسەمەتمۇ بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ قارىغاندا بىزنىڭ رىزقىمىز راستىنلا قوشۇلغانىكەن، جۇ سۇڭ، ـــ دېگەنىدى.

مېھرىگۈل شۇ چاغدىن باشلاپلا ئىككىسىنىڭ خۇدا بۇيرىسا توي قىلىپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئۇزۇن يوللارنى قول تۇتۇشۇپ باسالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنىدى. ئەمما، ئاشۇ شېرىن خىياللارنىڭ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بىراقلا يوققا چىقىپ، سۆيگۈ لەززىتى بىر جۈپ يۈرەكنى لەرزىگە سالغان ئاشۇ مىنۇتلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟

يۇسۇپجان ياتاققا كىرگىلى ئۇنىماي بالكوندا تۇرۇۋالغانىدى، ھەممەيلەن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ قوزغالغاندا، يۇسۇپجان بالكوندىن ئىتتىك ياتاققا كىردى ـ دە، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىشىكتىن چىقىپ، بىنادىن چۈشتى. شىنجېن كەچلىك گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئۇنىڭدىن بىر گەپنى سورىماقچى بولۇپ ئەگىشىپلا بىنادىن چۈشۈپ، يۇسۇپجاننىڭ قاداق باسقان يوغان ئالقانلىرى بىلەن مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

## 16. ئايرىلىشقا قىيمىغان يۈرەكلەر پۇچۇلىنىپ كەتتى.

2004 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇن چۈشتىن بۇرۇن، شىنجېن شەھەرلىك دېڭىنە زالى گۈلچەمبىرەكلەر بىلەن پۈركەلدى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەرىپىگە "يولداش ئابدۇسەمەتكە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز" دېگەن خارا خەتلىك پىلاكات، پىلاكاتنىڭ ئاستىغا مۇنداق ئىككى مىسرا مەرسىيە تىك قىلىپ ئېسىلغانىدى:

”روھىڭ كۆچتى جەننەت تامان يول ئېلىپ، ئىرادەڭگە قايىل مانا كۆڭلى ئالەم؛
شەپەق ئىچرە پەرىشتىگە ئايلىنىپ ، سىڭىپ كەتتىڭ، يەرۇجاھان تۆتتى ماتەم.“

ئىككى مىسرا مەرسىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئابدۇسەمەتنىڭ فورما كىيىپ چۈشكەن سۈرىتى چوڭايتىپ ئېسىپ قويۇلغانىدى. بۇ ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەت كىنىشكىسىغا چاپلاش ئۈچۈن مەخسۇس چۈشكەن سۈرىتى بولۇپ، سۈرەتتە قاپقارا قوشۇما قاشلار ئاستىدىكى بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆز يىراققا مەغرۇر تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق بەرنا يىگىت ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ ھەققانىيەت يولىدىكى كۈرەشتە ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى. زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكەتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئانا مەكتىپى ــــ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىككىنچى ئىنستىتۇتى پارتكومى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى؛ شىنياڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتى مۇدىر يارەمچىسى ياڭ خۇيىنى مەرھۇم بىلەن ۋىدالىششقا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى.

سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۈەن شياڭبىن ماتەم مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىۇ كۇەنجى ــــ نەچچە ئون يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا نۇرغۇن كۈرەشلەرگە قاتناشقان، ياش ساقچىلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈدىغان بۇ پېشقەدەم ساقچى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ توققۇز ئايلىق ساقچىلىق ھاياتىغا مۇنداق باھا بەردى:

ــــ ئابدۇسەمەت 2003 - يىلى ئىيۇلدا لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان قىسقىغىنە توققۇز ئاي ئىچىدە جەمئىي 1500 سائەت نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىدى، بۇ 188 خىزمەت كۈنىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئۇ قىممەتلىك ياشلىق باھارىنى ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىغا ئارمانسىز تەقدىم قىلدى. ئابدۇسەمەت ئۆز خىزمىتىگە بارلىقىنى ئاتاپ، ئەلنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلىدى؛ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ مىللەت ۋە تىل

جەمئىيەتتىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىپ، ئەلنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئابدۇسەمەت 2004 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇن تاڭ سەھەردە، ئۇيغۇرئۆسمۈر بالىلارنى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىققا سالىدىغان بىر جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، خەۋپ ـ خەتەرگە پىسەنت قىلماي، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا باتۇرلارچە ئىچكىرىلەپ كىرگەندە قارا نىيەتلەرنىڭ ۋەھشىيانە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇ ئادالەت يولىدا قاتىل بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىپ، ئاخىرى مەرتلەرچە قۇربان بولدى. ئۇ ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەنىدى...

ئارقىدىن ئۈچىسىغا قارا كىيىم، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن يۈسۈپجان ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى:

ـــ ئىنىم ئابدۇسەمەت مۇشۇنچىۋالا نۇرغۇن ئىچ كۆيەر دوستلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇ كەتتى، لېكىن شەرەپ بىلەن كەتتى. ساقچىلارنىڭ تولۇق جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، ئىنىم ئابدۇسەمەتنىڭ روھىغا تەسەللىي بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇرتىدا پاراسەت ۋە ھوشيارلىقى بىلەن تەرىپلىنىدىغان بۇ بەستلىك ئۇيغۇر يىگىتى نېمىشقىدۇر ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقان تالاي ـ تالاي يۈرەك سۆزلىرىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئىسمىنى ئاڭلىغان ئەمما چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان شىنجېن شەھىرىگە كەلگىنىگە ئاران بەش كۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەش كۈن مابەينىدە ئۇ ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمىغۇدەك تەسىرلىك ئىشلارنى جىق كۆردى. ئابدۇسەمەتنىڭ ۋاپاتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ياپراقتەك تىترەتكەن بولسا، رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى، ئابدۇسەمەتنىڭ ساۋاقداش، خىزمەتداشلىرىنىڭ قېرىنداشتىنمۇ چارە مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئاۋامنىڭ مەرھۇمغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرامى ئۇنىڭ جۇدالىق ئازابىدا مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىگە باھار ئىللىقلىقى بەردى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىككى نەپەر باش دېرىكتورى ئابدۇسەمەتكە بېرىلگەن جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلەم پۇلىنى ئەكىلىپ بەردى.

بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، يۈسۈپجان لى فېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا ھال سوراشقا كەلگەن باشلىقلاردىن باشقا، يەنە قانچىلىك باشلىق ۋە ئامىمنىڭ كېلىپ

هـال سـورىغانلىقىنى ئەسـكە ئـالالمىدى. شـىنجىڭ شـەھەرلىك پىئونېرلار تېرىتورىيىسىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە چىققـان ساقچىلار كلۇبىدىكـى پىشـقەدەملەر دەسـتە ـ دەسـتە گـۈللەرنى ئـېلىپ كـەلدى؛ شـىنجىڭدىكى مۇسـۇلمان دىنىـي زاتـلار كـېلىپ مـەرھۇمغا ئۇزۇندىـن ئـۇزۇن دۇئـالار ئوقۇشتى؛ بۇجى بـازىرىدىكى ئىشچىلار، ياشـلار، ئايـاللار ۋە سـودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى هـال سوراپ كـېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مـەرھۇمغا بولغـان چوڭقـۇر سېغىنىشـىنى ئىپـادىلىدى؛ شـىنجىڭ شـەھەرلىك مىللەتلـەر ئىتتىپـاقلىقىنى ئىلگـىرى سـۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى گاۋ شىڭلىي، مۇئاۋىن باشـلىقى لـى يـەنچىڭلارمۇ هـال سوراپ كەلدى...

هال سورىغىلى كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرى يۇسۇپجاننىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈيتتى:

— ئابدۇسەمەت بىز ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى ...!

— ئابدۇسەمەت بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن چىققان قەھرىمان...!

— ئابدۇسەمەت پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا مەرتلەرچە قۇربان بولدى، ئاۋام ـ پۇقرا ئۇنى ئەبەدىي ياد ئېتىدۇ...!

— پـوتكول شـەھەرىدىكى 225 مىـڭ ئـاز سـانلىق مىللـەت قېرىنداشـنى مىللەتلـەر ئىتتىپـاقلىقى پـائالىيىتى داۋامىـدا ئابدۇسـەمەتنى ئۆگىنىشكە، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئالاھىدە رايوننى قىزغىن سۆيۈش، ئۆز كەسپىگە ئوتتەك ئىشتىياق باغلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش روھىدىـن ئۆگـىنىپ، شەھىرىمىزنى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ۋە خەلقئارا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كـۈرەش قىلىشقا چاقىردۇق...

... ...

ئابدۇسـەمەتنىڭ ئائىلىسىنىڭ نـامرات هـەم ئۇنىـڭ ئاشـۇ ئـائىلىدىن چىققـان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان هـال سورىغۇچىلار هازىردارلارغا ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزگەندىن باشقا، يەنە هـال سوراش پۇلى ئېلىپ كېلىشكەنىدى.

بۇلارنى كۆرگەن يۇسۇپجان قاتتىق تەسىرلەندى. چۈنكى ئـۇ ياشـاپ هازىرغىچە قـازا قىلىـپ ئـۇ دۇنياغـا سەپـەر قىلغـانلارنىڭ روھىغـا بېغىشلانغان بۇنـداق هۆرمـەت، بۇنداق ئىززەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ”جېنىم قېرىندىشىم ئابدۇسـەمەت، — دېدى

ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ، ــــ ئارمانسىز كەتتىڭ قىرىندىشىم! تاغدەك ھۆرمەت تاپتىڭ قىرىندىشىم! خىزمىتىڭنىڭ قىممىتىنى ئەمدى چۈشەندىمغۇ قىرىندىشىم!“

شۇنداق، يۈسۈپجاننىڭ يۈرىكى ھەم جۇدالىق ئازابىنىڭ ھەسرەتلىرى، ھەم ناتونۇش كىشىلەر يەتكۈزگەن مېھىر- شەپقەتنىڭ ئىللىقلىقى، ھەم ئېچىنىش سالغان ئاھۇ- پىراقلار، ھەم مەرھۇم ئىنىسى كەلتۈرگەن شان- شەرەپنىڭ ئىزگۈ شەۋكىتى بىلەن تولدى. ئابدۇسەمەتتەك ئەركەك ئىنىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن يۈسۈپجان كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى.

زالنىڭ ئىچى- سىرتىدىكى مىغ- مىغ ئادەمگە قاراپ تۇرغان يۈسۈپجاننىڭ خىيال كەپتىرى تۇيۇقسىزلا ئابدۇسەمەت ساقچى ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە بارغان چاغلارغا قاراپ ئۇچتى.

ــــ مەن، شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەيدىغان بولدۇم.

يۈسۈپجان ئىنىسىنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ياقا يۇرتلارغا بېرىپ ئىشلىشىگە قوشۇلمىدى:

ــــ ئۇكام، ”ئۆزگە ئەلدە سۇلتان بولغىچە، ئۆز ئېلىڭدە ئۇلتاڭ بول“، دېيىشكەن. يېنىپ كەل، خوتەنگە يېنىپ كەلگىن. پەقەت بولمىدى دېگەندىمۇ ئۈرۈمچىدە ئىشلىگىن.

بىراق، ئابدۇسەمەت ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا ئىشلىمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆيدىكىلەرگە بىر- بىرلەپ چۈشەندۈردى. قانائەتلىرى قاتقان بۇ بۈركۈتنىڭ پەرۋازىنى ئەمدى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن يۈسۈپجان نېيىتىدىن يېنىپ، ئۆيدىكى باشقىلارغا ئابدۇسەمەتنىڭ يولىنى توسماسلىق ھەققىدە گەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئابدۇسەمەتنى يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە ئۇزىتىپ كەلدى. ئابدۇسەمەت يىراق جەنۇبىي جۇڭگوغا قاراپ ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان پويىزغا چىقتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يەنە بىر قېتىم شادلىق كۈلكىلىرى ياماشتى. ئۇ پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ ئاكىسىغا چاقچاق قىلدى:

ــــ ئاكا، مېنى ئۇزىتىپ شىنجاڭغىچىلا بېرىڭە، ئىككىمىز شىنجاڭدا راسا بىر ئوينىۋالايلى!

"يەنىلا ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزى باركەن، ـــ دەپ ئويلايتتى يۇسۇپجان، ـــ ئۇ شىنجىندا ئىشلەپ توغرا قىپتىكەن. ئۇ شىنجىننىڭ خاتىرجەملىكى، نارىسىدە ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئىستىقبالىنى دەپ ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجىنلىقلار ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئەمەس، توينى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇچۇن مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدە تىكلەۋاتىدۇ!"

سۇرلۇك ماتەم كۈيى ئىچىدە مەرھۇمنىڭ مېيىتى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى باشلاندى. يۇسۇپجان مۇلازىملارنىڭ ئارقىسىدىن تاۋۇتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بىر ئەمچەكنى تالىشىپ ئەمگەن قېرىندىشىنىڭ ھەيۋەتلىك ساقچى فورمىسى بىلەن ئاپئاق گۈللەر ۋە ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئىچىدە خاتىرجەم ياتقانلىقىنى كۆردى. "ئۇكام، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ؟ مەن يېنىڭدا تۇرۇپتىمەن، ئورنۇڭدىن تۇرساڭچۇ؟ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ باقمىغىنىمغا ئۇزۇن بولدى، ماڭا بىر كۈلۈپ باققىنا، جېنىم قېرىندىشىم!" ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان ئۆزىنى بېسىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ باقمىغان يۇسۇپجان مانا ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ ھۆر- ھۆر يىغلاپ كەتتى:

ـــ ئابدۇسەمەت، قېرىندىشىم ئابدۇسەمەت! مەن كەلدىم، سېنى ئەكەتكىلى كەلدىم، ئابدۇسەمەت! مېنى شىنجىنغا كېلىپ ئويناپ كېتىڭ دېگەنىدىڭغۇ، ئابدۇسەمەت! مەن كەلسەم ئۆزۈڭ يوققۇ، ئابدۇسەمەت! ئەمدى سېنى ئېلىپ كېتىمەن، ئابدۇسەمەت! بىچارە دادام يولۇڭغا قاراپ قالدىغۇ، ئابدۇسەمەت!

چىن يەن بىلەن جۇاڭ يۇ ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارىلىق كىيىمى كىيگەن، بېشىغا ئاق رومال سالغان مېھرىگۈلنى ئىككى تەرەپتىن يۆلەپ تاۋۇتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ ئۆزىنى جۇدالىق ئوتىدا كاۋاپ قىلغان مەرھۇمنى ئېنىقراق، يەنىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ باقتى. لېكىن بۇلدۇقلاپ قۇيۇلۇۋاتقان ياش ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسۇپ قويۇۋاتاتتى. ئابدۇسەمەتنى ئەمدى ئەبەدىي كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئاشۇ سۆيۈملۈك چېھرىنىڭ ئەبەدىي غايىب بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان مېھرىگۈلنىڭ يۈرەك- باغرى پارە- پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ يىغلاپ ھوشىدىن

كەتتى. چېن يەن بىلەن جۇاڭيۇ ئۇنى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ دەپنە زالىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

باشقا ۋىدالاشقۇچىلار لى فېڭنىڭ كەينىدىن تىزىلىپ تاۋۇتقا ئاستا- ئاستا يېقىنلاشتى. چىرايلىرى سۈرلۈك تۇس ئالغان لى فېڭ ئېغىر قەدەم بىلەن تاۋۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەرھۇمغا ھۆرمەت بىلەن چاس بەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جۇنكىي، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن لياڭ فۇ، دىڭ يۈگۇاڭ قاتارلىقلارمۇ مەرھۇم بىلەن چاس بېرىپ ۋىدالاشتى. ئاندىن لوڭگاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى يۈ خوڭخۇي، مۇئاۋىن سېكرېتارى جەي جۇڭتەي، پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى لى ۋېنلۇڭ، سەي لى، شيۇڭ گوۋېي قاتارلىقلارمۇ قەھرىمانغا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

مەرھۇم بىلەن ۋىدالاشقۇچىلار ئىچىدە يەنە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكۈچىلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شېنجېندا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە شېنجېن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بار ئىدى.

ھەتتا ئابدۇسەمەتنى تونۇمايدىغان نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى، ئۇ ئىلگىرى ياردەم قىلغان پۇقرالار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەرھۇم بىلەن ۋىدالىشاتتى؛ ھازىدارلاردىن ھال سورايتتى؛ ئۇلارغا تەسەللىيلەر بېرىشەتتى.

مەرھۇم بىلەن ۋىدالاشقىلى كەلگەنلەر ئىچىدە فورما كىيگەن ساقچىلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. ئوتتۇرا بوي كەلگەن لو جىشياڭ ئابدۇسەمەت بىلەن ساقچى ئىنستىتۇتىدا بىرگە ئوقۇغان چاغلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە بىر- بىرىدىن ياتسىراپ يۈرۈشتى. كېيىن ئاز كۈن ئۆتمەيلا قەدىناسلاردەك چىقىشىپ كەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ مىللىي غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلار ئىدى، ماي بايرىمى كۈنى بىر نەچچەيلەن

كاۋاپ يېگىلى باردى. ئاردىن بىرى پوسۇققىدە ”جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنى ياۋايىراق كېلىدۇ دەيدۇغۇ“ دېگەن گەپنى چىقىرىپ قالدى. ئابدۇسەمەت شۇ هامان ئۇنىڭغا سەل- پەل ئۆگگەندەك قىلدى:

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. چۈنكى ئادەمنىڭ مەدەنىيراقلىرى بىلەن قوپاللىراقلىرى ھەممىلا يەردە بولىدۇ. ھەتتا بېيجىڭ، شىنجىڭدەك چوڭ شەھەرلەردىمۇ شۇنداق. شۇڭا، سەن كۆرمىگەندىكىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلما!

ھېلىقى بالا ئۇنىڭدىن دەرھاللا ئەپۇ سورىدى.

بولۇپمۇ لو جىشياڭ ئابدۇسەمەتكە قىلغان ۋەدىسى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم كاۋاپ يەپ كېلەلمىگەنلىكىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىناتتى. ئابدۇسەمەت شىنجىڭغا كەلگەن چاغدا لو جىشياڭمۇ بۇجى ساقچى مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشقانىدى. ئىككىسىنىڭ شۇغۇللىنىدىغان كونكرېت خىزمىتىمۇ بىر- بىرىگە ماس كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار دائىم ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇ بىر كۈنى ئابدۇسەمەتكە تۇيۇقسىزلا:

— مېنى قاچان كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىسەن؟— دەپ قالدى.

— چاتاق يوق، — دېدى ئابدۇسەمەت، — مەن شىنجىڭدىكى بىر ئاشپۇزۇلنى بىلىمەن، ئۇ يەرنىڭ كاۋىپى بەك تەملىك. چولىمىز تەگكەندە شۇ يەرگە بېرىپ كاۋاپ يەپ كېلەيلى.

كېيىن ئابدۇسەمەت لوجىشياڭنى ئىككى قېتىم تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ چولىسى تەگمىدى. كېيىن مېھرىگۈل شىنجىڭغا كەلگەندە لو جىشياڭ مېھرىگۈلنى ساقچىخانىنىڭ ئاشخانىسىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەت لو جىشياڭ بىلەن دېيىشىپ قويغىنى بويىچە بېرىپ كاۋاپ يەپ كېلىشكە تاكى مېھرىگۈل قايتىپ كەتكۈچە ۋاقىت چىقىرالمىدى.

لو جىشياڭ ئابدۇسەمەت بىلەن قىلىشقان ئاشۇ ۋەدىسىنىڭ مەڭگۇ ئىشقا ئاشمايدىغان ئۆكۈنۈشلۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى 30- ماي كۈنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەنىدى. ئابدۇسەمەت ئۇ كۈنى بۇجى ساقچى مەھكىمىسىدىكى لو جىشياڭغا ماتېرىيال ئۆتكۈزگىلى كەلگەنىدى. لو جىشياڭ گەپ ئارىلىقىدا ئابدۇسەمەتنىڭ پۇتىدىكى يېڭىلا ئالغان ئاياغنى كۆرۈپ سورىدى:

ـــ ئەجەپ ئوبدان ئاياغ ئاپسەن، قانچىگە ئالدىڭ؟

ـــ قېنى، دەپ باقە قانچىگە ئالغاندىمەن؟

ـــ تاپالمىدىم، ئىشقىلىپ قىممەت ئاياغدەك قىلىدۇ.

ـــ 125 يۈەن.

ـــ نېمىدېگەن ئەرزان! مېنىڭمۇ بىرنى ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

ـــ بولىدۇ، مەن باشلاپ باراي. ئاياغ ئالغاچ بىرىپ نېسى قالغان ھېلىقى كاۋاپنى يەپ كەلمەمدۇق! ـــ ئابدۇسەمەت گېپىنى تۈگىتىپ، كەچتە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئاشۇ خوشلىشىشنىڭ مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟!

3 ـ ئىيۇن كۈنى لو جىشياڭ ”ئابدۇسەمەت يوقاپ كېتىپتۇ“ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. چۈنكى ئابدۇسەمەت ئادەتتە بەك ئىنتىزامچان ئىدى، پەۋقۇلئاددە ئىشى چىقىپ قالمىسا، ئۇنىڭ سوراقسىزلا يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا لو جىشياڭ ئۇنى يارىلىنىپ ياكى ھوشىدىن كېتىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىسا ئويلىغانكى، ئۇنىڭ قازا قىلىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇ تاۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ مەرھۇمغا ھۆرمەت بىلەن چاس بېرىپ: ”رازى بول، دوستۇم!“ دېدى يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن.

دوگمېن ساقچىخانىسى يانچۇقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى چېن ۋېيچۈەنمۇ كەلدى. ئۇ ئابدۇسەمەت بىلەن 2003 ـ يىلى سېنتەبىردە يانچۇقچىلار شايكىسىنى سوراق قىلىش ۋاقتىدا تونۇشقانىدى. چۈنكى قولغا چۈشكەن يانچۇقچىلار ئۇيغۇرلار ئىدى. شۇڭا دوگمېن ساقچىخانىسىدا ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغانلار بولمىغاچقا، لوگاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى سوراققا ياردەملىشىش ۋەزىپىسىنى ئابدۇسەمەتكە تاپشۇرغانىدى.

چېن ۋېيچۈەن ئابدۇسەمەتنى كۆرۈپلا بۇ يىگىتنىڭ تېتىك، مەردانە ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغانىدى. ئابدۇسەمەت خىزمەتكە شۇنداقلا كىرىشىۋىدى، چېن

ۋېيچۇەن بۇ يىگىتنىڭ ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ سوراقتىكى تەرجىمىسى راۋان ۋە تولۇق ئىدى. ئىلگىرى تەكلىپ قىلغان تەرجىمانلارغا ئوخشاش تاغدىن- باغدىن تېرىپ تۆنەيدىغان ئىشنى قىلمايتتى. چېن ۋېيچۇەنمۇ بىرنى بىر دەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئابدۇسەمەت بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتى.

ھەر كۈنلۈك سوراق ئەتىگەن سائەت سەككىزدە باشلىنىپ، كەچ سائەت 12 دە، ھەتتا گاھىدا تاڭغا يېقىن ئاياغلىشاتتى. بىر كۈنى كەچ سائەت 12 بولاي دېگەندە ئابدۇسەمەت چېن ۋېيچۇەنگە: “ئاكا، مەن ھازىر بۇجىغا قايتمىسام بولمايدۇ، قولۇمدا ئۈچ دېلو بار ئىدى، شۇنى دەرھال قولدىن چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ” دېدى. دېمەك، ئابدۇسەمەت دوگمېن ساقچىخانىسىدا يېرىم كېچىگىچە ئىشلىگەننى ئاز دەپ، دەرھال ئىدارىسىغا بېرىپ كېچىلەپ ئىشلىشى، كۈندۈزى قېلىپ قالغان ئىشلىرىنى تاماملىشى كېرەك ئىدى. بەزىدە چېن ۋېيچۇەن ئۇنى ماشىنىدا ئاپىرىپ قوياي، دېسە ئۇ: “ياقەي، سىزنىڭمۇ باش قاشلىغۇدەك ۋاقتىڭىز يوق تۇرسا. بولدى، مەن كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋېرىمەن” دەپ زادىلا ئۇنىمايتتى.

بىر كۈنى چېن چېيچۇەن ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىلىدە قېلىن- قېلىن دېلو ئارخىپلىرى تۇراتتى. چېن ۋېيچۇەن ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بايقىغانىدى. چېن ۋېيچۇەن بۇنى كۆرۈپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. لېكىن ئابدۇسەمەت ئىشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىرەر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىغانىدى.

بىر قېتىم سوراق بولۇۋاتقاندا ئابدۇسەمەتكە تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ ئۇيغۇرچە بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن چىرايلىرى ئۆڭۈپلا كەتتى. بۇنى بايقىغان چېن ۋېيچۇەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، لېكىن ئابدۇسەمەت گەپ قىلماي بېشىنى چايقاپلا قويدى.

چۈشلۈك غىزادا ئابدۇسەمەت بايىقى تېلېفوننىڭ ئىشىنى چېن ۋېيچۇەنگە دەپ بەردى:

— بايىقى تېلېفون توردىن چۈشۈپ قالغان جىنايەتچىلەر شايكىسىدىن كەپتۇ. ئۇلار “ھېلىقى كىريە چاچ باشلىقىڭغا دەپ قوي، تولا كۆرەڭلەپ كەتمىسۇن! ئۇنىڭ جېنى ھامان بىزنىڭ قولىمىزدا!” دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چېن ۋېيچۇەن ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىمۇ كەتمىدى:

—— كىسپۇرۇشلارنىڭ گېپىنى تېخى! ئۇنداق گەپلەرنى جىق ئاڭلىغانمەن، بۇدو يەنە تېلىپفون كېلىپ قالسا دەپ قويۇڭ، كەلسە جىقراق كەلسۇن، بىر- ئىككى ماڭقىنغا ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيمەن!

ئابدۇسەمەت چېن ۋېيچۇەننىڭ جەسۇرلۇقى ۋە ساقچىلىقتىكى ماھارىتىگە قول قويسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېھتىيات قىلىشقا دەۋەت قىلىپلا تۇراتتى. بۇنى چېن ۋېيچۇەننىڭ ئايالى ساۋ يەنگمۇ نۇرغۇن قېتىم ئېيتقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن چېن ۋېيچۇەنمۇ دىققەت قىلىدىغان، دېلو بېجىرىشتە خەتەرلىك جايلارغا ئۆزى يالغۇز بارمايدىغان، پىچاق، كالتەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدىغان، ئولتۇرۇش، سورۇن دېگەنلەرگە بېرىشنى قەتئىي رەت قىلىدىغان بولدى.

ئەينى ۋاقىتتا ساۋيەنمۇ ئابدۇسەمەتنى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرغانىدى، لېكىن ئابدۇسەمەت:

—— ئۇلار ئۇيغۇر بولغاندىكىن ماڭا چېقىلىپمۇ يۈرمەس... —— دېدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان چېن ۋېيچۇەن شۇ ھامان ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ: ”ھەي ئېسىت، ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىدىن كەتتى“ دېگەنىدى ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلاپ.

چېن ۋېيچۇەن: ”ئابدۇسەمەتنىڭ مېنى ئېھتىيات قىلىشقا قايتا- قايتا ئۈندەشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مېنى بالا- قازادىن قۇتقۇزۇپ قالغىنى ئىكەندۇق، بىراق، مانا ئەمدى ئۆزى ئاشۇ قارا نىيەتلەرنىڭ قولىدا مەرتلەرچە قۇربان بولدى“ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

چېن ۋېيچۇەن دەسلەپتە ”ئابدۇسەمەت قەستكە ئۇچراپتۇ“ دېگەن گەپكە ئىشەنمىدى. 7- ئىيۇن كۈنى چېن ۋېيچۇەننىڭ قېينانىسى ئۇنىڭغا بىر پارچە گېزىتنى كۆرسەتتى. ئۇ گېزىتتىكى ئاپئاشكارا خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن قىممەتلىك سەپدىشىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئىشەندى.

ئۇ بۇجى ساقچىخانىسىغا تېلېفون قىلىۋىدى، ئۇلار ئابدۇسەمەتنىڭ ئاكىسى يۈسۈپجان بىلەن مېھرىگۈلنىڭمۇ كېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. چېن ۋېيچۇەن دەرھال ئۇلارنى يوقلاپ باردى. ئۇ يۈسۈپجاننى كۆرۈپلا كۆز يېشى قىلدى. چېن ۋېيچۇەن

ھەممە بىلىدىغان چىداملىق ئەركەكلەردىن ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ياچۇقچىلارنى تۇتۇش ۋاقتىدا بىر يانچۇقچى ئۇنىڭ قولىنى چانىۋەتتى، لېكىن ئۇ قىلچە ۋايساپ قويمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ يارىسىنى نەق تۆت سائەت تىكتى، يارا ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا ئىچى- تېشىدىن بولۇپ ئالتە قەۋەت تېرىنى بىرمۇ بىر تىكىشكە توغرا كەلدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ مەست قىلىپ قويمىغانىدى. چېن ۋېيچۈەن يوسۇپجاننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭكىگە قويۇپ قويغانىدەك ئوخشايدىغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭغا خۇددى ئابدۇسەمەت ئۆزىگە قاراپ تۇرغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ مۆلۈلدەپ يىغلىغىنىچە بېرىپ يوسۇپجاننىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى. ئۇ قولىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر دېلونى تاشلاپ قويۇپ، مەرھۇم بىلەن ۋىدالىشىشىلىش ئۈچۈن ئاتايىن كەلگەنىدى...

ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچى ئىنستىتۇتى تۆتىنچى شۆبە ئەترەتتىكى ساۋاقداشلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا شۆبە ئەترەت باشلىقى ۋاڭ جىڭفۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ شۇ ئەترەتتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىگە تېلېفوندا خەۋەر قىلغانىدى. ساۋاقداشلاردىن بەزىلەر: ”شىنجېڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ ماتەم مۇراسىمىنىڭ قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ باققان بولساق، ھەممىمىز ئابدۇسەمەت بىلەن ۋىدالىشىۋالساق بولاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن بىز تۆت يىل بىرگە ئوقۇغان قەدىناسلار ئەمەسمۇ!“ دېگەن تەكلىپنى بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جىڭفۇ بۇجى ساقچىخانىسى بىلەن ئالاقىلاشتى، ئاندىن ھەرقايسى ئۆلكىدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ 42 ساۋاقدىشىدىن 31كىشى ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىششقا كەلدى.

باللارنىڭ ئابدۇسەمەتكە بولغان چوڭقۇر مېھىر- مۇھەببىتى ۋاڭ جىڭفۇنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. باشقا ئۆلكىدىكى ساۋاقداشلار شىنجېڭغا كەلگەندە ياتاق خىراجىتىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشى كېرەك ئىدى. شۇڭا باللارنىڭ ئىچىدە ھال- ئوقەتتى ياخشىراق سەي خۇاسۇڭ بىر مېھمانخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ساۋاقداشلىرىنى شۇ يەرگە جەم قىلدى.

ساۋاقداشلارنىڭ تەرەپ- تەرەپتىن كېلىپ جەم بولغانلىقى ھەممىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرغان باللار قاندافمۇ ئېچىلىپ- يېيىلىپ پاراڭلىشالىسۇن؟ شۇڭا بىر- بىرى بىلەن مەيۈسانە تىنچلىق سورىشاتتى؛ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ھودۇقۇپ يۈرەكلىرى ئاغزىغا تىقىلىپ كەتكەنلىكى، جاپاكەش ئابدۇسەمەتنىڭ "يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە بېشى تاشقا تېگىپتۇ" دېگەندەك، تۈيۈقسىز ۋاپاتىغا بولغان قاتتىق ئېچىنىشلىرى ھەققىدىلا سۆزلىشەتتى.

9- ئىيۇن چۈشتىن كېيىن، ئابدۇسەمەتنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بالدۇرراق كەلگەن 20 نەچچىسى لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ 11- قەۋەتتىكى مەجلىسخانىسىغا يىغىلىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ كەچمىشلىرىنى يىغا- زارە ئىچىدە ئەسلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇمغا بولغان سېغىنىشلىرىنى بايان قىلىشتى:

ئابدۇسەمەت ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت ئىدى، مەسئۇلىيەتچان ئوغۇل بالا ئىدى، يېتىمىزدىكى قەھرىمان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن شېنجېن ساقچىلىرىنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى نامايان قىلدى.

قەدىناس ساۋاقدىشىنىڭ مېيىتى بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشقىلى كەلگەن بۇ باللارنىڭ يۈرەكلىرى جۇدالىق ئازابىدا پۇچۇلىنىپ پارە- پارە بولۇپ كەتكەن، ئىنساننىڭ بۇ نەۋقىران جانىنى بۇ دۇنيادا تۇتۇپ قېلىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىدىن زار- زار قاخشىشىپ تالاي ياش تۆككەن بولسىمۇ، لېكىن مەرھۇمنىڭ قەھرىمانلىق روھىدىن ئۆز كۆڭۈللىرىگە مەلھەم تاپتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى بەك قىس بولغاچقا، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ، ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بولۇپلا دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى؛ بەزىلەر تېخىچە پراكتىكا مەزگىلىدە بولغاچقا شېنجېنغا بېرىپ- كەلگۈدەك پۇل بولمىغاچقا باشقىلاردىن قەرز قىلىپ كەلگەنىدى؛ غەربىي شىمالدا خىزمەت قىلىدىغانلار ئالدى بىلەن پويىزدا گۇاڭجوغا كېلىپ، ئۇ يەردىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ شېنجېنغا كەلگەن، بۇ جەرياندا يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدى؛ يەنە بەزىلەر ماتەم مۇراسىمىغا ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى ئايلىق مائاشىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ ئايروپىلان بىلەن كەلگەنىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇنچىلىك پۇل ۋە

ئۇنچىلىك يول ئازابى دېگەنلەر ئابدۇسەمەتكە بولغان ساۋاقداشلىق ۋە سەپداشلىق مېھرى ئالدىدا ھېچقانچە نەرسە ئەمەس ئىدى.

دەستە ـ دەستە گۇل چەمبىرەكلەر، مىسرا ـ مىسرا مەرسىيىلەر كىشىلەرنىڭ مەرھۇمغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلاتتى، ياشلار دەريا بولۇپ ئاقتى؛ مەرھۇمنىڭ مەردانە ئوبرازى ماتەم مۇراسىمغا كەلگەنلەرنىڭ يۈرىكىگە يىقىلماس ئابىدە بولۇپ ئورناپ كەتتى.

ئەي ئابدۇسەمەت، ئەي ياش كەتكەن قەھرىمان، بىزدىن رازى بول!

"خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈش تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك" دېگەندى ماۋ زېدۇڭ. سەن شىنجاڭنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئىبلىسلارنىڭ قولىدىكى نارسىدە بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىڭنى تەقدىم قىلدىڭ. سەن تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىكسەن. "توغراق قۇرۇپ كەتسىمۇ يەنە 1000 يىل تىك تۇرالايدۇ" دېيىشىدۇ ئۇيغۇر ئاتىلار. سەن تەكلىماكاندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراققا ئوخشاش، 12 مىليون شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ياشايسەن...!

**17. «سېغىنىدىغۇ سەپدىشىم» دېگەن ناخشا سىياسىي يېتەكچىنىڭ قەلبىنى سېغىنىش ئوتلىرىدا ئۆرتىدى.**

11 ـ ئىيۇن ئۆتكۈزۈلگەن مەرھۇم بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىدا مۇھىم ئىككى ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىرى سىياسىي يېتەكچى پېڭ گوجىڭ، يەنە بىرى كىچىك پەرھات ئىدى. كېيىن، باشقىلار ئۇ ئىككىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر ۋەزىپە بىلەن ئالدىنقى كۈنى ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئۇقتى.

شىنجاڭ ئايرودرومىغا كېتىۋاتقان پېڭ گوجىڭ بىلەن كىچىك پەرھات ماشىنىدا گەپ ـ سۆز قىلماي ئىمتاس ئولتۇرۇشاتتى. شوپۇر كەيپىياتنى سەل ـ سەل

كۆتۈرۈش ئۇچۇن ماشىنىنىڭ ئۇنئالغۇسىنى ئاچتى. موڭغۇل ناخشىچى تېڭگىرنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىدى:

"پېلىكدىن ئۇزۇلسىمۇ قوغۇن يەنە شىرىنسىدە تاڭلىيىڭنى يارار ئىكەن،
پىرچەڭگىنىڭ قولىدىكى دۇتتارىدىن تارىسىزمۇ كۈي ـ نەغمىلەر ياڭرار ئىكەن.
ۋىدالاشتىڭ ئايا دوستۇم، جۇدالىقتا قار چوققىلار قان يىغلىشىپ كۆچەر ئىكەن.
ئەي... سۆيۈملۈك سەپداش!
يىتتۈردۇمغۇ بۇركۇت كەبى قامىتىڭنى، ئاي مىسالى چېھرىڭنى مەن قايدىن تاپاي؟
ئەي... سۆيۈملۈك سەپداش!
ئاڭلارسەنمۇ ئۇ دۇنيادا كۈيلىرىمنى. ئىزلىرىڭغا نەغمەم بىلەن باغرىم ياقاي."

پېك گوچېڭنى يىغا تۇتتى. ئۇنىڭغا گويا تېڭگىر «سېغىنىدىمغۇ سەپدىشىم» دېگەن بۇ ناخشىنى دەل ئابدۇسەمەتكە ئاتاپ ئېيتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى، شۇنداقلا ناخشىدا پېك گوچېڭنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئىپادىلەنگەندەك ئىدى. ئۇ ناخشا ساداسى ئىچىدە ئابدۇسەمەتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئابدۇسەمەت بىلەن بىرگە ئىشلىگەن چاغلاردىكى ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

2003 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيى، پېك گوچېڭ شۇيجىڭ ساقچىخانىسىدىن بۇجى ساقچىخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ خىزمەتكە چۈشكەن كۈنى شۇ چاغدىكى ساقچىخانا باشلىقى گاۋ جۇڭبىن پېك گوچېڭنىڭ كەلگەنلىك شەرىپىگە ھەممەيلەننى تاماققا چاقىردى. پېك گوچېڭ تاماققا ئولتۇرۇپلا، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىدى. كېلىشكەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتنىڭ قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى چوڭقۇر، چاچلىرى قۇندۇزدەك قارا ئىدى. ئۇ يىگىت پېك گوچېڭغا قىزغىن تەبەسسۇم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمىدىن بىر خىل سەمىمىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇراتتى.

ساقچىخانا باشلىقى ئۇنى تونۇشتۇردى:

—— بۇ يىگىت ساقچى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ساقچىخانىمىزغا تەقسىم قىلىنغان پراكتىكانت ساقچى ئابدۇسەمەت بولىدۇ، مىللىتى ئۇيغۇر.

ــــ ئىداردە مۇسۇلمانچە ئاشخانا يوق، قىيىنلىپ قالىدىغان بولدىڭىزدە، ــــ دېدى پېيك گوچىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ.

ــــ ھېچقىسى يوق، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت شۇ ئانلا، ــــ بۇنچىلىك ئىشنى ئۆزۈم ھەل قىلىپ كېتەلەيمەن.

بۇنىڭ بىلەن پېيك گوچىڭ ئابدۇسەمەتنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا ''بۇ سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل، ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلايدىغان ئوبدان يىگىت ئىكەن'' دېگەن تەسراتقا كەلدى.

كېيىن خىزمەت داۋامىدا ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، كەسىپتە ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىدىغانلىقىنى بايقىدى. ساقچىخانا باشلىقىمۇ بىر نەچچە قېتىملىق يىغىندا ئۇنى ''ئابدۇسەمەتنىڭ دېلو ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش سەۋىيىسى، ئىشىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ھازىر ھەتتا بەزى خەنزۇ يولداشلاردىنمۇ ئوبدان ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ جاپالىق تىرىشقانلىقىدىن بولدى'' دەپ ماختىغانىدى.

پېيك گوچىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە ئاتاش روھىغا بەك قايىل ئىدى. ئۇ چاغلاردا شېنجېندا ئۇيغۇر ساقچىدىن پەقەت ئىككىسىلا بار ئىدى. شۇڭا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا بولسۇن، دوڭگۇەن، خۇيجۇ، گۇاڭجۇ ھەتتا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە بولسۇن، ئۇيغۇرلارغا چېتىلىدىغانلىكى دېلونىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ بېرىپ تەرجىمانلىق قىلىشىغا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئابدۇسەمەت ھەممىدىن بەك ئالدىراش ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچىخانىدىكى ھەممەيلەننىڭ قولىدا دېلو بار ئىدى. ھەربىر دېلونىڭ بېجىرىلىش مۆھلىتى بولاتتى. مەسىلەن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش دېلوسى چوقۇم 15 كۈنگىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى. 15 كۈنگىچە بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئادەمنى قانۇنسىز قاماش جىنايىتى شەكىللىنىپ قالاتتى. شۇڭا دېلونى ۋاقتىدا چىقىرالمىغانلاردىن قىلمىشى يېنىكرەكلىرىگە چارە كۆرۈلەتتى، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىناتتى.

خىزمەت بېسىمى ئاشۇنداق ئېغىر بولغاچقا، بەزىلەر باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىشلىرىغا نورمىدىن تاشقىرى ياردەملىشىش ۋەزىپىسىدىن ئىمكانقەدەر قاچاتتى. لېكىن ئابدۇسەمەت ئۇنداق ۋەزىپە كەلگەن هامان ئۇن-تىنسىز قوبۇل قىلىپ، ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

پېيلى گوچىلى ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلغان چاغلىرىدا، ھەمىشە تۈن نىسپىدىن كېيىن بىرىنچى قەۋەتتىكى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئەترىتىنى ئايلىنىپ باقاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ ئىشخانىغا كىرگەندە ئابدۇسەمەتنىڭ شىرەدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، دېلو ماتېرىيالى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى.

بىر قېتىم ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئابدۇسەمەتنى خۇيجۇ، دوڭگۇەن ساقچىخانىلىرىنىڭ دېلو بېجىرىش ئىشىغا ئۇ نەچچە كۈن ياردەملەشتۈرمەكچى بولدى. ئابدۇسەمەتنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ بەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پېيلى گوچىلى ئۇنى ئەۋەتكۈسى كەلمىدى.

ـــ ۋەزىپىمىز بەك ئېغىر، ئابدۇسەمەتنىڭ قولىدىكى دېلومۇ ئاز ئەمەس، تەرەپ-تەرەپكە پالاقلىمىسا بولمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ سىياسىي كومىسسار يۈەن-شياگېنىغا، ـــ ئۇ بارمىسۇنمىكىن؟

ـــ ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتايلى ـــ دېدى سىياسىي كومىسسار، ـــ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇسەمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارىي قىلدۇرمىساق بولمايدۇ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ تۇرۇڭلار!

لېكىن ئابدۇسەمەت بۇنداق ئىشلارغا ئەزەلدىن ۋايساپ باققان ئەمەس. ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان ھامان كۈلۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلاتتى-دە: «ماڭدىم ئەمىسە» دېيىلا ۋەزىپىگە ئاتلىناتتى. ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتىپ كەلگەندىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قايتىپ كەلدىم» دەپ قويۇپلا ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىشلارنى قىلغۇەتكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز سۆزلەپ يۈرمەيتتى. ئۇنى ئىشلەتكەن ئورۇنلارنىڭ مىننەتدارلىق خەتلىرى كەلگەن چاغلاردا ئۇ پەقەت كۈلۈپلا قوياتتى.

مۇنداق بىر ئىش ھېلىمۇ پېيلى گوچىڭنىڭ يادىدا تۇرۇپتۇ: ساقچىخانىدىكى ئاشخانىنىڭ تامىقىنى كۆرسىلا ھۆ بولىدىغان ئابدۇسەمەت ئۈچ ۋاقلىقىغا تەييار چۆپ يەيتتى ياكى سىرتتىكى مۇسۇلمان ئاشخانىلىرىدا غىزالىناتتى. پېيلى گوچىڭ

ئابدۇسـەمەتنىڭ ئائىلىسـىنىڭ ناھـايىتى نـامرات ئىكـەنلىكىنى ئاڭلىغـانىدى، ۋەزىپىسىنىڭمۇ ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلـەتتى. شۇڭا بۇنداق كېتىۋەرسە ئابدۇسەمەتنىڭ ئاغرىپ يىقىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پېڭ گـوچىڭ ئۇنىڭغا: ‹‹بـەزىدە سـىرتتا يېگـەن تـاماقنىڭ پۇلىنى ئىدارىدىـن ئـاتچوت قىلىپ بېرەيلى›› دېدى. لېكىن ئابدۇسـەمەت بىـرەر قېتىممۇ ‹‹ماۋۇ مېنىـڭ سىرتتا يېگەن تامىقىم ئىدى›› دەپ ئىككى ئىلىك تالونىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ باقمىدى.

پـېڭ گـوچىڭ ئابدۇسـەمەتنىڭ سىياسـىي جەھەتتـە ئۆزىگـە قـاتتىق تەلـەپ قويۇدىغـانلىقىنى كېلىپـلا سەزگـەنىدى. پـېڭ گـوچىڭ كـېلىپ ئـۇزۇن ئۆتمـەي ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇردى. بۇجى ساقچىخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىمۇ ئۇنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. نەتىجىدە بۇجى بـازارلىق پـارتكوممۇ ئۇنـى نۇقتىلىق تەربىيىلـەش ئوبيېكتى قىلىـپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەت خىزمەتلەردە ئۆزىگە ھەقىقىي بىر كوممۇنىستنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئابدۇسەمەت نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىر ئـەر، بىـر ئايال كىرىپ كەلدى. ھېلىقى ئەر بانكا خادىمى، ئايال بولسا مۇئامىلىدار ئىكەن. ئايالنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىنىشكىسىدىن پۇل ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىـن كىنىشكىدىكى پۇل ئـۆز- لىكىدىـن يوقـاپ كېتىپتۇ؛ ئـەرنىڭ دېيىشـىچە بـۇ مۇئامىلىدارنىڭ كىنىشكىدىن پۇل ئـالغىنى راسـت ئىكـەن. شـۇڭا ئـۇلار كېلىشـىپ بولالمـاي سـاقچىخانىغا سۆرۈشـۈپ كەلگەنىكەن.

ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى ئايرىم- ئايرىم خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن:

ـــ ئاۋۋال تەكشۈرۈپ بېقىپ بىر نېمە دەيلى، ـــ دېدى ئۇلارغا.

ئابدۇسەمەت بەش- ئالتە كۈن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئاخىرى ھـېلىقى ئايالنىڭ ئىككى كىنىشكىسى ۋە ئىككى كارتىسىنىڭ بـارلىقىنى بايقىدى. دېمـەك، ئـۇ A كارتـا ئارقىلىق B كىنىشكىدىكى پۇلنى ئالغانىدى. بۇ ھەم بانكا كومپيۇتېرىدىكى نومۇرنىـڭ ئالمىشىپ قالغانلىقى بىلـەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقماي تۇرۇپلا ھېلىقى ئىككىسى يەنە كېلىپ ‹‹بۇ ئىشنى زادى بىر تەرەپ قىلىـپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ›› دەپ تۇرۇۋالدى.

ئابدۇسەمەت ھېلىقى ئايالغا ئەھۋالنى ئىسپات كۆرسىتىپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى. لېكىن ئۇ ئايال ئابدۇسەمەتنىڭ گېپىنى ئۆكتەملىك بىلەن بۆلدى:

— ئۇنداق گەپلىرىڭنى ئاڭلىغۇم يوق، پۇلنى ئالمىدىم دېگەنىدىكىن ئالمىدىم!

— سىز ئۇنداق دېمەي تۇرۇڭ، — دەپ ئەدەب بىلەن چۈشەندۈردى ئابدۇسەمەت. لېكىن ھېلىقى ئايال ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، ئابدۇسەمەتكە چاڭ ـ چۇڭ قىلىپ ئىككى كاچات سالدى.

ئەتراپتىكىلەر داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلاردىن بەزىلەر ھېلىقى ئايالنى تۇشمۇ تۇشتىن ئەيىبلىگىلى تۇردى:

— ئادەم ئۇرغىنى نېمىسى بۇ خوتۇننىڭ؟ گەپ بولسا تۈزۈك دېسە بولمامدۇ؟

— ئادەم ئۇرۇش جىنايەت بىلەمسىز؟ بۇ ساقچى يىگىت يا سىزنىڭ چىشىڭىزغا تەگمىگەن تۇرسا!

ھېلىقى ئايال سەل ـ پەل ئويالدى بولغاي، — خاپا بولماڭ ـ ھە! — دېدى ئابدۇسەمەتكە.

ئابدۇسەمەت يۈرىكىنى ئۆرتەپ تۇرغان غەزىپىنى زورىغا باستى:

— ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، بۇ ئۇقۇشماسلىق ماڭا پىكرىڭىز بولغانلىقىدىن ئەمەس، خىزمىتىمنى توغرا چۈشەنمەيۋاتقانلىقىڭىزدىن بولۇۋاتىدۇ. مېنى ئۇردى، دەپ سىز بىلەن تاكاللىشىپ يۈرۈشنى خالىمايمەن.

ھېلىقى ئايال ئۆزى شۇنچە يولسىزلىق قىلغان بولسىمۇ، بۇ يىگىتنىڭ ئۇنى قىلچە كۆڭلىگە ئالماي مەرتلىك قىلغانلىقىدىن بەكمۇ ئويالدى. شۇڭا باشقا گەپمۇ قىلماي ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، غىيپىدە كېتىپ قالدى، ھېلىقى بانكا خادىمىمۇ كەتتى.

بىر قېتىملىق ماجرا شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولدى. لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ زەردىسى پەسكويغا چۈشۈدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ غۇرۇرى چىدىماي قېلىۋاتاتتى: ئەركەك تۇرۇپ بىر خوتۇن كىشىدىن تەستەك يېدى دېگەن نە ئاھانەت ـ نە نومۇس؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇسۇلمانلاردا ئەرلەرنىڭ ئورنى يۇكسەكقۇ؟ شۇنچىۋالا خەقنىڭ ئالدىدا خوتۇن كىشىدىن تاياق يەپ قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولسۇن؟

دۇرۇس، ناۋادا يۇرتىدا بولغان بولسا ۋە ياكى ئۇنىڭ ئۇستىدە ساقچى فورمىسى بولمىغان بولسا، ئابدۇسەمەت ئاشۇ غۇرۇرى بىلەن ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قوغدىغان بولاتتى. بىراق ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خەلق ساقچىسىنىڭ «ئۇرسا قول قايتۇرمايمىز، تىللىسا گەپ ياندۇرمايمىز» دەيدىغان پولاتتەك ئىنتىزامى جاراڭلىغاندەك بولدى. شۇڭا ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ پۈتۈن ساقچىخانىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشنى خالىمىغان ئابدۇسەمەت چىشىنى مەھكەم چىشلىدى.

ئىزادىن ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى ئوت ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ياتىقىغا كىردى- دە، ئىشىكنى گۈپپىدە تاقاپ بىر ھازا يىغلىدى، غىزامۇ يېمىدى.

ئۇ كەچتە مېھرىگۈلگە تېلېفون قىلىپ، بۈگۈن تارتقان ئەلەملىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمەكچى بولدى.

ئۇ چاغدا مېھرىگۈل دۆلەت مەمۇرلىرى ئىمتىھانىنى خېلى ياخشى بەرگەنلىكى ئۈچۈن كەيپى چاغ ئىدى، ئۆزى ئاقسۇدا خەۋەر كۈتۈۋاتاتتى.

ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپلا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ باشقىچە چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى:

— نېمە بولدىڭىز؟

ئابدۇسەمەت ھېلىقى خوتۇندىن تەستەك يېگەنلىكىنى مېھرىگۈلگە دەپ بەردى:

— بۇ خىزمەتتىن رايىم يېنىپ كەتتى، — دېدى ئابدۇسەمەت، — شۇڭا سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالاي دېگەن...

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭسىزمۇ تىكەندەك يېگانە ئابدۇسەمەتنىڭ ياقا يۇرتتا جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كېتەتتى. بىراق مېھرىگۈل ئالدى- كەينىنى ئويلاپ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان قىز ئىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ تېخىچە ئاچچىقى يانمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۆڭلىگە يارىشا سۆز قىلدى:

ــــ بوپتۇ، ئىشلىگىڭىز كەلمىگەن بولسا ئىشلىمەڭ. خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالسىڭىزمۇ مەيلى، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم بېقىپ كېتەلەيمەن. سىزدىن سوراپ باقاي، شۇ چاغدا نېمىشقا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمىدىڭىز؟

ــــ مەن ئۇنىڭغا قول ياندۇرسام بولمايدۇ، بۇ يەردە ساقچى بولماق شۇنداق تەس، مېھرىگۈل!

ــــ مېنىڭچە، سىز ئۇ ئايالنى رەھبەرلەرنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. ناۋادا رەھبەرلەر بىر تەرەپ قىلمىسا، ئىستېپا بېرىڭ ياكى ئۆزۈم بېرىپ ئۇ خوتۇننى ئەدەبلەيمەن، بولامدۇ؟

مېھرىگۈلنىڭ تەسەللىيلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت ئەمدى ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگىلى تۇردى:

ــــ ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشمۇ يوق. رەھبەرلەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلار مېنى چاقىرىپ ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن: "ئايال كىشىدىن تاياق يەپ قېلىپ، بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، شۇڭا ئىستېپا بېرىمەن" دېسەم، ئۇلار كۈلۈپ كېتىپ: "ئۇنداق دېمە، ھەرھالدا ئويلىشىپ بىر ئىش قىل" دېدى. ئۇلار يەنە ھېلىقى ئايالنى قامايمىز، دېۋاتىدۇ.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

ــــ رەھبەرلەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىمىز دېگەن بولسا بۇ ياخشى ئىشكەن. مېنىڭچە، سىز قانداق ئويلىغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ. ئىشقىلىپ، سىز خىزمەتسىز قالسىڭىزمۇ پېشىڭىزغا ئېسىلىۋېلىشنى ئېسىلىغان. بىراق بۇ ئىشتا ياخشى ئويلانمىساق بولمايدۇ. ئۇ سىزنى ئۇرۇپتۇ، لېكىن قول ياندۇرماپسىز. بىر ھېسابتا توغرا قىپسىز. چۈنكى "پوققا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ" دېگەن گەپ بار. ئۇنداق چۈپرەندە خوتۇنلارنى دەپ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ.

مېھرىگۈلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۆرلەپ تۇرغان پىغانىمۇ خېلى پەسكويغا چۈشتى. ئابدۇسەمەت شۇ ۋاقىتتا ئاچچىقىغا پايلىماي "ئىشلىمەيمەن" دېگىنى بىلەن ئۇ بۇ شەھەرگە، ئىدارىسىغا قىيمايتتى. ئۇ ئۆزىچە ئويلاپ كەتتى: "رەھبەرلىرىم بىلەن

خىزمەتداشلىرىم ماڭا شۇنداق كۆيۈنىۋاتقان تۇرسا، چوڭلىرىدا تۇرمايدىغان كىچىككىنە ئىشنى دەپ پەشنى قاقسام، تازا چىدىماسلىق قىلغان بولمامدىمەن...».

بىراق، ئۇ بىر خوتۇن كىشىدىن شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تەستەك يېگىنىنى ئويلىسىلا: «يۈزۈمنى قويغۇدەك يەر قالمىدى» دەپ پۇچۇلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا توپتوغرا بىر كۈن ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى.

پېك گوچىك بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىردى:

— قىنى، قانداق كۆڭۈل ئاغرىقلىق بولسا ماڭا دېگىن، ئىچىڭگە سىغلۇرمە!

ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى:

— ئۇ مېنى قەستەن ئۇرغىنىمۇ يوق، — دېدى ئابدۇسەمەت يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — ئۇ دېگەن ئادەتتىكى بىر پۇقرا. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى يوق...

— دېگەنلىرىڭنىڭ ئويلىغانلىرىڭ بىلەن بىردەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئابدۇسەمەت. شۇنداق قىلساڭ كەيپىياتىڭنىمۇ تەڭشىيەلەيسەن.

پېك گوچىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدەب- يوسۇنلىرى ئوبدان بىلەتتى، ئابدۇسەمەتنىڭ شۇ چاغدا نەقەدەر ئېغىر روھىي ئازابقا قالغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەتنىڭ ئاقىلانە جاۋابىدىن ئۇ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.

— بۇ ئىش پۈتۈن ساقچىخانىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىۋەتتى، — دېدى پېك گوچىك، — ھەممەيلەن سەن تەرەپتە تۇرۇپ ھېلىقى ئايالنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. مەن ئەھۋال ئىگىلەپ باقتىم، ئۇ ئايالنىڭ يۈرەك كېسىلى بار ئىكەن، ھەم يېقىندىلا ھامىلە قىلدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپتۇ. ئېھتىمال ھەم روھىي جەھەتتىن، ھەم جىسمانىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىغان بولغاچقا ئۆزىنى باسالماي ساڭا كاچات سالغان ئوخشايدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت شۇ ئان گەپنى بۆلدى:

— ياق، ياق ئۇنى يەنە بىر تەرەپ قىلىمىز دەپ ئاۋارە قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. قارىغايدەك ئەركەك تۇرۇپ بىر ئايال كىشىدىن تاياق يەپ ئولتۇرغۇنىمغا راستتىنلا غۇرۇرۇم چىدىمىدى. لېكىن يەنە بىر ئويلاپ باقسام، پۇقرانىڭ دەردىگە

دەرمان بولالىساقلا، ئاز- تولا كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىپ قالغانغا مېنىڭچە ھېچنېمە بولمايدۇ...

پېك گوچىلىك ئابدۇسەمەتنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— يۇرە، مەن مېھمان قىلىمەن، ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىپ كىرەيلى!

ساقچىخانا باشلىقى بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابدۇسەمەتنىڭ كۆكسى-قارنىنىڭ كەڭلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى:

— ھەقىقەتەن ئوغۇل بالا ئىكەن، ئەركەك ئىكەن!

شۇ ئىشلارنى ئەسكە ئالغان پېك گوچىلىك: ئابدۇسەمەت گەرچە تېخى تەشكىلىي جەھەتتە پارتىيىگە كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيە جەھەتتە لاياقەتلىك بىر كوممۇنىستنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەنىدى. شۇڭا، تەشكىلگە ‹‹ئۇنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى›› دەپ تونۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇش كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئاشۇ كۈنلەردە ئابدۇسەمەت ھەممىلا كىشىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان مەرھۇم قەھرىمانغا ئايلىنىپ بولغانىدى. لېكىن پېك گوچىڭغا ئۇ تېخى ھاياتتەكلا تۇيۇلاتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ يول ماڭغان چاغدىكى قىياپىتى، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ دېلو ماتېرىياللىنى يېزىپ كېتىشلىرى، تاماق يېگەن چاغدىكى چوكا تۇتۇشلىرى، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىدىن دوكلات بەرگەن چاغدىكى تۇرقى، يۈرىتىدىكى ئۆزۈم باراڭلىرى ھەققىدە كۆپچىلىككە زوق- شوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىكى پېك گوچىڭنىڭ نۇرغۇن قېتىم چۈشىگە كىردى. پېك گوچىلىك چۈشىدىن ئويغىنىپ تورۇسقا قاراپ ئۆزۈندىن- ئۆزۈن ئۇھ تارتىپ يېتىپ كېتەتتى. ئۇ بايا كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئەمەس، بەلكى رېئاللىق بولۇپ قېلىشىنى ياكى ئۇنىڭ ئەبەدىي ئۆزۈلمەي داۋاملىشىدىغان چۈشلەردىن بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ كېتەتتى.

ئەي قېرىندىشىم ئابدۇسەمەت، مانا ھازىر سېنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. سەن ئۇ دۇنيادا غېرىبسىنىپ قالمايسەن، مەڭگۈ بوينۇڭنى قىسىپ قالمايسەن! شىنجاڭلىقلارنىڭ قەلبىدە، سەپداشلىرىڭنىڭ يۈرىكىدە ئەبەدىي ياشايسەن! بىلەمسەن، ئابدۇسەمەت؟ سېنى يىراقتىكى ئانا يۇرتۇڭغا يولغا سېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى دوختۇرلار جىسمىڭنى چىرىشتىن ساقلاشقا نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرىپ

قىلدى؛ دەپنە زالىدىكىلەر سىنى ھايات چېغىڭدىكىدەكلا روھلۇق كۆرستىش ئۈچۈن ئىخلاسى بىلەن يۇيۇپ تاردى؛ جەنۇبىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ساڭا بولغان ھۆرمەت- ئېھتىرامىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ساڭا ئاتاپ مەخسۇس ئايروپىلان بۆلمىسى تەييارلىدى ۋە 50 مىڭ يۈەنلىك كىرا ھەققىنى 9000 يۈەنگە چۈشۈرۈپ بەردى.

شىنجېڭلىقلار سىنى ئالاھىدە رايون قەھرىمانى دەپ بىلىدۇ؛ شىنجاڭلىقلار سىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخرى دەپ بىلىدۇ. قېرى- ياش، ئۇلۇغ- ئۇششاقنىڭ ھەممىسى مەيلى سىنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ساڭا بولغان ھەققىي مېھىر- مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. قېرىندىشىم ئابدۇسەمەت، سەن ئارمانسىز كەتتىڭ...

# تۆتىنچى باب

## يۇرتىغا قايتقان مېيىت

**18. مېھرىگۇل ئابدۇسەمەت بىلەن تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا بىرگە چىقتى، لېكىن ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.**

مەرھۇم بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى. بىر تاۋۇت ماشىنىسى دەپنە زالى ھويلىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل باۋئەن ئايرودرومىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شىنجېندىكى 12 مىليون ئاممىنىڭ تىلەك ـ ئىلتىجالىرىنى ئېلىپ ماڭغان ماشىنا ئىدى؛ ئۇ قەھرىماننىڭ مېيىتىنى يۇرتىغا ئۇزىتىپ ماڭغان ماشىنا ئىدى. ئارقىدىكى ماشىنىدا ئابدۇسەمەتنىڭ ھازىدارلىرىدىن يۇسۇپجان، مېھرىگۇل ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان شىپ جيەنكەي بىلەن بۇجى ساقچىخانىسىنىڭ ئايال ساقچىسى جوڭ بو لار ئولتۇراتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ ماڭغان ئايروپىلان چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە شىنجېن ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلدى. ياداپ تۈگىشىپ كەتكەن مېھرىگۇل ئىچىدە ھېسابلاپ باقتى: شىنجېنغا 6 ـ ئىيۇن كەلگەن، بۈگۈن چىسلاغا 11 دېيىشىۋاتىدۇ. دېمەك، بىز شىنجېنغا كەلگىلى بەش كۈن بوپتۇ ـ دە! دۇرۇس، مېھرىگۇل شىنجېنغا كەلگىلى بەش كۈن بولدى. لېكىن بۇ بەش كۈن ئۇنىڭغا نەچچە ئون يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنداق، بۇ بەش كۈن مېھرىگۇلنى ھەسرەت ئوتىدا كاۋاپ قىلغان بەش كۈن بولدى؛ بۇ بەش كۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مىنۇتى يىلدەك ئاستا ئۆتكەن بەش كۈن بولدى؛ بۇ بەش كۈن كۈننىڭ قاياقتىن چىقىپ قاياققا ئولتۇرىۋاتقانلىقىنى بىلمەي گاراڭلىقتا ئۆتكەن بەش كۈن بولدى؛ بۇ بەش كۈن

تاتلىق ئەسلىمىلەر بىلەن رەھىمسىز رېئاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن بەش كۈن بولدى؛ بۇ بەش كۈن...

ھازىر ئۇ قايتىپ كېتىۋاتىدۇ، ئابدۇسەمەتنى بىرگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا ئۇچىسىدىكى قارىلىق كىيىمى بىلەن سالام بېرىدۇ.

بۇ ئۇنىڭ ئابدۇسەمەت بىلەن تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا بىرگە چىقىشى ئىدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشتە بولسۇن، ياكى ئۈرۈمچىدىن شىنىياڭغا بېرىشتا بولسۇن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى. ئولتۇرىدىغىنى پەقەت پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقلا ئىدى.

مېھرىگۈلنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەكلا تۇرۇپتۇ. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرى ئىدى، ئۇلار ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئىككىسى بىر يەكشەنبە كۈنى كىتابخانىغا باردى. قايتىپ كېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ يول ياقىسىدىكى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئازراق ياندۇردى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇسەمەت ناھايىتى قورقۇپ كەتتى:

ــــ ۋۇي، نېمە بولدىڭىز؟ نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ ــــ ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، ــــ ئاپلا، قىزىپ قاپسىز؟ قانداق ئاغرىۋاتىسىز؟ دەگە، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە بۇرۇلۇپ قارىدى. جىددىيلىشىپ كەتكەن ئابدۇسەمەتنىڭ پېشانىلىرىدىن تەر تەپچىرەپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مېھرىگۈل ئۇنىڭغا قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، دېيەلمىدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ سانجىپ ئاغرىشلىرى سەل ـ پەل قويۇپ بەرگەندەك بولدى، ئابدۇسەمەت ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدى.

مېھرىگۈلنىڭ قورسىقى يەنىلا ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ كەچلىك تەكرار ئۈچۈن سىنىپقا باردى.

ــــ قانداقراق تۇرىسىز؟ ــــ ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا سورىدى، ــــ نېمە بولغانسىز، مېھرىگۈل؟ ياتاقتىكى باللاردىن ئازراق قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى

ئالغاچ كەلگەنتىم. ئىچىپ بېقىڭ، ئوڭلىنىپ قالىسىز، ــــ ئابدۇسەمەت قولىدىكى كىچىككىنە قەغەز خالتىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

دۈشەنبە كۈنى مېھرىگۈلنىڭ قورساق ئاغرىقى خېلى ئوڭلىنىپ قالغاندەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ھېلىقى دورىنى ئىچمىدى. سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى يەنە قىزىپ كەتتى. ئۇ ياتاقداشلىرىغا دېمەيلا مەكتەپنىڭ شىپاخانىسىغا باردى. دوختۇرلار ”سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى“ دەپ دىئاگنوز قويۇپ، ئۇنى چوڭراق دوختۇرخانىغا بېرىپ قايتا تەكشۈرتۈپ بېقىشقا بۇيرىدى.

بۇنى ئاڭلىغان مېھرىگۈل قورقۇپ قالدى. ئۇ سىنىپقا كېلىپ قارىۋىدى، ئابدۇسەمەت يوق ئىدى.

ــــ دوختۇرلار سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قاپسىز، دەيدۇ، ــــ دېدى ئۇ بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ساۋاقدىشىغا.

ئاڭغىچە ئابدۇسەمەت كىرىپ كەلدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى كارىدورغا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى:

ــــ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قاپتىمەن، ئەندى قانداق قىلارمەن؟

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى:

ــــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ سىز تاماقنى يەپلا ئىتتىك ھەرىكەت قىلمىغان ياكى يۈگۈرمىگەن تۇرسىڭىز، قانداقلارچە سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قالغانسىز؟

ــــ ئۇنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ دوختۇرلار چوڭراق دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈڭ دەۋاتىدۇ...

ــــ ئۇنداق بولسا مەن بىللە باراي!

ئاڭغىچە جۈەنڭ يۈ بىلەن يەنە ئىككى قىز سىنىپتىن چىقىپ كەلدى، ئۇلارمۇ دوختۇرخانىغا بىللە بارماقچى بولدى.

ــــ بولدى، سىلەر ئاۋارە بولماڭلا، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت، ــــ ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن.

ــــ ۋىيەي، سىز ئوغۇل بالا تۇرسىڭىز، ئەپلەشمەيدۇ، ــــ دېدى جۈەنڭ يۈ، ــــ بىز بارايلى!

ئۇلار دوختۇرخانىغا بىرىپ تەكشۈرتتۇق، دىگەندەكلا سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ چىقتى، ئەمدى دەرھال ئوپىراتسىيە قىلدۇرۇش كىرەك ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان مىھرىگۈلنىڭ كاللىسىغا ئالدى بىلەن ”پۇلنى قانداق قىلارمەن“ دىگەن ئوي كەلدى. ئۇ دادىسىغا تىلىفون قىلماقچى بولدى.

ــــ ئۇنداق بولسا ھازىرلا ئۆيىڭىزگە تىلىفون قىلىڭ، ــــ جۇۋاڭ يۇ يانفوننى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

ئوپىراتسىيىگە كىرىش ۋاقتىدا نىڭ جياڭجۈن مىھرىگۈلنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى نامىدىن كىلىشىمگە قول قويدى. نىڭ جياڭجۈن ئەسلىدە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتىتىنىڭ مۇئاۋىن سىكرىتارى ئىدى. ھازىر ئوقۇغۇچىلار چوڭ ئەترىتىدە تۇرۇپ ئۇلارغا مەسئۇل بولۇۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت دوختۇرنىڭ ”بىمارغا ساپما كەش لازىم ئىدى“ دىگەن گىپىنى ئاڭلاپ، ئۈچقاندەك بىرىپ ساپما كەشتىن بىر جۈپ ئىلىپ كەلدى.

ئوپىراتسىيە ئاياغلاشتى. سىستىرالار مىھرىگۈلنى چاقلىق كارىۋاتتا ئىتتىرىپ ئىلىپ چىقتى. مىھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە قارىدى. بايىقى ئوپىراتسىيە پىچىقى گويا ئۇنىڭ جىسمىنى تىلىپ ئۆتكەندەك، ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، پىشانىسىدىن مۇنچاق- مۇنچاق تەرلەر تەپچىرەپ تۇراتتى. مىھرىگۈل ئۇنىڭغا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ يۈرىكى سەل- پەل ئورنىغا چۈشتى.

مىھرىگۈل بالنىستتا يەتتە كۈن ياتتى. ھەر كۈنى ئىككى قىز كىسەلخانىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئىلىۋاتقان بولسىمۇ، لىكىن ئابدۇسەمەتمۇ كۈندە دەرستىن چۈشۈپلا مىھرىگۈلنىڭ يانىغا كىلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. بەزى كۈنلىرى بەك كەچ بولۇپ كەتسە، ئۇ ياندىكى كارىۋاتقا بىشىنى قويۇپ سەل- پەل كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋىلىپلا، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە مىھرىگۈلنىڭ يۈز يۇيىدىغان سۇلىرىنى ئەكىرىپ، چىيىنى تەييارلاپ بىرىپ ئۇدۇللا سىنىپقا ماڭاتتى.

يارا ئىغىزى ياللۇغلىنىپ قالغاچقا، مىھرىگۈل ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ قىزىپ كەتتى. ئۈستىگە يوتقانىنى قاتمۇ قات يىپىۋەتسىمۇ يەنىلا جالاقلاپ تىترەپ تۇراتتى.

مېھرىگۈل مىڭ تەسلىكتە ساقىيىپ بالنىستتىن چىقتى. لېكىن يارا ئېغىزى تېخى دېگەندەك تۈتىشىپ بولمىغاچقا، ئۇ ھەر كۈنى چوقۇم سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماق يېيىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئابدۇسەمەت ھەر ۋاقىلىق غىزادا مەكتەپ سىرتىدىكى ئاشپۇزۇلغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماق ئەتكۈزۈپ كىرەتتى. بەزىدە ئالدىراپ قالغان چاغلاردا ئاشخانىغا كىرىپ تاماقنى ئۆزى ئېتىپ كېتەتتى.

بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ تاتلىق ھېسلارغا تولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزەلەيدىغان مۇشۇنداق ياخشى يىگىتكە ئۇچراپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى تاغدەك ئۆسكەنىدى.

شىئەندە ئابدۇسەمەتنىڭ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ماي بايرىمىدا شۇ يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىشنى نىيەت قىلىپ يۈرەتتى. لېكىن مېھرىگۈلنىڭ تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ئويلىغان ئابدۇسەمەت ئۇ يەرگە بېرىش نىيىتىدىن ياندى. ئەمما مېھرىگۈل ئۇنى بېرىپ ئويناپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى.

ــــ سىز بۇنداق تۇرسىڭىز مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولاي، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت، ــــ سىزگە ھەمراھ بولغاچ كىتاب كۆرىمەن، لۇغەت ئاختۇرىمەن، خام سۆز يادلايمەن. ئابدۇسەمەت شۇنداق قىلىپ ماي بايرىمىدا ھېچيەرگە بارماي، ئانچە ـ مۇنچە ئۆگىنىش قىلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر كۈنى كېلىپ مېھرىگۈلگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى ئارام ئالدۇردى.

يازلىق تەتىلدە قايتىش ۋاقتىدا ئۇلار ئىككىلىسى پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇق بېلىتىنى ئالدى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى ئىككى كىشىلىك ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئۆرە تۇرۇۋالدى. مېھرىگۈل ھېلىدىن ھېلىغا تۇرۇپ، ئۇنى بىردەم ئولتۇرۇۋېلىشقا زورلايتتى. بىراق ئابدۇسەمەت: ”سىز يېتىڭ ـ قولىڭىزنى سۇنۇپ يېتىڭ“ دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈل سەل خاپا بولۇپ قالدى:

ــــ ئۇۋۇش، ئولتۇرمىسىڭىز ئولتۇرماڭ، ــــ دېدى مېھرىگۈل ئۇنىڭغا باتناپ.

ئابدۇسەمەت كۈلدى:

ــــ مەن سىزنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن، مېھرىگۈل!

مېھرىگۈلمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇردى:

— مەنمۇ سىزنى كۆزدە تۇتتۇۋاتىمەن، ئابدۇسەمەت! مېھرىگۈل ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈپ بولالماي، ئاخىرى ئورۇندۇقتا سۇنايلىنىپ ياتتى. پويىز بىر سائەتتىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ راستتىنلا خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كېلىپ ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىدە بىردەم ئولتۇرۇپلا يەنە ئورنىدىن تۇرۇۋالدى.

ئىشقىلىپ ئەتراپتىكى يولۇچىلار ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ بولالماي قىلىۋاتقان تارتىشماق ئويۇنلىرىغا يول بويى كۈلۈپ كېلىشتى.

ئۇلار ئۈرۈمچىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى يەنە ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن ئاقسۇغىچە ئەكىلىپ قويدى. مېھرىگۈلنىڭ دادىسى بېكەتكە قىزىنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. ئابدۇسەمەت ئۇ ئادەمنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مېھرىگۈل ئۇنى خالىيراق جايغا چاقىرىپ دادىسىغا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولىۋىدى ئابدۇسەمەت ئۇنىمىدى، ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى:

— ھازىر بارسام سەت تۇرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەرنىڭ ئۆيگە كۈيئوغۇل بولغان چاغدا ئاندىن باراي.

تەتىل مەزگىلىدە ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ تۇردى.

— دورىلىرىڭىزنى ۋاقتىدا ئىچىڭ، — دەپ تاپىلايتتى ئۇ، — ئەگەر كەسكەن يەر ئاغرىپ خاپا قىلسا، ئۇيغۇر تېۋىپلارنىڭ سۈركەيدىغان بىر خىل دورىسى بار، شۇنى سۈركەپ بېقىڭ. ئاتا- ئانىڭىزغا بەك ئەركىلەپ كەتمەي، ئۇلارنىڭ ئىش- كۈشلىرىگە ئانچە- مۇنچە ياردەملىشىڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا- ئانام ماڭا كۆز قارىچۇقىدەك قارايدۇ، دەڭە!

— ئۇغۇ شۇنداقتۇ، بىراق سىزدىن ئەنسىرەپلا تۇرىدىكەنمەن.

— نېمىشقا ئەنسىرەيتتىڭىز؟

— خۇدا بۇيرىسا كەلگۈسىدە توي قىلىپ بىر ئۆينىڭ ئادىمى بولىمىز، دەڭە. ئۇ چاغدا ئاغرىپ يېتىپ قالسىڭىز ھەر ئىككىمىزگە ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا سىزنى ھازىردىن باشلاپلا ئاسرىمسام بولمايدۇ، مېھرىگۈل!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى- يۇ، لېكىن ئۆزى ساقسىز بولۇپ قالغاندىن بۇيان، ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ جىق جاپا چەككەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى.

ــــ نېمىشقا يىغلايسىز؟ يىغلىماڭ.

ــــ سىزنى ئويلاپ، ئابدۇسەمەت.

ــــ يىغلىماڭ! يىغلىغۇ ئادەمنى كۆرسەملا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قالىدۇ، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت، ــــ مانا مەن ساپساق تۇرامدىمەن، يەنە نېمىگە يىغلايتتىڭىز؟ ئادەم دېگەن قانائەتچان بولۇشى كېرەك. قانائەتچان، ئىرادىلىك ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. سىز كۆز يېشى قىلسىڭىزلا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، ئۆيدىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن بېشىم قېتىپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ يىغىڭىزنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. مانا مەن يىغا ـ زارە ئىچىدە چوڭ بولغان. شۇڭا ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ ياش تۆككىنىنى كۆرمىسەم، دەيمەن.

ــــ بولىدۇ، مەن يىغلىماي ئابدۇسەمەت. مانا ھازىردىن باشلاپ سىز مېنىڭ كۈلكەمنى ئاڭلاڭ، ماقۇلمۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت كۈلۈپ كەتتى:

ــــ بىلەمسىز مېھرىگۈل، مەن سىزدىن ئايرىلالمايدىكەنمەن. ناۋادا سىزدىن ئايرىلىپ قالسام، تۇرمۇش مەن ئۈچۈن مەنىسىز تۇيۇلىدىكەن.

ــــ مەنمۇ شۇنداق.

مېھرىگۈل شۇ قېتىم كېسەل بولۇپ ساقايغاندىن كېيىن، ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر كۆيۈدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئابدۇسەمەتكە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى، ئابدۇسەمەتنى "ھاياتىمنىڭ يېرىمى" دەپ ھېسابلايدىغان بولدى.

سارىس كېسىلى تارقالغان چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنى ئايروپىلاندا يولغا سالىمەن، دەپ تۇرۇۋالغانلىقى مېھرىگۈلنىڭ ھەرگىز يادىدىن چىقمايدۇ.

2003 ـ يىلى باھار، ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىلىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالغان چاغ ئىدى. شۆبە ئەترەت بويىچە ھەممەيلەن ئوقۇش پۇتتۇرۇش دىسسېرتاتسىيىسى يېزىش، خىزمەت ئۇقۇشۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. "كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال" دېگەندەك، سارىس كېسىلى تاراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ھەر ئىككىسى باشقا كېسەل بىلەن

ئاغرىپ قالدى. بۇ دىشۋارچىلىقلار بىر ھېسابتا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىگە بولغان مېھىر- مۇھەببىتىنى دەگسەپ باقىدىغان قاتتىق سىناق بولدى.

ئاپرېلنىڭ بىر كۈنى، ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئىككىسى تەيياۋەن كوچىسىدا بازار ئارىلاپ يۈرەتتى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا پوكاندەك قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى، ئۇنىڭ پېشانىسى ئوتتەك قىزىق ئىدى.

ــــ ۋۇي، بولماپتۇ، دەرھال دوختۇرخانىغا نېرىپ تەكشۈرتۈپ باقايلى، ــــ دېدى.

ــــ يېنىمدا پۇل يوق، قانداق بارىمىز؟ ــــ دېدى ئابدۇسەمەت.

ــــ مېنىڭ كارتامدا 500 يۈەن بار، مېڭىڭە، دەرھال بېرىپ تەكشۈرتەيلى!

ئۇلار دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ قان تەكشۈرتتى ۋە Bتىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئاپپاراتى ئارقىلىق تەكشۈرتۈپ كۆردى، بۇنىڭغا 180 يۈەن پۇل كەتتى. دوختۇر ”ئاشقازان يارىسى ئىكەن“ دەپ دورا يېزىپ بەردى. دورىنىڭ ھەربىر بولىقى 50 يۈەن بولۇپ، بىر بولىقى پەقەت ئۈچ كۈنلا يېتەتتى. ئابدۇسەمەت بېشىنى چايقىدى:

ــــ بولدى، ئالمايلا قويايلى!

ــــ ئالمىساق بولمايدۇ، ــــ دېدى مېھرىگۈل، ــــ يېنىمدىكى پۇل يەتمىسە يانفونىمنى ساتايلى.

ــــ ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ يۈرىگە كېتەيلى!

مېھرىگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

ــــ سىز ئاغرىپ يېتىپ قالسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن؟

ئابدۇسەمەت گەپ قىلمىدى.

ــــ ئېيتىڭە، سىز ئاغرىپ يېتىپ قالسىڭىز مەن قارىماي كىم قارايدۇ؟

ــــ ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن يېنىمدا پۇل بولمىسا. . .

ــــ تېلېفونۇمنى ساتايلى دېدىمغۇ! ئاز دېگەندىمۇ ئىككى- ئۈچ يۈز يۈەنگە يارايدۇ.

ــــ ئۇ يانفون پراكتىكا ئۇستىگىزنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىتى تۇرسا، ئۇنى سېتىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟

ــــ ئۇستام ئۇنى سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى داۋالىتىش ئۈچۈن سېتىۋەتكەنلىكىمنى ئاڭلىسا توغرا چۈشىنەر.

ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئابدۇسەمەت ھېلىقى يانفوننى بىر ساۋاقدىشىغا 250 يۈەنگە ساتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ غەمدىن ئاران قۇتۇلدى.

ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇسەمەت ئىلتىماس قىلغان ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى ھەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەت ھېلىقى ساۋاقدىشىغا يالۋۇرۇپ، يانفوننى قايتۇرۇۋالدى. يانفوننى مېھرىگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن ئابدۇسەمەت ئاندىن ”ئۇھ“ دېدى.

ئىيۇن ئېيى كىرىشى بىلەن بىر قىسىم ئۆلكە ـ شەھەرلەردە سارىس كېسىلى يامراپ كەتتى. بۇ چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ شىنجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى كەلدى، لېكىن مېھرىگۈلنىڭ خىزمىتىدىن خەۋەر يوق ئىدى. مېھرىگۈل بىر كۈنى ئەتىگەنلىك مەشىقتە يۈگرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پۇتى تۇيۇقسىزلا قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، ئۇ مەشىقنى توختىتىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئىككىنچى بارمىقى ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇ چۇ يەنگە دەپ قويۇپ، دوختۇرخانىغا باردى. مەكتەپنىڭ دوختۇرى ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەي، مېھرىگۈلگە ”چوڭراق دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىڭ“ دەپ خەت كېسىپ بەردى.

مېھرىگۈل ئەترەت باشلىقى لى كېدىن رۇخسەت ئېلىپ ياتىقىغا قايتىپ كىردى. ئاڭغىچە ئابدۇسەمەت ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى:

ــــ چۇ يەن سىزنى پۇتى ئاغرىپ قاپتۇ دېگەنىدى، شۇڭا دوختۇرخانىغا بېرىپ: ”چىشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىسپىراپكا يېزىپ بەرسىڭىز“ دېسەم، دوختۇر : ”بايىقى قىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن، دەپ شۇنداق دەۋاتقانسىز تايىنلىق!“ دەپ، ئاخىرى ئىسپىراپكا يېزىپ بەردى، رۇخسەتمۇ ئالدىم. يۈرۈڭ، مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي.

ئۇلار دوختۇرخانىغا باردى. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: ‹‹سۆڭەك چىرىپتۇ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك›› دېدى. مېھرىگۈل بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ جان ـ ئىمانى چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دوختۇرخانىدىن سولىشىپ يېنىپ چىقتى.

پىيادىلەر يولىنىڭ يېشىل چىرىغى ياندى. ئۇلار يولدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، مېھرىگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرەلمىدى. ئابدۇسەمەت ئۇنى يۆلەپ باقتى، لېكىن ئۇ يەنىلا ماڭالمايتتى. ئابدۇسەمەت زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى يۇمشاق ئۇۋۇلىدى، ئابدۇسەمەتنىڭ پېشانىسىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەر تەپچىرەپ تۇراتتى.

مېھرىگۈل قورقۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتكە چىڭ ئېسىلدى:

ــــ ئەمدى مەن قانداقمۇ قىلارمەن، ئابدۇسەمەت؟

ــــ قورقماڭ، مەن بار! ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ قالساق، مەن ئۆيگە بارماي سىزگە قارايمەن. شىنجېڭغا مۇشۇ يەردىن ئۇدۇللا بارسام بولىدۇ ئەمەسمۇ!

شىنجېڭنىڭ يېقىن يەر ئەمەسلىكىنى، ئۇ يەرگە بىر كەتكەندىن كېيىن ئۆيگە بارماق تەس بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كېتىۋاتقان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە قارىدى:

ــــ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈپ كەلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

ــــ ئامال يوق ـ تە، ئەمدى! سىز بۇ يەردە ئاغرىپ قالغان تۇرسىڭىز.

ــــ بارمىسىڭىز ئۆيىڭىزدىكىلەر نېمە دەپ قالار؟

ــــ مەنمۇ ئۇلارنى بەك سېغىندىم، بىراق سىز ئاغرىپ قالدىڭىز، سىزگە قارىمىسام بولمايدۇ.

ــــ مېنىڭ ئاتا ـ ئانامۇ ياشىنىپ قالغان، ئۇلار شېنياڭغا كېلەلمەيدۇ...، ــــ دېدى مېھرىگۈل ئېغىر ھەسرەت بىلەن.

ــــ يېنىڭىزدا مەن تۇرسام نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟ ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، بىلەمسىز؟ بۇ كېسەلنى چوقۇم ساقايتقىلى بولىدۇ!

ــــ ئاھ خۇدايىم! ئالىمادىن توكۇر بولۇپ قالسام قانداق قىلارمەن؟

— يېنىڭىزدا تاغدەك مەن تۇرسام، يەنە نېمىدىن قورقىسىز مېھرىگۈل؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى سەل- پەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

ئۇلار مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە مېھرىگۈل دادىسىغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى:

— ئوپېراتسىيىدە ئۆزىڭىز يالغۇز قانداقمۇ قىلالايسىز، قىزىم؟ — دېدى بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتقان دادىسى.

— ئابدۇسەمەت بار دادا، سىلەر كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ قاچان ماڭىدىغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ خىزمەتكە چۈشىدىغان ۋاقتى كېلىشىم ساقىيىشتىن بۇرۇن توشۇپ قالسا ئاندىن كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ دادىسى يەنىلا ئەنسىرەۋاتاتتى:

— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن، بالام. ھازىرلا ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىسا بولمايدىغان ئىش بولسا، شۇ يەردە قىلدۇرۇڭ. لېكىن ئەڭ ياخشىسى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ قىلدۇرۇڭ، بولامدۇ؟

ئەتىسى مېھرىگۈل بىلەن ئابدۇسەمەت ئىككىسى سۆڭەك كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ باقتى. دوختۇرخانا باشلىقى ئۆزى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— شۇنداق، سۆڭەك چىرىپتۇ، — دېدى.

— دورا بىلەن داۋالاش ئىمكانىيىتى يوقمىدۇر، دوختۇر؟

— ياق، بۇ كېسەلنى پەقەت ئوپېراتسىيە قىلىپلا داۋالىغىلى بولىدۇ.

مېھرىگۈل ئۈچ كۈن ئۇدا ناركوز ئوكۇلى ئۇردۇرۇپ باقتى، لېكىن پۇتىنىڭ ئاغرىقى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاڭخىچە يۈك- تاقلىرىنى يىغىپ ماڭدۇرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. مېھراي مېھرىگۈلنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشۇپ بەردى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ يۈك- تاقلىرىنى ئالتىنچى قەۋەتتىن يۈدۈپ ئېلىپ چۈشۈپ ماشىنىغا باستى ۋە ۋوگزالغا ئاپىرىپ توشۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى.

ئۇ چاغدا نۇرغۇن بالىلار سارىستىن قورقۇپ، ئايروپىلاندا قايتماقچى بولۇۋاتاتتى. مېھرىگۈلنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا 1800 يۈەن پۇل ئەۋەتتى. ئايروپىلان بىلىتى 1400

يۈەن ئىدى. لېكىن ئۇ پۇلدىن 900 يۈەننى پۈتىنى داۋالىتىشقا خەجلەپ بولغانىدى. ئۇ ئۆيىدىكىلەرگە يەنە پۇل دەپ ئېغىز ئېچىشقا يۈزى چىدىماي، پويىزدا قايتماقچى بولدى.

ئۇ بۇ ئويىنى ئابدۇسەمەتكە ئېيتتى.

— بولدى، — دېدى ئابدۇسەمەت دەرھاللا، — مەن پويىزدا قايتاي، سىز ئايروپىلاندا قايتىڭ!

— مېنىڭ ئايروپىلانغا پۇلۇم يەتمەيدىغان تۇرسا...؟

— بىزنىڭ ئۆيدىن ئايروپىلان بېلىتى ئېلىشقا ئەۋەتكەن پۇلغا سىزگە بېلەت ئېلىپ بېرەي، سىز باشقا باللار بىلەن بىللە ئايروپىلاندا مېڭىڭ!

— ياق، بولمايدۇ ئابدۇسەمەت! سىز پويىزدا ماڭسىڭىز مەن ئەنسىرەپ قالىمەن. سىزنىڭ پويىزدا ئالغۇز ماڭغىنىڭىزدىن كۆرە، ئىككىمىزنىڭ بىرگە ماڭغىنىمىز تۈزۈك! سارىس يۇقسا ئىككىمىزگە تەڭ يۇقسۇن!

— ئۆلسەك تەڭ ئۆلەيلى دېمەكچىمۇسىز؟

— ئۇنداقمۇ بولماس. ماسكا تاقىۋالايلى، ئاندىن ئازراق دورا ئېلىۋالايلى. يولدا دىققەت قىلىپ، قايناقسۇنى كۆپرەك ئىچىپ بەرسەك خۇدايىم ساقلار، ئابدۇسەمەت!

شۇنداق قىلىپ ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئىككىسى پويىزدا بىللە ماڭماقچى بولدى. ۋاڭ جىڭفۇ ئۇلارغا ياتقۇ بېلەتتىن ئۇقۇشۇپ بەردى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى تاكى ئاقسۇغىچە بىللە ئېلىپ باردى. ئۇ بېكەتتە ئاكىسى ۋە ئاپىسى بىلەن كېتىۋاتقان مېھرىگۈلنىڭ تاكى قارىسى يوقىغىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن خوتەنگە قاراپ ماڭدى.

دۇرۇس، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، ئوقۇشنى مىڭ تەسلىكتە پۈتتۈرگەن ئابدۇسەمەت سارىس كېسىلى تارقىلىپ كەتكەن مەزگىلدە ئۆزى بېلەت ئالدىغان پۇلغا ھېچ ئىككىلەنمەي مېھرىگۈلنى ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىپ، ئۆزى پويىزدا ماڭماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى ئىپادىلىدى. لېكىن ئۇ شىنجېڭغا بېرىپ ئىشقا چۈشۈدىغان چاغدا ئۈرۈمچى بىلەن

خوتەننىڭ ئارىلىقىدىكى 2000 كىلومېتىر يولنى بىر سوتكا ئاپتوبۇستا باستى. بۇ كۆچلۈك سېلىشتۇرما مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى. مېھرىگۈل شۇلارنى يادىغا ئالسىلا تارام- تارام ئېقىپ كېتەتتى.

## 19. ئانا يۇرتنىڭ زارىقىشلىرى چىراغلاردىن نامايان ئىدى.

12 ـ ئىيۇن كەچ سائەت 12 دە ئابدۇسەمەتنىڭ تاۋۇتى سىياسىي يېتەكچى، ئۇنىڭ سەپدىشى، ئاكىسى ۋە مېھرىگۈلنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئايروپىلاندىن چۈشكەندە بىر توپ ئادەم ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە بۇ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇققان ئاۋام- پۇقرا ئىدى. ئايروپىلاندا بىللە كەلگەن باشقا يولۇچىلارمۇ تاۋۇتقا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن بېقىشاتتى. ئۇلار گەرچە تاۋۇتتا ياتقان مەرھۇمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقانىدى. بولۇپمۇ ئۇلار 50 نەچچە نەپەر مەردانە خەلق ساقچىسىنىڭ تاۋۇتقا قاراپ ھۆرمەت بىلەن چاس بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە، تاۋۇتتىكى مەرھۇمغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئەتراپتىكى كىشىلەر تاۋۇتتىكى مەرھۇمنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان خوتەنلىك ئۇيغۇر ساقچى ئىكەنلىكىنى ئۇققىنىدا مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى.

تاۋۇتنى باسقان ماشىنا ساقچى ماشىنىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن خوتەن ناھىيىسىگە كىرىپ كەلدى. بۈگۈن خوتەن ناھىيىسىنىڭ يول چىراغلىرى بۆلەكچىلا يورۇپ كەتكەنىدى.

— ئادەتتە يول چىراغلىرىنى ئانچە ياندۇرمايتتۇق، — دەپ ئەھۋال تونۇشتۇردى ھاكىم پېك گوچىڭغا، — قەھرىماننىڭ تاۋۇتتا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىلگىرىكى قائىدىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا چىراغ نۇرى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردۇق...

بۇنىڭدىن يۈرەكلىرى ئۈللىغان پىيىك گوچىك گەپ قىلماستىن ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن تالاغا قارىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چىراغلار يىراقتىن قارىغاندا، بىردە ئاسماندىن كۆچۈپ چۈشكەن سانسىز يۇلتۇزلارغا ئوخشاپ كەتسە، بىردە مەرھۇمنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي ياش تۆكۈۋاتقان سانسىزلىغان كۆزلەرنى ئەسلىتەتتى.

تاۋۇت ماشىنىسى مانا ئەمدى خوتەن ناھىيىسىدىن چىقىپ ئابدۇسەمەتنىڭ مەھەللىسى ___ خانئېرىق يېزىسىغا قاراپ بۇرۇلدى.

يېزا يولى ئوڭغۇل- دوڭغۇل، توپىلىق ئىدى. ماشىنا قىيقىلىپ- سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تاسمىچى كەنتىگە يېتىپ كەلدى. كەنتنىڭ ئىغىزىدا يېزا باشلىقى ئابدۇقەييۇم، كەنت باشلىقى ۋە نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ساقلاپ تۇراتتى. كەنت باشلىقىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئابدۇسەمەت ساقچى ئىنىستىتۇتىغا بېرىش ئۈچۈن ئوقۇش پۇلىنىڭ ئورنىنى قىلالماي سەكپارە بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنى ئىزدەپ بارغانىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ شۇ چاغدىكى تىتىلداپ تۇرغان قىياپىتى، قىلغان چاقماقتەك گەپلىرى كەنت باشلىقىنىڭ يادىدا ھازىرقىدەكلا تۇرۇپتۇ.

بۇ يىراق سەھرادا مەجبۇرىيەت مائارىپى خىزمىتىنى تۇتۇشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى يېزا باشلىقى بىلەن كەنت باشلىقىدەك ئوبدان چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. نۇرغۇن ئائىلىلەر باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار پۇل بولسا بالىنى ئوقۇتقاندىن كۆرە ھۈنەرگە بەرگەن تۈزۈك، دەپ قارايدۇ.

ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى روزمۇھەممەتئاخۇن ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ باللىرىنى ئوقۇشتىن توسمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈچ ئايالدىن بولغان 11 بالىسى بار ئىدى، 11 بالىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئوقۇتۇپ بولۇشقا ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ باللىرى ئارىسىدا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگىنى ئاساسەن يوق ئىدى.

ئابدۇسەمەت ئاشۇ 11 بالا ئىچىدە مەكتەپ، كىتاب دېسە جان بېرىدىغىنى ئىدى. ئۇ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدىن بىر نەچچە قېتىم ئوقۇشتىن چېكىنىپ كېتىشكە تاس قالغان بولسىمۇ، لېكىن تىرىشىپ- تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ،

ئالاھىدە رايوندا ساقچى بولدى. خانئېرىق يېزىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. شۇڭا، ئابدۇسەمەتنىڭ ئېتى چىقسىلا ئۇنى ماختىمايدىغانلار يوق ئىدى.

تاۋۇت باسقان ماشىنا ئابدۇسۇمەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پېك گوچىلىق ماشىنىدىن چۈشۈپ ھايت دەپ بولغۇچە كىچىك پەرھات، شىپى جىيەنكەي، يۇسۇپجان ۋە يەنە بىر نەچچەيلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، تاۋۇتنى ئاۋايلاپ ماشىنىدىن يەرگە ئالدى. ئاڭغىچە ئون نەچچە يىگىت دۈررىدە كېلىپ، تاۋۇتقا قوللىرىنى ئۇزاتتى. جۈپ- جۈپ قوللاردا ئۇچلانغان تاۋۇت ھويلىغا ئېلىپ كىرىلدى.

شۇ ئەسنادا يۇسۇپجان ئۇزۇن ساقاللىرى ئۇچىتەك ئاقارغان شاپاق دوپپىلىق بىر بوۋاينى پېك گوچىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

پېك گوچىلىق بوۋاينى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈز كۆپىتى ئابدۇسەمەتنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. پېك گوچىلىق بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا چاس بەردى، ئاندىن بوۋاينىڭ قوللىرىنى قوش قوللاپ چىڭ سىقتى. ئۇ بوۋايغا نۇرغۇن- نۇرغۇن يۇرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى ئىدى- يۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ دەقىقىدە ئاغزىغا گەپ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ئوغلۇمدىن پەخىرلىنىمەن، — دېدى بوۋاي يېنىش- يېنىشلاپ، — شېنجېنلىقلارنىڭ، سىلەرنىڭ بالامغا خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئاتىدارچىلىق قىلغىنىڭلارغا رەھمەت! شۇنچە ئۇزاق يەردىن بالامنى ئەكەلگىنىڭلارغا رەھمەت...! بالام ئابدۇسەمەت ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كەلدى...! — بوۋاي ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ئابدۇسەمەتنىڭ ئاچا- سىڭىللىرى، ئاياللار، بوۋايلار ئۆزلىرىنى باسالماي ھۆ تارتىپ يىغلاپ كېتىشتى:

— ياخشىغا كۆرۈم يوقمۇ ئابدۇسەمەت! ۋاپاسىز دۇنيادىن ياش كەتتىڭغۇ ئابدۇسەمەت! نۆۋەت بىزنىڭ ئىدىغۇ، ئابدۇسەمەت! ...

ئابدۇسەمەتنىڭ ئاچىسى ھاۋانىسا باللارنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، ئۆزىدىن ئىككى ياش كىچىك ئىنىسى ئابدۇسەمەتكە بەك كۆيەتتى. ئۇنىڭ "ئابدۇسەمەت قازا قىپتۇدەك" دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلاپ ئۇنلىرى پۈتۈپ

كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى چوڭ ئۆيگە كېلىپ دادىسىنىڭ تـامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇيۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى. ئۇ بۇ ئۆيگە كېلىپ قايسىلا بۇلۇڭغا قارىسا خۇددى ئابدۇسـەمەتنىڭ سىماسىنى كۆرگـەندەك، ئۇنـىڭ ئـاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتەتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمسىلا ئابدۇسەتنىڭ ھويلىدىكى قۇمنىڭ ئۈستىگە ياغاچ بىلـەن خـەت يېزىۋاتقـان، ئوچـاقنىڭ يېنىدا ئانىسـى بىلـەن بىللـە تامـاق ئېتىۋاتقـان، نـان يېقىۋاتقـان، سومكىسىنى يۈدۈپ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان، ھويلىدا ئـۈزۈم تـېلى تىكىۋاتقان قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.

ھاۋانىسا 1994 ـ يىلى ئۆكتەبردە ئانىسى جىگەر راكـى بىلـەن قازا قىلغانـدىن كېيىن، قاتتىق ئازابلانغان ئابدۇسـەمەتنىڭ غـەمكىن، كەمسۆز بولـۇپ كەتكـەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ چاغدا دادىسى 11 بالا بىلەن بويتاق قالدى، بـالىلارنىڭ كىچىكـى تــېخى ئىككــى ياشــتا ئــىدى. تۇرمۇشــنىڭ بېســىمى بىلــەن يوقســۇزلۇق روزىمۇھەممەتئاخۇننىڭ بالىلارغا ”مەكتەپتە قانداقراق ئوقۇۋاتىسـەن“ دېگـۈدەك ھـالىنى قويمىغانىدى. شۇڭا ئابدۇسەمەت مەكتەپتىن كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلـەپ بولۇپلا، سىڭلىسـى بىلـەن بىللـە تامـاق ئېتـەتتى، نـان ياقـاتتى. ھەرگـىز چوڭلارنـىڭ بېشىنى ئاغرىتمايتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئوقۇش ئىشى سـەۋەبىدىن مـاي تارتىشـىپ قالغـانلىقى ھاۋانىسـانىڭ ھـازىرقىدەكلا ئېسـىدە ئـىدى. ئابدۇسـەمەت باشـلانغۇچ مەكتەپـنى پۈتتۈرگـەن چـاغ ئـىدى، ئۆيدىكىلـەر كىتـاب پـۇلىغا چىقىــنىپ بولالماي، ئۇنى مەكتەپتىن توختىتىۋالماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان ئابدۇســەمەت شـۇ باتنىغىنىچـە چىقىـپ كېـتىپ كەچتـە ئـاران قـايتىپ كـىردى. ئابدۇسەمەتنىڭ تەرسالىقى ئاخىرى كارغا كەلدى، ئوغلىنىـڭ ئوقۇشقا ئوتتەك قىزىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن دادا ئابدۇسەمەتنى داۋاملىق ئوقۇتماقچى بولدى.

ئابدۇسەمەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر ئۇنـى تولـۇق ئوتـتۇرىدا ئوقۇتمـاي، قارىيلىققا بەرمەكچى بولـدى، چۈنكـى قارىيلىقتا ئوقۇسـا كىتـاب پـۇلى كەتمـەيتتى. بىـراق ئابدۇســەمەت ”تولـۇق ئوتـتۇرىدا ئوقۇيمـەن“ دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ئۆيدىكىلەر ئامال يوق، بۇنىڭغا ماقۇل بولدى.

ئابدۇسەمەت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە ئۆتتى. لېكىن ئۆيدىكىلەر يەنىلا شۇ پۇلنىڭ غېمىدىن ئۇنى بارغۇزماسلىقنىڭ قارىنىنى ئاستى، ئەمما ئابدۇسەمەت ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يىغلايتتى:

— سىلەر ماڭا ئوقۇش پۇلى ھەل قىلىپ بەرسەڭلەرلا بولدى، تۇرمۇش پۇلىنى ئۆزۈم ئىشلەپ تاپىمەن. ئۇنداق قىلماي، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن پۇل تېپىپ ئۆيىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىمەن!

ئابدۇسەمەت دېگىنىنى قىلدى. ئۇ شەنبىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۆيگە ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىپ تۇردى. ئەسلىدە ئۆيدىكىلەر ئاۋغۇستتا ئابدۇسەمەتنىڭ تويىنى قىلماقچى بولغانىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ بولغۇسى كېلىنى مېھرىگۈل مانا ئەمدى بۇ ئۆيگە توي كېيىمى بىلەن ئەمەس، قارىلىق كىيىمى بىلەن كىرىپ كەلدى. ھاۋانىسانىڭ مۇشۇلارنى ئويلىسىلا ئىچى ئۆرتىنىپ كېتەتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى سوزۇنچاق كەلگەن ئۇچىنچى ئاكىسى ئەھەت توختىماي ياشلىرىنى سۈرتەتتى. ئەھەت بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ يېشى ئانچە پەرقلىنىپمۇ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇڭگۇر- مۇڭگۇر پارىڭى تۈگىمەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئىككى بالىغا دادا بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ تاۋۇتىغا قاراپ يىغلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەھەت بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسكە ئالدى. ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر ئابدۇسەمەتنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماقچى بولۇشتى. ئابدۇسەمەت ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئورۇنلۇق گەپ قىلاتتى.

— مېنى ئوقۇشتىن توسماڭلار، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئاكىسىغا يالۋۇرۇپ، — مەن چوقۇم ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلەيمەن. كادىر بولۇپ ئۇكىلىرىمنىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن. سىلەر ھازىر ئاز- تولا جاپا چېكىسىلەر، لېكىن مەن قىلغىنىڭلارنى كۆڭلەرنىڭ بىردە چوقۇم قايتۇرالايمەن.

ئابدۇسەمەتنىڭ گەپلىرى ئەھەتنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترەتتى.

ئۇ ئۆيدىكىلەرگە ئابدۇسەمەت تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلدى:

ــــ شۇنداق، ئائىلىمىزدە قىيىنچىلىق بار، قولىمىز قىسقا. لېكىن ئابدۇسەمەت ئوقۇيتتىم، دەپ قاخشاپ كېتىۋاتىدۇ، مېنىڭچە ئوقۇسا ئوقۇسۇن. زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دەپتىكەن. قاراڭلار، ئۇ ئوقۇشنى چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ. ماڭا ئوخشاش ئوقۇشتىن قاچىدىغان ئادەمنى ھەرقانچە قىلىپ ئوقۇغىن دېسەڭلارمۇ مېنىڭ ئوقۇيالىشىم ناتايىن...

ئۇلار ئەھەتنىڭ گېپى بويىچە، ئابدۇسەمەتنى مەكتەپكە ئەۋەتىدىغان بولدى. ئابدۇسەمەت ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا دادىسى بەرگەن پۇللىرىنى يەتكۈزەلمەي قالسا، ئاكىسى ئەھەتتىن ئالاتتى. ئەھەتمۇ يېنىدا 10 يۈەن بولسىلا ئۆزىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ"تۇتە ئۇكام" دەپ تۇراتتى. گاھىدا ئەھەتنىڭ يېنىدا پۇل بولماي قالسا، دادىسىدىن ئۈچ ـ تۆت يۈەن ئېلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قوياتتى. ئابدۇسەمەت كېيىن يازلىق تەتىل مەزگىللىرىدە قۇرۇلۇشچىلارغا مەدىكار ئىشلەيدىغان بولدى. بىر يىلى يازلىق تەتىلدە ئۇ بىر قۇرۇلۇش ئورنىدا لاي ئېتىپ، كېسەك توشۇپ، تاش توشۇپ دېگەندەك يىگىرمە نەچچە كۈن ئىشلىدى. ئىش ھەققىنى ئالىدىغان كۈنى ئۇ ئەھەتنى باشلاپ باردى. ئۇ جەمئىي 230 يۈەن تاپقانىدى. ئۇ بۇ پۇلدىن شۇ يىللىق كىتاب پۇلىنى ئايرىۋېلىپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە بەردى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ دادىسى ياكى ئاكىسىدىن پۇل سورىمايدىغان بولدى.

ئابدۇسەمەت ئەھەتنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن ئىشچان بالا ئىدى. بىر يىلى ئەتىيازدا ئېتىزلىقلارنى ئاغدۇرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى، بىراق تولۇق تامامەن ئېرىپ بولمىغاچقا يەر ئاغدۇرۇش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. شۇڭا ئەھەتنىڭ ئېتىزغا چىققۇسى كەلمەي، ئابدۇسەمەتنى بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەت ناشتىلىقنى يەپلا "غىلڭ" قىلماي ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ ئېتىزغا ماڭدى. ئۇ شۇ كۈنى يەرنى ئۆزى يالغۇز ئاغدۇرۇپ ئاندىن ئۇغۇتلاپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزدا بولدى.

ئەھەت ئابدۇسەمەتنىڭ نىگىشىيادا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىنى ئويلىسىلا ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى. شۇ يىلى ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاخشىمى ـ ئەتىسى ئىشلەپ پۇل تېپىپ ناھايىتى تەستە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرىدىن ئاكىسىغا ئاتاپ ئاشقازان دورىلىرىنى ئەۋەتكەنىدى.

ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئائىلىسىگە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بولۇپمۇ ئۇ ھەر قېتىم تېلېفون قىلغاندا ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىغا: ”ھازىردىن باشلاپ ئوبدان ئوقۇڭلار ئۇكىلىرىم، ھازىر ئاساسىنى پۇختا سېلىۋالساڭلار، كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلەيسىلەر“ دەپ تەربىيە بېرىپ تۇراتتى.

بىراق بۈگۈن بۇ ئائىلىدىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كېتىپ قالدى، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇدىغان، مەنىۋى تۈۋرۈك بولىدىغان ئادەم كېتىپ قالدى. قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ شېرىن ئۈمىدلەرنى باغلىغانىدى. بىراق ئاشۇ شېرىن ئۈمىدلەر گويا كۆكتىن ساقىغان ئاقار يۇلتۇزدەك ھەش- پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. بۇلارنى ئويلىغان ئەھەت ھەقىقىي ئازابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى...

ئابدۇسەمەتنىڭ چوڭ ئاكىسى تۇرسۇن  ئۇنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىدىن بەكرەك يىغلاپ كەتتى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇسەمەتكە قەۋەتلا ئامراق ئىدى، ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىگە قايىل ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ كىچىك چاغلىرى ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا قىزىپ قالدى. تۇرسۇن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، يولدا ئۇلارغا دولىسىدا ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر موماي ئۇچراپ قالدى. ئابدۇسەمەت مومايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى ۋە:

— ئاكا، بۇ مومايىنىڭ ئاۋۇ نەرسىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىشىپ بېرەيلىچۇ، — دېدى تۇرسۇنغا.

— سەن قىزىپ قالغان تۇرساڭ، دوختۇرخانىغا تېزراق بارمىساق بولمايدۇ!

— ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن بارساق بولىدۇغۇ!

— ئۇنداق بولسا ئۇ موماي بىز كەلگىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئاندىن ئاپىرىپ قويايلى!

— ۋاي- ۋۇي، ئۇنداق قىلساق مۇشۇنداق پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۇ موماي ئاغرىپ قالسىچۇ؟ — ئابدۇسەمەت شۇنداق دېدى- دە، ئىتتىك بېرىپ مومايىنىڭ دولىسىدىكى يۈكىنى ئېلىپ ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. تۇرسۇن ”ھەي“ دەپ

باشلىرنى چايقىغىنچە ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ دولىسىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنىسى ئابدۇراخمان ئۆيدە ئانچە ـ مۇنچە قارىيلىقنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خېلى كۈنلەرگىچە ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ چۈشىدىن چىقمىدى.

بىر كۈنى چۈشىدە ئابدۇراھمان ئۆزى پولو ئېتىۋاتقۇدەك، ئۆيدە نۇرغۇن مېھمان بارمىش، بىر موللام قىرائەت قىلىۋاتقۇدەك، ئابدۇسەمەت پۈت ـ قولىغا تەگمەي مېھمان كۈتۈۋاتقان ئابدۇراھمانغا قاراپ: ”ئۇكام، سەنمۇ ئازراق تاماق يەۋالغىنا، بەك ھېرىپ كېتىپسەن. تاماق يېمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟“ دەۋاتقۇدەك.

بىر كۈنى ئابدۇسەمەت ئولتۇرۇپ مانتا يەۋاتقۇدەك، ئۇ ئالدىدىكى مانتىدىن بىرنى يېگەندىن كېيىن، ئون دانە مانتىنى ئايرىم بىر قاچىغا سېلىپ، ئابدۇراھمانغا: ”بۇنى مېھرىگۈلگە ئېلىپ قويايلى“ دەۋاتقۇدەكمىش.

بىر كۈنى چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئابدۇراھمان خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك ئولتۇرۇپلا قالدى. چۈشىدە ئابدۇسەمەت مېھرىگۈل بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشىۋاتقۇدەك، تېلېفوندىن مېھرىگۈلنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقۇدەك. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا ھەدەپ ”يىغلىماڭ مېھرىگۈل، بولدى يىغلىماڭ“ دەۋاتقۇدەكمىش. كېيىن ئۇ تېلېفوننى ئابدۇراھمانغا سۇنۇپ: ”مېھرىگۈل مەن گەپ قىلسام ئۇنىماي يىغلاپلاۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويساڭچۇ، ئۇ يىغلىمىسۇن“ دەۋاتقۇدەكمىش. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە ئابدۇراھمانغا ”مېھرىگۈلگە تېلېفون قىلاي دېسەم يانفونىمنىڭ مېيى قالماپتۇ. ئۇ ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ. بىراق سىلەرنىڭ ئەجەپ كارىڭلار بولمايۋاتىدۇ“ دېيىلا غايىب بوپتىمىش.

ئابدۇراھمان چۈشلىرىنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ بەردى. ئۆيدىكىلەر ”مېھرىگۈل ساقىسىز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ...“ دېيىشتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ھامىسىنىڭ توققۇز ياشلىق بىر ئوغلى بولۇپ ئىسمى ئالىم ئىدى، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى. ئابدۇسەمەت تەتىلدە كەلگەندە ئالىمنى ئاچىقىپ ئوينىتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن توپ ئويناپتتى، ئۇنىڭغا ھېكايىلەرنى

سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ يەنە ئالىمغا: ”ياخشى ئوقۇغىن ماقۇلمۇ ئۇكام، ياخشى ئوقۇساڭ مەندەك ساقچى بولىسەن، ساقچى دېگەن بەك ياخشى، ساقچى دېگەن ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ“ دەيتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېلىھەم ئالىمنىڭ ئېسىدە، ئۇ تاغىسىنىڭ قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆپ يىغلىدى. كېيىن كىشىلەرگە: ”چوڭ بولسام ساقچى بولىمەن، ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئابدۇسەمەت ئاكامنىڭ ئەنتىنى ئالىمەن“ دەيدىغان بولدى.

## 20. ھازىدارلار ھەسرەتتە قالدى.

2003- يىلى 13- ئىيۇن تاڭ سەھەر سائەت بەشتىن ھالقىغان مەزگىل، تېخى تاڭ ئاتمىغان بولسىمۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ ھويلىسىنى چىراغلار كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. موللىلار ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى يۇيۇپ- تاراپ كېپەنلىدى. ئاندىن ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ، تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە يوپۇق ياپتى.

بۇ چاغدا ھويلا مېيىت ئۇزاتقۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، رەھبەرلىرى، سەپداشلىرى، شۇ مەھەللىدىكى خولۇم- قوشنىلار، باشقا كەنتلەردىن كەلگەنلەر، ئابدۇسەمەتنى كىچىكىدىن تارتىپلا بىلىدىغان كەنت باشلىقلىرى، ھەققەمسايە ئاقساقاللار، ئابدۇسەمەتنى تونۇمايدىغان كىشىلەر... بار ئىدى. ئەرلەر بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىشكەن، ئاياللار بولسا ئاق رومال سېلىشقانىدى. جامائەتنىڭ كۆزى ئۇچىسىغا ساقچى فورمىسى كىيگەن پېڭ گوچىڭ، كىچىك پەرھات، شيې جيەنكەي ۋە جوڭ بو- لاردا ئىدى. جامائەت تەرەپ- تەرەپتىن كېلىپ شېنجېندىن كەلگەن بۇ ساقچىلارغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىشاتتى، كىچىك پەرھات ئارىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شېنجېن دېگەن شەھەرنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خوتەندىنمۇ چىقىپ باقمىغانلار ئىدى. يۈرىكى جۇدالىق ئازابىدا ئۆرتىنىپ، ئابدۇسەمەتكە قەست قىلغان مەلئۇنغا نەپرەت ياغدۇرىۋاتقان يۇرتداشلار

ئابدۇسەمەتنىڭ قانداق قۇربان بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىشاتتى. بەزىلەر ئابدۇسەمەتنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىسا، بەزىلەر ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئالارنى ئوقۇشاتتى. ئاياللار رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتىشەتتى، ھەممە يىغا- زارىدە ئىدى...

سائەت ئالتىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ئاتلاندى. ئۇلار تاۋۇتنى مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئاياللار ھو تارتىپ يىغلىغىنىچە ھويلىدا قالدى. ناماز چۈشۈرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالدى.

قەبرىستانلىقتا ئاندا- ساندا ئۈنۈپ قالغان چاتقال- شىۋاقلاردىن ۋە چاكاندىدىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇ يەردە ئابدۇسەمەتنىڭ ئانىسى بۇۋىخەلچەم بىلەن 16 ياشلىق ئىنىسى ئېلىجان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى قەبرىگە مانا ئەمدى ئابدۇسەمەتنىڭ قەبرىسى يانداشتى. كۆيۈمچان ئابدۇسەمەت بىر ئۆمۈر خوۋلۇق كۆرمىگەن ئانىسىغا باقى ئالەمدە ھەمراھ بولغىلى كەلگەنىدى.

سائەت يەتتىدە مېيىت يەرلىكىدە قويۇلدى. ھەممە تىمتاس ئىدى. پەقەت ئاپئاق ساقال بوۋاي ئوقۇۋاتقان مۇڭلۇق قىرائەتنىڭ ئاۋازىلا سەھەر جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراق- يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇرسۇن بىلەن يۈسۈپجان قەبرىگە شاخ قاداپ قويدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ نامىزى بۇ مەھەللە تارىخىدا ئاجايىپ كاتتا ئۆتكەن ناماز بولدى. نامازدا ئادەم مىغ- مىغ ئىدى، مېيىت ئۇزاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلىشتى. قىسقىسى، قەھرىمانىنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىنى تەقدىم قىلغانلىقى ئاۋامنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇلار يۇرتىدىن ئاشۇنداق بىر مەرت ئوغلاننىڭ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ چاقماقتەك يېنىپلا ئۆچكەن قىسقىغىنا ھاياتى ئۇلارغا مۇنداق بىر قائىدىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەنىدى: "دېھقان بالىسىنىڭ ئەبەدىي دېھقان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئوقۇسا، تەربىيە كۆرسە دېھقان بالىسى ئىچىدىنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك مەردانە ئوغلانلار چىقىدۇ!".

يېزا باشلىقى چاقماق تېزلىكىدە شوئلارنى يادىدىن ئۆتكۈزدى: ”ئابدۇسەمەت يۇرتىمىزدىن چىققان قەھرىمان. ئالدى بىلەن يېزا كادىرلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلساقلا ئابدۇسەمەت تۆككەن ئىسسىق قانلارغا يۈز كېلەلەيمىز!“.

يېزا باشلىقى ئابدۇسەمەتكە قەست قىلغان قاتىلنىڭمۇ خوتەنلىك بولۇپ، ئارىلىقى 15 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان قوشنا يېزىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇققانىدى. بىر يۇرتتىن چىققان بۇ ئىككەيلەننىڭ بىرى يۇرتىغا شەرەپ كەلتۈردى، يەنە بىرى بولسا يۇرتداشلىرىنى ئار- نومۇسقا كۆمدى. بۇ، ئادەمنى ھەسرەتلىك ئويلارغا غەرق قىلىدىغان كۈچلۈك سېلىشتۇرما ئىدى.

دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشتى، قەبرىستانلىقتىكىلەر بىر- بىرلەپ تارقاشتى. بۇ چاغدا ئۇچىسىغا قارا كىيىم كىيگەن مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ 15 ياشلىق سىڭلىسى ھەببە بىلەن بىللە تۇپراق بېيشىغا كەلدى.

ئۇ يىغلا دۆۋىلەنگەن قەبرە توپىسىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق قارىدى، ئاندىن ئالدىغا سېلىنغان جايىنامازغا كېلىپ تىزلاندى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار ئالدىدىكى جايىنامازغا سىرغىپ چۈشەتتى.

قەبرىستانلىق ئاجايىپ سۈرلۈك ۋە تىمتاس ئىدى، پەقەت شامالنىڭ دەرەخ شاخلىرىدىن قايتقان ئۇشقۇرتىشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى... مېھرىگۈل كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى، سۈزۈك ياشلار ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يۇيماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئاشقى مانا ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ تۇپراق ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى؛ ئۇنىڭ كۆيۈمچان مۇڭدىشى، ۋاپادارى ئەمدى ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ؛ ساقچى ئىنستىتۇتىدا ئۆتكەن بەختلىك مىنۇتلار ئەمدى تاتلىق ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ... پانىي دۇنيا بىلەن باقىي ئالەمنىڭ چېگرىسى راستىنلا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان مەنزىلمىدۇ؟

”ياق، ــــ دېدى مېھرىگۈل ئىچىدە، ــــ ئابدۇسەمەت مېنى ئەبەدىي ياد ئېتىدۇ، ئىككىمىزنىڭ بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان قەلب رىشتىمىز ھەرگىز ئۈزۈلمەيدۇ“.

مېھرىگۈل يانچۇقىدىن يانفونىنى چىقاردى. يانفونىدا ئابدۇسەمەتنىڭ نومۇرى ساقلاقلىق ئىدى. مېھرىگۈل بۇ نومۇرنىڭ ئىككى دۇنيادىكى ئىككى ئاشىق-

مەشۇقنىڭ يۈرىكىنى بىر- بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى.

مېھرىگۈل قەبرە ئالدىدا قايغۇ ۋە سۈكۈت بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇراھمان پېشانىلىرى كەڭ، قاشلىرى قاپقارا، يۈزلىرى سوزۇنچاق كەلگەن قامەتلىك بىر يىگىتنى باشلاپ ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. يىگىت مېھرىگۈلنىڭ بېقىنىدا قەبرىگە يۈزلىنىپ تىزلاندى:

— مەن كېچىكىپ قالدىم...

مېھرىگۈل ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىدى. ئۇ مېھرىگۈل بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچى ئىنستىتۇتىدىكى ساۋاقدىشى ئابدۇخېلىل ئىدى. ئۇمۇ خوتەنلىك بولۇپ، مەكتەپتىكى چاغدا تۆتىنچى شۆبە ئەترەتتە تۇرغانىدى.

ئابدۇخېلىل شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بىراق شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ خىزمەت تاپىمىقى بەك تەس ئىدى، ھەتتا ئابدۇخېلىلدەك ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى چاغدىلا مەمۇرلار ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن يەنە ئىمتىھان بېرىشكە توغرا كېلەتتى، رىقابەت بەك كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئابدۇسەمەت قازا قىلغان چاغلاردا ئابدۇخېلىل تېخىچە ئىشسىز يۈرەتتى.

ساقچى ئىنستىتۇتىغا شىنجاڭدىن 1999 - يىلى ئوقۇشقا بارغانلار ئىچىدە راخمان ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. مەكتەپكە كىرىپ ئاز كۈن ئۆتمەيلا ئۇ جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئوقۇشتىن بىر يىل چېكىنىدى، شۇڭا ئابدۇسەمەت قازا قىلغان چاغدا راخمان تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەنىدى. ئۇ "ئابدۇسەمەت پالاكەتكە ئۇچراپتۇدەك" دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا، بۇ خەۋەرنى ئابدۇخېلىلغا تېلېفوندا يەتكۈزدى. بىراق ئابدۇخېلىل ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەتنى پەقەت يارىلانغان بولسا كېرەك، دەپلا ئويلىغانىدى. ئۇ دەرھال كېلىپ بۇ ئىشنى ئۆيىدىكىلەرگە دەپ بەردى، بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئابدۇخېلىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ خەۋەرگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇخېلىل راخمانغا تېلېفون قىلىپ ئىشنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرىنى سورىدى.

— مەنمۇ ئېنىق ئۇقمىدىم، — دېدى راخمان، — بىراق ھەممىسى "ئابدۇسەمەت قەستكە ئۇچراپتۇ" دېيىشىۋاتىدۇ.

ـــ سەن كىمدىن ئۇقتۇڭ؟ ـــ ئابدۇخېلىل ياندۇرۇپ سورىدى.

ـــ مەن كىچىك پەرھاتتىن ئۇقتۇم، ئۇمۇ نېمە بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن، ـــ دېدى راخمان.

ئىككى كۈندىن كېيىن مەتتوختى ئابدۇخېلىلنىڭ ئۆيىگە كەلدى:

ـــ بىر شۇم خەۋەر ئاڭلاپ قالدىم، ـــ دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا.

ـــ مەنمۇ ئاڭلىدىم، زادى قانداق بولۇپ قازا قىلغاندۇ؟

ـــ ئابدۇسەمەت باللارنى ئالداپ ئاپىرىپ ساتىدىغان خوجايىنىنىڭ پىيىگە چۈشكەنىكەن، ئۇلار ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈرۈپ، يوتقانغا ئوراپ شەھەر سىرتىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ...

ـــ قاچان يەرلىكىدە قويىدىكەن؟ مەن چوقۇم ئۇقۇپ قالاي جۇمۇ!

10 ـ ئىيۇن ئابدۇخېلىلغا مەتتوختىدىن تېلېفون كەلدى:

ـــ شىنجېڭدىن خەۋەر كەپتۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى ئايروپىلاندا ئەكىلىدىكەن، 13 ـ چىسلا يەرلىكىدە قويغۇدەك...

13 ـ ئىيۇن ئابدۇخېلىل ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ، بىرىنچى قېتىملىق ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈردى. بىراق يول ناچار بولغاچقا ئاپتوبۇس ئاران دېگەندە ئاخىرقى بېكەت ـــ خوتەن يېپەكچىلىك زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بېكەتتە بىر نەچچە كىرا موتسىكلىتى تۇراتتى، ئابدۇخېلىل ئۇنىڭ بىرىنى كىرا قىلدى.

ـــ نەگە بارىسىز؟

ـــ خانئېرىق يېزىسى تاسمىچى كەنتىدىكى ...

ئۇ گېپىنىڭ ئايغىنى چىقارغىچە ئەتراپتىكى موتسىكلىت شوپۇرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن سورىغىلى تۇردى:

ـــ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە بارامتىڭىز؟ شىنجېڭدا قۇربان بولغان ھېلىقى ساقچىنىڭ ...

ـــ سىلەر بىلەمسىلەر؟

ـــ ۋاي ـ ۋوي، نەچچە تۈركۈم ئادەم ئاپاردۇق ئۇ يەرگە. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇقۇپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇخېلىلنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ ئىلگىرى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ باقمىغاچقا تاپالماي قالارمەنمۇ، دەپ ئەنسىرىگەنىدى. شوپۇرلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغان ئابدۇخېلىل موتسىكلىتقا چىقتى. قىرىشقاندەك ئۇنىڭ چىققىنى كونىراپ كەتكەن موتسىكلىت بولغاچقا، يولدا ئوتى ئۆچۈپ قېلىپ، قايتا ئوت ئالدۇرغىچە خېلى هايال بولۇپ قالدى. ئۇلار موتسىكلىتنى مىڭ تەسلىكتە ئوت ئالدۇرۇپ يەنە ماڭدى. لېكىن يول بەكمۇ ئوڭغۇل- دوڭغۇل ئىدى، موتسىكلىت ئۆمىلەپ دېگۈدەك كېلىپ بولغۇچە ناماز تاراپ بولغانىدى.

ئابدۇخېلىل دەرۋازىدىن كىرىپلا هويلىدىكى كارىۋاتتا كىچىك پەرهاتنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۈچ خەنزۇ ساقچىنى كۆردى. كىچىك پەرهاتمۇ ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى، ئىككى ساۋاقداش چىڭ قۇچاقلاشتى. كىچىك پەرهات ئۇنىڭغا پېك گوچىڭ، شيې جيەنكەي، جوڭ بولارنى تونۇشتۇردى. ئابدۇخېلىل گەرچە ئۇلارنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كەسپداشلىق مېهرى بىلەن چىڭ سىقتى.

ئابدۇخېلىل كىچىك پەرهات بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئابدۇسەمەتنىڭ قانداق قۇربان بولغانلىقىنى تەپسىلىي سورىدى.

ئاڭغىچە مەتتوختى كىرىپ كەلدى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئابدۇخېلىلغا سۇندى:

—— ئابدۇسەمەت توغرىلىق يېزىلغانىكەن، توردىن چۈشۈرگەن، كۆرۈپ بولۇپ ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن.

نامازغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئابدۇخېلىل ئابدۇسەمەتنىڭ قەبرىسى بېشىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنىسى ئابدۇراخمان ئۇنى تۇپراق بېشىغا باشلاپ كەلدى.

ئۇ قەبرىستانلىققا كېلىپلا يېڭىدىن دۆۋىلەنگەن قەبرە توپىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئايال كىشىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ مېهرىگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. مەكتەپتە ئۆتكەن تۆت يىل تېخى تۈنۈگۈنكىدەكلا كۆز ئالدىدا تۇرغان ئابدۇخېلىل پۇتبول مەيدانىدا پەرۋانىدەك ئۇچۇپ يۈرۈدىغان، سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقاندا هەممىنى ئۇنتۇپ ئىخلاس بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، ياتاقتا گىتار

چىلىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ باللارنى كۆلدۈرىدىغان ئابدۇسەمەتنىڭ ئالىلقاچان مۇشۇ تۇپراق ئاستىغا كىرىپ بولغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى...

خىيال قىلغانسېرى ئابدۇخېلىلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، دىماغلىرى ئېچىشقىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئۇننى قويۇپ بېرىپ بار ئاۋازى بىلەن يىغلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان مېھرىگۈل بىلەن ھەببەنىڭ يىغانىنى ئۈزلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا باستى. ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان ئابدۇخېلىل مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى ۋە يانچۇقىدىن ھال سوراش پۇلى سېلىنغان بىر لىپاپىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

ـــ سەۋر قىلىڭ مېھرىگۈل، ئەجەل دېگەن شۇكەن، ئۇنىڭغا بەندىنىڭ ئامالى يوقكەن. سىز تېخى ياش، مەنزىلىڭىز ئۇزۇن. شۇڭا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. شۇنداق قىلسىڭىزلا ئابدۇسەمەتنىڭ روھى قورۇنمايدۇ.

ئۇلار قايتىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. پېك گوچىڭنىڭ كۆزى دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى تۈپ ئۆجمىگە چۈشتى. ئۇنىڭ بىرى ئاق ئۈجمە، يەنە بىرى چېقىر ئۈجمە ئىدى. ئېسىت، بۇ ئۈجمىلەر ئۆزلىرىگە سۇ قويۇپ پەرۋىش قىلىدىغان ھىماتچىسىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدى! پېك گوچېڭ ”ئۇھ“ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى ۋە باراڭغا ئېلىنغان ئۈزۈملەرگە بىر- بىرلەپ قاراپ كەتتى. ئۇ كۆزەينىكىنى ئېلىپ تۇرۇپ كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتتى.

ـــ بىر قېتىم بىز پويىزدا كېتىۋاتاتتۇق، ـــ دېدى پېك گوچېڭ، ـــ مەن ئابدۇسەمەتتىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇ خوتەننىڭ ئۇزۇن تارىخى، تەكلىماكان، تەكلىماكاندىكى ھاياتلىقنىڭ شاھىدى بولغان توغراق، خوتەن قاش تېشى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ ئۆيى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ”بۇدو شېنجېنغا قايتىش ھارپىسىدا خاتىرە بولۇپ قالسۇن دەپ بىر تۈپ ئۈزۈم تىكتىم، دەگە!“ دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا: ”پاھ ، ياخشىغۇ! بۇ نۆۋەت ئۆيگە بېرىپ قايتقان چېغىڭدا ئاشۇ ئۈزۈڭ تىككەن ئۈزۈمدىن بىر ساپاق ئالغاچ كەلگىن، تېتىپ باقاي. سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن تىككەن ئۈزۈم چوقۇم بەك تاتلىق بولىدۇ“ دېدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ: ”نېمىشقا؟“ دەپ سورىدى.

مەن : «ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ قولى تاتلىق بولىدۇ، ئەمەسمۇ!» دەپ چاقچاق قىلسام، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشكەنىدى...

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە پېك گوچېك سۆزدىن توختاپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەلەملىك ئۇچقۇن يالت قىلىپ چاقنىغاندەك بولدى. ئاشۇ ئۇچقۇن ئۇنىڭ يۈرەكلىرىگىمۇ گويا پىچاق سانچىغاندەك ئورناپ كەتتى. ئۇ باراۋەرىكى ساپاق- ساپاق ئۈزۈلمەرگە قاراپ ئويلىدى: ئاھ، تەڭرىم! شۇ تاپتا ئابدۇسەمەت يېنىمدا پەيدا بولۇپ «مانا بۇ مەن ئۆز قولۇم بىلەن تىككەن ئۈزۈم، قېنى تېتىپ بېقىڭلا، تاتلىقمىكەن؟» دېگەن بولسىچۇ، كاشكى!

دۇرۇس، پېك گوچېكنىڭ بۇ ئويلىرى بىر شېرىن خىيال ئىدى. پېك گوچېك دەل شۇ چاغدىلا بۇ مەردانە يىگىت بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىپ بولغانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىپ يەتتى.

تۈيۈقسىز سوققان شامال ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى سىپاپ ئۆتتى، ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى پېك گوچېكنىڭ قۇلىقىغا خۇددى يىغىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى: ئابدۇسەمەت شۇ تاپتا ئۆزى تىككەن ئۈزۈمنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى ئاڭلاۋاتىدىغاندۇ! سەپداشلىرىنىڭ قايغۇلۇق زارىقىشلىرىنى ھېس قىلىۋاتىدىغاندۇ...!

## 21. توپا- چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان كونا سىنىپتا ئابدۇسەمەتنىڭ باللىقتىكى ئىزلىرى بار ئىدى.

نامازغا كەلگەنلەر ئىچىدە ئابدۇسەمەتنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان مەتتوختى ئىدى. ئابدۇسەتنىڭ ئائىلىسى مەتتوختىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىر ئەترەتتە بولۇپ، ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى 100 مېتىرمۇ كەلمەيتتى. مەتتوختىنىڭ دادىسى يېزىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، دۆلەت كادىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ھال- ئوقىتى ئابدۇسەمەتنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ يەنە بىر ئاغىنىسىنىڭ ئىسمى مەمەت ئابدۇللا ئىدى. مەمەت ئابدۇللا قويۇق قارا قاشلىق،

ئىنچىكە بۇرۇتلىرى ئۆزىگە ياراشقان يىگىت ئىدى. مەمەت ئابدۇللانىڭ ئۆيى بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 500 مېتىرچە كېلەتتى. ئۇنىڭ دادىسى دېھقان بولۇپ، مەمەت ئابدۇللار يەتتە بالىنىڭ بەشىنچىسى ئىدى.

بۇ ئۈچىلىسى 1979 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇغۇلغان قۇرداشلار بولۇپ، ئەقىللىق، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالىلار ئىدى. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپلا ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇدى. ئۇلار بىللە مەكتەپكە باراتتى، بىللە ئويناتتى، ئېتىزلاردا بىللە ئەمگەك قىلاتتى. ئىشقىلىپ بۇ ئۈچى ئارىسىغا قىل سىغمايدىغان قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ئابدۇسەمەت جىمغۇر، جاھىل، ھەققانىيەتچىل ئىدى؛ مەمەت ئابدۇللا ساددا، سەمىمىي، چىقىشقاق ئىدى؛ مەتتوختى بولسا زېرەك، لىللا، ئەپچىلەم ئىدى. بۇ ئۈچىنىڭ مىجەز ـ قۇلقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان جان دوستلاردىن ئىدى.

شۇڭا كەنتتىكىلەر ئۇلارنى ”نەچچە ئەۋلات ئىچىدىن چىققان كۆك بۆرىلەر“ دەپ ئاتىشاتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇنداق بىر تەسىرلىك رىۋايەت بار ئىكەن: بىر قېتىملىق جەڭدىي ئۇرۇشتا ئۇيغۇر قوشۇنى قورشاۋدا قېلىپ، قىرىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قاپتۇ. شۇ پەيتتە بىر كۆك بۆرە پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ دۈشمەننىڭ قورشاۋىدىن ئامان ـ ئېسەن ئاچقىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەسۇر، مەردانە ئەركەكلەرنى ”بۆرە“ دەپ ئاتاش ئادىتى شۇنىڭدىن كەلگەنىكەن.

ئابدۇسەمەت بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا بولغاچقا، ئۇلار مەكتەپتە مۇئەللىملەر ئەتىۋارلايدىغان بالىلار ئىدى. يېزا، كەنت كادىرلىرىمۇ يېزا، كەنتتىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ۋە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشتا رول ئوينىغان بۇ ئۈچ ئاغىنىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى.

كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. ئۇلار گەرچە ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بالىلىقتا ئورناتقان دوستلۇقى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى. مەتتوختىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھال ـ ئوقىتى باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق بولغاچقا، ئۇ دائىم تېجەپ

ساقلىغان پۇللىرىدىن بىرەر- ئىككى يۈز يۈەننى نامرات دوستى ئابدۇسەمەتكە ئەۋەتەتتى. قىسقىسى، ئابدۇسەمەت مېھرىگۈل بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، مەتتوختى بىلەن مەمەت ئابدۇللا ئابدۇسەمەتنىڭ بىردىنبىر مۇڭدىشى ۋە خۇشاللىقى ئىدى.

مانا ئەمدى ئابدۇسەمەت ئۇلاردىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ئاغىنىنىڭ بىر- بىرىنى قېرىنداشلارچە باغاشلاشلىرى، كۆڭۈللۈك مۇڭدىششلىرى، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن قاشتېشى تەرگەن چاغلىرى، ياڭاق شاھى دەرىخىنى چۆرگىلەپ قا قاقلاپ كۈلۈشكەن مىنۇتلىرى، گورەن تومۇرلىرىنى كۆپىيۈپ مۇنازىرىلىشىپ كېتىشلىرى ئەبەدىي كەلمەيدىغان ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتتى... بۇ 20 نەچچە يىللىق دوستلۇق بىر پىيالە ئانار شەربىتىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قەترىسىگە ئاجايىپ كەچمىشلەر، شائىرانە تۇيغۇلار ۋە قىممەتلىك دوستلۇقنىڭ شېرىن خۇرۇچلىرى سىڭگەنىدى. بىراق، ئابدۇسەمەت تۇيۇقسىز كەتتى، ئەمدى بۇ بىر پىيالە ئانار شەربىتىنىڭ تەمى قالمىدى، مەززىسى قالمىدى.

مەتتوختى بىلەن مەمەت ئابدۇللا ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

مانا، بۈگۈنمۇ ئۇلارنىڭ يېشى قۇرۇغىنى يوق. ئۇلار كۆڭلىدە ئابدۇسەمەتكە شۇنداق دەيتتى:

— رازى بول، دوستۇم! بىز سېنى دائىم يوقلاپ تۇرىمىز. مانا ئەمدى ئايرىلىقىمىز يېقىن بولدى. ناۋادا شىنجېڭدا بولغان بولساڭ، سېنى يوقلاپ بارمىقىمىز تەسكە چۈشەتتى. ھازىر پويىزغا، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى، سېنى سېغىنساقلا يۈگۈرۈپ كېلىپ سەن بىلەن مۇڭدىشالايمىز، ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەلەيمىز، سەن ياخشى كۆرىدىغان «قۇتادغۇ بىلىگ»نى ئوقۇپ بېرەلەيمىز. ئەمدى ھېچكىم بىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا، ھايات بىلەن مامات دېگەنلەرنىڭ چېگرىسى بىز ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس. چۈنكى بىز ئۈچىمىزنىڭ يۈرىكى ئاللىقاچان بىرلىشىپ كەتكەن.

ئابدۇسەمەت ئوقۇغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن بىر كىلومېتىرچە كېلەتتى. ھازىرمۇ ئەنە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، كېسەكتە سېلىنغان كونا مەكتەپ، مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق يول... مەكتەپ مەيدانىدا كونىراپ ئەبجەقى

چىقىپ كەتكەن ۋاسكېتبول گارىدىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق. گۈركىرەپ چىقىۋاتقان شامال مەيداندىكى توپىلارنى ئاسمان پەلەك توزىتىدۇ.

«خوتەن ناھىيىسى تاسمىچى ئوتتۇرا مەكتىپى» دېگەن مىس ۋىۋىسكا مەكتەپ دەرۋازىسىدا ئەمەس، ئىشخانىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. ۋىۋىسكىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان قەغەز كورۇپكا ئالدىقاچان ماكچىيىپ كەتكەن...

مەتوختى شۇم خەۋەرنى مەكتەپتىكىلەرگە يەتكۈزگەندە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇسەمەتنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ بۇ مەكتەپتىن ئايرىلغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇسەمەت ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

35 ياشلاردىكى ئىلمىي مۇدىر مەتتۇرسۇن مۇشۇ يېزىدىن ئىدى. ئۇ 1989 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ يېزىغا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى بولمىغاچقا، ئەترەتنىڭ ئامبىرىدا دەرس ئۆتۈلەتتى. ئاران ئۈچ ئېغىزلا سىنىپ، ئۈچ ـ تۆت ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بالىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى بولمىغاچقا، ھە دېسىلا كېچىكەتتى، ھەتتا مەكتەپكە كەلمەيتتى.

گەرچە مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئائىلىلەردە بالا كۆپ بولغاچقا، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ئىشىغا دېگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيتتى. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىرسە سىنىپنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قۇرۇق قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتلىق تەرەپ ـ تەرەپكە چاپاتتى. لېكىن بالىلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇسەمەتلا پەقەت كېچىكمەيتتى، دەرس قالدۇرمايتتى، ئىشى بولسا رۇخسەت سورايتتى. ئۇ ئۆزى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە دەرستە ئارقىدا قېلىۋاتقان بالىلارغا ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلاتتى. دەرسكە كەلمىگەن بالىلارنى ئىزدەپ بارىدىغان ئىشلارغىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەت ئىسىملىك بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سىيماسى مەتتۇرسۇننىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئابلەت ئىمىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. ئۇ 1988 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن

مەكتەپنى پۈتتۈرگەردىن كېيىن خوتەن ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى، ئاپىسى بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەشنى خالىمىغان ئابلەت ئىمىن باشقا مەكتەپكە ئالمىشىپ كەتمەكچى بولدى. ئاتا ـ ئانىسى يېتەكلەمەسلىك ھەققىدە ئۇنىڭغا جىق گەپ قىلىپ باقتى، بىراق كار قىلمىدى. شۇڭا ئۇلار ئوغلىنىڭ تەلىپىگە ئامالسىز ماقۇل بولدى.

دەل شۇ چاغدا خانئېرىق يېزىسىدا تاسمىچى ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇۋاتاتتى. ئابلەت ئىمىن دەرھال تاسمىچى ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تولۇقسىز ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىللىقلارنىڭ جۇغراپىيە دەرسىنى ئۈستىگە ئالدى. يېرىم يىلدىن كېيىن تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىققا سىنىپ مۇدىرى بولدى.

بۇ سىنىپ مەكتەپتىكى ئەڭ چېچىلاڭغۇ سىنىپ ئىدى، ھەر كۈنى تىزىملىكتىكى 40 بالىنىڭ ئاران يەتتە ـ سەككىزىلا دەرسكە كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇسەمەتمۇ بار ئىدى. ئابلەت ئىمىن مەكتەپتىن قېچىۋاتقان بالىلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ سۆھبەتلەشتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىلارغا: "ئۇنداق قىلماي بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتىڭلار، بالىلار پەقەت مەكتەپ تەربىيىسى بىلەنلا ئاندىن ئىستىقبال تاپالايدۇ" دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ئابلەت ئىمىن ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دادىسى روزىمۇھەممەتئاخۇن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەتنىڭ ئانىسى تۇگەپ كەتكەن بولۇپ، بالىلار ئۇششاق ئىدى. روزىمۇھەممەتئاخۇن تۆمۈرچىلىك قىلاتتى، ئۇ ئېتىزنىڭ ئىشىغا يېتىشەلمەيۋاتقان بولغاچقا ئابدۇسەمەتنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. روزىمۇھەممەتئاخۇننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئابلەت ئىمىن ئۇنىڭغا:

—— ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆگىنىشى بەك ياخشى، ئۆزى ھەم تىرىشچان، ھەم ئەقىللىق. مەن ئۇنى تېخى سىنىپ باشلىقى قىلىپ سايلىماقچى ئىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ مەكتەپتىن كەچرەك قايتىدۇ. شۇڭا ئېمىشقا كەچ قالدىڭ، دەپ كايىپ كەتمەڭ، ئۇنىڭ ئوقۇشىنى قوللاپ بېرىڭ...

—— دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئابدۇسەمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم دادا، مۇئەللىمنىڭ گېپىگە ماقۇل دەڭا. مېنىڭ بەكمۇ ئوقۇغۇم بار، ئۆينىڭ ئىشىدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن سىزگە ياردەملىشىمەن!

ئابدۇسەمەتنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا چىدىمىغان دادا ئابلەت ئىمىننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— بولىدۇ، گېپىڭىزنى ئالاي مۇئەللىم، ئابدۇسەمەت ئوقۇسۇن.

باللار كېيىن راست دېگەندەكلا ئابدۇسەمەتنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ سايلىدى. ئابلەت ئىمىننىڭ ئابدۇسەمەتنى ئالاھىدە تەربىيىلىشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بار ئىدى. چۈنكى ئابدۇسەمەت پەزىلەتلىك بالا ئىدى. ئابلەت ئىمىن ھەر كۈنى مەكتەپكە كېلىشتە ئاپتوبۇس بىلەن يېزا بازىرىغا كېلىپ، ئاندىن يەنە خېلى ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كېلەتتى.

مەۋسۇملۇك ئىمتىھان تۈگەپ، باللار تەتىلگە قويۇۋېتىلگەن چاغ ئىدى. بىر كۈنى ئابلەت ئىمىن ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈپ، باللارنىڭ نەتىجىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن مەكتەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتلەرنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ بىر قانچە ساۋاقدىشى بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆردى. باشقا باللار مۇئەللىمنى كۆرۈپلا غىپپىدە تىكىۋېتىشتى، لېكىن ئابدۇسەمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇئەللىمگە سالام قىلدى ۋە:

— مۇئەللىم بىر دەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ـ دە، يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ ئۆيدىن كونا بىر ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقتى، — مۇئەللىم، ماۋۇ ۋېلىسىپىتنى مىنىۋېلىڭ، بولمىسا بەك ھېرىپ كېتىسىز...

ئابلەت ئىمىن بۇنىڭدىن بەك تەسىرلەندى. چۈنكى ئۇ بۇ كىچىككىنە ئىشتىن ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. ناۋادا ئۆگىنىشتە ناچارراق باللىنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويغاندا، باللار ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى. ئابدۇسەمەت ئۆيدە تىنماي ئەمگەك قىلغاچقىمۇ ياكى مەكتەپتە

ۋالىبولنى كۆپ ئۇيىنىغاچقىمۇ تېنى ساغلام، بويىمۇ باشقا بالىلارنىڭكىدىن ئېگىز ئىدى. بۇنداق بالا سىنىپ باشلىقى بولسا، كەپسىز بالىلارنىمۇ باشقۇرۇپ كېتەلەيتتى.

دېگەندەكلا ئابدۇسەمەت سىنىپ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، سىنىپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇ ئۆزىنىڭ تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى شۇنداقلا مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئابلەت ئىمىننى ناھايىتى رازى قىلدى. ئۇ چاغلاردا سىنىپ مۇدىرى ھەر كۈنى بىر قېتىم قىسقىچە سىنىپ يىغىنى ئېچىپ، بالىلارنىڭ كېلىپ-كېتىش ۋە ئىنتىزام ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقىرىپ تۇراتتى. سىنىپ مۇدىرى بار چاغلاردا يىغىننى ئۆزى ئاچاتتى. سىنىپ مۇدىرى يوق چاغلاردا، ئابدۇسەمەت سىنىپ يىغىنىنى بىر قوللۇق ئېچىپ، سىنىپنىڭ ئەھۋالىدىن خۇددى سىنىپ مۇدىرى بار چاغدىكىدەكلا ئورۇنلۇق خۇلاسە چىقىرىپ، كەپسىزلىك قىلغان بالىلارغا تەربىيە بېرەتتى. ئاندىن سىنىپ يىغىنى ئەھۋالىنى سىنىپ مۇدىرىغا بىر- بىرلەپ دوكلات قىلاتتى.

گاھىدا ئايال مۇئەللىملەر بالىلارنى باشقۇرۇپ بولالماي، تېرىكىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇسەمەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سىنىپنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا ياردەملىشەتتى. مۇئەللىم ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە كىرەلمەي قالغان چاغلاردا ئۇ بالىلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەيتتى. ئۇ چاغلاردا ئابدۇسەمەت ناھايىتى ئەدەبلىك يۇرۇدىغانلىقى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ قالغان بالىلارنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى تەربىيە ئارقىلىق قايىل قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىنىپتىكى ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

دۇرۇس، ئابدۇسەمەت گاھىدا قىزىققانلىق قىلىپمۇ قوياتتى. مۇنداق بىر ئىش ئابلەت ئىمىننىڭ يادىدا ھازىرقىدەكلا تۇرۇپتۇ: بىر قېتىم فىزىكا دەرسى بېرىدىغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ئابلەت ئىمىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قارىماسىز، ئابدۇسەمەت سىنىپ باشلىقى تۇرۇپ، دەرس ۋاقتىدا باشقىلار بىلەن پاراڭ سېلىپ سىنىپنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزدى!

ئابلەت ئىمىن ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— مەن دوسكىغا خەت يېزىۋاتاتتىم، — دېدى ھېلىقى ئايال مۇئەللىم، — بالىلار گۇدۇڭ- گۇدۇڭ پاراڭلىشىۋاتىدۇ، قارىسام پاراڭ سېلىۋاتقان دەل ئابدۇسەمەت

ئىكەن. ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ گەپ قىلىپ دەرسخانا ئىنتىزامىنى بۇزساڭ قانداق بولىدۇ؟» دېسەم، ئۇ بويىنىغا ئالماقتا يوق «مەن نەدە گەپ قىلدىم؟» دەپ تېنىۋېلىپ باردۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابلەت ئىمىن شۇ ھامان سىنىپقا چىقىپ، باللاردىن ئابدۇسەمەتنى سورىدى. باللار ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئابلەت ئىمىن بۇنىڭغا ھەيران قالدى. بۇ قانداق ئىش؟ ئەزەلدىن بالدۇر قايتىپ باقمىغان ئابدۇسەمەت بوگۈن نېمە ئۈچۈن بالدۇر كېتىپ قالغاندۇ؟

ئابلەت ئىمىن ئۇدۇللا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ھويلىدا دادىسىغا ياردەملىشىۋاتقانىكەن، ئابدۇسەمەت سىنىپ مۇدىرىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن دەس تۇردى.

— دەرس تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆيۈڭگە قايتىپ كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئابلەت ئىمىن.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— مۇئەللىم ئەجەپ ئۇۋال قىلدى، ماڭا! دەرس ۋاقتىدا پاراڭ قىلغان مەن بولمىسام «سىنىپنىڭ ئىنتىزامىنى سەن بۇزدۇڭ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ئاشۇنداق تۆھمەت قىلغان تۇرسا، مەن كېيىن سىنىپ باشلىقلىقنى قانداق ئىشلەيمنا؟ ئويلىسام ئويلىسام ئىچىم پۇشتى، ئاچچىقىم كېلىپ يېنىپ كەلدىم شۇ...

ئابلەت ئىمىن ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى بىلىپ، ئابدۇسەمەتكە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى:

— مۇئەللىم سىنىپتا سېنى خاتا تەنقىدلەپ قويغان بولسا، بۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلغىن. ھەتتا ئۇ بىرەر شاپىلاق سېلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىشىڭ كېرەك. ناۋادا ئۇ بەك ئاشۇرىۋېتىپ، ساڭا تەن جازاسى بېرىپ قالسا، سىنىپتا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرىمەن دېمەي، چىقىپ ماڭا ياكى مەكتەپ مۇدىرىغا دېسەڭ بولىدۇ، ئەمەسمۇ! مۇئەللىملەرنىڭ باللارنى تەنقىدلىشى يەنىلا سىلەرنى ئويلىغانلىقى. چۈنكى مۇئەللىملەرمۇ خۇددى ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاشلا، ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا سېنىڭ مۇئەللىمگە باتناپ مەكتەپتىن يېنىپ كەلگىنىڭ بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۆگىنىشتە ياخشى، سىنىپ باشلىقى. ئۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟

ـــ هاي، ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن مۇئەللىم ماڭا ئۇۋال قىلغان تۇرسا...!

ئابلەت ئىمىن ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى. باياتىن بېرى مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى ئېغىز ئاچتى:

ـــ بالام، مۇئەللىمىڭ ساڭا يامان بولسۇن، دېمەيدۇ. قارىغىنا، باياتىنىياقى خۇددى ماڭا ئوخشاشلا گەپ قىلدىيا! ماڭ، مەكتىپىڭگە بار!

شۇنداق قىلىپ ئابدۇسەمەت سىنىپ مۇدىرى بىلەن بىرگە مەكتەپكە يېنىپ كەلدى.

كېيىن ئۇ يەنە بىر مۇئەللىمنىڭ خاتا ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ قالدى. لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇ ئىلگىرىكىدەك مۇئەللىم بىلەن تەڭ تۇرۇپ قايناپ كەتمەي، دەرس تۈگىگەندىن كېيىن مۇئەللىمگە ئەھۋالنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. ئابلەت ئىمىن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ: «بۇ بالىنى بىرەر ئىش كاللىسىدىن ئۆتمىسە، باشقا ئادەم ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەن كار قىلمايدىكەن، كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلماي قويمايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇ چاغلاردا ئىنتايىن ھەققانىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئابلەت ئىمىن ناھايىتى ياخشى بىلەتتى.

ئۇ چاغلاردا يۇقىرى يىللىقنىڭ باللىرى تۆۋەن يىللىقتىكىلەرنى بوزەك قىلىدىغان ئەھۋال بار ئىدى. باشقا باللار خۇددى ئادەتتىكى ئىشتەكلا بۇنىڭ بىلەن كارى يوق يۈرۈۋېرەتتى. بىراق ئابدۇسەمەت كىچىكلەرنى بوزەك قىلىۋاتقان باللارنى كۆرۈپ قالسا: «بۇ قىلغىنىڭلار بولمىدى، ئاكىسى ئۇكىسىنى بوزەك قىلىدىغان ئىش نەدە بار؟» دەيتتى ئۇلارغا مەردانىلىك بىلەن. تاكاللىشىۋاتقان، ئۇرۇشۇۋاتقان باللارنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھاپىلا ـ شاپىلا ۋارقىراپ ـ جارقىرىماي، ئىككىسىنى ئاجراتقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئىشنىڭ سەۋەبىنى سىيلىق ـ سىپايە سورايتتى. ناۋادا ئۇ باللار باشقا سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ قالسا، ئۇ شۇ سىنىپقا كىرىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلەپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتاتتى.

بىر قېتىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئابدۇسەمەت ئىمتىھان نازارەتچىسىنىڭ ئىنتىزامسىزلىق قىلىۋاتقانلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى سىنىپ مۇدىرىغا ئىنكاس قىلدى:

ــــ مېنىڭچە ئىنتىزىم دېگەن ئىنتىزامدەك بولۇشى كېرەك، مۇئەللىم!

يەنە بىر قېتىم سىنىپلار ئارا ۋالىبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەنىدى، ئابدۇسەمەت رىپېرنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلمىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. مۇسابىقە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ رىپېرنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقىنى يۈز تۇرانە ئېيتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا، ئابدۇسەمەت ئوقۇغان سىنىپ مەكتەپ بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتتى.

ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئابلەت ئىمىننى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئابدۇسەمەت ساقچى ئىنستىتۇتىغا كىرگەندىن كېيىن، 2002 ـ يىلى ئۆز يۇرتىدىكى ساقچىخانىغا كېلىپ پراكتىكا قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپ مۇدىرى ئابلەت ئىمىننى ئالاھىدە يوقلاپ بارغانىدى.

ئۇ چاغدا ئابلەت ئىمىن ئىشخانىسىدا تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۈچىسىدىكى ساقچى كىيىمى بەكمۇ ياراشقان ئابدۇسەمەت ئىشىكتىن كىرىپلا ئابلەت ئىمىنگە چاس بەردى، ئابلەت ئىمىن ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

ــــ مۇئەللىم، ــــ دېدى ئۇ ئابلەت ئىمىنغا، ــــ سىزنى بىر نەچچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ تاپالمىدىم، ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ؟ ــــ ئاندىن ئۇ ئابلەت ئىمىندىن مەكتەپنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى سورىدى.

ــــ ئىزدەپ كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم، ــــ دېدى خۇشال بولۇپ كەتكەن ئابلەت ئىمىن ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ سەپ سېلىپ قاراپ، ــــ كىچىكىڭدىن تارتىپلا دۇرۇس بالا ئىدىڭ، ئۇكام. كەلگۈسىدە چوقۇم ياراملىق ساقچى بولالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ئاتا ـ ئاناڭ يېنىڭدا، ئۇلار سېنى ئوقۇتىمىز دەپ جىق جاپا چېكىۋاتىدۇ. شۇڭا خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرمىساڭ بولمايدۇ.

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ مۇئەللىم، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ئوقۇتىمىز دەپ تارتقان مۇشەققەتلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئابلەت ئىمىن مائارىپ ئىدارىسىدا يىغىنغا قاتنىشىدىغان بولغاچقا، يولدا ماڭغاچ مۇڭداشتى.

ئابلەت ئىمىن ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى: ”ئاھ خۇدايىم، قانداق گەپتۇ بۇ ئەمدى! 18 يىل ئوقۇغان، خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا توققۇز ئاي بولغان بىر يىگىت شۇنداقلا كېتىپ قالدىما؟ رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!“

كېيىن ئابلەت ئىمىن ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى توردىن كۆرۈپ ناھايىتى ئازابلىنىپ كەتتى. ئابلەت ئىمىن 16 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدىلا 1000 دىن ئارتۇق بالىنى ئوقۇتتى. بىراق، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

خەيرىنسا سەيدۇللا ئوقۇغۇچىسى ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۈچ - تۆت كۈنگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بۇ خانىم تاسمىچى ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە دەرسى بېرەتتى. ئۇ بۇ مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەن چاغلىرىدا، مەكتەپنىڭ شارائىتىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغانىدى. كېيىن ئۇ ئابدۇسەمەت، ئابدۇسەمەتنىڭ ھېلىقى ئىككى قەدىناس دوستى ۋە ئابدۇللا مەمەتروزى قاتارلىق تۆت ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئەلا نەتىجىسىدىن بۇ مەكتەپنىڭ يۈزىنى يورۇتالايدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئابدۇللا مەمەتروزى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتى. بىر كەنتتىن كېلىپ بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بۇ تۆت بالا ئەينى چاغدا خۇددى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان تۆت تۇپ مايسىغا ئوخشايتتى. بۇ تۆت تۇپ مايسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگۈسىدىكى مول ھوسۇلنىڭ ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇ تۆت بالىمۇ مۇئەللىملىرى ئىچىدە بىردىنبىر تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە خەيرىنسا سەيدۇللانى بەك ھۆرمەتلەيتتى. خەيرىنسامۇ ئۇلارغا بەك ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇ تەتىللەردە دائىم بۇ تۆتىنى چاقىرىپ ئەكىلىپ ئۇلار بىلەن كەلگۈسى، غايە ھەققىدە مۇڭدىشىپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرەتتى. كېيىن بۇ تۆت بالىنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. خەيرىنسا سەيدۇللا ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇش پۇلىنى غەملىيەلمەي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ”خەپ، قولۇم ئۇزۇنراق بولغان بولسىمۇ، ئابدۇسەمەتكە ياردەم قىلغان بولاتتىم“ دېگەنىدى خەيرىنسا سەيدۇللا

ھەسرەت ئىچىدە. بىراق تۆت تەڭگە مائاشقا تايىنىپ كۈن ئالدىغان نامرات ئوقۇتقۇچىلاردا باشقىلارغا ياردەم بېرەلىگۈدەك قۇدرەت نەدە دېمىسىز! خەيرىنىسا سەيدۇللا ئابدۇسەمەتنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ شىنجىڭدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولغان، ئۆزىنىڭ بۇ تىرىشچان ئوقۇغۇچىسىدىن پەخىرلەنگەنىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ جەۋر- جاپانى يەتكۈچە تارتىپ ئوقۇپ، ئاخىرى ساقچى بولالىغانلىقىنى ئويلىغان چاغلىرىدا يۈرەكلىرى يايراپ كېتەتتى.

خەيرىنىسا سەيدوللا ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكىگە پىچاق سانچىغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى. ئابدۇسەمەت ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا يازلىق تەتىلدە يۇرتىغا كەلدى، ئۇ كېلىپلا مەتوختى بىلەن بىللە خەيرىنىسا سەيدۇللانى يوقلاپ بارغانىدى. ئۇلار بىرگە غىزالىنىپ ئۇزۇن مۇڭداشتى، شۇ چاغدا خەيرىنىسا سەيدۇللا بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىسى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالاي دەپ، ئاپپارات ئىزدەپ تاپالمىغانىدى. بۇ ئىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئارمانغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن دېمىسىز!

خەيرىنىسا سەيدۇللا، ئابلەت ئىمىن ۋە ئىلمىي مۇدىر مەتتۇرسۇن تۇرسۇنتوختىلار ئابدۇسەمەتنىڭ نامىزىغا بارالىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە تەسەللىي ئىزدىسىمۇ، لېكىن رەھىمسىز تەقدىرنىڭ پاجىئەلىك قىسمىتى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە- پارە قىلاتتى:

— ئەي قىسمەتلىك تەقدىر! كۆزلىرىڭ شاگىرتلىرىمىزنىڭ سەرخىلى ئابدۇسەمەتكە چۈشكەنمىدى!؟

## 22. ”چوڭ بولسام ساقچى بولىمەن...“

مەتوختى 1997- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە ئۆتۈپ ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىغا ئالمىشىپ كېلىپ بىر يىل مەخسۇس كۇرستا ئوقۇدى. 2000- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن

كېيىن ئانا مەكتىپى — تاسمىچى ئوتتۇرا مەكتىپىگە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ ھەر قېتىم ئۈزىگە تونۇش ئاشۇ سەھرا يوللىرىدا ماڭغان چاغلىرىدا قەدىناس دوستلىرى ئابدۇسەمەت بىلەن مەمەت ئابدۇللانى ئەسلەپ، شۇ چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىلغان كەپسىزلىكلىرىنى بىرمۇ بىر يادىغا ئالاتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش ئىمتىھانى باشلىنىشقا بىر ھەپتە قالغان چاغلار ئىدى، باللارنىڭ ھەممىسى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەكرار قىلىۋاتاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ كۆزىمۇ ئەلۋەتتە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ھېلىقى ئۈچ نەپەر سەرخىلدا ئىدى. بىر كۈنى مەتتوختى بازارلىق مەكتەپتە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئابدۇسەمەت بىلەن مەمەت ئابدۇللاغا بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئېيتتى. دەل شۇ چاغدا سىياسەت مۇئەللىمى كېلىپ:

— چۈشتىن كېيىن مېنى سىنىپتا ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىپ تەكرار قىلىپ بېرىمەن، — دېدى.

ئۈچ ئاغىنە تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. باراي دېسە مۇئەللىم تەكرار قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ؛ بارماي دېسە، بۇنداق تاماشىنى قولدىن بەرگۈسى يوق.

— چۈشكىچە ئويناپ، چۈشتىن كېيىن ئۈلگۈرۈپ كەلسەك بولمىدىمۇ! — دېدى مەتتوختى.

كەتتۇق! ئۈچ بالا بازار تەرەپكە قاراپ ئوقتەك چاپتى. لېكىن "رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشار" دېگەندەك، سىياسەت مۇئەللىمى ۋېلسىپىت بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قالدى، ئۇلار ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

— توختاش، نەگە مېڭىشتىڭ! ھازىرلا مەكتەپكە قايتىش، بىردەمدىن كېيىن مەن بېرىپ تەكرار قىلىپ بېرىمەن!

ئۈچ بالا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر- بىرىگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراشقىنىچە ئارقىغا قايتتى.

مۇئەللىملەر گەرچە ئاشۇنداق چىڭ تۇتۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش ئىمتىھانىدا ئالغان نەتىجىسى تۆۋەن چىقىپ قالدى.

بۇ ئۇلارنىڭ تولۇقسىز بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقتا پۇختا ئاساس تۇرغۇزالمىغانلىقىدىن ئىدى. تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىققا چىققاندىن كېيىن،

ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرىدىن كەلگەن ئالتە ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى بىر ئاز ياخشىلاندى.

ئۈچ ئاغىنە تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىقنى قايتا ئوقۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار قايتا ئوقۇشقا كىرىپ بىر ئايدىن كېيىن بىر پۇرسەت كېلىپ قالدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى سان چوشۇرۇپ ھەربىر كەنتتىن بىردىن بالىنى تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. كەنت باشلىقى مەتتوختىنى ئىزدەپ باردى. ئۇ مەتتوختىنى ئۇنىماي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇيدىغانلىقىنى، كۆنگە پەقەت يېرىم كۈنلا دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقىنى، ئوقۇش پۇلى، يول كىراسى دېگەنلەرنى كەنت ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى، بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىنلا خىزمەتكە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن دوستلىرىدىن ئايرىلىپ ناھىيىگە بېرىشقا كۆزى قىيمىغان مەتتوختى ئۇنىمىدى. ئامالسىز قالغان كەنت باشلىقى ئاخىر كەنت پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنى ئارىغا سالدى. بىراق مەتتوختى يەنىلا ياق، دەپ تۇراتتى. ئۇلار ئاخىرى مەتتوختىنىڭ دادىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ جىق گەپ قىلدى.

— بالام، ئۇنداق قىلما، — دېدى دادىسى مەتتوختىغا، — خەق سېنى يامان بولسۇن دېمەيدۇ، دەرھال بارغىن، ھەرقانداق قىيىنچىلىقىڭغا مانا مەن بار!

مەتتوختى مەكتەپكە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىدا، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنىڭ تېخى توشمىغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ سىنىپ مۇدىرى ھۆرىگۈل مەتتۇرسۇنغا:

— مۇئەللىم، مېنىڭ دەرستە ئىنتايىن ياخشى ئىككى ساۋاقدىشىم بار ئىدى، بىراق ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئائىلىسى بەك نامرات، ئېھتىمال ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەيدۇ...، — دەپ ئەھۋال ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ھۆرىگۈل مەتتۇرسۇن ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— مەكتەپ بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئۆگىنىشتە ياخشى بالىلارنىڭ ئوقۇش ھەققىنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشلۇقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن مەتتوختى ئابدۇسەمەت بىلەن مەمەت ئابدۇللانى ئىزدەپ باردى:

ـــ بۇ يەردە قايتا ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى، بىز ئۆچەيلەن ناھىيىدە بىللە ئوقۇيلى، ماقۇلمۇ؟

ناھىيە بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 15 كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيىدە ئوقۇش ئۈچۈن چوقۇم ياتاقتا يېتىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنداق بولغاندا ھەپتە ئاخىرىدىلا ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىلى بولاتتى. ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدا «خوتەن ناھىيىلىك كەسپىي- تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتىپى»، «خوتەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ» دېگەن ئىككى ۋىۋىسكا بار ئىدى. بۇ مەكتەپ خانىبرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە قارىغاندا ھەيۋەتلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شارائىتى جاپالىق ئىدى. كېسەك تاملىق ياتاقنىڭ دېرىزىلىرىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. مەكتەپتە تۇرۇبا سۇيى بولمىغاچقا، باللار مەكتەپ ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى. كۆلگە بىر قېتىم سۇ جىقلىۋالسا، ئۈچ ئاي يېتەتتى، ياز كۈنلىرى كۆل سۈيى قۇرتلاپ كېتەتتى. ئاشخانىنىڭ تامىقى ھەم ناچار، ھەم قىممەت ئىدى.

بولۇپمۇ ئۇلار تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن كىرگەندە مۇئەللىم ئۇلارغا:

ـــ بۇ دېگەن مۇنتىزىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ يىل ئوقۇيسىلەر. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاندىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىسىلەر، ـــ دەپ چۈشەندۈردى. باللار بۇ گەپنىڭ كەينى باشلىقنىڭ گېپىگە ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قېلىشتى. ئۈچ يىل قاچان توشۇدۇ؟ ئۆيدىكىلەر بۇ يۈكنى قانداق كۆتۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرس بېسىممۇ يەتكۈچە تۇرسا!

ئۆچەيلەننىڭ بېشى قاتتى. يەنىلا مەتتوختىنىڭ كاللىسى ئىشلىدى:

ـــ ۋاقتى بەك ئۇزۇن ئىكەن، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ بولغۇلۇق! بولدى، قايتىپ بېرىپ ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرەيلى!

ئابدۇسەمەتنىڭ ئەسلىدە كەتكۈسى يوق ئىدى، لېكىن ئۇمۇ ئويلىنىپ قالدى: ”باشتا بىر يىل ئوقۇيسىلەر، دەپ، مانا ئەمدى ئۈچ يىلغا ئۆزگىرىۋاپتۇ، ئۆيدىكىلەر بۇنىڭغا چىداپ بولالمايدۇ- دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوستلىرىممۇ كېتىمىز دەۋاتىدۇ. يالغۇز قالسام ئوقۇپ كېتەلىشىممۇ تەس“. شۇنىڭ بىلەن كېتىشكە ئۇمۇ قوشۇلغان بولدى.

بـۇ گەپـنى ئاڭلىغـان سـىنىپ مۇدىـرى مىجىـت سـەل جىددىيلىشـىپ قـىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۇتۇپ قىلىش نىيىتىگە كەلدى:

ــــ سىلەرنى ئوقۇماي كەتكۈدەك دېيىشىدۇ، راستمۇ؟

ئۈچ بالا بىر- بىرىگە قاراشتى. گەپنى يەنىلا مەتتوختى باشلىدى:

ــــ شۇنداق مۇئەللىم، قارىساق دەرسلەر بەك ئېغىركەن، ئوقۇساقمۇ بـەرىبىر ئـالىي مەكتەپـكە ئۆتەلمـەيمىز. شـۇڭا ئوتـتۇرا تېخـنىكومدا ئوقـۇپ بىـرەر ھۈنـەر ئۆگەنگىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ.

مىجىت ئۇلارغا يالۋۇرۇپ دېدى:

ــــ ئـەڭ ياخشىسى كەتمـەڭلار. كـىم سـىلەرنى ئـالىي مەكتەپـكە ئۆتەلمـەيدۇ، دەيـدۇ؟ نـېمىلا بولمىسـۇن سـىلەر سىنىپـىڭلاردىكى 40 بـالىنىڭ ئـالدى. مۇئەللىمـلەر سىلەردىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن. ناۋادا بـۇ يـەردە ئوقـۇش جەريانىدا ئۆگـىنىش، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالساڭلار، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ قـاراپ تۇرمايدۇ. ئىشقىلىپ ياخشـى ئوقۇسـاڭلارلا ئىسـتىقبال تاپالايسـىلەر، تىرىشسـاڭلارلا چوقـۇم نەتىجـە قازىنالايسىلەر!

ئۈچ بالا مىجىت مۇئەللىمگە باشقا گەپ قىلالماي، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى. بىـراق ياتاققا كىـرىپ بىـردەم مەسلىھەتلەشـكەندىن كېيىـن، يـەنىلا قـايتىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ، مەكتەپكە ئوقۇتۇرماي غىپپىدە كېتىۋالماقچى بولدى. لېكىن مەكتەپ دەرۋازىسى ھـەم ئېـتىكلىك ئىـدى، 30 ياشلار چامىسـىدىكى دەرۋازىـۋەن كىرگـەن- چىققانلارنى قاتتىق تەكشۈرەتتى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ مەكتەپنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، يۈك- تاقىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىشىغا يول قويمايتتى.

بۇنى كۆرۈپ لاسىدە بولۇپ قالغان ئۈچەيلەن ئامالسىز قېپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ئۈچ ئاغىنە مۇئەللىملەرنىڭ ئاتىدارچىلىقىدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ كىيىملىرى يالاڭ بولغاچقا، قىشتا ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن مۇئەللىملەر ئۆيلىرىدىن دورىلارنى ئەكىلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، بەزى مۇئەللىملەر ئۇنىڭغا پاختىلىق چاپان ۋە قولاقچا ئەكىلىپ بەردى. بۇ ئۈچ ئاغىنە تۇرمۇشتا بەك قىيىنلىپ قالغان چاغلاردا مۇئەللىملەر ئۇلارغا پۇل قەرز بېرىپ تۇراتتى، گاھىدا مەكتەپتىن ئۇلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرەتتى.

بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئۈچ بالا پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتتى. ھەش-پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچەيلەن ئۆگىنىشتە خېلىلا ئالغا باسقانىدى.

يازلىق تەتىلدە مەتتوختى يېزىدىكىلەرنىڭ: ''سەھرادا ئۆسكەن باللارنىڭ تولۇق ئوتتۇردا ئوقۇپ يۇرگىنىنى قارىمامدىغان! مىڭ ئوقۇساڭلارمۇ ئالىي مەكتەپكە كىرەلمەيسىلەر. ئۈچ يىللىق ئۆمرۈڭلار بىكار كېتىدۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان تەقدىردىمۇ خىزمەت تاپالىشىڭلار ناتايىن. دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدۇ، كادىرنىڭ بالىسى كادىر بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ كەتمەندىن قۇتۇلالىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس!'' دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

بۇ گەپلەر شۇ چاغدىكى دېھقانلارنىڭ ئورتاق قارىشى ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان مەتتوختى خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدى.

تولۇق ئوتتۇرا ئىككىنچى يىللىقنىڭ دەرسلىرى باشلاندى.

— بىز ناھىيىگە كېلىپ ئوقۇۋاتقىلى بىر يىلدىن ئاشتى، — دېدى مەتتوختى بىر كۈنى ئابدۇسەمەت بىلەن مەمەت ئابدۇللاغا، — كەنت لەۋزىدە تۇرۇپ بىزگە ياردەم قىلدى، مەكتەپمۇ بىزگە بەك كۆڭۈل بۆلدى. بىراقزە، مۇشۇ بەزىلەر: ''ئوقۇساڭلارمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەيسىلەر، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تەقدىردىمۇ سىلەرگە خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ'' دەپ بىزگە سوغۇق سۇ سېپىۋاتىدۇ...

— شۇنداق! — دېدى ئابدۇسەمەت، — شۇڭا بىز چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، شۇنداق دېگەنلەرگە ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويمىساق بولمايدۇ!

— توغرا ئېيتتىڭ ئاداش، — دېدى مەتتوختى، — بىز جېنىمىز چىقىپ كەتسىمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلمىساق ئاتا- ئانىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىمىز.

گەپنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيدىغان مەمەت ئابدۇللا ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتاتتى.

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى:

ـــ ئاداش، ئەمدى بىز ئۆگىنىشتىن باشقىنى ئويلىمايلى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پەقەتلا ئۆگىنىش بولسۇن. دەرستىن سىرت ۋاقىتلارنى ئەمدى ئىلگىرىكىدەك توپ ئويناش، كىنو كۆرۈش، بازار ئايلىنىش بىلەن ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ، شۇنداق قىلساقلا ئاندىن نىشانىمىزغا يېتەلەيمىز.

بۇ ئۈچ ئاغىنىە ئۆز ئارا قەسەم قىلىشتى.

بۇ ئۈچى ئالىي مەكتەپكە كىرىش نىشانىنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇلار پۈتۈن زېھى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

دۇرۇس، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئەگرى- تۇقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن بەش پەندىن ئىمتىھان ئېلىناتتى. ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيىنىڭ سوئالى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش چىقىرىلاتتى. شۇڭا ئىلگىرى ئىمتىھان بەرگەنلەر بۇ ئۈچ پەنگە ھەرقانچە كۈچىسىمۇ كۆپ بولغاندا 50 نومۇر ئالالايتتى. تىل- ئەدەبىيات بىلەن خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ سوئالى ئاپتونوم رايوندىن چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلاردا يۇقىرى نومۇر ئېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى.

ئابدۇسەمەت تىرىشىش نىشانىنى دەل ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيىگە قاراتتى. ماتېماتىكىدا يېشەلمىگەن مەسىلىلەرنى ھەرگىزمۇ باللاردىن كۆچۈرمەي، مۇئەللىمدىن سورايتتى. ناۋادا ماتېماتىكا مۇئەللىمى بولماي قالسا، باشقا مۇئەللىملەردىن سوراپ، تاكى تولۇق چۈشىنىۋالمىغۇچە بولدى قىلمايتتى.

بىر قېتىم ئۇ فىزىكا مۇئەللىمىدىن بىر سوئالنى سوراپ قالدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا يېنىش- يېنىشلاپ سۆزلەپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا ئاڭقىرالمىدى. باشقا باللار بولسا ''ھە، چۈشەندىم مۇئەللىم'' دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتى. لېكىن ئۇ:

ـــ يەنىلا چۈشەنمىدىم مۇئەللىم، ـــ دېدى سەممىيلىك بىلەن. مۇئەللىمنىڭ جىددىي ئىشى بولغاچقا: ''ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ ئاستا كۆرۈپ چۈشىنىۋالغىن'' دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

بۇ ئىش ئابدۇسەمەتكە ناھايىتى ھار كەلدى. شۇڭا ئۇ فىزىكا دەرسىدە گەپ قىلماي ئولتۇرىدىغان، جاۋاب بېرىمەن دەپ قول كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن مۇئەللىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـــ ئۆتكەندە مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ئابدۇسەمەت گەپ قىلماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرىۋالدى.

ـــ خاپا بولما، ـــ دېدى مۇئەللىم، ـــ چۈشىنەلمىگەن بولساڭ، مەن ساڭا تاكى تولۇق چۈشەنگىچە سۆزلەپ بېرەي.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇسەمەت ھېلىقى مەسىلىنى ئاخىرى تولۇق چۈشىنىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى.

مېھرىگۈل سىدىق ئىسىملىك خانىم ئۇلارغا خەنزۇ تىلى دەرسى بېرەتتى. ئابدۇسەمەت خەنزۇ تىلىغا بەك قىزىقىدىغان بولغاچقا، مېھرىگۈل سىدىق مۇئەللىممۇ بۇ ئوقۇغۇچىسىنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى. مېھرىگۈل سىدىق مۇئەللىمگە ئەرزىگىنى ئابدۇسەمەتتىكى ئىرادە ۋە ئۇلۇغۋار غايە ئىدى.

ـــ خانىم، مېنىڭ ئارزۇلىرىم بەك ئۇلۇغۋار جۇمۇڭ، ـــ دەپ كېتەتتى ئابدۇسەمەت مۇئەللىمگە، ـــ مېنىڭ بىرىنچى ئارزۇيۇم دوختۇر بولۇش، ئىككىنچى ئارزۇيۇم ساقچى بولۇش. شۇڭا خەنزۇ تىلىنى چوقۇم ياخشى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ.

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرى مېھرىگۈل سىدىق مۇئەللىمنى بەك خۇش قىلىۋەتتى.

ـــ ئۇنداق بولسا مەن سىلەر ئۈچۈنلارغا ھەر كۈنى بىر سائەت تەكرار قىلىپ بېرەي، ـــ دېدى مۇئەللىم.

مۇئەللىمنىڭ ئايرىم تەكرار قىلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئۇلار خېلىلا ئالغا باستى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ خەنزۇچىنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىش كويىدا، مېھرىگۈل سىدىق مۇئەللىمدىن خەنزۇچە كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيتتى. ئابدۇسەمەت «قىزىل قىيا»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «سپارتاك» دېگەن كىتابلارنىڭ خەنزۇچىسىنى مېھرىگۈل سىدىق مۇئەللىمدىن ئېلىپ ئوقۇغانىدى، ھەتتا ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدىكى «شىنجاڭ مائارىپى»، «ھېكايىلەر» ناملىق ژۇرناللارنىمۇ قالدۇرماي ئوقۇپ چىققانىدى. ئاشۇ كىتاب ۋە ژۇرناللار ئابدۇسەمەتنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىگە دەسلەپكى ئاساسنى سالغانىدى.

بىر كۈنى ئابدۇسەمەت غەمكىن ھالدا مېھرىگۈل سىدىق مۇئەللىمگە تۇيۇقسىزلا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ـــــ مۇئەللىم، مەن ئوقۇيالمايدىغان ئوخشايمەن، ئۆيدىكىلەر ئوقۇش پۇلۇمنى تۆلەشكە ئامالسىز قالدى.

مېھرىگۇل سىدىق ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە ئىلگىرى ئائىلە سۆھبىتىگە بارغانىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ، ئابدۇسەمەتنىڭ ئانىسى تۇغۇپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسى قايتا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئانا ئابدۇسەمەتنى بىرئاز ئۆگەيلەيتتى. بۇ ئەھۋالدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان مېھرىگۇل سىدىق ئابدۇسەمەتكە خۇددى ئۆز ئانىسىدەك كۆيۈنەتتى؛ گاھىدا ئۇنىڭغا پۇل- پۇچەك، كىيىم- كېچەكلەرنىمۇ بېرىپ تۇراتتى. ئابدۇسەمەتمۇ دەرستىن چۈشكەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆينىڭ ئىش- كۈشلىرىگە ياردەملىشىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ مېھرىگۇل سىدىق مۇئەللىمگە يۇقىرىقىدەك يۈرەك سۆزىنى ئېيتقانىدى.

مېھرىگۇل سىدىق مۇئەللىم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئابدۇسەمەتنى مەكتەپتىن چېقىرىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ يۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇدۇل بېرىپلا ئابدۇسەمەتنىڭ ئائىلىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقتى، ئاندىن كەنت باشلىقى، يېزا باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابدۇسەمەتكە ئاز- تولا پۇل ھەل قىلىپ بەردى. مېھرىگۇل سىدىق يەنە يول مېڭىپ يۈرۈپ، ئابدۇسەمەتكە مەكتەپتىن ئوقۇش ياردەم پۇلى ھەل قىلدى. چۈنكى ئۇ، ئابدۇسەمەتتەك بالىلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرمەي چىقىپ كەتسە، خۇددى ئالتۇننى چۆرۈۋەتكەندەك بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئابدۇسەمەت مۇئەللىمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا خەنزۇ تىلىدىن 143 نومۇر ئېلىپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىككىنچى بولدى. بۇنىڭ شەرىپىگە ۋىلايەت ۋە ناھىيە مېھرىگۇل سىدىقنى تەقدىرلىدى.

تۇرامەت ئابدۇللا ئابدۇسەمەتكە ئۈچ يىل سىياسەت دەرسى بەرگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئابدۇسەمەتنىڭ باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. ئابدۇسەمەت سىياسەت دەرسى ۋە قانۇن بىلىملىرىگە ئاجايىپ قىزىقاتتى. ئۇ بىر ۋاقلىق تاماقنى ئاز يېسە يەيدىكىن، ئۇنىڭ پۇلىغا كىتاب ئالاتتى. شۇڭا ئۇ دائىم "تاماق دېگەن كۈنىگە ئۈچ ۋاق بار نەرسە. بىرەر ۋاقلىق تاماقنى يېمىسەم كىتابتىن بىرنى ئالالايدىكەنمەن" دەيتتى. بىر كۈنى سىياسەت مۇئەللىمى ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

ـــ سەن نېمشقا قانۇنغا قىزىقىپ قالدىڭ؟

ئابدۇسەمەت بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ كەتتى:

ـــ مۇئەللىم، مېنىڭ كەلگۈسىدە ساقچى بولغۇم، سوت مەھكىمىسىدە، تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىشلىگۈم بار. شۇڭا قانۇننى ياخشى ئۆگەنسەم، جەمئىيەتتىكى يامان ئادەملەرنى جازالاپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغدىيالايمەن.

سىياسەت دەرسىدە سوئالنى ھەممىدىن جىق سورايدىغىنى ئابدۇسەمەت ئىدى، ئۇ ھەتتا باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ سىياسەت دەرسىدىكى تەكرارلىرىغىمۇ ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلاتتى. ئابدۇسەمەت ئىمتىھاندا 94 نومۇر ئېلىپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەكتەپكە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بەردى، سىياسەت مۇئەللىمىنى مۇكاپاتلىدى.

ئابدۇسەمەت تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئىنتايىن ئىرادىلىك ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ بولۇپمۇ تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئابلىكىم ئابدۇكېرىمگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئابدۇسەمەت بۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا تەنتەربىيە دەرسىدە يەر بېغىرلاش ھەرىكىتىدىن جىق بولسا ئۇننى ئاران قىلالايتتى. كېيىن ئۇ جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق نەچچە ئوننى بىمالال قىلالايدىغان بولدى. ئابدۇسەمەت ۋاسكېتبولغا قىزىقسىمۇ، لېكىن دەسلەپتە ياخشى ئوينىيالمايتتى. كېيىن ئۇ مەكتەپ ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ كوماندا باشلىقى بولدى، بۇ كوماندا ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە ئۈچ قېتىم بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئابدۇسەمەت ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 كىلومېترغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە مەكتەپ بويىچە بىرىنچى، ۋىلايەت بويىچە ئۈچىنچى بولدى. بۇ ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىشتەك قايتماس ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپتە بالىلاردىن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى 50 كىلوگىرام يۈكنى يۈدۈپ يۈگۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر دۆڭدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ دۆڭدىن ئادەتتە يۈگۈرۈپ ئۆتۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مېڭىپ ئۆتكەندىمۇ ئادەمنىڭ ھېرىپ جۇلىقى چىقىپ كېتەتتى. لېكىن ھەر قېتىملىق يۈگۈرۈشتە، ئابدۇسەمەت ھېرىپ كۈچ ـ مادارىدىن كېتىپ ئايلىنىپ كېتەي دېسىمۇ،

لېكىن چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئاخىرقى پەللىگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ بارمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەيتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابلىكىم مۇئەللىمنىڭ نەچچە كۈنگىچە كۆز يېشى قۇرۇمىدى. ئابدۇسەمەت ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ مۇئەللىمنى ئالاھىدە يوقلاپ بارغانىدى.

ــــ مۇئەللىم، مەن شىنجىڭدا ئىشلەيدىغان بولدۇم، ــــ دېگەنىدى خۇشاللىقتا ئاغزىنى يۇمالماي قالغان ئابدۇسەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ. ئابدۇسەمەت شىنجىڭغا بېرىپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئابلىكىم ئابدۇكېرىمگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگەن ۋە ئۇنى پۇرسەت بولسا شىنجىڭغا كېلىپ ئويناپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانىدى...

بۇ ئىشلار خۇددى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەكلا ئىدى. ئابدۇسەمەتنەك ئەلاچى ئوقۇغۇچىنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كېتىشى، مۇئەللىملەرنىڭ يۈرىكىنى گويا لازا قۇيغاندەك ئېچىشتۇراتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ ۋاپاتى بىر مەزگىل خوتەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. مۇئەللىملەر ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى، تارتقان جەۋر- جاپالىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى بىرمۇ بىر ئەسكە ئېلىشاتتى:

ــــ دەرس باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن دەرستە ياخشى ئۈچ بالىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلاردىن: ”ئاراڭلاردا قايسىڭلار سىنىپ باشلىقى بولۇپ، مېنىڭ سىنىپنى ئوبدان باشقۇرۇپ مېڭىشىمغا ھەمدەم بولالايسىلەر؟“ دەپ سورىدىم. ”مەن سىنىپ باشلىقى بولاي“ دېدى ئابدۇسەمەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن. ئابدۇسەمەت تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىقلىرىدا سىنىپ باشلىقى بولغانىدى. ئۇ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان ئىدى. شۇڭا ئۇ مەن گاھىدا كەچلىك تەكرارغا كېلەلمەي قالسامۇ، بالىلارنى تەكرارغا تەشكىللەپ، سىنىپنى خۇددى مۇئەللىم بار چاغدىكىدەك ئىنتايىن تەرتىپلىك باشقۇراتتى.

— ئابدۇسەمەت كىچىكىدىن باشلاپلا جاپاغا چىدامىلىق ئىدى. قىش كۈنلىرى ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە سىنىپقا كېلىپ مەشكە ئوتنى قالاپ، باللار كەلگىچە سىنىپنى ئىسسىتىپ قوياتتى. قىزلار نۆۋەتچى بولغان چاغلاردا كۆپىنچە مەشنىڭ كۈلىنى ئېلىش، مەشكە ئوت يېقىش دېگەنلەرنى ئانچە قامالاشتۇرالمايتتى، سىنىپتا باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇسەمەت ئۆزلىكىدىن بېرىپ قىلاتتى. ئۇ رەھمەتلىك بىرەر قېتىممۇ “باشقىلارنىڭ ئىشىنى نېمىشقا مەن قىلغۇدەكمەن؟” دەپ ئاغرىنىپ باقمىغانىدى.

— ئۇ چاغلاردا مەكتەپتە تۇرۇبا سۈيى يوق ئىدى، شۇڭا ئابدۇسەمەت دائىم مەكتەپ سىرتىدىكى ئۆستەڭدىن چېلەكتە سۇ توشۇيتتى. مەن گاھىدا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ: “ماڭ ئۇكام، ئۆگىنىشىڭنى قىل، سۇنى مەن ئەكىلەي” دېسەم، ئۇ: “ياقەي، سۇنى ئەكىلىۋېتىپ ئۆگىنىش قىلسامۇ بولىدۇ” دەپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا مەشكە قالاش ئۈچۈن كۆمۈر ئۇۋاقلىرىدىن كۇمۇلاچ ياساشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەت باشقا باللارنى تەشكىللەپ، كۆمۈر ئۇۋاقلىرىدا لاي ئېتىپ كۇمۇلاچ ياساپ تەييار قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ياتاق- سىنىپلارغا ئەكىرىپ بېرەتتى.

— ئابدۇسەمەت بەك ئەدەبلىك بالا ئىدى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىرەر قېتىممۇ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقانلىقىنى ئۇچراتمىغانىدىم. ئۇ ھەر قېتىم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇچراتقىنىدا سىنىپىغا دەرسكە كىرگەن- كىرمىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەدەب بىلەن سالام قىلاتتى. ئائىلە يۈكى ئېغىر ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىش- كۈشلىرىگە ياردەملىشەتتى.

— ئابدۇسەمەت ئوقۇش پۇلىنى تېپىش ئۈچۈن، ھەر مەۋسۇمدە بىر ھەپتە سىرتقا چىقىپ ئىشلەيتتى. كۆكتات تېرىش بولامدۇ، پاختا تېرىش بولامدۇ، بۇغداي ئورۇش بولامدۇ، كۆچەت تىكىش بولامدۇ... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قىلىپ باقمىغان ئىشى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ دەرسكە ئەزەلدىن كېچىكىپ قالمايتتى، بالدۇر قايتمايتتى. ئابدۇسەمەت ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيىگە ۋېلسىپىتلىق بېرىپ- كېلەتتى. مەيلى بوران چىقسۇن، مەيلى جۇدۇن- چاپقۇن بولسۇن، ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەكتەپكە ئۈنۈپ

بولاتـتى. بـۇ ئۇنـڭدىكى ئىلـىم ئىشقىدا يېـنىپ تۇرغـان يۈرەكنـىڭ دالالـىتى ئىـدى. 1996 ـ يىلى ئۇ مەكتەپ بويىچە "ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى" بولۇپ باھالاندى.

ــــ رەھمەتلىك، مەكتىپىمىزنىڭ ھـازىرقى ھـالىتىنى كۆرگـەن بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتـەر ئىـدى ـ ھە! يېقـىنقى ئىككـى يىلدىـن بۇيـان ھۆكۈمـەت مائـارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتتى. 2003 ـ يىلى مەكتىپىمىزگە گوۋۇيۈەندىن 2 مىلـيون يۈەن، نـاھىيىلىك خـەلق ھۆكۈمىتىدىن 600 مىـڭ يۈەن مەبلـەغ سـېلىندى. بۇنـىڭ بىلـەن مەكتىپـىمىز يېپـيېڭى بىـر تۈسـكە كىـردى. ئىشـخانا بىناسـى، ئوقۇتـۇش بىناسـى، ئائىلىلىكلـەر بىناسى ۋە ئوقۇغۇچـىلار ياتـاق بىناسـى يېڭىدىـن سـېلىندى؛ ئوقۇتـۇش ئۈسـكۈنىلىرى تولۇقلانـدى؛ ئوقۇتقۇچىلارنـىڭ پـاراۋانلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنـى ئوزۇقلانـدۇرۇش خـىراجىتى كۆپـەيتىلدى. ھـازىر مەكتىپـىمىزدە ئوقۇغـانلارنىڭ يۇقـىرى مەكتەپلەرگـە ئـۆتۈش نىسبىتى 61 پىرسـەنتكە، بۇنـىڭ ئىچىـدە نۇقـتىلىق ئـالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلەر 9 پىرسەنتكە يەتتى...

**23. مۇھەببـەتنى ۋەيـران قىلـىپ تاشـلايدىغان نـامراتلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق ئۆز نـۆۋىتىدە بـۇ بىـر جـۈپ يۈرەكـنى تـېخىمۇ ئىجىـل ـ ئىناق قىلىۋەتتى.**

ئابدۇسـەمەتنى يـەرلىكىدە قويـۇپ بولغـاندىن كېيىـن پىلىڭ گـوچىڭلار شـىنجىڭغا قـايتىپ كـەتتى. مېھرىگـۈل ئۈرۈمچىگـە قايتىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائـەت خەۋپسـىزلىكى نازارىتىدىكى ئىشىغا چۈشتى.

ئالىرى ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ، بولۇپ ئۆتكـەن پاتىپاراقچىلىقمۇ بېسىقىپ قالدى. بىراق مېھرىگۈلنىڭ جۇدالىق يارىسى بىلـەن زەخىملەنگـەن يۈرىكىلا تىنىمسىز تېپچەكلەيتتى. مېھرىگۈل كۈندۈزلـىرى ئىش بىلـەن ئـالدىراش ئۆتـەتتى، لېكىـن كـۈن ئولتۇرۇشـى بىلەنلا ئۇنـىڭ ئـازابلىق چـاغلىرى باشـلىناتتى. ئابدۇسـەمەت بىلـەن ھـەر كۈنـى تېلېفوندا مۇڭدىشىدىغان ئاشۇ دەقىقىلەر ئۇنـى ئەلـەملىك ئىگىرىتـاتتى. ئەنـە، ئۇنـىڭ يـانفونىدا ئابدۇسـەمەتنىڭ ئىككىـلا يـانفونىنىڭ نومـۇرى سـاقلاقلىق تۇرۇپـتۇ،

مېھرىگۈل ئۇ نومۇرلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تېلېفونى تۇيۇقسىز سايراپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالغان ئاشۇ نومۇرلار تېلېفون ئېكرانىدا قايتا چاقنايدىغاندەكلا تۇيغۇدا ئىدى.

ئەنە، مېھرىگۈلنىڭ يانفونىدا ئابدۇسەمەت ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى يوللىغان ئۇچۇرمۇ ساقلاقلىق تۇراتتى. ئۇ يانفوندىكى ئۇچۇرلارنى قايتا ـ قايتا كۆرەتتى، ئاشۇ ئۇچۇرلاردىن جۇدالىق زارىدا تىلغانغان قەلبىگە تەسەللىيلەر ئىزدەيتتى. مېھرىگۈل ئاشۇ ئۇچۇرلارنى ھەربىر ئوقۇغان چېغىدا شېنجېندا ئۇنى ھەر مىنۇت ياد ئېتىپ تۇرىدىغان سۆيگىنى ــــ ئابدۇسەمەت بىلەن قايتا مۇڭداشقاندەك بولاتتى.

ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغا مەلھەم بولىدىغان نەرسە پەقەتلا ئەسلىمە ئىدى. ئەسلىمە ــــ ئادەتتە ياشانغانلارنىڭ بايلىقى، دېيىلىدۇ. لېكىن نېمىشقىدۇر مېھرىگۈل شۇ كۈنلەردە ئەسلىمىدىنلا ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزۈن كېچىلەرنى ئەسلىملەرگە ھەمراھ بولۇپ، كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئابدۇسەمەت بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى دەقىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي ئەسلەپ چىقتى. ئۇ ئەسلىملەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنى شېرىن لەززەت ئىچىدە غەرق مەست قىلسا، بەزىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىگىپ كەتكەن سۆيگۈ مېلودىيىسىنى قايتا ياڭرىتاتتى؛ بەزىلىرى ئۇنى مەمنۇنىيەت ئىچىدە شادلاندۇرسا، يەنە بەزىلىرى پۇشايمان دېڭىزىدا ئازابلايتتى.

ئابدۇسەمەت بىلەن غۇربەتچىلىكتە كۈن ئېلىۋاتقان چاغدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىقلار مېھرىگۈلنىڭ زادىلا يادىدىن چىقمايدۇ.

2002 ـ يىلى كۈز كۈنلىرى ئىدى. تەتىلدىن يېنىپ كەلگەن 60 ئوقۇغۇچى شاگىرتلىق خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا پراكتىكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭلىق بالىدىن توققۇزى بار ئىدى. مەكتەپتىن شاگىرتلىق بېرىشنىڭ يول كىراسىنى بالىلار ئۆزلىرى چىقىرىدىغان بولغاچقا، خىراجەتنى ئازراق بولسىمۇ تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئابدۇسەمەت، مېھرىگۈل، رېھىم ۋە خېلىللار يازلىق تەتىلدە يۇرتىغا قايتمىدى.

شاگىرتلىقا بارغاندىن كېيىن، مېھرىگۈل بىلەن مېھراي شەھەر مەركىزىدىكى بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئابدۇسەمەت پۇدۇڭ رايونىغا

قاراشلىق ناھايىتى يىراق بىر ساقچىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنياڭدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا، مېھرىگۈلنىڭ پۇتى پاشا چېقىۋالغان باھانە بىلەن ياللۇغلىنىپ قالغانىدى، شۇڭا مېھرىگۈل يولنىمۇ تەستە ماڭاتتى. شاڭخەيگە بارغاندىن كېيىن، شاڭخەيىنىڭ تىنجىق ئىسسىقى ئۇنىڭ كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئابدۇسەمەت پۇدۇڭغا مېڭىشتىن ئىلگىرى مېھرىگۈل بىلەن بىر ياتاقتا ئورۇنلاشقان بەي بوخۇانىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالدى.

پراكتىكىنىڭ تۇنجى كۈنى مېھرىگۈل ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كىرىپ تۇرۇشىغا، بەي بوخۇا ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى:

— ئابدۇسەمەتتىن بەك تەسىرلەندىم جۇمۇڭ! ئۇ سىزگە بەك كۆيۈنىدىكەن، تەلىيىڭىز باركەن مېھرىگۈل. بۈگۈن ئۇ سىزنى ئىزدەپ 10 قېتىمدەك تېلېفون قىلدى، ئۇ سىزنىڭ پۇتىڭىزدىكى يارا قانداقراق بولۇپ قالغاندۇر، دەپ بەك ئەنسىرەۋېتىپتۇ، مەن سىزنى ئىزدەپ چىقىپ ئىشخانىڭىزنى تاپالمىدىم، ھازىر دەرھال تېلېفون قايتۇرۇپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىڭ، مېھرىگۈل!

مېھرىگۈل ئەتىسى ئابدۇسەمەت پراكتىكا قىلىۋاتقان ئىشخانىغا تېلېفون قىلدى، لېكىن ئابدۇسەمەت يوق ئىدى، ئۆگۈنىمۇ ئۇنى تاپالمىدى. نۆۋەتچى: «ئابدۇسەمەت ئۇستىسى بىلەن چىقىپ كەتكەن» دەپلا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار پراكتىكا ئورنىدىكى ئۆزلىرىنى يېتەكلەيدىغان ساقچىلارنى «ئۇستام» دەپ ئاتايتتى. ئابدۇسەمەتتە يانفون بولمىغاچقا، مېھرىگۈل ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشالمىدى. 3 - ئاۋغۇست مېھرىگۈلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۇ ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىۋىدى، ئۇ ئىشخانىسىدا يوق بولۇپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ ئۆتكۈزمىدى.

خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئاران ئالاقىلاشتى، ئاندىن ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى كۆرگىلى كەلدى.

— تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئەجەپ كەلمىگىز- ھە، — دېدى مېھرىگۈل ئۆكۈنۈش ئىچىدە، — شۇ كۈنى سىز بىلەن مۇڭدىشايمىكىن دەپ بىر كۈن ساقلىدىم.

— مەن... مەن... تېلېفون قىلغان، — دېدى ئابدۇسەمەت دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — سىزنى تاپالمىدىم شۇ...

ــــ مۇمكىن ئەمەس، ئىزدىگەنلا بولسىڭىز مېنى چوقۇم تاپالايتتىڭىز!

ــــ راست گەپنى دەي مېھرىگۈل، مېنىڭمۇ كېلىپ تۇغۇلغان كۆنىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بەرگۈم بار ئىدى، لېكىن شۇ كۈنى يېنىمدا پۇل يوق، شۇڭا يېنىڭىزغا قۇرۇق قول كېلىشكە يۈزۈم چىدىمىدى.

ــــ پۇلنىڭ ئىشى باشقا گەپ. لېكىن، بىلەمسىز؟ سىز كەلمىگۈدەك، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ بىر كۈن كەچكىچە يىغلىدىم!

ــــ سىزنى يىغلاتسام يىغلىتىمەنكى، تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە ئالدىڭىزغا ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپلا كېلىشتىن نومۇس قىلىمەن.

مېھرىگۈل ئۇنى ئەيىبلەۋېرىشكە يۈرىكى چىدىماي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. چۈنكى ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۆيىدىن «شاگىرتلىقتا پراكتىكا قىلىمەن» دەپ ئەكەلدۈرگەن پۇلغا چوڭ پەرھاتنىڭ بۇرنىنى داۋالاتتى. ئۇلار پراكتىكىنى باشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن 150 يۈەن پۇلمۇ ھەپتىسىگە 20 ـ 30 يۈەندىن خەجلىدى دېگەندىمۇ بۇ كەمگىچە تۈگەپ بولغانىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ جۈدەپ كەتكەنىدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

ــــ مەن تۇرغان يەردە مۇسۇلمان ئاشخانىسى يوقكەن، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت، ــــ تەرخەمەك بىلەن موما يەۋاتىمەن.

مېھرىگۈل بۇنى ئاڭلاپ، ئابدۇسەمەتكە ئىچى ئاغرىپ كەتتى:

ــــ مەن سىزگە بىر نەچچە نان ئېلىپ بېرەي.

ــــ بولدى، بولدى. قورسىقىم ئاچسا پىرەنىك يەپ تۇرارمەن. ئاچ قالمىسام بولدى، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئابدۇسەمەت؟ يېنىمدا جىق بولمىسىمۇ ئىككى- ئۈچ نانغا يەتكۈدەك پۇل بار.

بىراق ئابدۇسەمەت بۇنىڭغا زادىلا ئۇنىمىدى. مېھرىگۈل ئۇنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ بىر قاچا پولو ئېلىپ بەردى، يانىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يانچۇقىغا 20 يۈەن سېلىپ قويدى. لېكىن ئابدۇسەمەت پەقەت ئالغىلى ئۇنىمىدى:

— بۇ پۇل سىزنىڭ ئاتا- ئانىڭىزنىڭ قان- تەرى، مېھرىگۈل! مەن خەجلىسەم بولمايدۇ.

يەنە بىر شەنبە كۈنى ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغانىدى، لېكىن مېھرىگۈلنىڭ ئۈستىسى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا كەچتە ئىشلەيمىز، دەپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈل مېھرايىنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلىپ: ‟ئابدۇسەمەت كېلىپ قالسا ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، كەچتە ئىشىم چىقىپ قالدى، مېنى ساقلىماي قايتىپ كېتىۋەرسۇن“ دېدى.

ئەتىسى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاغرىندى. مېھرىگۈل، مېھراي گېپىمنى ئابدۇسەمەتكە ۋاقتىدا دەپ قويمىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىدى.

كۆتمىگەن يەردىن ئابدۇسەمەت مۇنداق دېدى:

— تۈنۈگۈن يېنىمدا پەقەت بىر يېرىم كويلا قاپتىكەن، ئەسلىدە سىز بىلەن كۆرۈشسەم سىزدىن بەش مو ئېلىپ تۇرۇپ، ئاپتوبۇستا يېنىپ كېلەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، شۇڭا ئامال يوق ئاپتوبۇسقا بىر يېرىم كويلۇق بىلەت ئېلىپ، يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىپ، پىيادە كەتتىم، ياتاققا بېرىپ قارىسام بىر پاي ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلىپ، پۇتلىرىم سۇ كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ...

بۇنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى:

— بىزنىڭ بۇيەردىكىلەردىن پۇل سوراپ تۇرسىڭىز بولماسمىدى؟

— خىجىل بولدۇم.

— بولدى، خاپا بولماڭ ئابدۇسەمەت، — دېدى مېھرىگۈل ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئەتە مەن ئىشتىن چۈشۈپلا سىزنى يوقلاپ بارىمەن.

مېھرىگۈل ئەتىسى ئىشتىن چۈشۈپ ئۈستىسىدىن رۇخسەت سوراپ ۋە ئابدۇسەمەتنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئۇنى ئىزدەپ باردى. يول ناھايىتى يىراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ بىر قىسمى قاراڭغۇ ئىدى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ بىر خىل ساپ سۆيگۈنىڭ كۈچ- قۇدرىتى بىلەن ھەر قېتىم ئەنە ئاشۇنداق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆزىنى يوقلاپ بارغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىدىن قايىل بولدى.

مېهرىگۇل ئابدۇسەمەت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئايىغىنى سالدۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆرۈپ باقتى، ئابدۇسەمەتنىڭ پاپىقىدىمۇ قان يۇقى بار ئىدى. دېمەك، ئابدۇسەمەت شۇ كۈنى يېنىدا بەش مو پۇل بولمىغاچقا ماشىنىدىن بالدۇر چۈشۈپ قېلىپ، شۇنچىۋالا ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

ـــ بۇ ئايىغىڭىز بەك ئەسكىرەپ كېتىپتۇ، ئالماشتۇرۇۋېتىڭ، ـــ دېدى مېهرىگۇل.

ـــ مەن مۇشۇ ئاياغنىلا ئەكەپتىكەنمەن.

مېهرىگۇل يېنىدىن 100 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

ـــ ئۆزىڭىز تاللاپ بىر ئاياغ ئېلىۋېلىڭ.

ـــ بۇ يەردە ئاياغ بەك قىممەت ئىكەن، ئاز كۈن چىداپ تۇراي.

ـــ پۇتىڭىز ئاغرىۋاتقان تۇرسا، ئۇنداق قىلماي ئېلىڭ. نەنجىڭ يولىدا ئانچە قىممەتمۇ ئەمەسكەن، مودا ـ پودىسى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، جېنىڭىز ئاغرىمىسىلا بولدى.

شەنبە كۈنى ئابدۇسەمەت مېهرىگۇلنى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭ پۇتىدا يەنىلا ھېلىقى ئاياغ تۇراتتى. مېهرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى بازارغا باشلاپ چىقىپ، يۇمشاق ئاياغدىن بىرنى ئېلىپ كىيدۈرۈپ قويدى.

يەكشەنبە كۈنى مېهرىگۇل شاگخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر دوستىنى كۆرگىلى بارغانىدى، ئاخشىمى ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تىزىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، پۇتلىرى ئاغرىپ مىدىرلاتقىلى قويمايتتى. مېهرىگۇل بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى. ئەتىسى چۈشتە ئابدۇسەمەت كەلدى، مېهرىگۇلنىڭ پۇتىدا باسنۇشكا تۇراتتى.

ـــ باسنۇشكا كىيىپ يۈرسىڭىز سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ، ـــ دېدى ئابدۇسەمەت، ـــ تەنھەرىكەتچىلەر ئايىغى كىيسىڭىز بولغىدەك. ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ 36 ـ نومۇرلۇق تەنھەرىكەتچىلەر ئايىغىدىن بىر جۈپ ئېلىپ كىردى. مېهرىگۇل ئاياغنى كىيىپ بېقىۋىدى، سەل قىستىدى. بىراق مېهرىگۇل گەپ قىلمىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شاگخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پراكتىكىغا كەلگەنلەرنى «شەرقتىكى مەرۋايىت» تېلېۋىزىيە مۇنارى ۋە

دۇنيـا سـودا بىناسـى مـەيدانىنى ئېكسكۇرسـىيە قىلىشـقا ئـېلىپ بـاردى. ئاقسـاپ كېتىۋاتقان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە يۆلىنىپ تەستە ماڭاتتى، ئۇلار بىر چەتكە چىقىپ ئولتۇردى. مېھرىگۈل ئاياغنى سېلىۋىدى، ئاياغ ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئارقىسىنى غاجاپ يـارا قىلىۋەتكـەنىدى. بۇنـى كۆرگـەن ئابدۇسـەمەت ئاياغنىڭ كىچىـك كـېلىپ قالغانلىقىنى ئاندىن بىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتىۋاتاتتى:

ــــ ھەممىسى مېنىـڭ گـالۋاڭلىقىمدىن، قارىڭـە ئالغان ئـايىغىمنى مېنىـڭ... ھەي...

ــــ ئۇنداقمۇ ئەمەس...

ئابدۇسەمەت ئېغىر ئۇھ تارتتى:

ــــ مەن سىزچىلىك بولالـمىدىم جۇمۇڭ، مېھرىگۈل!

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ــــ مېنىڭ پۇتۇمدىن قان چىقىپ كەتكەندە سىز ماڭا 100 يۇەنلىـك ئاياغنى ئـېلىپ كـيدۈرۈپ قويغـانىدىڭىز. مـەن پـەقەت سىزگـە 60 يۇەنلىـك ئايـاغلا ئـېلىپ بېـرەلىدىم. ئۇنىـڭ ئۈستىگـە بـۇ ئايـاغ جېنىڭـىزنى شـۇنداق قىيناپـتۇ... مېـنى كەچۈرۈڭ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھرىگۈل بىرقىسملا بولۇپ قالدى:

ــــ ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ قىممەت ئاياغنى ئالسىڭىزمۇ بۇنىڭدىن ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. كېرەك يوق، ئىككى كۈن كىيسەم تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

ــــ مـەن قەسـەم قىـلاي مېھرىگـۈل، ــــ دېـدى ئابدۇسـەمەت مېھرىگـۈلنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ــــ كېيىن ھەرقانچە جاپا چەكسەممۇ پۇلنى جىق تېپىپ، سىزنى ھەرگىزمۇ جاپاغا قويمايمەن، ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىمەن!

ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مېھراي گەپكە قوشۇق سالدى:

ــــ قارىڭـە، ئابدۇسـەمەت ئـالتۇندەك يىگىـت جۇمۇڭ! شۇنداق تۇرسـىمۇ يەنە تېخى بەزىدە گېپىنى ئاڭلىمايسىز.

ــــ ۋىييەي، قاچان شۇنداق قىپتىمەن؟

ــــ چاقچـاق قىلىـپ قويـدۇم. سـىلەرغۇ شـۇنداق ئىنـاق. ئىجىـل ئۆتىسـىلەر، بىراق گاھىدا تەگىشىپمۇ قالىسىلەر!

ــــ ھە، كۆرۈپتىكەنسىز- دە؟

ــــ ھەئە، ــــ دېدى مېھراي كۈلۈپ تۇرۇپ، ــــ ئۆتكەندە بىللە تاماق يەۋېتىپ بىر پارچە گۆشنى ئۇنىڭ چىنىسىگە سېلىپ قويدىڭىز. ئۇ ياندۇرۇپلا سىزنىڭ چىنىڭىزگە سېلىپ: «سىز يەڭ، كۆپرەك يېسىڭىز مەشىقتە ھېرىپ كەتمەيسىز» دېدى. ئىككىڭلار بىر پارچە گۆشنى بىر- بىرىڭلارغا ئىتتىرگىلى تۇردۇڭلار، كېيىن سىز گۆشنى ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تەخسىگە سېلىپ قويدىڭىز. ئابدۇسەمەت ئۇ گۆشنى ئېلىپ يەنە سىزگە تەڭلىدى. سىز: «ۋاي، ئۆزىڭىز يەڭە» دەپ ئۇنىڭ قولىنى شۇنداق ئىتتىرىۋېدىڭىز، ھېلىقى گۆش يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا سىز تېرىكىپ: «خوپ بولدىمۇ!» دېدىڭىز، شۇنداققۇ؟

راستلا شۇنداق ئىش بولغانىدى. ئۇ چاغدا مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە كاۋاپ ئېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئابدۇسەمەت زادىلا ئۇنىمىدى.

ــــ نېمانداق قىلىسىز؟ ئەگەر ھاراق ئىچمەن دېسىڭىز سىزگە خەجلەپ بېرىدىغان بىر سېنت پۇلۇم يوق، لېكىن قورسىقىمغا يەيمەن دېسىڭىز، نېمە ئالسىڭىز مەيلى.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەتنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى:

ــــ بولىدۇ، مۇلازىم ماڭا ئىككى زىخ كاۋاپ ئەكىلىپ بېرىڭ!

ئابدۇسەمەت كۆپچىلىككە قاراپ كۈلدى:

ــــ مېنىڭ مېھرىگۈلۈم ماڭا بەك كۆيۈدۇ جۇمۇڭلار. ئۇ ماڭا گۆش يېگۈزۈپ بولالماي ئاۋارە، يېمىسەم تېرىكىدۇ، جاق تويدۇم!

بۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

ــــ جاق تويغان بولسىڭىز ئىشىڭىزنى قىلىڭە، ئوھۇش! ئۆزۈم يېسەممۇ گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ. كاۋاپقا مەنمۇ شۇنداق ئامراق!

باشقىلار تەرەپ- تەرەپتىن ئابدۇسەمەتنى مازاق قىلغىلى تۇردى:

ــــ بولدى ۋۇي ئاداش، خەقنى پۇل خەجلىتىپ تۇرۇپ، تولا بىلەرمەنلىك قىلما!

ــــ مېھرىگۈل، بۇندىن كېيىن ئابدۇسەمەت ناز قىلىپ يېمىگەن گۆشلەرنى بىزگە بېرىڭە!

ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل ئىككىسى ئادەتتە تاكاللىشىپ قويغىنى بىلەن، بىر- بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. لېكىن بەزى چاغلاردا چۈشەنچە جەھەتتىكى پەرق ۋە ئۇقۇشماسلىقلار سەۋەبىدىن قىزىرىشىپمۇ قالاتتى.

ئالىي مەكتەپتىنىڭ ئۈچىنچى يىللىق ئىككىنچى مەسۇمىدە، مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگۈسى كەلدى. لېكىن ئابدۇسەمەتكە دېيىشتىن ئۇيۇلۇپ، چۈ يەندىن ئۆگەنمەكچى بولدى. ئۇ چاغدا مەكتەپتە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بولمىغاچقا، چۈ يەن ئۇنى شىنياڭ شەھىرىدىكى بىر تەنھەرىكەت مەركىزىگە باشلاپ باردى، ئۇ يەر ھەم پاكىز، ھەم ئەرزان ئىدى.

مېھرىگۈل كۆلچەككە چۈشۈپ بولۇپ، سەل- پەل قورقتى، چۈ يەن ياندا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆگەتتى. بۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا ئابدۇسەمەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— ۋىيەي، سىز نېمىگە كەلدىڭىز؟ — جىددىيلىشىپ كەتكەن مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتتىن ئالدىراپ سورىدى.

— مەنمۇ سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىمەن- دە، — ئابدۇسەمەتنىڭ چىرايلىرى سەل- پەل ئۆزگىرىدى.

مېھرىگۈل ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— سۇ ئۈزگىلى كېلىدىغان ئادەم ئەجەپ مېنى چاقىرىۋالماپسىزغۇ؟

— نېمانداق قىسقا بىر نېمىنى كىيىۋالدىڭىز؟ — دېدى ئابدۇسەمەت زەردە بىلەن.

— چۈ يەن ئىككىمىز جىق ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ كەتتۇق، ئەڭ ئۈزۈنى مۇشۇكەن شۇ! ۋىيەي، سىزچۇ؟ ئۈستى تەرىپىڭىزگە ھېچنېمە كىيمەپسىزغۇ؟

— مەن دېگەن ئوغۇل بالا تۇرسام!

بۇ چاغدا رىيىم كېلىپ قالدى، بىراق ئۇ مېھرىگۈلنى كۆرۈپلا يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن ئابدۇسەمەت تېخىمۇ سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئەرخەقلەر چېغىدا سىزگە قاراشتىنمۇ نومۇس قىلىۋاتقان يەردە، ئەجەپ سىزنىڭ خىيالىڭىزغا كېلىپ باقماپتۇ- ھە؟

ـــ بۇنىڭدىن ئۈزۈنراقنى تاپالمىسام قانداق قىلىمەن؟

ـــ بەربىر كەپسىز ئەمدى، بۇنىڭغا نېمە ئامال! ئىشقىلىپ ئۈزۈنراقنى ئېلىپ كىلىڭ، ـــ دېدى ئابدۇسەمەت غودۇراپ.

ـــ ماقۇله.

كېيىن مېھرىگۈل سۇ ئۈزۈشنى خېلىلا ئۆگىنىپ قالدى، سۇنىڭ چوڭقۇرراق يەرلىرىگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولدى. بىر قېتىم ئۇ كۆلچەكتە ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، بىر خەنزۇ يىگىتى كېلىپ ئۇنىڭغا قەستەن سۈركىلىپ ئۆتتى. مېھرىگۈل سۇنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرىۋېدى، ھېلىقى خەنزۇ يىگىتى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى ئاستا سىيلاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. بۇنى كۆرۈپ جان- ئىمانى چىقىپ كەتكەن ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ كېلىپ تەگىلى تۇردى:

ـــ كۆرگەنسىز؟ سۇ ئۈزىمەن دېگەنگە تويدىڭىزمۇ؟ نەدىكى بىرنېمىلەر چېغىدا كېلىپ پوخۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ، تېخى!

ـــ مېنىڭمۇ سۇ ئۈزگۈم كېلىدىغان تۇرسا، ـــ دېدى مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ گەپلىرىگە تېرىكىپ، ـــ سىز كەلسىڭىز بولىدىكەنۇ، مەن كەلسەم بولمامدىكەن؟

ـــ مېنى قارىتىپ تۇرۇپ سىزگە پوخۇرلۇق قىلىۋاتقان يەردە، مەن بولمىسام نېمە ئىشلار بولماقچىدى!

ئاڭغىچە رىھىم بىلەن چۆ يەن كەلدى.

ـــ نېمە بولدى، يەنە تاكاللىشىۋاتامسىلەر؟ ـــ دەپ سورىدى چۆ يەن ئابدۇسەمەتتىن، ـــ مېھرىگۈلنىڭ ئۈچىسىدىكى بۇ كىيىم كۆزىڭىزگە سىغمايۋاتامدۇ؟ باشقىلار تېگىپ كەتكەنگە ئۇنى ئەيىبلەۋاتامسىز؟ ھەي ئابدۇسەمەت، ئۇنچىلىك ئىشلارغا زىغىرلاپ كەتمىسىڭىزچۇ! مانا مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە سۇ ئۈزۈپ ئويناۋاتىمەنغۇ! ئىككىمىزنىڭ كىيىمى ئوخشاشقۇ!

ئابدۇسەمەت ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ غودۇراۋەردى:

ـــ ھەرقانچە بولسىمۇ قىز بالا دېگەندە شەرمى- ھايا بولۇشى كېرەك- دە، نامەھرەم دېگەننى بىلمىسە- يا!

ــــ ئۇنداقتا مېھرىگۈل ھېچيەرگە چىقماي جىم ئولتۇرسا، سىزدىن باشقا ئەر كىشىگە تىكىلىپ قارىمىسا بولىدىكەن ـ دە! ــــ دېدى چۇ يەن ئابدۇسەمەتتىن نارازى بولۇپ.

ئابدۇسەمەت گەپ قىلمىدى، مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە بىلىندۇرمەي كۈلۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىگۈل سۇ ئۆزگىلى بارسا، ئابدۇسەمەت باشقىچە گەپ قىلمايدىغان بولدى.

بىر قېتىم ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان يەنە بىر قىز ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئارىسىغا خېلى ئارازلىقلارنى سالدى. ئۇلار ئۈچىنچى يىلى تەتىلدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ، پويىزدا بىر نەچچە ئوقۇغۇچى قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ئۇلارمۇ شىنجاڭغا ماڭغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى، شۇڭا ئابدۇسەمەت ئۇلارغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ ھېلى قايناقسۇيىنى ئەكىلىپ بەرسە، ھېلى ئۇلارنى تاماققا چاقىراتتى، ھېلى ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى. بېيجىڭ ۋوگزالىدا پويىز ئالمىشىدىغان چاغدا، ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى يۆتكىشىپ، بىلەت ئالماشتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشىپ بەردى. شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە كۆن ئالىلقاچان ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى قىزلار يېڭى كەلگەن بولغاچقا نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. شۇڭا ئابدۇسەمەت ئۇلارنى ساقچى ئىنستىتۇتىنىڭ يېڭى بالىلارنىڭ ئالدىنى چىققان ماشىنىسى بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بىر كېچە قوندۇردى. ئەتىسى ئەتىگەندە مېھرىگۈل ئىككىسى ئۇ قىزلارنى شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىغا باشلاپ باردى، ئابدۇسەمەت ئۇلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ياتىقىغا بىرگە بېرىپ يۈك ـ تاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن قايناقسۇ ئەكىلىپ بەردى، ھەتتا كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئالىدىغان يەرگىمۇ بىللە باردى. ئىشقىلىپ ئۇ ناھايىتى پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ باشقىلارغا چىن ئىخلاسى بىلەن ياردەم قىلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ قىزلارغا باشقىچىلا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەل ـ پەل خۇيى تۇتتى.

ـــ ماڭا قاراڭە ئابدۇسەمەت، ـــ دېدى مېھرىگۈل ئۇنىڭغا پۇرىتىپ، ـــ ئۇ قىزلار كۆزۈڭىزگە بەك ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ ناۋادا ئۇلار ئوغۇل بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەس بولغىيدىڭىز ـ ھە!

ـــ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئۇلارنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن كەلمىكى ئاسانمۇ؟ ئۇلار يا بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەيدىغان تۇرسا، بىز ئاكا ـ ئاچىلىرىنىڭ ئورنىدا ئۇلارنىڭ بېشىنى سىيلاپ قويساق، ئۇلارنىڭ كۆڭلى توق تۇرمامدۇ، مېھرىگۈل!

بىراق ئابدۇسەمەت ئۇ چاغدا ئىشنى بەك ئاددىي ئويلىغانىدى، چۈنكى مېھرىگۈل ئارىدىكى بىر قىزنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇلارغا شۇنچىلىك كۆيۈپ ـ پىشىپ ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقىچە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى.

ئۆكتەبىر بايرىمى كۈنى ئىككى مەكتەپ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزدى، ھېلىقى قىز ئەتەي ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. تاماق ۋاقتىدا ئۇ قىز ئابدۇسەمەتكە: ‹‹ئاكا، تاماق ئېلىڭە!››، ‹‹ۋاي ئابدۇسەمەت ئاكا، تارتىنماڭە!›› دەپ ساھىبخانىلىق قىلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قورۇنۇپ قېلىۋاتقان ئابدۇسەمەت ئۇ قىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا مېھرىگۈلنىڭ كۆزىگە قاراپ قوياتتى. مېھرىگۈل خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئابدۇسەمەتكە قارىماي ئولتۇراتتى.

سورۇن تارىغاندىن كېيىن ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈل مەكتەپتىن چىقىپ خېلى ئۇزۇنغىچە بىللە ماڭدى.

ـــ ھېلىقى قىزدىن ئېھتىيات قىلىڭ جۇمۇ، ـــ دېدى مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ـــ ئۇ قىز سىزگە كۆيۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ـــ نېمە بولىدۇ؟ ـــ دېدى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلماي، ـــ ئىشقىلىپ مەن سىزگە يۈزسىزلىك قىلمىساملا بولدىغۇ!

ـــ يۈزسىزلىك قىلىش ـ قىلماسلىق باشقا گەپ. ئىككىمىزنىڭ ئىشى بىر باشقا چىقماي قېلىپ، ئۇنى تاللىسىڭىزمۇ ئۇ قىز سىزگە ماس كەلمەيدۇ.

ـــ ھەي، گەپ ئەگىستمەي ماڭا قىيالمايۋاتىمەنلا دەڭا، ـــ دېدى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ چېچىغا تېگىپ.

— ئۇ يېرىمۇ يوق ئەمەس.

— ماڭا راستىنىلا چىن يۈرىكىڭىزدىن كۆيەمسىز؟

مېھرىگۈل بۇنداق گەپلەرنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ گېپىنى تەتۈر قىلدى:

— ئوھۇش، ئۆتۈپ بېرىڭە نېرى! كىم سىزگە كۆيۈپتۇ؟

— ماڭا كۆيمىگەن بولسىڭىز، ھېلىقى قىزنىڭ ئۇششاق- چۈششەك ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ ماڭا كۆز تاشلاۋاتقانلىقىنى سېزەلمىگەن بولاتتىڭىز، — دېدى ئابدۇسەمەت كۈلۈپ.

— مېنىڭ پەرىزىم توغرا بولسۇن- خاتا بولسۇن، ئىشقىلىپ ئېھتىيات قىلىڭ، — دېدى مېھرىگۈل، — يەنە بىر قىزنىڭ ئارىلىققا كىرىۋېلىشىنى كۆرگۈم يوق. مەن سىزگە دەسلەپتىلا دېگەنغۇ، بىز تويى قىلغاندىن كېيىن كۆڭلىڭىز باشقا ئاياللارنىڭ كەينىدىن قانات سۆرەپ قالسا، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز چىدىيالمايمەن...

ئابدۇسەمەت سەل- پەل تېرىكتى:

— ئۇنداق گەپلەرنى ئەمدى قىلغۇچى بولماڭ، ئۇنداق بولسا ئەسقەرنى نېمە دەيمىز؟

— مېنىڭ ئەسقەر بىلەن نېمە ئىشىم؟

— بولدى، بولدى، ئىشقىلىپ سىلەر ئازراق ئالاقە قىلغان، بۇنىڭغا مەن قوشۇلغان. باشقا گەپنى قويۇپ، مەن سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي، سىزدىن باشقا قىزغا كۆڭۈل بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس!

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ گېپىنى مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بولدى:

— سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىغۇ قىزلارنىڭ ئورنى بەك تۆۋەن. شۇڭا ئىشلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيسىز. بىراق مەن ئۇنداق ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ يۈرىكىمدىكى ئورنى خېلىلا يۇكسەك. مېنى چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، مەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئابدۇسەمەت. ئالىمادىس مەندىن رايىڭىز يېنىپ قالسا، سىزگە كاندەك يېپىشىۋالغىنىم بىلەن بىكار. دۇرۇس، مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى چۈشىنىشىم، ئۇنداق ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋالماسلىقىم كېرەك.

كېيىن، شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى قىز ئابدۇسەمەتنى بىر نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلدى، لېكىن مېھرىگۈل باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇ قىزغا بىر نەرسە دېيىشنى بىئەپ كۆردى.

قىشلىق تەتىلدە مېھرىگۈل ئۆيىگە قايتتى. 14 ـ فېۋرال كۈنى ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى ئىدى، ئۇ ئۆيدىن تېلېفون قىلىشنى بىئەپ بىلىپ، بىر تېلېفون بوتكىسىدىن ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلدى. لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ ئىلگىرىكى مۇلايىملىقىدىن ئەسەرمۇ يوق، گەپلىرى توڭ ـ توڭ چىقاتتى.

ـــ نېمىش بولدى سىزگە؟ ـــ مېھرىگۈل ئۇنىڭدىن سورىدى.

ـــ ھېچنېمە!

ـــ بۈگۈن ماڭا تېلېفون قىلماڭ! ـــ مېھرىگۈل تېلېفوننى پاققىدە قويدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ سورىدى:

ـــ نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ـــ شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر نەچچە قىز بىلەن تاماققا چىقاي دەپ تۇرغان.

بۇنى ئاڭلىغان مېھرىگۈلنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى:

ـــ ھە، مۇنداق دەڭ تېخى! ئەتىمۇ ئەمەس، ئۆگۈنمۇ ئەمەس، دەل بۈگۈن! ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمنى ھېلىقى قىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈدىكەنسىز ـ دە. بايا تېلېفوندا ئەجەپ توڭ تەگدىڭىزغۇ، زادى نېمە بولدى؟

ـــ ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن...

ـــ ئۇنداق بولسا ھازىر نېمىشقا تېلېفون قىلدىڭىز؟

ـــ سىزنى خاپا بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ...

ـــ ماڭا راست گەپنى قىلىڭ. قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز دۇرۇس بولسا، مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن، ھەم رەنجىشكە ھەققىممۇ يوق. ئۇ قىز بىلەن بىللە تاماققا بارىمەن دېگىنىڭىز توغرىمۇ ـ خاتامۇ، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ!

ـــ خەق بىلەن بىللە تاماق يەيمەن دەپ قويغانغا نېمە ئاچچىقلايتتىڭىز؟

ــــ بوپتۇ! بۈگۈنكىدەك كۈنىنى باشقا قىزلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىكەنسىز. مەنمۇ چىقىپ باشقا ئوغۇللار بىلەن ئۆتكۈزەي!

ــــ سىز ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ!

مېھرىگۈلنىڭ ئاچىسى ئۇنىڭ قايناپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كىرىپ كەلدى:

ــــ تولا تەگمەڭە، سەت تۇرىدۇ. چىقىپ تاماق يەپ كىرگەنگە نېمە بولاتتى؟

شۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئاچچىقى سەل- پەل بېسىقتى.

ــــ بوپتۇ، ــــ دېدى ئۇ ئابدۇسەمەتكە مۇلايىملىق بىلەن، ــــ ئوبدان ئويناپ كىرىڭ، هاراقنى جىق ئىچىپ سالماڭ، بالدۇرراق قايتىڭ!

مېھرىگۈلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت ناهايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى:

ــــ ئۇھ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاخىر چۈشەندىڭىز جۇمۇڭ، مېھرىگۈل!

ــــ قاچانمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمىگەن يېرىم بار؟

ــــ بىللە تاماق يېگىلى چىقسام هېچ نېمە بولماس دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق سىز ئاڭلاپلا سەكرەپ كەتتىڭىز.

ــــ ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلگىنى يوق، چۈشتىن ئاۋۋال سىزگە چىرايلىقچە تېلېفون قىلسام، سىز ۋارقىراپلا كەتتىڭىز. شۇڭا تېرىكىپ تېلېفوننى قويىۋەتتىم. نېمىشقا ماڭا ئۇنداق ۋارقىرايسىز؟

ــــ ئەتىگەندە كۆڭلۈم بىرئاز پاراكەندە بولۇپ قاپتىكەن مېھرىگۈل...

بۇنىڭ سەۋەبىنى ئابدۇسەمەتمۇ ئېيتمىدى، مېھرىگۈلمۇ كوچىلاپ سورىمىدى. چۈنكى مېھرىگۈل: «هەرقانداق ئادەمنىڭ باشقىلارغا دېيىشنى خالىمايدىغان ئىشلىرى بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

بىر كۈنى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە بىر پارچە قاش تېشىنى سوۋغا قىلدى:

ــــ بۇنى ئەسلىدە سىزگە 14 ـ فېۋرال ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى كۈنى بەرمەكچى ئىدىم.

ــــ سېتىۋالدىڭىزمۇ؟

ــــ ياق، يازلىق تەتىلدە بارغاندا دەريادىن ئۆزۈم سۈزگەن.

ــــ ئەجەپ ياخشىكەن، رەهمەت سىزگە!

ـــ رەھمەت دەپ كەتكىنىنى ئېخى، تۈزۈت قىلىپ...

مېھرىگۈل باشقا گەپ قىلمىدى.

ـــ ھېلىقى كۈنى مەندىن ئۆتتى مېھرىگۈل، ـــ دېدى ئابدۇسەمەت، ـــ قاتتىق تېگىپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ، سىزنى يىغلاتتىم... مېنى كەچۈرۈڭ...

ـــ ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنتۇپمۇ كەتتىم.

ئارىدىن بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى ئابدۇسەمەت تۇيۇقسىزلا مېھرىگۈلدىن سوراپ قالدى:

ـــ باشقا بىرەر قىز مېنى ياخشى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلارمەن؟

مېھرىگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل تەمتىرىدى. يۇ، لېكىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گەپ قىلدى:

ـــ قانداق قىلىشىڭىزنى مەندىن سورىسىڭىز، مەن نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟

ئابدۇسەمەت كۈلدى:

ـــ ئەجەپ سوراۋاتىمەن. ھە، خۇددى سىزنى ئانىي تاپقاندەك، ـــ ئابدۇسەمەت گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتىۋەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى قىز مېھرىگۈلنى ئىزدەپ كەلدى ۋە يۈزى چىمىلداپمۇ قويماي ئۇدۇللا سورىدى:

ـــ مېھرىگۈل، مەن ئابدۇسەمەتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. گەپنىڭ راستىنى دەڭە، سىز ئابدۇسەمەتنى ياخشى كۆرەمسىز. كۆرمەمسىز؟

بۇ گەپلەر مېھرىگۈلنىڭ جېنىغا تەگدى:

ـــ بۇنى سوراپ قانداق قىلاتتىڭىز؟ يۈزىڭىز ئەجەپ قېلىنكەن سىزنىڭ. شۇنى دەپ قوياي: مەن ئەبدۇسەمەتنى ياخشى كۆرىمەن، چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن، قانداق؟

ـــ سىزنىڭ يۈرۈۋاتقان يىگىتىڭىز باركەنغۇ؟

ـــ مەن ئابدۇسەمەتتىن باشقىسىنى تونۇمايمەن، ئىشەنمىسىڭىز ئابدۇسەمەتتىن سوراپ بېقىڭ! ـــ مېھرىگۈل غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ھېلىقى قىز گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى:

ــــ مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغان...

ــــ ئۇنداق بولسا تولا قالايمىقان جۆيلىمەڭ. بىرىپ ئابدۇسەمەتتىن ”كىمنى تاللايسىز؟“ دەپ سوراپ بېقىڭ، ناۋادا ئۇ سىزنى تاللىسا ئۇنى سىزگە ئۆتۈنۈپتىمەن، مېنى تاللىسا، ئىككىمىز ئۇنىڭغا يېقىن يولىغۇچى بولماڭ!

شۇ ئارىدا ئابدۇسەمەت بىلەن كىچىك پەرھات كېلىپ قالدى. ھېلىقى قىز تېرىكىپ تىترىگىنىچە ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ۋارقىراپ سۆزلىگىلى تۇردى:

ــــ ئېيىنىڭە ئابدۇسەمەت! سىز زادى نېمە قىلاي دەيسىز؟ مېنى ياخشى كۆرەمسىز- كۆرمەمسىز؟

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە قاراپ قويۇپ ھېلىقى قىزغا ناھايىتى ۋەزمىن ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:

ــــ مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، پەقەت مېھرىگۈلنىلا ياخشى كۆرىمەن،

ــــ ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

بۇ سەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كېتەي دېگەن ھېلىقى قىز ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى- دە، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ئابدۇسەمەتكە ئىچى ئاغرىغان مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى قىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ دەرغەزەپكە كېلىپ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قايسى بىرى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىز بالىدىن تەستەك يەپ قېلىشقا چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى- دە، ھېلىقى قىزغا قاراپ ئېتىلدى. مېھرىگۈل يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋالدى:

ــــ بولدى قىلىڭ، ئۇنداق يۈزى قېلىن بىلەن تەڭ بولماڭ...

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە قاراپ تېرىكىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

ــــ نېمىشقا تۇتىۋالىسىز؟ نېمىشقا مېنى قويۇۋەتمەيسىز دەيمەن...؟

ئاڭغىچە كىچىك پەرھات ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ــــ مېھرىگۈل توغرا قىلدى ئابدۇسەمەت، ئەگەر ئۇ بىر نېمىگە قول تەگكۈزۈپ قويساڭ نېمە بالاغا قالىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

ئـۆزى ئۇچـۇن ئىككـى ئېغـىز لىلـلا گـەپ قىلىدىغـان بـىرىنىڭ چىققانلىقىنى كۆرگەن مېھرىگۇل بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

"سـىزنى جازاغـا ئۇچـراپ قالمىسـۇن دەپ تۇتۇۋالغانمـەن، ـــ دەپ ئويلايتـتى مېھرىگۇل، ـــ بۇنىڭ ھەممىسى سىز ئۇچۇنغۇ!"

ـــ بولـدى قىلىـڭ مېھرىگـۇل، يىغلىمـاڭ، ـــ دېـدى كىچىـك پـەرھات مېھرىگۇلگە تەسەللىي بېرىپ.

ـــ قارىغە پەرھات، ـــ دېدى مېھرىگۇل، ـــ شۇنچە ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىـڭ پېشىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان تۇرسام، ماڭا مۇشۇنداق ئازار بەرسە بولامدۇ؟

كىچىـك پـەرھات ئۇلارنـى پـەس كويغـا چۈشـۈرۈش ئۇچـۇن گـەپنى چاقچاقـقا بۇرىدى:

ـــ ھـە مۇنـداق دەڭـلار. مـەنغۇ خـېلى بۇرۇنـلا ئىككىڭلارنىـڭ ئـادەتتىكى دوستلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىڭلارنى پەملىگەن. مېھرىگۇلگە ئۇنـداق قـاتتىق تەگسـەڭ ھەرگىز بولمايدۇ جۇمۇ، ئابدۇسەمەت!

جىمىپ كەتكەن ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـــ خاپا بولماڭ مېھرىگۇل، مېنى كەچۈرۈڭ!

مېھرىگـۇل ئابدۇسـەمەتكە قاراپـمۇ قويمـاي ئارقىسـىغا بۇرۇلۇپـلا ياتـاق تەرەپـكە مـاڭدى، ئابدۇسـەمەتمۇ ئۇنىڭغـا ئەگەشـتى. ئـۇ يولـدا بارغىچـە مېھرىگـۇلدىن ئەپـۇ سورىدى، لېكىن مېھرىگۇل ئۇنىڭغا لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى.

قىزلار ياتاق بىناسـىنىڭ ئالدىـغا بارغـاندا ئابدۇسـەمەت تۇيۇقسـىزلا مېھرىگـۇلنىڭ ئالدىنى توستى.

ـــ يەنـە مۇشـۇنداق تـەتۈر قارىسـىڭىز، شـىنجاڭلىق بـالىلارنىڭ ھەممىسـىنى چاقىرىپ كېلىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا سىزدىن ئاشكارا ئەپۇ سوراي، بولامـدۇ؟ ـــ دېـدى ئابدۇسەمەت.

ـــ ھـاجىتى يـوق. سـىزدىن سـوراپ باقـاي: ئـۆزىڭىزنىڭ راسـتتىنلا ماڭـا يـۈز كېلەلمەيدىغانلىقىڭىزنى تونۇپ يەتتىڭىزمۇ؟

ـــ ھەئە، ـــ ئابدۇسەمەت چىن ئىخلاسى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ گويا مۇئەللىمى ئالدىدا خاتالىقىنى تونۇپ، شۈمشىيىپ تۇرغان ئۇقۇغۇچىدەك بىچارە قىياپىتىنى كۆرگەن مېھرىگۈلنىڭ بايىقى ئاچچىقى نەلەرگىدۇ يوقالدى.

ــــ مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، ــــ دېدى مېھرىگۈل، ــــ بۇندىن كېيىن باشقا قىزلار بىلەن باردى- كەلدى قىلمىسىڭىزلا بولدى.

ــــ ماقۇل!

مانا ھازىر ئابدۇسەمەتنىڭ ئاشۇ قېتىم «ماقۇل» دېگەن چاغدىكى يېقىملىق قىياپىتى مېھرىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەت خۇددى سەبىي بالىغىلا ئوخشاپ كەتكەنىدى. ھازىر ئويلىسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھەتتا چۆجە خورازلاردەك ئۇرۇشۇپ كېتىشلىرىمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك چاغلار ئىكەندۇق. شۇنداق، ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ مۇھەببىتى ئەنە ئاشۇنداق ئارازلىقلار ئىچىدە چوڭقۇرلاشقان، توسقۇنلۇقلار ئىچىدە تاۋلانغان چىن مۇھەببەت ئىدى. مانا ھازىر مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ شۇ چاغدا ھېچقانداق ئىشنى خاتا قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. چۈنكى ھېلىقى قىزنىڭ ئابدۇسەمەتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى، ئۇ قىزنىڭ ئەركىنلىكى، ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمگە دوستانە چىراي ئېچىشى، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ئىدى.

مېھرىگۈل، پەقەت ئابدۇسەمەت يېنىدا ھايات بولسىلا ھەرقانداق بالا- قازانىڭمۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى ھېس قىلغانىدى.

مېھرىگۈل، ئابدۇسەمەت ئۆزىگە ئېيتقان «مەنسىز ھەرگىز ياشىيالمايسىز» دېگەن گەپنىڭ ھەقىقىي ۋەزنىنى مانا ئەمدى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

شۇ چاغدا مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ ئاشۇ گېپىگە «ۋىيەي، ياشىيالمايدىغان ئىشمۇ بولماس» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ راستىنلا ھاياتتىن تويۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى مېھرىگۈل ئۈچۈن ھازىرقى ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت مىڭ پاتمان جەبىر ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى.

ئۇلار شاگخەيدە پراكتىكا قىلىۋاتقاندا مېھرىگۈلنىڭ كارا OKخانىغا ناخشا ئېيتقىلى بارغانلىقى سەۋەبىدىن ئابدۇسەمەت ئىككىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغانىدى.

مېھرىگۈلنىڭ پراكتىكا يېتەكچىسى كارا OK قا ناھايىتى ئامراق ئادەم ئىدى. ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۇلار كېچىلەپ ئىشلەپ بەك چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، ھېلىقى

ئادەم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى كارا OK خانىغا بىرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېھرىگۇلمۇ بار ئىدى.

ئابدۇسەمەت ئىش ۋاقتىدا مېھرىگۇلگە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ ئالالمىدى، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن مېھرىگۇل پراكتىكا قىلىۋاتقان ئورۇنغا كېلىپ ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. باشقىلاردىن سورىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ''كېچىلەپ ئىشلەۋاتىدۇ''لا دەپ جاۋاب بىرەتتى. ئابدۇسەمەت: ''نەدىمۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كېچىلەپ ئىشلەۋېرىدىغان ئىش بولسۇن'' دەپ سەل گۇمانلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى ئابدۇسەمەت ئىشتىن چۈشۈپ مېھرىگۇلنىڭ يېنىغا كەلدى. لېكىن ئۇ كېلىپ تۇرۇشىغا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇستىسى ئۇنى: ''ئىش بار، تېز كەل'' دەپ چاقىرىپ كەتتى. مېھرىگۇلمۇ ئۇستىسى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن كارا OK خانىغا كەتتى.

مېھرىگۇللەر كارا OK خانىغا كېلىپ ھايال ئۆتمەي، مېھرىگۇل بىلەن بىر ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان بىر ساقچىنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى. تېلېفون دەل ئابدۇسەمەتتىن كەلگەنىدى.

— سىز نەدە ئابدۇسەمەت، — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئىدارىدە، مېھرىگۇل بارمۇ؟

— بار!

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ساقچىنىڭ تېلېفونى يەنە سايرىدى. تېلېفون يەنە ئابدۇسەمەتتىن كەلگەنىدى. ئۇ تېلېفوننى مېھرىگۇلگە بىرىشنى ئېيتتى.

— مەن بىنانىڭ ئالدىدا، — دېدى ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلگە، — دەرھال چۈشۈڭ!

— نېمە؟ ئادەمنى ئالدىماڭە!

— چۈشمەمسىز- چۈشمەمسىز؟ بولمىسا مەن چىقىمەن!

مېھرىگۇل ئالدىراپ- تېنەپ بىنادىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ھاراق ئىچىپ شىر كەيىپ بولۇپ بولغان ئابدۇسەمەتنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىپ كەتكەنىدى. مېھرىگۇل سەل- پەل قورقۇپ قالدى:

— يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

ــــ ياق، ــــ دېدى ئابدۇسەمەت، ــــ سىز ئويناۋاتقان سورۇننى كۆرۈپ باققۇم بار!

ــــ ۋىيەي، ئۇستاملار بار تۇرسا، سىز كىرسىڭىز قاملاشمايدۇ.

ئۇ ئىككىسى بىرى چىقىمەن دېسە، بىرى چىقماڭ، دەپ ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك تارتىششتى. دەل شۇ چاغدا مېھرىگۈل بىلەن بىر ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان ساقچى چىقىپ، ئابدۇسەمەتكە قىزغىن سالام قىلدى:

ــــ يۇرۇڭ ئابدۇسەمەت، بىللە ئولتۇرايلى!

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كارا OK خانىغا كىرىپ ئۇدۇللا مېھرىگۈلنىڭ ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى:

ــــ تىنچلىقمۇ ئۇستام! بۇندىن كېيىن مېھرىگۈلنى كېچىلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولسا ئاپىرىپ، بۇنداق سورۇنغا ئەكەلمىسىڭىز، مەن ئۇنىڭ لايىقى.

مېھرىگۈلنىڭ ئۇستىسى مېھرىگۈلگە قارىدى:

ــــ ئۇستام كەچۈرۈڭ، مەن قايتىپ كېتەي، ــــ دېدى مېھرىگۈل ئۇستىسىغا ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ. ئاندىن ئابدۇسەمەتنى قولتۇقلىغىنىچە كارا OK خانىدىن چىقىپ كەتتى.

ــــ ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا ماڭا ئۇدۇل دېسىڭىز بولمامدۇ، ــــ دېدى مېھرىگۈل دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ــــ نېمىشقا ئۇستامنىڭ ئالدىدا ئۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت چېچىلىپ كايىپلا كەتتى:

ــــ سىزگە دېسەم ئاڭلامتىڭىز؟ مەنمۇ ئامالنىڭ يوقىدىن شۇنداق قىلدىم! قىز بالا دېگەن داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرسە قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭمۇ ھاراق ئىچكۇم، كۆڭۈل ئاچقۇم كېلىدۇ، بىراي دېسەم ئۇنداق سورۇن دېگەن كۆڭدە ساماندەك. بىراق نېمىشقا بارمايمەن؟

بۇ گەپلەرگە خاپا بولغان مېھرىگۈل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئابدۇسەمەت خېلىلىنىڭ ياتىقىدا بىر كېچە تۈنىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە توپتوغرا بىر ھەپتە تېلېفون قىلمىدى. لېكىن خېلىلغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن مېھرىگۈلنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى.

بۇ بۇرۇختۇرمىچىلىققا چىدىيالمىغان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەت پىراكتىكا قىلىۋاتقان ئورۇنغا تېلېفون قىلىپ باقتى. لېكىن نۆۋەتچى: «ئابدۇسەمەت يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئىسمىم مېھرىگۈل، — دېدى ئۇ نۆۋەتچىگە تاپىلاپ، — ئۇنىڭغا دەپ قويغان بولسىڭىز، ئۇ ماڭا تېلېفون قىلغان بولسا.

لېكىن ئابدۇسەمەتتىن يەنىلا خەۋەر يوق ئىدى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەل جىددىيلىشىپ قالدى. چۈنكى ئابدۇسەمەت ھېلىقى كۈندىكى ئىشنى غۇرۇرىغا ئېلىپ كەتكەچكە ناھايىتى خاپا بولغانىدى.

ئارىدىن يەنە بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇسەمەت ئاخىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى گويا بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مېھرىگۈلنى كۆرۈپلا ھېلىقى كۈنى كارا OK خانىدا بولغان ئىشنى تىلغا ئالدى:

— ئەگەر قىلغانلىرىڭىزنى بويىنىڭىزغا ئالغىڭىز كەلمىسە، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى. قىز بالا دېگەن ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىشى، كەلگۈسىنى ئويلىشى، ئەدەب ـ ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك ـ تە. ئۇلار سىزنى راستىنلا ھۆرمەت قىلسا، ئۇنداق يەرلەرگە باشلاپ بارمىغان بولاتتى. ئەگەر قىلغانلىرىم توغرا دەپ قارىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى بىز ئايرىلىپ كېتەيلى.

— بۇ گەپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقتى جۇمۇ ئابدۇسەمەت، بوپتۇ ئايرىلىپ كەتسەك كېتەيلى!

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ گەپلىرىگە قېيدىغىنىچە ئۆتتىنىك ئارقىغا بۇرۇلۇپ، 21 ـ قەۋەتتىكى ياتىقىغا چىقىپ كەتتى.

مېھرىگۈل ياتاققا كىرىپ تۇرۇشىغا سىرتتا گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا يامغۇر خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. يامغۇر تامچىلىرى ھەتتا دېرىزىگە بېكىتىلگەن توردىن ئۆتۈپ دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەلنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى.

مېھرىگۈل دېرىزىنى يېپىۋېتىش ئۈچۈن بېرىپ، دېرىزىدىن ئابدۇسەمەتنىڭ ئەدەرۋازىدىن چىقىپ ئۇدۇل كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە دېرىزىدىن قاراپ تۇردى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇستىۋېشى ھەش- پەش دېگۈچە چىلىق- چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر قانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن قايرىلىپ مېھرىگۇلنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىسىگە قارىدى، ئاندىن يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن مېھرىگۇل ئۇنىڭ بىلەن يەنە تەڭ تۇرغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئىككى دانە كۆنلۈكنى ئالدى- دە، لىفىست بىلەن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە چۈشتى. ئاندىن كۆنلۈكنى ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تالاغا قاراپ يۈگۈردى.

يولدا يامغۇر خۇددى ئۈستەگدەك ئېقىۋاتاتتى. شۇڭا مېھرىگۇلنىڭ ئوششۇقلىرىغىچە ھۆل بولۇپ كەتتى. لېكىن بۇنىڭدىن پەرۋايى پەلەك مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈۋېتتى. يامغۇر مېھرىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ياش بىلەن قوشۇلۇپ مەگزىنى بويلاپ سىرغىيتتى.

مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتكە يېتىشىۋېلىشقا يەنە ئىككى مېتىرچە قالغاندا، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى تونىدى بولغاي، بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاراپ، ئۆزىگە سوگدىشىپلا كەلگەن مېھرىگۇلنى كۆردى ۋە شۇ ئىزىدا توختىدى. مېھرىگۇل شۇ چاغدىلا كۆنلۈكنى ئېچىشنى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كىيىملىرى ئاللىقاچان ھۆل بولۇپ، بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى...

مېھرىگۇل كۆنلۈكنىڭ بىرىنى ئابدۇسەمەتكە ئالدىراپ ئۇزاتتى:

— مەڭ، ماۋۇ كۆنلۈكنى تۇتۇۋېلىڭ!

ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلارنى كۆرگەن مېھرىگۇل ئۇنىڭمۇ يىغلىغانلىقىنى بىلدى.

ئابدۇسەمەت ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ باردى- دە، گويا مېھرىگۇلنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى، كۆنلۈك تورووككىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى.

ياشقا تولغان ئىككى جۈپ كۆز بىر- بىرىگە تىكىلدى، بۇ ئاشىق كۆزلەردە بايىقى باتناش- قېيداش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلنى باغرىغا مەھكەم باستى...

ـــ ۋيەي، قويۇۋېتىڭە، كۆپكۆندۈزدە سەت ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى مېھرىگۈل.
ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى. ئابدۇسەمەت شامالدا ئۈچۈپ ئىككى-ئۈچ قەدەمچە نېرىغا كەتكەن كۆنلۈكنى يەردىن ئالدى.

ـــ ئەجەپ كۆنلۈكتىن ئىككىنى ئېلىۋاپسىزغۇ؟ ـــ ئابدۇسەمەت قەستەن بىلمەسكە سېلىپ سورىدى.

ـــ بىرىنى سىزگە ئېلىپ چىققان، ـــ دېدى مېھرىگۈل.

ـــ كۆنلۈكنىڭ لازىمى يوق، ماڭا سىز بولسىڭىزلا بولدى!

شۇ قېتىمقىسى ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئەڭ قاتتىق، ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاكاللىششى بولۇپ قالدى...

نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق بىر نۇقتا مېھرىگۈلنى پەخىرلەندۈرەتتى، مېھرىگۈلنىڭ تاللىغىنى ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن كۆڭۈل بەرگەن ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئىدى... قىسقىسى، نامراتلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق بەزىدە مۇھەببەتنى ۋەيران قىلسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم بۇ بىر جۈپ يۈرەكنى تېخىمۇ ئىجىل-ئىناق قىلىۋەتتى.

مېھرىگۈل مانا ھازىر شىنجىن تەرەپنىڭ يۈتكەش ئۇقتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ناۋادا ئاشۇ خۇش خەۋەر كەلسە، ئۇ ئۆزىنى مەرھۇم سۆيگۈنىنىڭ ئىزىدىن بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان يېپيېڭى كۈرەش قوينىغا ئاتقان بولاتتى...

# بەشىنچى باب

## ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىكنىڭ ئېلىشىشى

### 24. جىنايەت گۇماندارى ئاخىرى سوتقا ئېلىپ چىقىلدى.

بۇجى ساقچىخانىسىغا بىر ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇقتۇرۇشتا ”شىنجىن شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2004 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا ئوچۇق سوت ئېچىپ، ئۇيغۇر ساقچى ئابدۇسەمەتنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا قەستكە ئۇچرىغانلىق دېلوسىنى قاراپ چىقىدۇ. بۇجى ساقچىخانىسىدىكىلەر ۋاقتىدا كېلىپ سوتقا سىرتتىن قاتناشسۇن“ دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ خەۋەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن ساقچىخانىدىكىلەر دەۋرەپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار ۋەھشىي جىنايەت گۇماندارى ئادالەت سوتىغا تارتىلىدىغان مۇشۇ كۈننى تۆت كۆز بىلەن زارىقىپ كۈتۈپ، قەدىناس سەپدىشى ئابدۇسەمەت باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن بۇيانقى يېرىم يىلنى بارماق بىلەن ساناپ ئۆتكۈزگەنىدى...

22 ـ دېكابىر جۈمە كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ساقچىخانا باشلىقى سۇڭ ـ مىڭياۋ، سىياسىي كومىسسار پېڭ گوچىڭ، ساقچىخانىدىكى نۆۋەتچىدىن باشقا بارلىق ساقچىلارنى ۋە جەنۇبىي جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىدىن بۇجى ساقچىخانىسىغا پراكتىكىغا كەلگەن بەش نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىجارىگە ئالغان ئاپتوبۇسقا چىقتى ـ دە، شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ماشىنىدىكى ساقچىلارنىڭ ھەممىسى فورما كىيگەن بولۇپ، چىرايلىرى سۈرلۈك ئىدى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى پەقەت ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىدىن ياڭراۋاتقان «پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مۇڭلۇق قىستۇرما ناخشىسىلا بۇزۇپ تۇراتتى:

سوقتى قانچە بوران ـ چاپقۇن. ئۆتتى قانچە باھار ـ ياز.
كەلدى باشقا تۇمەن سەۋدا. دەرد ـ پىغانلار قاتمۇ قات.
ئوقۇبەتتىن ئىگىلمەيمەن ئۆزۈم ئاشىق ئازابقا،
مەرد يۈرەكتە ئۇلۇغ ئارزۇ مەنزىل تامان سالار ئات.

مەۋج ئۇرغان قىزىل قانلار بولۇپ ئەلگە سايىۋەن،
مۇشكۈلاتقا ئاتار پەشۋا ياۋ ئالدىدا شىر يۈرەك.
ئانام كۈلسە، ۋەتەن كۈلسە ئالەم كۈلەر شادلىنىپ.
شىجائىتىم تاغدىن بۈيۈك قورقۇش دېگەن نەكېرەك؟

ئاپتوبۇس سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ توختىدى، بۇجى ساقچىخانىسىدىن كەلگەن ساقچىلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، سوت زالىغا كىردى. ئۆلكىدىكى ۋە ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلار قوللىرىدا خاتىرە، قەلەم، ئاپپاراتلىرىنى تۇتقىنىچە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇراتتى. فوتىيەن ئوتتۇرا مەكتىپى مەزكۇر دېلونى سىياسەت دەرسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى دەپ قاراپ، ئون نەچچە ئوقۇغۇچىنى سوتنى سىرتتىن ئاڭلاشقا تەشكىللىگەنىدى. سوتقا سىرتتىن قاتناشقۇچىلار ئىچىدە يەنە ئىككى ئۇيغۇر يىگىتمۇ ئولتۇراتتى.

سوتقا سىرتتىن قاتناشقۇچىلار ئىچىدە بۇجى ساقچىخانىسىدىن كەلگەن ساقچىلار باشقىلارغا قارىغاندا تەمكىن كۆرۈنەتتى، چۈنكى دېلونىڭ پۈتۈن جەريانى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئابدۇسەمەتنىڭ قېنى تۆكۈلگەن نەق مەيداننى تەكشۈرگەنىدى؛ بەزىلىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچىنى ئالدىغا سېلىپ بېرىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ جەسىتىنى تاشلىۋېتىلگەن يەردىن تېپىپ كەلگەنىدى؛ بەزىلىرى جىنايەت گۇماندارىنى سوراق قىلىشقا قاتناشقانىدى؛ بەزىلىرى ئابدۇسەمەتنىڭ مېيىتىنى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ، دەپنە قىلىشقا قاتناشقانىدى... قىسقىسى، ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ خىزمەتدىشى، سەپدىشى شۇنداقلا ئاشۇ جەڭگىۋار

قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. مانا ھازىر ئابدۇسەمەت تۇيۇقسىز كەتتى، ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىگە قايغۇ- ھەسرەت ۋە جۇدالىق ئوتلىرىنى سېلىپ قويۇپ مەڭگۈلۈككە كەتتى.

بۈگۈن ئۇلار ئابدۇسەمەتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاشۇ ئىپلاس قاتىلنى كۆردى، قانۇن شەمشىرىنىڭ گويا مۇدھىش يۈرەككە سانچىلىشقا يارالغان دارتموركىس شەمشىرىگە[1] ئوخشاش، قاتىلغا ئەجەللىك جازا بېرىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

سائەت 10 دا، پۈتۈن ئۆلكىنى لەرزىگە سالغان ساقچىغا قەست قىلىش دېلوسىنى قاراپ چىقىدىغان سوت رەسمىي باشلاندى.

ئەدلىيە خادىملىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇردى، قانۇن ساقچىلىرى جىنايەت گۇماندارلىرىنى سوتقا يالاپ ئېلىپ چىقتى. چاچلىرى قىرىپ چۈشۈرۈلگەن بۇ ئىككى نەپەر جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئۇچىسىدىكى قىسقا يەڭلىك مەھبۇس كىيىمىنىڭ دۈمبىسىدە "شىنجېن ئىككىنچى قاماقخانىسى" دېگەن خەتلەر بار ئىدى. ئالدىدىكىسى، ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئابلەت كېبىر ئىدى. ئوتتۇرا بوي كەلگەن ئابلەت كېبىر قارىماققا تېخى 20 ياشقىمۇ توشمىغان بالىدەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ بىر ئاز تەمكىنىدەك كۆرۈنەتتى. ئارقىدىكىسى ئابدۇخالىق مەمتىمىن ئىدى. بويى 1.8 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان ئابدۇخالىق مەمتىمىن ناھايىتى قاۋۇل كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ ئورا كۆزى بىلەن قۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك بۇرنى بۆلەكچىلا ئىدى. قارىماققا بىر خىل گالۋاڭلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

[1] قەدىمكى يۇنان پادىشاھلىقىدا دارتموركىس ئىسىملىك بىر ۋەزىر ئۆتكەنىكەن. ئۇ دائىم "ئالتۇن كۇرسىتا ئولتۇرغان شاھىمىز دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر" دەيدىكەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شاھ ئەلگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتكە نۇرغۇن تۆرە، ئاق سۆڭەكلەر كەپتۇ. شاھ دارتموركىسقا بولغان يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنى ئالتۇن كۇرسىقا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. شاھنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغانلىقىدىن بېشى كۆككە يەتكەن دارتموركىس خۇشاللىقتا تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىغانىكەن، بېشىنىڭ ئۈستىدىلا قىلدا باغلانغان بىر دانە شەمشەر ئېسىقلىق تۇرغىدەك. شاھ ئەسلىدە دارتموركىسقا "بەختنىڭ قانچە زىيادە بولسا، ساڭا كېلىدىغان خەۋپ- خەتەرمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ" دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن "دارتموركىس شەمشىرى" دېگەن بۇ سۆز "ئەمىنلىك ۋە راھەت- پاراغەت بىلەن بالا- قازا قوش گېزەكتۇر" دېگەن تەمسىلنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان، —— تەرجىماندىن.

ئۇلار ‹‹جاۋابكار›› دېگەن خەت ئېسىلغان رىشاتكىلىق ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن قانۇن ساقچىسى ھەيۋەت بىلەن تىك تۇراتتى.

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلىگۈچىسى ئەيىبنامىنى ئوقۇپ ئۆتتى، لېكىن جىنايەت گۇماندارلىرى خەنزۇچىنى دېگەندەك چۈشەنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسى كىچىك پەرھاتنى نەق مەيدان تەرجىمانلىقىغا تەكلىپ قىلدى.

ئەيىبلىگۈچى ئەيىبنامىسىدە 3 ـ ئىيۇن تاڭ سەھەردە خالىقنىڭ ئابدۇسەمەتنى ئۇنىڭدىن يانچۇقچىلار شايكىسىدىكىلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇيۇقسىز پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

بۇ ئەيىبنامىنى ئاڭلىغان كىشىلەر مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى:

2 ـ ئىيۇن ئابدۇسەمەت بىلەن خالىق تەيزى قاۋىقىدىن چىقىپ، ئۇدۇللا خالىقنىڭ دېشىلىق بازىرى 12 ـ نومۇرلۇق بىنادىكى 404 ـ نومۇرلۇق ياتىقىغا كەلدى. ئابدۇسەمەت ئىلگىرى نۆۋەتچى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچىلار بىلەن بىللە ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خالىقنىڭ بۇ ياتىقىغا بىر قېتىم كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ چاغدا ئىشىك تاقاقلىق بولغاچقا ھەم ئۇلاردا ئۆي ئاختۇرۇش ئىسپاتى بولمىغاچقا ياتاققا كىرمىگەنىدى. ئۇ چاغدا خالىق قولىغا پىچاق ئېلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ماراپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ شەپىنى ئاڭلىغان ھامان خوجايىنىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن: ‹‹ئابدۇسەمەت يەنە ئاختۇرغىلى كەلگەندەك قىلىدۇ، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟›› دەپ سورىغاندا، خوجايىن: ‹‹باستۇرۇپ كىرگۈدەك بولسا، پىچاق تىقىۋەت!›› دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى.

خوجايىن ئاشۇنداق دەپ بۇيرۇق قىلغاچقىمۇ، بۇ قېتىم ئابدۇسەمەت خالىقتىن شايكىدىكىلەرنىڭ تىزىملىكى بىلەن تېلېفون نومۇرىنى سورىۋىدى، ئۇ بەرمەكتە يوق، ئۇنىڭغا تولا تەگكىلى تۇردى. ئابدۇسەمەتنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى، چۈنكى خالىق ساقچىخانىدا ۋە تەيزى قاۋىقىدىن چىقىۋېتىپ ئۇنىڭغا تىزىملىك بىلەن تېلېفون نومۇرىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانىدى. بىراق ئەمدى تۇرۇپلا يەنە تىلىنى چايناۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يېقىندىن بېرى ”ئوقەت“(ئوقەت — يانچۇقچىلار شايكىسىنىڭ بازارغا چىقىپ ئوغرىلىق قىلىش دېگىنى — تەرجىماندىن)كە چىقالماۋاتامسىلەر؟

بۇنى ئاڭلىغان خالىق تېرىكىپ سەكرەپ كەتتى:

— ئادەملىرىمىزنى تۇتۇپ، شوركىلارنى قاچۇرۇپ بولۇشتۇڭ. يەنە نەنىڭ ئوقىتىكەن ئۇ؟

ئابدۇسەمەت خالىقنىڭ تەيزى قاۋىقىدا قىلغان ۋەدىسى بويىچە تېزىملىك بىلەن تېلېفون نومۇرىنى بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئۇنى كولدۇرلاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى غەزەپ بىلەن بىرنى ئىتتىردى.

خالىق سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە قولىغا ياستۇقنىڭ ئاستىدىكى پىچاق ئۇرۇندى. خالىق پىچاقنى شارتتىدە ئالدى- دە، ئابدۇسەمەتنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتى، پىچاق تىققان يەردىن قان ئېتىلىپ چىقتى. تەييارلىقسىز تۇرغان ئابدۇسەمەت ئاغرىققا چىدىيالماي ”ۋايجان“ دەپ ۋارقىرىغىنىچە داجىپ بېرىپ، مېھمانخانىدىكى چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى. قەھرى غەزەپكە كەلگەن ئابدۇسەمەت تىرمىشىپ يۆلۈپ ئورنىدىن تۇردى- دە، خالىقنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئېتىلدى. خالىق ئاۋايلاپ تۇرۇپ مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سۆرۈلدى، كۆڭلىدە ئابدۇسەمەتتىن ئىنتىقام ئالدىم، دەپ خۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئېتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سەل ھودۇقتى- دە، ئابدۇسەمەتنىڭ قورسىقىغا يەنە بىر پىچاق ئۇردى. ئاغرىققا چىداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقان ئابدۇسەمەت سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، ئارقىسىدىكى چاي ئۈستىلىگە يۆتىلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈستەلدە قارا ساپلىق بىر پىچاقنى كۆرۈپ ئۇنى قولىغا ئالدى- دە، خالىققا قاراپ يەنە ئېتىلدى. خالىق بېلىكى بىلەن ئۆزىنى توسىۋىدى، ئابدۇسەمەتنىڭ قولىدىكى پىچاق ئۇنىڭ بىلىكىنى تىلىۋەتتى. خالىقنىڭ بىلىكىدىنمۇ قان ئوخچۇپ چىقىشقا باشلىدى. كۆزلىرىگە قان تولغان خالىق ئېتىلىپ باردى- دە، ئابدۇسەمەتنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى نەچچە يەردىن چانىۋەتتى. قان جىق چىقىپ كېتىپ، ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالمىغان ئابدۇسەمەتنىڭ قولىدىكى پىچاق توروككىدە يەرگە چۈشتى. خالىق يەردىكى پىچاقنى ئالدى ۋە ئىككى قولىدا بىردىن پىچاقنى تۇتقىنىچە ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن

يىرىگە ئەسەبىيلىك بىلەن پىچاق ئۇرۇشقا باشلىدى. پۈتۈن بەدىنى لەختە ـ لەختە قانغا بويىلىپ كەتكەن ئابدۇسەمەت كارىۋاتنىڭ يېنىغا گۈپپىدە يىقىلىپ، جىم بولۇپ قالدى.

بۇنى كۆرگەن خالىق قولىدىكى پىچاقنى قويۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئابدۇسەمەتنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ يانچۇقىدىن بىر ھەميياننى ئېلىپ دەرھال ئاچتى ۋە ھەميياندىكى پۇلنى ئېلىپ ساندى، پۇل 200 يۈەندىن كۆپرەك ئىدى. خالىق پۇلنى ئەپچىللىك بىلەن ئۇچىسىدىكى پادىچىلار ئىشتىنىنىڭ ئارقا يانچۇقىغا سېلىپ، ھەميياننى چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى...

سوتقا سىرتتىن قاتناشقۇچىلار جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئىنسان قىلىپىدىن چىققان بۇ رەزىللىكلىرىنى ئاڭلاپ قەھرى غەزەپكە كەلدى. جاۋابكار قاتىل گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇياق ـ بۇياققا ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەمما ۋەھشىي قاتىلنىڭ رەزىللىكلىرى بۇنىڭلىق بىلەن تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ تىن تارتماي ياتقانلىقىنى كۆرگەن خالىق ياندىكى ئۆيگە كىردى، ئۇ ئۆيدە 10 نەچچە ياشلاردىكى بىر بالا ياتاتتى. ئۇ خالىقنىڭ قولىدىكى سەرگەردان بالىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئىسمى ياسىن ئىدى. خالىق ياسىننىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىرنى تەپتى:

ــــ تۇرە!

خالىق ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەندە ئويغىنىپ كەتكەن ياسىن باياتىن بېرىقى ئۇر ـ چاپنى ئاڭلاپ ياتقاچقا، خالىقنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى سېزىپلا ئۇخلىغان بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ شايكىدا ياشاپ كېلىۋاتقاچقا، كىچىككىنە تۇرۇپلا كۆز بويامچىلىق، ساختىپەزلىك دېگەنلەر بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى. ياسىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خالىقنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا چىقتى. مېھمانخانىدىكى تېلېۋىزور ئوچۇق تۇراتتى، يەردە يەنە پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەن بىر ئادەم ياتاتتى، بۇنى كۆرگەن ياسىن چۆچۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق ئۇر ـ چاپنى جىق كۆرگەن بولغاچقا، ئۆزىنى قەستەن بېسىۋېلىپ ئۈندىمىدى.

ـــ چاققان بىرىپ ئۈنىڭ يىنىنى ئاختۇرە! ـــ دەپ بۇيرۇق قىلدى خالىق ياسىنغا. ياسىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئابدۇسەمەتنى يانغا ئۆرىدى ۋە ئۇنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن بىر دانە يانفونىنى ئېلىپ خالىققا بەردى، خالىق يانفونىنى سۈرتىۋېتىپ يانچۇقىغا سالدى. ياسىن ئابدۇسەمەتنىڭ يەنە بىر يانچۇقىدىن بىر تۇتام پارچە پۇلنى ئالدى، پۇللار ئاساسەن 10 يۈەنلىك ۋە 20 يۈەنلىك بولۇپ، ھەممىسىنى قوشسا 100 نەچچە يۈەنچە كېلەتتى، ياسىن ئۇ پۇللارنىمۇ خالىققا بەردى.

خالىق پۇلنى ئالاي دەپ ياسىنغا شۇنداق قولىنى ئۇزۇتىشىغا يەردە ياتقان ئابدۇسەمەتنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىڭرىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، ياسىن قورقۇپ كېتىپ ئارقىغا داجىدى. خالىقنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى:

ـــ ئەجەپ ئىتتەك جېنى چىڭ گۈيكەن بۇ! ـــ ئۇ قىزىل سۇلياۋ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدىكى ھەرە چىشلىق پىچاقنى ئېلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ يوتىسىغا ئىككىنى تىقتى.

خالىق ياسىننى پىچاقتىكى قانلارنى يۇيۇۋېتىشكە بۇيرۇدى، ياسىن پىچاقنى ھاجەتخانىغا ئەكىرىپ تۇرۇبا سۈيىدە قايتا ـ قايتا يۇيۇپ چايقاپ، پىچاقتىكى قان يۇقىنى لاتىدا پاكىز سۈرتتى. ئاندىن چىقىپ ئۇزۇن پىچاقنى مېھمانخانىدىكى چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە، قىسقا پىچاقنى سۇلياۋ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئاڭغىچە خالىق ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، ئۈستىدىكى قان يۇقى كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، ئورنىغا قارا ئىشتان، ئاق كۆينەكنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى، ئاندىن ھېلىقى قىسقا پىچاقنى ئېلىپ كەمىرىدىكى غىلاپقا سالدى. ئۇ ياسىننىڭ ئۈچىسىدىكى تامبالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دېدى:

ـــ ماڭ يۇگۇر، كىيىمىڭنى كىيىپ چىق، چاققان ماڭمىساق ساقچىلار كېلىپ قالىدۇ!

ياسىن كىرىپ كىيىمنى كىيىپ چىقتى. خالىق كارىۋاتتىن يېشىل تاشلىق بىر يوتقاننى ئېلىپ يەردىكى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى، ئاندىن ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى ئارقا دېرىزىدىن سىرتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەيدانىغا قارىتىپ ئاتتى.

دەل شۇ چاغدا خالىقنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى، ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، ياسىننى يېتىلىگىنىچە بىنادىن چۈشۈپ ئۆيىنىڭ

ئارقىسىدىكى مەكتەپ مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. بىراق، دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. خالىق يىراقتا تۇرغان ئامانلىق ساقلىغۇچىنى كۆرۈپ ئۇنى ئىشارەت قىلدى:

ــــ ئىشكنى ئېچىۋېتىڭە، ئاچقۇچۇمنى تېپىۋالاي!

بىراق، يىراقتا قاراپ تۇرغان ئامانلىق ساقلىغۇچى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ- ئىشەنمەي، كەلگىلى ئۇنىمىدى.

خالىق يانفونىنى ئېلىپ بىرىگە تېلېفون قىلدى:

ــــ ئاكا، قانداق قىلىمەن، مەكتەپنىڭ ساقچىسى دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ھازىرلا تاكسى توسۇپ ماڭمىسام بولمايدۇ...

خالىق يانفونىنى يانچۇققا سالدى- دە، ياسىنىنى يېتىلەپ يولغا چىقىپ، قىزىل تاكسىدىن بىرنى توستى...

تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ بولغاچقا، يولدا ئادەم ۋە ماشىنىلار شالاڭ ئىدى. ماشىنا شەھەر ئىچىدىكى چوڭ كوچىغا كەلگەندە، خالىق شوپۇرنى يول ياقىسىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ يېنىدا توختاشقا بۇيرىدى، ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئابدۇسەمەتنىڭ يانفونىنى قاتلاپ سۇندۇرۇپ ئەخلەتكە تاشلىۋەتتى، ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ شوپۇرنى دەرھال فۇتيەن رايونى لوگچېۋ مەھەللىسىگە ئاپىرىشقا بۇيرىدى. شوپۇر خالىقنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇلارنى لوگچېۋ مەھەللىسى 5- كوچا 1- بىنانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خالىق ماشىنىنىڭ مۇساپە سائىتىگە قاراپمۇ قويماي 20 يۈەنني تاشلاپ بېرىپ ماشىنىدىن چۈشتى، شوپۇر خالىقنىڭ ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازىنى كۆرۈپ گەپ قىلىشقا پېتىنالماي كېتىپ قالدى. خالىق ياسىنىنى يېتىلەپ، تۆتىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيگە كىردى.

ــــ ئابلەت بارمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى ئۇ خوجايىن ئۇسماندىن.

ــــ يوق!

ــــ ئاكا، چاپاندىن بىرنى بېرىڭا!

ئۇسمان ئۇنىڭغا چاپاندىن بىرنى تاشلاپ بەردى، خالىق كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىلىكىدىكى 15 سانتىمېتىر كەلگۈدەك پىچاق يارىسىنى كۆردى، يارىنىڭ ئۈستىدە قان ئۇيۇپ قالغانىدى.

ئوسمان ئەمدى ئىغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، خالىق ياسىننى يېتىلەپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئۇ 401 ـ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قاقتى، ئابلەت ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى.

ــــ يېرىم كېچىدە نېمىشقا؟ ــــ دەپ سورىدى كۆزلىرىنى ئۇيقۇدىن يېرىپ ئاچقان ئابلەت خالىقتىن.

ــــ بۇجىدا خىتايلار بىلەن مۇشتلىشىپ قالدىم، ماڭا ياردەم قىلمساڭ بولمىدى...

ــــ يېرىم كېچە بولدى، مەن بەك چارچاپ كەتتىم...

خالىق سەل جىددىيلەشتى:

ــــ بارساڭمۇ بارسەن، بارمىساڭمۇ بارسەن. سېنى بىكارغا ئىشقا سالمايمەن، پۇل بېرىمەن.

خالىقنىڭ ئەلپازىدىن قورققان ئابلەت ئامالسىز ماقۇل بولدى.

ــــ سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، ــــ دېدى خالىق ياسىنغا، ــــ سەل تۇرۇپ كېلىپ سېنى ئېلىپ كېتىمەن.

ئۇ ئابلەتنىڭ قولىدىن سۆرىگىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار ئوسماننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئوسمانغا دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ــــ ئادىمىمنى نەگە ئاپىرىسەن؟ ــــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇنىڭدىن خاپا بولغاندەك قىلىپ.

ــــ ئۇ ياردەم قىلىدىغان ئازراق ئىش چىقىپ قالغانىدى، ــــ دېدى ئۇ ئوسمانغا ھېجىيىپ تۇرۇپ. ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئابلەتنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى.

بىرەر ئىشتىن گۇمانلىنىپ قالغان ئوسمان 401 ـ ئۆيگە كىرىپ ياسىندىن كوچىلاپ سورىدى:

ــــ زادى نېمىش بولدى؟

ــــ ھېچ... ھېچ ئىش...، ــــ دېدى بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ كەتكەن ياسىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

ــــ خالىقنىڭ قولىدىكى نېمە يارا ئۇ؟

ياسىنىنىڭ كاللىسىغا شۇ ئانلا بىر ئەقىل كەلدى:

— ئۇسسۇلۇق ئىلىشىتىپ تاياق يەپتۇ...

ئابلەتنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىدىن خالىقنىڭ بۇجىغا بارغاندىن كېيىنكى قىلمىشلىرى بىرمۇ بىر ئاشكارىلاندى، ئۇنىڭ بۇ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلغان چاغدا دېگەنلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدىلا ئۆزىنىڭ خالىقنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا بارغانلىقىنى تەكرارلايتتى. بىراق، خالىق سوتتا ئابلەتكە ھە دەپ تۆھمەت چاپلاپ : ”مەن ئۇنى چاقىرىپ بارغاندا ئۇنىڭغا ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم دەپ ئېنىق ئېيتقان، ئۇمۇ ماڭا ئۆز رازىلىقى بىلەن ياردەم قىلغان“ دەيتتى. لېكىن ئوسماننىڭ يېنىدىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر: ”خالىق ئابلەتنى ئىزدەپ كەلگەندە ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى دېمىدى، پەقەت ئابلەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن (خالىق ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، مېنى جەسەتنى يۆتكەشكە ياردەملەشكىن دەپ چاقىرىپتىكەن، ئۇ ئۇيغۇر ساقچىكەن. ئۇ ساقچى خالىقنىڭ ئادەملىرىنى تونۇپتىكەن، ھەم ئۇنىڭدىن يانچۇقچىلىق قىلىدىغان جايلارنى ئۇقماقچى بوپتىكەن. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ) دېگەن گەپنى ئاڭلىدۇق...“ دەپ گۇۋاھلىق بەردى.

سوتقا سىرتتىن قاتناشقۇچىلار خالىقنىڭ نەقەدەر ھاماقەت، نەقەدەر قەبىھ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. سوتچى ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنىنى سورىغاندا، ئۇ پەقەت: ”ئۇقمايمەن“، ”ئېسىمدە يوق“ دەپلا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ راستتىنلا ئۇقمامدۇ ياكى بۇ ئۇنىڭ ئا Qچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، قەھرىمانلىق قىلىۋاتقانلىقىمۇ، كىم بىلىدۇ؟

خالىق ئەيىبنامىدىكى قانۇن دوختۇرلىرىنىڭ ”جاۋابكار ئابدۇسەمەتنىڭ 16 يېرىگە پىچاق سالغان“ دېگەن پاكىتنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ پەقەت ”تۆت يېرىگە پىچاق سالدىم“ دېگەن گېپىدە باشتىن- ئاياغ چىڭ تۇرۇۋالدى.

گەرچە ئۇ ھەرقانچە مۇتتەھەملىك قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن پاكىت ۋە گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئالدىدا باش ئېگىپ، خەلق ساقچىسى ئابدۇسەمەتنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىنى ئېقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## 25 . ئۆچمەنلىك ئەسلىدە سەرگەردان نارەسىدىلەرنى تالىشىشتىن باشلانغانىدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ نېرى-بېرىسىنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلدى: ” قاتىل ۋەھشىيلىكتە چېكىگە يېتىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ 16 يېرىگە پىچاق ساپتۇ. ئۇنىڭ ئابدۇسەمەتتىن ئالالمايۋاتقان زادى نېمە ئۆچى بار بولغىيدى؟“

بەزىلەر: ”ئابدۇسەمەت ئىلگىرى ئۇنى تۇتۇپتىكەندۇق“مۇ دېيىشتى.

ئابدۇسەمەت بۇجى ساقچىخانىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى، خالىق قاتارلىقلار قورامىغا يەتمىگەن باللارنى بۇجى بازىرى ۋە شىنجىڭنىڭ شەھەر رايونىدا يانچۇقچىلىق، بۇلاڭچىلىققا سېلىپ، جىنايەت تۇغدۇرۇۋاتاتتى. بۇجى ساقچىخانىسىغا قاراشلىق جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى بۇ جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئىزچىل دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن تىل ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن دېلو ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئىشەنچلىك پاكىت توپلاشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى.

ئابدۇسەمەت كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تىل ۋە مىللەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇجى بازىرىدا مەدىكارلىق ۋە تىجارەت قىلىدىغان بىر مۇنچە ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشتى، ئۇلار بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالغان ھامان، ئابدۇسەمەت ئۇلارغا خۇددى قېرىندىشى ئورنىدا ياردەم قىلاتتى. بىر قېتىم بىر ئۇيغۇر ئوقەتچى تىجارەتتە قويۇلۇپ كېتىپ، ھېچقانداق ئامال قىلالماي ئاخىرى ئابدۇسەمەتنى ئىزدەپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەت ھېلىقى تىجارەتچىنىڭ قويمىچى قويۇپ كەتكەن پۇلىنى ئۇندۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتتىن ئەنسىرىدى. لېكىن ئابدۇسەمەت: ”ھەممىمىز ئۇيغۇر تۇرساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن شىنجېنغا كېلىپ تىرىكچىلىك قىلمىقىمۇ ئاسان ئەمەس- دە! قولۇمدىن

كېلىشىچە ياردەم قىلغىنىمنى تۇرۇڭ. ئۇلارغا بىز ساقچىلار ئىگە بولمىساق كىم ئىگە بولىدۇ؟‹‹ دېگەنىدى مېھرىگۇلگە.

يەنە بىر قېتىم 29 ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر يىگىت باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ بۇجى ساقچىخانىسىغا داد ئېيتىپ كەلدى، ئابدۇسەمەت بۇ ئىشنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇ يىگىتنى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى.

بىر كۈنى چۈشتە شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت ساقچىخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىۋېتىپ، پۈتۈن ئۈستىۋېشى چىلىق- چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ھېلىقى يىگىتنىڭ سىرتتا تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— ئەجەپ يامغۇردا تۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ كىيىملىرىڭىزنى ئالماشتۇرىۋالسىڭىز بولغانىكەن!

— مېنىڭ ئالماشتۇرغۇدەك كىيىمىمۇ يوق، — دېدى ھېلىقى يىگىت ئاچچىق كۈلۈپ. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت:

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى- دە، ياتىقىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ بار- يوقى بىر نەچچە قۇر كىيىمىنىڭ يېڭىراقىدىن بىرىنى ئېلىپ چىقىپ ھېلىقى يىگىتكە بەردى، ئاندىن ئۇنى كوچىدىكى مۇسۇلمان ئاشخانىسىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بەردى.

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ھېلىقى يىگىت ئابدۇسەمەتنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى، ئۇ يىغلامسىراپ تۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ بىرىدىن پىچاق يەپ يارىلىنىپ، يارىسىنى داۋالىتاي دېسە پۇل يوق، بەك قىيىنىلىپ كەتكەنىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇسەمەت دەرھال ئۇنىڭغا يارىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل بەردى.

ساقچىخانىدىكىلەر بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئابدۇسەمەتتىن سورىدى:

— ئابدۇسەمەت، ئويلاپ بېقىڭا، ئاشۇنداق قىلىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ؟

— ئۇلار ئىگە- چاقىسىز سەرگەردانلار، — دېدى ئابدۇسەمەت بۇنىڭغا جاۋابەن، — قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ قويسام، ساۋاب بولۇپ قالار!

ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى يىگىت: «يۇرتقا قايتىپ كېتەي دېگەنىدىم، لېكىن كىراغا پۇلۇم يوق» دېگەن گەپنى قىلدى. ئابدۇسەمەت دەرھال مېھرىگۈلگە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك كىرا كېتىدىغانلىقى، قانداق ماڭسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ يەنە باشقىلارغا ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى قەستەن گەپكە سېلىپ باقتى:

— سىز قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

— قولىغا ئازراق پۇل بېرىپ پويىزغا سېلىپ قويايمىكىن دەيمەن، — دېدى ئابدۇسەمەت، — يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ھالال تىرىكچىلىكى بىلەن جېنىنى باقسۇن!

لېكىن مېھرىگۈل بۇ گەپكە قوشۇلمىدى:

— شىنجىڭدا ئىش تېرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە سىز ئىگىمۇ؟ خەقكە ياردەم قىلىۋەرسىڭىز، ئەتە - ئۆگۈن «ئابدۇسەمەت دېگەن ساخاۋەتچى باركەن» دەپ ھەممىسى كېلىۋالسا قانداق قىلىسىز؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— بۇ پۇلنى مەنلا چىقارمايمەن، — دەپ چۈشەندۈردى ئابدۇسەمەت، — باشقا ئوقەتچى ئۇيغۇرلارمۇ چىقىرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھرىگۈل تېخىمۇ سەكرەپ كەتتى:

— چامىڭىز يەتسە پۇلنى ئۆزىڭىزلا چىقىرىڭ، چامىڭىز يەتمىسە باشقىلاردىن ياردەم سورىغۇچى بولماڭ. ناۋادا پۇل چىقارغانلار ئىدارىڭىزغا كېلىپ: «ئابدۇسەمەت بىزدىن پۇل يىغىپ خەقنى خۇش قىلدى» دەپ دەۋا قىلىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئادەمدە گۇناھ بولمىسا خەقتىن پىچاق يەپ يۈرمەيتتى. مېنىڭچە ئۇنداق ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!

— ماقۇل، — دېدى ئابدۇسەمەت. لېكىن مېھرىگۈل يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى، چۈنكى ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنتايىن جاھىل ئىكەنلىكىنى، قىلمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى، بەزىدە ئاغزىدا ھە دەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا مېھرىگۈل ئەتىسى ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلغاندا يەنە ئاشۇ گەپنى چىقاردى:

—— خاتىرجەم بولۇڭە مېھرىگۈل، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، —— دېدى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلگە. ئابدۇسەمەتنىڭ يەنىلا باش- باشتاقلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە مۇنداق ئەقىل كۆرسەتتى:

—— ياكى بولمىسا، بۇ ئىشنى سىز ساقچىخانا باشلىقىغا مەسلىھەت سېلىپ بېقىڭ. ناۋادا ئۇلار بوپتۇ دېسە، شۇ بويىچە قىلىڭ: "ئابدۇسەمەت، سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما" دەپ قالسا، ئەڭ ياخشىسى كارىڭىز بولمىسۇن.

—— ۋاي بولىدۇ، بولىدۇ، ماقۇل دېدىمغۇ ماقۇل، —— دەپ كەتتى ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قىلدى.

ئابدۇسەمەت بۇجىغا يېڭىدىن كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ ناھايىتى قالايمىقان ئىكەنلىكىنى، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق دېگەنلەر ماڭدامدا بىر كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، كىچىك پەرھاتقا چاقچاق ئارىلاش: "مۇشۇمۇ ئالاھىدە رايونما؟ ئىشىكتىن چىقساڭلا تاغ، جىنايەتچى دېگەن پۇتۇڭغا پۇتلىشىپ تۇرغان، بەئەينى ئوغرى- بۇلاڭچىنىڭ ئۇۋىسىغىلا ئوخشايدىكەنغۇ!" دېگەنىدى. ئابدۇسەمەت كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىزمەتكە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، بولۇپمۇ غەربىي شىمالدىكى نامرات رايونلاردىن نۇرغۇنلىغان ئاققۇنلار بۇ يەرگە ئىش ئىزدەپ پۇل تاپقىلى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرگە كىرىشتە تورلۇك كىنىشكا ۋە ئىسپاتلار بولمىسا بولمايتتى، شۇڭا ئاققۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر ئىچىگە يېقىن ھەم ئاۋات بۇجى بازىرىغا توپلاشقانىدى. ياپونىيە «جۇسسوجىما» شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، بۇجىدىكى ئاققۇنلار 1 مىليون 200 مىڭدىن ئاشىدىكەن. بۇ، بۇجىدىكى دائىم تۇرۇشلۇق 70 مىڭ نوپۇسنىڭ 17 ھەسسىسىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ساقچى شتاتى شۇ رايونلاردىكى يەرلىك نوپۇسنىڭ سانىغا قاراپ بېكىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇجى ساقچىخانىسىدىكى ساقچىلار تولىمۇ ئازلىق قىلاتتى. يەنە كېلىپ ئاققۇنلارنىڭ ئىچىدە خىلمۇ خىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھالال ئەمگىكى بىلەن جان

باقسمۇ، لېكىن ئاققۇنلار ئارىسىدا ئىش تېرىپلا يۈرىدىغان جاھان بۇزۇقلىرى، تۈرمىدە يېتىپ چىققانلار، ھەتتا تۇتتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قاچقۇن جىنايەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇلار ھە دېسىلا چاتاق چىقىرىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇشتۇمزورلار سېتىپ ياكى ئالداپ ئەكەلگەن نارەسىدە بالىلارنى رەستە، ماگىزىن ۋە بانكا قاتارلىق ئاۋات جايلاردا تىلەمچىلىك، يانچۇقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا سېلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئىنتايىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

بۇ ھال ئابدۇسەمەتنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا تېگەتتى. ئۇ قولىقىدىن سوزۇپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن، كوچا ـ كويلاردا بولۇشىغا تاياق يەۋاتقان ئاشۇ بالىلارنى كۆرگىنىدە ھەم غەزەپلىنەتتى، ھەم يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاشۇ بىچارە بالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئوغرى ـ يانچۇقچى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئالداپ يولدىن چىقىرىشى ۋە زورلىشى بىلەن ئاشۇ يولغا ئامالسىز مېڭىپ قالغان نارەسىدىلەر ئىدى، مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا ئاتا ـ ئانا مېھرى ۋە توغرا تەربىيىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئىستىقبالىنى يوقاتقان شور پېشانىلەر ئىدى. ئۇلارمۇ ناۋادا ئۆزگە ئوخشاش ئوقۇپ، سىستېمىلىق ۋە ياخشى تەربىيە كۆرەلىگەن بولسا، ئەلگە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايتتى. كىشىلىك ھايات يولىدىكى بۇ ئاسمان ـ زېمىن پەرققە نېمە دېگۈلۈك: ئۇنىڭ بىرى ئاقىللىق، ئىشچانلىق ۋە باياشادلىققا تولغان جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ، يەنە بىرى نادانلىق، تەييارتاپلىق ۋە نامراتلىققا تولغان دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ...

ئاشۇ نارەسىدە بالىلارنى يولدىن چىقىرىپ، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا سېلىۋاتقان ھېلىقى پەردە ئارقىسىدىكى خوجايىنلار بولسا پاك ۋە غۇبارسىز بالىلارنى دوزاخقا ئىتتىرىۋاتقان گۇناھكارلاردۇر، ئاشۇ جىنايەتچىلەرنى قانۇننىڭ قامچىسى بىلەن قاتتىق ساۋىماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىكى بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئابدۇسەمەت: «ئاشۇ بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش مەندەك خەلق ساقچىلىرىنىڭ بۇرچى» دەپ قارايتتى.

بىر كۈنى سەي خۇاسۇڭ بۇجى ساقچى مەھكىمىسىدە ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇسەمەت ۋە ۋاڭ كەي بىلەن مۇڭداشقىلى كىردى، بۇ ئۈچ

ساۋاقداش دېلو ھەققىدە بىردەم پاراڭلاشتى. سەي خۇاسۇڭ ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىدا 10 نەچچە ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ كىم؟

ئابدۇسەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئىنىم.

— شۇنداقمۇ؟ ئابدۇسەمەت سېنىڭ ئاكاڭ بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇسەمەتنىڭ گېپىگە دەرگۇمان بولغان سەي خۇاسۇڭ.

ھېلىقى بالا سەي خۇاسۇڭغا جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى ۋە ئابدۇسەمەتكە قاراپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ئۇسساپ كەتتىم، سۇ ئىچىمەن، سۇ!

— مانا، مانا ھازىر، — دېدى ئابدۇسەمەت ۋە بىر ئىستاكان سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا ئازراق ئاپلېسىن شەربىتى تەڭشەپ، بالىغا بەردى.

سەي خۇاسۇڭ ھېلىقى بالىنىڭ ئابدۇسەمەتكە ئەركىلەپ، ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى راستتىنلا ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ ھېلىقى بالىدىن يەنە سورىدى:

— قاچان كەلدىڭ؟ سېنى كىم ئەكىلىپ قويدى؟

ۋاڭ كەي سەي خۇاسۇڭنىڭ بۇ گەپلىرىگە كۈلۈپ كەتتى:

— راست دەپ قالدىڭما؟ ئۇ دېگەن ئابدۇسەمەتنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى!

— ھە، بۇ نېمە ئىش؟

— بىر كۈنى ئابدۇسەمەت يولدا كېتىۋاتسا بۇ بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ: "جېنىم ئاكا، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!" دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋاپتۇ. ئابدۇسەمەت ئۇنى يېتىلەپ ياتىقىغا ئەكىلىپ سورىسا، ئۇمۇ خوتەنلىك بولۇپ، بۇ يىل 10 ياشتا ئىكەن. ئەسلىدە ئۇنى خالىق ئىسىملىك بىرى شىنجاڭدىن ئالداپ ئەكىلىپ، يانچۇقچىلىق قىلىشقا زورلاپتۇ. ئۇ بالا قىلمايمەن دېسە، خالىق بالىنى نەچچە قېتىم ئۇرۇپتۇ. ئۇ بالا ئامالسىز كوچىغا چىقىپ يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، قاتتىق تاياق يەپتۇ. بۈگۈن ئۇ بىر پۇرسەت تېپىپ خالىقنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ، نەگە بارارىنى ئۇقالماي تۇرغاندا، ئابدۇسەمەتكە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالغانىكەن.

ـــ ئۇنداقتا ئۇنى نېمىشقا قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئاپىرىپ بەرمىدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى سەي خۇاسۇڭ.

ـــ شۇ ئەمەسمۇ؟ باشقىلارمۇ ئابدۇسەمەتكە شۇنداق دېگەنىدى. بىراق، ئابدۇسەمەت: «بالا كىچىككەن، قوتقۇزۇش پونكىتىنىڭ تامىقىنى ئۇ يېيەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بۇ بالىنى شىنجاڭغا ئاپىرىپ قويالىشىمۇ ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالىدىن پايدىلىنىپ ئاشۇ يانچۇقچىلار شايكىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ...» دەپ ئويلاپ، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالدى.

ـــ بەك چىرايلىق بالىكەن بۇ!

ـــ ۋاي، يېڭى كەلگەندە كۆرمىدىڭ. خېلى كۆنەرگىچە كوچىدا تەمتىرەپ يۈرگەچكىمىكىن كىيىم- كېچەكلىرى ھەم قاسماق، ھەم جۇل- جۇل، ئۈستىبېشى بەدبۇي پۇراپ تۇراتتى. ئابدۇسەمەت ئەكەلگەندىن كېيىن ئۇنى پاك- پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، پۈتۈن ئۈستىبېشىنى يېڭىلاپ، مۇشۇنداق چىرايلىق قىلىۋەتتى. شۇنداق ھە، پەرھات؟

ئابدۇسەمەت ئىچ- ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كۈلدى:

ـــ بەك قارنى يامان تازكەن بۇ! كۈنىگە ئۈچ ۋاق تاماقنى تويغۇدەك بېرىپ تۇرۇپ، كەچتە يەنە كوچىدىكى ئاشخانىغا ئاچىقمەن.

ـــ شۇنداق قىلىپ بىر ئوغۇل تېپىۋالدىم، دەڭ، ـــ سەي خۇاسۇڭ ئابدۇسەمەتكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ـــ شۇنداق، كەلگۈسىدە بالام بولسا ئۇنىڭغا ئوبدان قارايمەن، ھازىرچە بۇ مېنىڭ ئوغلۇم! ـــ دېدى ئابدۇسەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئابدۇسەمەت پەرھات دېگەن بۇ بالىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ساقچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى ئىزدىدى.

بىراق، ئابدۇسەمەت بۇ بالىغا ئىگە بولمەن دەپ ئۆزىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنىمۇ تېپىۋالدى. ئۇ كۈندۈزى ئىشقا چىقىدىغان چاغدا، ئۇنى ياتاقتا يالغۇز قالدۇرۇشتىن ئەنسىرەپ، ساقچىخانىدىكى ماشىنىست ياكى ۋاقىتلىق ئىشچىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا: «چۈشتە بۇ بالىغا ئۇدۇلدىكى مۇسۇلمان ئاشخانىسىدىن تاماق ئېلىپ بېرەرسىلەر» دەپ پۇل قالدۇرۇپ قوياتتى. كەچتە كېچىلىك ئىشلىرىنىمۇ تۈگىتىپ كىرىپ ئاندىن ئۇ بالىنى يەنە يۇيۇندۇرۇپ ئۇخلىتاتتى.

24 ـ دېكابىر كۈنى شىي جيەنكەي نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ يېنىغا ئۆڭ ـ سىڭلى يوق يۈگۈرۈپ كىردى:

ــــ بايا ياتاقتا يۇيۇنغاندىم، چىقىپ قارىسام پەرھات يوق تۇرىدۇ، ھەمىيېنىممۇ كۆرۈنمەيدۇ. شايكىنىڭ ئادەملىرى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنمۇ ـ قانداق؟

ــــ ئاپلا، بايا بىر ئۇيغۇر كەلگەندەك قىلغان!

ئابدۇسەمەت دەرھال چىقىپ ئوغرى كۆز(مەخپىي كۆزىتىش ئەسۋابى ــــ تەرجىماندىن) نىڭ لېنتىلىرىنى ياندۇرۇپ كۆرۈپ باقتى، دېگەندەكلا بىر ئۇيغۇرنىڭ سۈرىتى چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئەنسىرىگەن ئابدۇسەمەت باشلىقىدىن رۇخسەت سوراپ كوچىغا چىقىپ ئىزدىدى.

ئابدۇسەمەت بۇ بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سوراپ يۈرۈپ، يانچۇقچىلار شايكىسىغا مۇناسىۋەتلىك بەزىبىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەن ھەم ئۇنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ۋاڭ كەي ئىككىسى ئىزدەپ بارغان، لېكىن شايكىدىكىلەر ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇسەمەت ئەتىسى يەنە بىر ئۇيغۇر ئېيتىپ بەرگەن يىپ ئۇچى بويىچە، بىر ئىجارە ئۆينى ئىزدەپ تېپىپ، شايكا ئەزالىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ كەلدى. ئابدۇسەمەت ئۇلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، شايكىدىكى باشقىلارنىڭ تېخىچە بار ئىكەنلىكىنى، پەقەت باشقا ئۆيگە كۆچۈپ بېرىپ، يەنە يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتى. ئابدۇسەمەت بۇنى تۇتۇپ سوراق قىلىش رەسمىيەتلىرىنى تولۇق بېجىردى. لېكىن داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشقا پاكىت يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 48 سائەتتىن كېيىن يەنە قويۇۋەتتى.

ئابدۇسەمەت دەككە ـ دۈككىدە ئىدى: "بۇ بالىنى شايكىدىكىلەر بۇلاپ كەتتىمۇ ـ يا؟ ناۋادا شۇنداق بولسا ئۇ قاتتىق تاياق يەيدى، دېگەن گەپ. ئۆلۈم خەۋپى چىقىپ قالارمۇ؟"

پەرھات ئىسىملىك ئۇ بالا ساقچىخانىدا 10 نەچچە كۈن تۇرغان بولغاچقا، ئۇنى ساقچىخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تونۇيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ھەم جىددىيلەشتى، ھەم ھەيران بولۇشتى. بەزىلەر ئابدۇسەمەتكە چاقچاق قىلىشتى:

— «دېھقان بىلەن يىلان» دېگەن ھېكايىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىڭغۇ ئابدۇسەمەت!

ئابدۇسەمەت پەقەت ئاچچىق كۈلەتتى:

— بۇ بالا يامان ئۆگىنىپ قاپتۇ، يولدىن چىقىپتۇ. ھەمىيىنىمدىكى پۇل تۈگىگەندىن كېيىن قانداق قىلار؟ يەنە يانچۇقچىلىق قىلارمۇ؟

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىدىن تەسىرلەندى، شۇندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۇ ئىش توغرىلىق چاقچاق قىلمايدىغان بولدى.

ئابدۇسەمەت شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش داۋامىدا بىر قانچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ پەرھاتنىڭ يانفوندا تارتىلغان سۈرىتىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ دېرىكىنى قىلدى ۋە ئۇلارغا بۇ بالىنى ئۇچراتقان ياكى ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئاڭلىغان ھامان خەۋەر قىلىشىنى تاپىلىدى.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى بالا يوقاپ كەتتى. كەچتە ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلگە تېلېفون قىلغاندا، گەپ ئارىلىقىدا بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ سالدى:

— بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن، ئۇ سەرگەردان بالىنىڭ بېشىنى سىيلايمەن دەپ يېتتۈرۈپ قويدۇم، باشلىقلىرىمغا نېمە دەرمەن؟

مېھرىگۇل بۇنى ئاڭلاپلا تىرىكىپ كەتتى:

— ئۇ بالىنى ئېلىپ كەلگەندە ماڭا گەپ قىلماي، يىتىپ كەتكەندە ئاندىن دېگىنىڭىز نېمىسى ئەمدى؟

لېكىن ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ ئىشنى نېمىشقا دېمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مېھرىگۇلگە ئايان ئىدى. چۈنكى مېھرىگۇل ئابدۇسەمەتنىڭ نەدىكى يوقۇلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغانلىقىنى ياقتۇرمايتتى، ھەتتە ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ئۆچ ئىدى. شىنياڭدا ئوقۇۋاتقان چاغلاردىمۇ ئابدۇسەمەت كوچىدا بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ كېتەتتى، ھەتتا ئالايىتەن بېرىپ سالام قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. مېھرىگۇل ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئاغرىنسا، ئابدۇسەمەت مېھرىگۇلدىن: ”سىزدە يۇرت مۇھەببىتى چوڭقۇر ئەمەسكەن“ دەپ، ئاغرىناتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەت مېھرىگۇل بۇ ئىشنى ئۇقسا يەنە خاپا بولۇپ يۈرمىسۇن، دەپ پەرھات دېگەن بۇ بالىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مېھرىگۇلگە بىلدۈرمىگەنىدى.

مېھرىگـۇل ئابدۇســەمەتنىڭ تەشــكىللىچانلىقى ۋە ئىنتىزامچــانلىقى ناھــايىتى كۈچلـۈك بولغــىنى بىلـەن، بـەزى جەھەتلـەردە قورقۇنچـاقراق ئىكـەنلىكىنى ئوبـدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئابدۇسەمەتكە ئەقىل كۆرسەتتى:

ــ سىز دەرھال ۋوگزال ئەتراپىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت كىنىشكىسـى بىلـەن ھـېلىقى بـالىنىڭ سـۈرىتىنى ئالغـاچ بېرىـپ، شـۇ يـەردىكى ساقچىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىڭ.

ئابدۇسەمەت مېھرىگۈلنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە دەرھال ۋوگـزالغا باردى. لېكىن ئۇنىڭ خىزمەت كىنىشكىسى ھېلىقى بالا ئوغرىلاپ كەتكەن ھـەميانىنىڭ ئىچىـدە ئىدى، يېڭىدىن بېجىرتىۋاتقان كىنىشكا تېخى پۈتمىگەنىدى. ئۇ بۇ ئىشنى مېھرىگۈلگـە ئېيتمىدى.

ئابدۇسەمەت ۋوگزالغا بېرىپمۇ ئۇ بـالىنىڭ دېـرىكىنى ئـالالمىدى، بۇنـىڭ بىلـەن ئۇ ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالدى. ئابدۇسەمەت ۋاڭ كەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزى ئـازراق يىـپ ئۇچىغـا ئىگـە بولغـان بىـر يـانچۇقچىلار شايكىسـىنىڭ ئۇۋىسـىنى چۇۋۇپ تاشلىماقچى بولـدى. ئۇ يەرگـە بۆسـۈپ كىرىشنىڭ تـېخى پـەيتى پىشىپ يېتىلمىگـەن بولسـىمۇ، لېكىـن ھـېلىقى بـالىنىڭ ئېنىقسـىزلىكى ئۇچـۇن شـۇنداق قىلمـايمۇ ئامـال يـوق ئىدى.

شۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە بەش ئـادەم قولغـا چۈشـتى. ئۇلارنىـڭ ئىچىـدە كىچىـك تۇرغۇن دەيدىغان 23 ياشلىق بىرسى بار ئىدى، كېيىن ئۇنىـڭ شىنجىن ئەتراپىـدىكى يـانچۇقچىلار شايكىسـىنىڭ ئاتامـانى ئىكـەنلىكى ئېنىقلاندى. يەنـە بىـرىنىڭ ئىسمى خالىق بولۇپ، ئۇ تۇرغۇننىڭ قولچومىقى ئىدى، قالغان ئۈچى تېخى قورامىغا يەتمىگـەن بـالىلار ئىـدى. ئـۇلار ئاساسـەن دۇڭمېـن، خـۇا چيـاڭبېي، بۇجـى قاتـارلىق جـايلاردا يانچۇقچىلىق قىلاتتى. ئابدۇسەمەت بىلەن ۋاڭ كـەي ئۇلارنـى تۇتـۇپ كېلىپ، بىـر قۇر سوراق قىلدى، لېكىن ئۇلارنـى داۋاملىـق تۇتـۇپ تۇرۇشقا پاكىت يېتـەرلىك بولمىغاچقا، 48 سائەتتىن كېيىن يەنە قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولـدى، بـۇ ئىـش ئابدۇسـەمەت بىلـەن ۋاڭ كـەينى ناھـايىتى ئەپسۇسـلاندۇردى. خـالىق شـۇ كۈنـدىـن باشـلاپ ئابدۇسـەمەتنى تونۇۋالــدى ۋە ئۇنىڭدىــن قورقــۇپ تۇرســىمۇ، لېكىــن ئىچىــدە ناھــايىتى كۈچلـۈك ئۆچمەنلىك قوزغالدى.

پەرھات ئىسمىلىك ھېلىقى بالىنىڭ سەرگەردان بالىلارنى قانۇنسىز ئىشلارغا سالىدىغان شايكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ئابدۇسەمەت تەرەپ-تەرەپتىن ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىرەيلەن پەرھاتنى تۇيۇقسىزلا يېتىلەپ كەلدى. ئەسلىدە ھېلىقى ئادەم پەرھاتنى لۈكچەك بازىرىدىكى بىر تورخانىدا ئويناۋاتقان يېرىدە ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە: «ئابدۇسەمەت سېنى ئىزدەپ بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ يەردە غېمىڭدە يوق ئويناپ ئولتۇرۇپسەنغۇ، ماڭ!» دەپ ئۇدۇللا بۇجى ساقچىخانىسىغا ئەكەلگەنىكەن.

ئابدۇسەمەت پەرھاتقا كايىپمۇ كەتمىدى. پەقەت ئەپسۇسلىنىپ باشلىرىنى چايقىدى:

— ساڭا شۇنداق ياخشىلىق قىلساممۇ، ھەمىيىنىمنى ئوغرىلاپ قېچىپسەپ، سەن تاز ئادەم بولمىغۇدەكسەن!

پەرھات ئابدۇسەمەتنىڭ ھەمىيىنىنى قايتۇرۇپ بەردى. ھەمياندا ئەسلىدە 1200 يۈەن پۇل بار ئىدى، ھازىر ئۇنىڭدىن پەقەت 10 يۈەنلا قالغانىدى.

ئابدۇسەمەت بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ دەرھال شىنجاڭدىكى ساقچىلار بىلەن ئالاقىلاشتى، مېھرىگۇلمۇ تەرەپ-تەرەپكە تېلېفون قىلدى. شۇنداق قىلىپ پەرھات دېگەن بۇ بالىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئاخىرى تېپىلدى.

ئەسلىدە بۇ بالىنىڭ دادىسى خوتەندىكى بىر بانكىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن. بەش بالىنى ئەر-ئايال ئىككىسى ئىككىدىن ئاپتۇ، پەرھات بولسا هاممىسىغا قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتەپتىن چىقىۋاپتۇ. ئاندىن هاممىسىنى ئالداپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىقىپتۇ. ئۈرۈمچىدە ئۇنى بىرى يېنىغا تارتىپ: «مەن سېنى ئىشلەيدىغان بىر يەرگە ئاپىراي، ئۇ يەردە جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دەپ، گۇاڭجۇ ئارقىلىق شېنجېنغا ئېلىپ كەپتۇ.

ئابدۇسەمەت پەرھاتنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارغا: «پۇل ئەۋەتىڭلار، بالاڭلارنى ئايروپىلاندا يۇرتقا سالىمىز» دېدى. لېكىن ئۇلار پۇل ئەۋەتمىدى. ئابدۇسەمەت ئۇلارنى بالىسىغا پۇل ئەۋەتكۈدەكمۇ قۇدرىتى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

شۇڭا ئۇ سىياسىي كومىسسار پېڭ گوچېڭنىڭ يېنىغا كىردى:

— پەرھاتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تاپتۇق، مەن ئۇنى شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويايمىكىن دەيمەن.

— قانداق يولغا سالاي، دەيسەن؟

— ئايروپىلان بىلەن. شۇ كۈنى بىرەر ماشىنا چىقىرىپ ئۇنى ئايرودرومغا يەتكۈزۈپ قويسىلا بولىدۇ.

— بولىدۇ، مېنىڭ ماشىنام بارسۇن، ھە راست، ئايروپىلان بېلىتىنى قانداق قىلىسەن؟ 2000 يۈەندىن ئاشىدۇ، جۇمۇ! ساقچىخانىدىن ئېلىپ بېرەمىلى، قانداق؟

— ياق، بولدى. ئۆزۈم تاپقان ئىش بولغاندىكىن بېلەتنىڭ پۇلىنمۇ ئۆزۈم چىقىراي.

ساقچىخانىدىكىلەر ئابدۇسەمەتنىڭ ئادەتتە ئىنتايىن تېجەشلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈدىغانلىقىنى، يېمەي - ئىچمەي دېگۈدەك پۇل يىغىپ، ھەر ئايدا ئۆيىگە 2000 يۈەن ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق مانا ئەمدى، سەرگەردان بالىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئايروپىلان بىلەن يولغا سالماقچى بولۇۋاتىدۇ:

— پويىز بىلەن يولغا سالسىڭىز بولمامدۇ؟ بىر نەچچە يۈز يۈەن بىلەن ئىش پۈتىدۇ ئەمەسمۇ!

— شىنجاڭغا پويىزدا بېرىش ئۈچۈن، بېيجىڭغا بېرىپ پويىز ئالمىشىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئابدۇسەمەت، — مۇشتۇمدەك بالا پويىزدا يالغۇز ماڭسا بىرەر چاتاق چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا ئايروپىلاندىلا ماڭسۇنمىكىن!

ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى:

— ئاتا - ئاناڭنىڭ ساڭا «پەرىشتە» (ئابدۇسەمەت — ئاللانىڭ پەرىشتىسى دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن) دەپ ئىسىم قويغانلىقى بىكار ئەمەسكەن، — دېيىشتى ئۇلار، — كۆڭلۈڭ خۇددى پەرىشتىنىڭكىدەك ئاقكەن ئەمەسمۇ، ئابدۇسەمەت!

ئۇ بالىنىڭ كىملىكنامىسى بولمىغاچقا، دەسلەپتە ئايروپىلان بېلىتى ئالغىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساقچىخانىدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى

بالىنىڭ رەسىمىنى چاپلاپ، ئۈستىگە ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇردى. شۇنداق قىلىپ ئايروپىلان بېلىتىنى ناھايىتى تەستە ئالدى.

2003 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر كۈنى ئابدۇسەمەت ھېلىقى بالىنى ئايرودرومغا ئۆزى ماشىنىدا ئېلىپ باردى ۋە ئايروپىلان خادىملىرىغا بالىغا ئوبدان قاراپ قويۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى، ئۇ تاكى ئايروپىلان قوزغالغىچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن بۇجىغا يېنىپ كەلدى.

ئۇ ساقچىخانىغا كىرىپلا، مېھرىگۈلگە: ”ھېلىقى بالىنى ئايروپىلاندا يولغا سالدىم، ئالدىغا چىقىڭ“ دەپ تېلېفون قىلدى.

مېھرىگۈل ئۆزۈمچى ئايرودرومغا ئۇ بالىنىڭ تاغىسى بىلەن بىرگە چىقتى. ئۇلار ئايروپىلان ساقلىغاچ تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشتى، پەرھاتنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ ھەممىينىنى ئېلىۋالغانلىقى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ھېلىقى ئادەم:

ـــ ئۇ تاز ئوغرىلىغان ھەمىيانىنىڭ ئىچىدە پۇلدىن باشقا يەنە خىزمەت كىنىشكىسىمۇ بارمىشقۇ؟ ـــ دەپ سوراپ قالدى.

مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىنىمۇ ئوغرىغا بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خاپا بولدى ـ يۇ، لېكىن باشقا گەپ قىلمىدى.

پەرھات يېتىپ كەلدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭ بىلەن تاغىسىنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، پەرھاتنىڭ خوتەندىكى ئانىسىغا: ”ئوغلىڭىز پەرھات قايتىپ كەلدى“ دەپ تېلېفون قىلدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن پەرھاتنىڭ ئانىسى تېلېفوندا يىغلاپ كەتتى. مېھرىگۈل يەنە تېلېفوننى پەرھاتقا بېرىپ، ئۇنى ئانىسى ۋە ئىنىسى بىلەن كۆرۈشتۈردى، ئاندىن پەرھاتنىڭ ئانىسى بىلەن بالىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى كېلىشىۋالغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، بالىنى تاغىسىغا تاپشۇردى.

مېھرىگۈل ئايرودرومدىن قايتىپ كىرىپ دەرھال ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىپ، بولغان ئىشلارنى دەپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن: ـــ خىزمەت كىنىشكىڭىزنىڭ يىتكەنلىكىنى نېمىشقا مەندىن يوشۇرىسىز؟ دەپ رەنجىپ كەتتى.

ـــ سىزنى خاپا بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ...

ـــ خىزمەت كىنىشكىڭىزنى يامان ئادەملەر قولغا چۈشۈرىۋېلىپ، بىرەر بالا ـ قازا تېرىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟

— شۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، سىزگە دېمەي تۇرغان...

— بۇندىن كېيىن نېمە ئىش بولسا ماڭا دەڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا سىز ئۈچۈن، بىلەمسىز؟

— بىلىمەن مېھرىگۈل، بىلىمەن... نېمىلا بولمىسۇن، پەرھات دېگەن بۇ چاپىنىكەش تاز يېڭى يىلنى ئاخىرى ئۆز ئۆيىدە خۇشال- خورام ئۆتكۈزۈدىغان بولدى- دە!

## 26. ئابدۇسەمەت ھەققانىيەت ئۈچۈن ئاداقىچە ئېلىشتى.

خالىق ئابدۇسەمەتنى ھەر ئاماللارنى قىلىپمۇ ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەچكە، ئۇنىڭغا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇجى ساقچىخانىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خالىقنى تونۇيتتى. چۈنكى ئابدۇسەمەت خالىقنى بىر قېتىم تۇتۇپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، خۇددى ئېلىشمىغۇچە تېپىشماپتۇ دېگەندەك، ئۇنى پات- پاتلا ئىزدەپ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىش قىلىپ خالىق بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئابدۇسەمەتنىڭ يېنىغا تولا كېلەتتى، گاھىدا كىنىشكا بېجىرىمەن دەپ كەلسە، گاھىدا ماجرانى ئايرىپ قوي، دەپ كېلەتتى، گاھىدا ھەتتا غەرق مەست بولۇۋېلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغىلى كېلەتتى...

لېكىن ئابدۇسەمەت ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى، خالىق باشچىلىقىدىكى يانچۇقچىلار شايكىسىنى بىتچىت قىلىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى تېخىمۇ چوڭ ئاتامانلىرىنى تۇتۇش ئىدى. ئابدۇسەمەت ”ئۇلارنىڭ ئاتامانى ئاكا- ئۇكا ئىككەيلەنمىش، ئىككىلىسىنىڭ ئىسمى تۇرغۇنمىش. چوڭ تۇرغۇن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى، كىچىك تۇرغۇن بولسا شىنجىن شەھىرىدىكى سەرگەردان باللارغا قوماندانلىق قىلارمىش. خالىق ئۇ ئىككىسىنىڭ قولچومىقى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ قولىدىكى سەرگەردان باللار ئوغرىلاپ ياكى بۇلاپ كەلگەن پۇل- پۇچەك،

يانفون، يان كومپيۇتېرى دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ، پەردە ئارقىسىدىكى ئاتامانغا تاپشۇرارمىش» دەپ ئاڭلىغانىدى.

ئابدۇسەمەت بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ باشقا خىلدىكى دېلولارنى پاش قىلىشقا قارىغاندا ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى دېلو تۇغدۇرىدىغانلار تېخى قورامىغا يەتمىگەن باللار بولغاچقا، قانۇندا ئۇلارنى قاتتىق جازالاش ئىمكانىيىتى چەكلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى چوڭ جىنايەتچى ھەققىدىكى شىكايەت ۋە گۇۋاھلىق سۆزلىرىنىڭ دېگەندەك ۋەزنى بولمايتتى.

شۇڭا بۇنداق دېلونى ئۇزۇل- كېسىل پاش قىلىشتا پەردە ئارقىسىدىكى ئاتامانىنى بىۋاستە تۇتۇشقا توغرا كېلەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار نەق مەيدانغا ئۆزى چىقمايتتى. ئۇلار پۇزۇر كىيىنگەن، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەيش- ئىشرەت ئىچىدە يۈرۈدىغان، سالاپەتلىك بار ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئېسىل داچىلاردا ئولتۇراتتى؛ خوتۇنى، ئاشنىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيچۆرىسىدە پەرۋانە ئىدى، بالىلىرى بولسا ئېسىلزادىلەر مەكتىپىدە ئوقۇيتتى.

ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەچچە ئونلىغان ھەتتا نەچچە يۈزلىگەن نارەسىدە باللار تىلەمچىلىك، يانچۇقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىپ پۇل تاپاتتى، بۇ سەرگەردان نارەسىدىلەر ئەمەلىيەتتە پەردە ئارقىسىدىكى ئاشۇ قارا نىيەتلەرنىڭ دېلو تۇغدۇرۇپ ئۇلارنى پۇخادىن چىقىرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يانچۇقىنى توملايدىغان تىرىك مۇردىلار ئىدى. شۇڭا ئابدۇسەمەتكە ئوخشاش ساقچىلار ئۇلارنىڭ قولىدىكى بىرەر بالىنى قۇتقۇزۇپ چىقسا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تاپاۋىتى ئازىيىپ كېتەتتى، دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ «ئېشىغا توپا چاچقانلىق» ئىدى.

ئىلگىرى ئۇلار بۇجىدەك ئۆلكە بويىچە ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادى گۈللەنگەن داڭلىق بازاردا قاتتى- سوقتى بىلەن خېلى كۆپ تاپاۋەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىچىدە ناھايىتى خۇشال ئىدى، چۈنكى بۇ يەردىكىلەر يانچۇقچى ئۇيغۇر باللىرىنى تونۇۋالسىمۇ تىللاپ- قاخشاپ ياكى ئىككى تەستەك سېلىپ قويۇپ بولدى قىلاتتى. بەزىلەر 110 غا تېلېفون قىلىپ، باللارنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرسە، شايكىدىكىلەر تۇتۇپ كېتىلگەن بالىنىڭ يىراقتىن ئىزىغا چۈشەتتى. باللار ساقچىخانا ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا بارغاندىن كېيىن، خوجايىنلىرى ئۆگەتكىنى

بويىچە گاس ـ گاچا بولۇۋالاتتى ياكى ئۇيغۇرچە بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى. بەزىلىرى يىغلاپ ـ قاخشاپ غەلۋە قىلاتتى؛ بىرتۋانى بىلىكىگە تەگلەپ ياكى بېشىنى تامغا ئۇرۇپ ساقچىلارغا تەھدىت سالاتتى. ساقچىلار مىللەتلەر سىياسىيتىگە خىلاپلىق قىلىپ قالارمىزمۇ دەپ ئەنسىرىگەچكە، يەنى كېلىپ بۇ قورامىغا يەتمىگەن باللارغا چېتىشلىق دېلو بولغاچقا، ئاز ـ تولا تەنبىھ بېرىپ قويۇۋېتەتتى، بەزىدە قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئاپىرىپ بېرەتتى.

باللار ساقچىدىن چىقىپلا ئاممۇى تېلېفوندىن خوجايىنلىرىغا تېلېفون قىلاتتى، خوجايىنلىرى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتەتتى.

يىغىۋېلىش پونكىتى ئۇ باللارنى ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇلارنى شىنجاڭغا بارىدىغان پويىزغا سېلىپ قوياتتى. ئۇ باللار گەرچە شىنجاڭ سەرگەردان باللارنى قۇتقۇزۇش پونكىتىدىكىلەرنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ، بەزىلىرى پۇرسەت تاپسىلا غىپپىدە قېچىپ كېتىپ، خوجايىنلىرىغا خەۋەر قىلاتتى. بەزىلىرى ھەتتا ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ يەنە قېچىپ كېتەتتى.

شېنجېن جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا، بولۇپمۇ بۇجى ساقچىخانىسىغا ئۇيغۇر ساقچى كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالدا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ساقچىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدەك تىل ئۇقمايدىغان گاس ـ گاچا بولۇۋالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرۈشىغا ئەگىشىپ ساقچىلار نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتى.

دەسلەپتە شايكىدىكىلەر: ”ئابدۇسەمەت دېگەن ساقچى قانداقلا بولمىسۇن ئۇيغۇر بولغاندىكىن كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بەك كۆرنمىزگىمۇ كىرىۋالماس“ دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇلار چوتنى خاتا سوققانىدى.

ئۇلارھېس قىلدىكى،ئابدۇسەمەت تىل ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر بولغىنى بىلەن جىنايەتچىلەرگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى، ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدىكى ئەستايىدىللىقى جەھەتلەردە خەنزۇ ساقچىلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر جىنايەتچىلەرنى تۇتقاندا ئۇلارغا ياردەم قىلىش، كەچۈرلىك قىلىش، قانات يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىچ ئاغرىتىپمۇ قويمايتتى.

ئابدۇسەمەت خىزمەتتە ھېرىش- چارچاش دېگەننى بىلمەيتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خىزمەتكە ئاتايتتى. مەيلى ئۆزى تۇرۇشلۇق ساقچىخانا تەۋەسىدىكى مۇشتۇمزورلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، پاكىت توپلاشتا بولسۇن ياكى شەھەر رايونىدىكىلەرنىڭ سوراقلىرىغا ياردەملىشىشتە بولسۇن، ئابدۇسەمەت ھەممىدە ئاشۇنداق ئەستايىدىل ئىدى. جىنايەت گۇماندارى ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ بىر جۈپ ئۆتكۈر ھەم سىنچى كۆزىگە قارىغان ھامان، كۆز بويامچىلىقلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ بولغانلىقىنى سېزىپ، خۇددى يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالاتتى- دە، قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇشتۇمزورلار ئىچىدە پۇر كەتتى.

— ئابدۇسەمەت دېگەن بۇ گوي بەك يامانكەن!

— ناۋادا ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالالىغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى!

— يولۋاسقا قانات چىقاتتى دەڭلا، قانات!

ئۇلارغا ئاخىرى پۇرسەت كەلدى. خالىقلار قولغا ئېلىنىپ سوراق قىلىنىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىرمىلەن كېلىپ، ئابدۇسەمەتنى بىر چەتكە چاقىردى.

— بۇ ئازراق بولسىمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، — دېدى ئۇ ئابدۇسەمەتكە 10 مىڭ يۈەن تەڭلەپ، — ئادىمىمىزنى قويۇپ بەرسىڭىز، بىز دوست بولۇپ قالايلى. بۇندىن كېيىن نېمىگە ھاجىتىڭىز چۈشسە مانا بىز تەييار.

ئۇ ئادەم ئەسلىدە شۇ قېتىم توردىن چۈشۈپ قالغان خوجايىن خۇپىيانە ئەۋەتكەن كىشى ئىدى.

ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى:

— سەن مېنى سېتىۋالماقچىما؟ ئاڭلاپ قوي، مەن ئۇچامدىكى بۇ ساقچى فورمىسىنى كىيگەندە قەسەم قىلغانمەن. پۇلۇڭنى دەرھال يوقات، بولمىسا پارا شۇڭغۇتتى، دەپ ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن!

ھېلىقى ئادەم غىپپىدە قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ئابدۇسەمەت ئۇ ئادەمنىڭ بېرىپ تۆھمەت قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى جاڭ جىيوگنىڭ يېنىغا كىردى:

ــــ بايا دېلو ئىشلەۋاتسام بىرەيلەن كىرىپ يەڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەن تەڭلەۋاتىدۇ، ئۇنى دەككە بېرىپ چىقىرىۋەتتىم. سىزگە دوكلات قىلغىلى كىردىم، ئىسپات بولارسىز.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇلار شۇڭغۇتقان پارىنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى.

ئابدۇسەمەت ئىلگىرى خالىققا نۇرغۇن ياخشى گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلغانىدى:

ــــ سىلەر نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار. سىلەرگە پۇلنى ئوغرىلىتىپ قويغان ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاشۇ پۇلنى مىڭبىر جاپادا تاپىدىغان مەدىكارلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ، ئىچىڭلار ئاغرىمامدۇ؟... سىلەر مۇشتۇمدەك باللارنى بۇ يەرگە ئالداپ ئەكىلىۋاتىسىلەر. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى باللىرىنىڭ مۇشۇ ھالىنى كۆرسە نىمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇ باللار سىلەرنىڭ ئارقاڭلارغا كىرىپ تەربىيىسىز قالدۇ، يولدىن چىقىدۇ، ئاخىرى بېرىپ جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قالدۇ... بۇنى بىلەمسىلەر؟

شۇنىڭدىن كېيىن خالىقلار ئابدۇسەمەت بۇ يەردە بولسىلا ئۇلارغا ھەرگىز ئارامچىلىق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. كېيىن ئۇلار يەنە ”ئابدۇسەمەت لوخۇ رايونىدىكى دۇكمېن ساقچىخانىسى يانچۇقچىلىققا زەربە بېرىش ئەترىتىنىڭ بىر نەچچە يانچۇقچىلار شايكىسىنى بىتچىت قىلىشقا ياردەملىشىپتىكەن، قولغا چۈشكەنلەر سوراقتا ئابدۇسەمەتكە تەڭ كېلەلمەي ھەممىنى دەۋېتىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى يانچۇقچىلار تىرىپىرەن بولۇپ كېتىپتۇ. توردىن چۈشۈپ قالغانلىرى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتا ياكى باشقا يەرلەرگە كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ“ دېگەن گەپنى ئاڭلىدى.

يانچۇقچىلار شايكىسىنىڭ خوجايىنلىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قول چوماقلىرىنى ئابدۇسەمەتكە مۇنداق دەپ تېلېفون بېرىشكە بۇيرىدى: ”لوخۇ رايونىدىكى ھېلىقى كىرپە باشقا دەپ قوي، ھوشىنى يىغىپ يۈرسۇن. بولمىسا، ئۇنى ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ جاجىسىنى بېرىمىز! ئۆزۈڭمۇ غىرت قىسىپ يۈرگىن، ئويغۇر ئىككەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما! بولمىسا سېنى پايلاپ تۇرۇپ ھەرقانداق ۋاقىتتا جايلىۋېتەلەيمىز!“

ئابدۇسەمەت بۇ تەھدىتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك غەزەپلەندى. ئۇ ئالدى بىلەن ياقچۇقچىلار شايكىسىدىكىلەر ”كىرپە چاچ“ دەپ ئاتايدىغان چىن ۋېيچۈەنگە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنى ئېھتىيات قىلىپ يۈرۈشكە ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى چىن ۋېيچۈەن يانچۇقچىلار شايكىسىدىكىلەرنى دىر- دىر تىترىتىۋېتىدىغان ئەزىمەت ئىدى، شۇڭا يانچۇقچىلارنىڭ ”خوجايىن“لىرى ئۇنى چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرەتتى.

شۇ چاغدا چىن ۋېيچۈەنمۇ ئابدۇسەمەتكە ئېھتىيات قىلىپ يۈرۈشنى تاپىلىغاندا، لېكىن ئابدۇسەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر بولغاندىكىن، ئۇلار ماڭا قەست قىلىپ يۈرمەس، — دېگەنىدى.

بىراق ئويلىمىغان يەردىن، ئابدۇسەمەتنى دەل ئۆزى بىلەن بىر يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتدىشى خالىق قىلچە رەھىم قىلماي، 16 يېرىگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى...

## 27. يالغانچىلىق قانلىق جىنايەتنى ياپالمىدى.

سوتتىكى جاۋابكار ئورۇندا ئولتۇرغان خالىق بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ ئاخىرى ئىچى پۇشتى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى: ئۆزى ئادەم ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلتۈرگىنى ساقچى. بۇنىڭغا سوتتا نېمە دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ بۇ قىلغىنى ئۈچۈن پات ئارىدا بەدەل تۆلەيدۇ، چۈنكى قانغا قان- جانغا جان ئېلىنىدىغانلىقىنى كىچىك باللارمۇ بىلىدۇ.

سوت جاۋابكار ئۈچۈن تەكلىپ قىلغان ئادۋوكات خالىققا ئەيىبنامە بىلەن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جايلار بولسا سوتتا بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويسا بولىدىغانلىقىنى، ئادۋوكات شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنى ئاقلىسا بۇنىڭ جاۋابكارغا بېرىلىدىغان جازانى يەڭگىللىتىشكە پايدىسى بارلىقىنى ئېنىق ئېيتتى. لېكىن، باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت جىم

ئۆلتۈرۈپ ئاڭلاش ئەزەلدىن جاھانكەزدىلىككە كۆنۈپ كەتكەن خالىق ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز ئۇ ياق- بۇ ياققا ھاڭۋېقىپ قارايتتى. سوتنىكلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەتتى.

خالىقنىڭ كۆزلىرى ئابلەتكە ئاغدى. ئۇ ئابلەتكە، ئابلەتنىڭ لەۋزىدە تۇرماي ئۆزىنى سېتىۋەتكەنلىكىگە نەپرەتلىنەتتى: ”ۋوي، ئاناڭنى لاتا غالاپ! شۇ چاغدا بەرگەن پۇلۇمنى موككىدە ئېلىپ، ‹ھېچكىمگە تىنمايمەن، ئۇسمانغىمۇ دېمەيمەن› دېگەنلىرىڭ قېنى سېنىڭ؟ ساڭا ئىشىنىپ كېتىپ، بۇ ئىشنى ئىس- بۇسى چىقماي بېسىلىپ قالار، دەپ ئىتكەنمەن تېخى. سەن گويى مېنى سېتىۋەتمىگەن بولساڭ، ساقچىلار مېنى تۇتالمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى ساڭا ‹شىنجاڭغا كېتىمەن› دەپ قويۇپتىكەنمەن، بولمىسا ساقچىلارغا ياتىقىمنى دەپ بېرەر ئىكەنسەن، ھەتتا ساقچىلارنى ياتىقىمغا باشلاپ كېلىشتىنمۇ يانمايدىكەنسەن، ساتقىن!“

شۇڭا ئابلەتنىڭ سوتتا ”خالىق مېنى جەسەتنى يۆتكەشكە ئۇنىمىسام ئۇنىماي مەجبۇرلاپ ئاپاردى“ دېگەن گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى خالىق قەتئىي رەت قىلىپ:

ــــ يالغان، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنىڭغا: ”بىر ساقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم“ دەپ ئېنىق ئېيتقان، ــــ دەپ تۇرۇۋالدى.

چۈنكى خالىق: ”ساقچىلار ئۇ گۇيىنىڭ گەپلىرىگە قانچىلىك ئىشىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم؟ ئۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىغان بولغاندىكىن تېنىۋالسام بولىۋېرىدۇ“ دەپ ئويلىغانىدى.

خالىق سولاقخانىدا يېتىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ كەتتى: ”ئابلەت دېگەن گۇيىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ساقچىغا گۇۋاھلىق بېرىپ قويۇشىنى بىلگەن بولسام، شۇ چاغدا جەسەتنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپلا ئۇ گۇيىنىمۇ بىر پىچاق بىلەنلا جايلىۋېتەر ئىكەنمەن. ياسىن دېگەن بۇ ھارامدىن بولغان شۇمچۇ تېخى! ساقچىغا ھەممىنى دەۋەتتا، ئاناڭنى شۇم! سېنى ئانچە- مۇنچە تىللاپ، ئۇچۇقداپ قويغىنىمنى دەپلا مېنى سېتىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ، لاتا؟ مەن بولمىغان بولسام ھازىر سەن ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا ئەخلەت تېرىپ يۈرگەن بولاتتىڭ. ئاكاڭ خالىق بولمىغان بولسا، گۇاڭجۇ، شېنجېندەك چوڭ شەھەرلەرنى كۆرەلەيتتىڭمۇ؟ ھازىرقىدەك ياخشى يەپ- ياخشى

كىيىپ ئويىنىيالايتتىڭمۇ؟ ھەر قېتىم ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان چاغلىرىڭدا يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويىغان پۇللىرىمنىڭ مىغىزىنى چاقالايتتىڭمۇ؟ سەن گۇي ساقچىلارغا: ‹ياتىقىمدىن چىقسام ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم يېتىپتۇ. ئۇ سەل ئىڭرىۋېدى، خالىق ئۇنىڭ يوتىسىغا يەنە ئىككى پىچاق سالدى. ئاندىن مېنى پىچاقنىكى قانلارنى يۇيىۋەتكىن دەپ بۇيرۇدى› دەپ گۇۋاھلىق بەرمىگەن بولساڭ، ئۇلار مېنى قاتىل دەپ بېكىتەلمەيتتى!‹‹

بىراق ئابلەتنىڭ دەسلەپتە بۇ ئىشنى ئىنسۇ- جىنغا تىنمىغانلىقى، ھەتتا ئوسمانغىمۇ ››خالىق باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتىكەن ياردەملەشتىم‹‹ دەپ قويغانلىقىدىن خالىق بىخەۋەر ئىدى. كېيىن ساقچىلار قاتتىق تەكشۈرۈشكە كىرىشتى، ئەھۋالنىڭ چاتاقتەك تۇرغانلىقىنى بايقىغان ئوسماننىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى ۋە ئابلەتكە 400 يۈەننى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى دەرھال شىنجىڭدىن كېتىشكە بۇيرۇدى. بىراق، ئۇ چاغدا بېكەت، پىرىستان ۋە يوللارنىڭ ھەممىسى قامال قىلىنغان بولغاچقا، مىدىر- سىدىر قىلغىلى بولمايتتى. جىق قازانلاردا قايناپ باققان ئوسمان بىر بالا- قازانىڭ شەپىسىنى سەزدى- دە، ئابلەتتىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى كوچىلاپ سورىدى، شۇنىڭ بىلەن ئابلەت بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. ئوسمان ساقچىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قانچىلىك ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى، ئابلەتنىڭمۇ قېچىپ قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئابلەتنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

خالىق ئابلەتتەك بالا- قازانىڭ ئۇرۇقىنى شۇ چاغدا بىراقلا يوقۇتىۋەتمەي تىرىك قالدۇرۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى: ››ئىسىت، شۇ چاغدا كاللام نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ خوجايىنىنىڭ مېنى كاللىسى يوق دۆت، دېيىشلىرىمۇ بىكار ئەمەسكەن!‹‹

خالىقنىڭ سولاقخانىدىكى كۈنلىرى 5- ئېيۇن كېچىدە ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى سانسىز قېتىملاپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆتتى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ دەككە- دۈككىگە چۈشۈپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇ ئىش ئايان ئىدىكى، ئۇ گەرچە خوجايىنىنىڭ گېپى بويىچە ياتاقنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى چۆرۈۋەتكىنى بىلەنمۇ، نەق

مەيدان هامان بىر كۆنى ئاشكارىلانماي قالمايتتى. جەسەتنى يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكىنى بىلەنمۇ، ساقچىلار ئۇنى چوقۇم تاپالايتتى. چۈنكى ئابدۇسەمەت دېگەن ساقچى تۇرسا، ساقچى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۇققان هامان، قاتىلنى چوقۇم تۇتماي قويمايدۇ...

خۇدا ساقلا! پېشانەم ئۇنچىۋالامۇ تەتۈر ئەمەستۇر؟ مەڭگۈ پاش بولماي قالىدىغان دېلولارمۇ ئاز ئەمەسقۇ...!

خالىق خوجايىنىنىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېتىۋالغانلىقىنى تېلېفوندا ئۇقتى. خالىق ئاپتوبۇس بىلەن گۇاڭجۇغا كەتمەكچى بولۇپ بېكەتكە كەلدى، لېكىن بېكەتنىڭ بىلەتخانىسى، تەكشۈرۈش ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىگە ساقچىلار يېغىپلا كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ قولىدا خالىقنىڭ سۈرىتى تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن خالىق دەرھال تىكىۋەتتى. كېچىسى ئۇ ئىجارە ئالغان ئۆيگە قايتىپ بېرىپ يېتىشقا پېتىنالمايتتى، ساراي، مېھمانخانىغا بېرىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن خالىق تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا تۈنەشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىبېشى تىلەمچىلەردىنمۇ مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى.

خالىق قورقۇپ، مۆكۈپ يۈرۈپ ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن بەتتەرلىشىپ كەتكەنىدى. خالىق ئۇيغۇردىن بىرەرسىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىمەكچى بولدى. يۇ، لېكىن كۆپ ئالاقە قىلىدىغان ئادەملەرنى بېرىپ ئىزدەشكە پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كەينىگىمۇ ئالللىقاچان ساقچىلار چۈشۈپ بولغانلىقىنى خالىق سېزىپ بولغانىدى. خالىق فۇتيەندە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇرىدىغان بىر يەرنىڭ بارلىقىنى يادىغا ئالدى، خالىق شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر بىلەن ئاز- تولا تونۇشاتتى، بۇنداق چاغدا ئانچە قويۇق ئارىلاشمايدىغان ئاشۇنداق كىشىلەرنى ئىزدىگەن تۈزۈك. چۈنكى ساقچىلار ئۇنداقلارغا ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. خالىق كۆز باغلانغاندا فۇتيەن رايونىنىڭ شا تيەن دېگەن يېزىدىكى دېھقانلار بىنالىرىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ، باشقىچە غەيرىي ئەھۋالنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن بىر بىناغا ھاسىراپ- ھۆمۈدىگىنىچە كىردى- دە، بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقتى. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ،

ئىشكنى چېكەي دەپ قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈشگە، ئۇستىنكى قەۋەتتىن تۆت ئادەم گويا ئاسماندىن چۈشكەندىلا يوگورۇپ چۈشۈپ، ئۇنى يەرگە بېسىپلا قوللىرىنى كەينىگە قايرىدى. خالىق ساقچىلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئابدۇسەمەت قەستكە ئۇچرىغان نەق مەيدان تېپىلغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نەق مەيداندىكى قاننىڭ كۆپىنچىسىنىڭ A تىپلىق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇ ئابدۇسەمەتنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇنى كۆرگەن سەپداشلارنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى. لوڭگاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ كۇەنجى بىلەن سىياسىي كومىسسار يۈەن شياڭبىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال بۇجى ساقچى مەھكىمىسىگە كېلىپ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، رازۋېدكىنى باشلىۋەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكى پۈتۈن ئىدارىنى لەرزىگە سالدى.

—— بۇ دېلونى چوقۇم پاش قىلىشىمىز كېرەك، —— دېدى ليۇ كۇەنجى، —— ئابدۇسەمەتكە زىيانكەشلىك قىلغان قاتىلنى تۇتالمىساق، بۇ بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نومۇس!

ساقچىلار ئابدۇسەمەت قەستكە ئۇچراشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان ئادەمنىڭ خالىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىقنىڭ ياتىقىدىن ئىككى ئادەمنىڭ ئېلىشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىزلار ۋە نۇرغۇن قان داغلىرى بايقالدى. دېمەك، خالىق تەبىئىيلا ساقچىلارنىڭ نەزىرىدىكى بىرىنچى جىنايەت گۇماندارى بولۇپ قالدى.

جەمئىي 12 مىليون نوپۇس ئىچىدە، ئاققۇنلار تۇراقلىق نوپۇسنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان شېنجېندەك بۇنداق مىڭ ـ مىڭ ئادەم دېڭىزىدىن بىر ئادەمنى ئىزدەپ تېپىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشلا ئىدى.

قانداق ئېنىقلاش كېرەك؟ خالىق زادى نەدىدۇر؟ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لوڭگاڭ، فۇتيەن، نەنشەن، باۋئەن قاتارلىق تۆت شۆبە ئىدارىدىن 100 دەك ساقچىنى ئاجرىتىپ كېچە ـ كۈندۈز تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شەپىنى سەزگەن يىرتقۇچ ئەلۋەتتە ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. تۈلكە ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس شەپىدىنمۇ ئۇۋچىنىڭ يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى بايقىۋالالايدۇ. 5 ـ ئىيۇن چۈشتىن ئاۋۋال، لاقا ـ لۇقىلىرىنى بىر يانغا دۆۋىلەپ قويۇپ، يول ياقىسىدا ماشىنا ساقلاپ تۇرغان ئوسمان ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ ئەسلىدە تارىم رېستورانىدا ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بالا ـ ۋاقىسى ۋە يۇگۈر ـ يېتىمچىلىرىنى ئېلىپلا شىنجاڭدىن كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن كېچىكىپ قالدى.

ئوسمان ساقچىلار كۆرسەتكەن سۈرەتلەر ئىچىدىن خالىقنىڭ سۈرىتىنى كۆرستىپ تۇرۇپ، ئۇنى تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ دەل خالىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى:"خالىق ئابلەتنى ئىزدەپ كەلگەندە ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق يارىسى ۋە يەڭلىرىدىكى قانلارنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ قالغانىدىم" دېدى ساقچىلارغا. ئوسمان ناھايىتى قاقۋاش ئادەم ئىدى، ئۇ ساقچىلارنىڭ ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ گەرچە بۇ دېلو بىلەن چېتىشلىقى بولمىسىمۇ، لېكىن ساقچىلاردىن تېزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاكتىپ ماسلىشىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ساقچىلار ئۇنىڭدىن خالىقنىڭ شەھەر ئىچىدە باشقا تۇرار جايى ياكى دوستىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىغاندا، ئۇ فۇتيەن رايونىنىڭ شاتۇ دېگەن يېرىدە بىر تونۇشى بار بولۇپ خالىقنىڭ ئىلگىرى شۇ يەردە قونغانلىقىنى، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بەك يېقىن ئارىلىشىپ كەتمىگەنلىكىنى دەپ بەردى.

ساقچىلار مۇھىم كۈچنى فۇتيەن شاتۇ تەرەپكە يۆتكەپ، ئۇ ئەتراپنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە ئايرىپ، مەسئۇلىيەتنى ھەربىر ساقچىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاندىن ئاشپۇزۇل، ئىجارە ئۆي، ساتىراشخانا دېگەنلەرنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ، بۇ رايوننى تولۇق قامال قىلدى. شۇڭا ئۇچىسىغا ئاق مايكا، قارا ئىشتان كىيگەن خالىق پەيدا بولغان ھامان ساقچىلار ئۇنىڭدىكى ئالامەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ساقلاپ ئولتۇرغان جىنايەت گۇماندارىنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئۇنى كاپپىدە تۇتقانىدى.

خالىق تۇتۇلغاندىن كېيىن، ساقچىلار پاكىتنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ قىلچە گۇمان قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، خالىقنى DNAلىق تەكشۈردى، خالىقنىڭ قېنى

B تىپلىق بولۇپ چىقتى. دېمەك نەق مەيداندا بايقالغان ئىككى خىل قان ئىزنىڭ يەنە بىرى دەل B تىپلىق ئىدى.

خالىق ناۋادا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام قانداق قىلسام بولار؟ قانداق قىلسام جىنايىتىمنى يوشۇرۇپ قالالايمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ باققان بولسا كېرەك. يالغانچىلىق ئۇنىڭ ئاشۇ شايكىغا كىرگەندىن بۇيان يېتىلدۈرگەن ئەڭ يۇقىرى ماھارىتى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ياقا يۇرتتا قېقىلىپ- سوقۇلۇپ ئۆتكۈزگەن ئۆمرىدە قانچىلىك يالغان ئېيتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كىچىك چاغلىرىدا ئانىسى ئۇنىڭغا ”«قۇرئان»دىكى ئايەتلەردە بار، يالغان سۆزلىگەن ئادەم خۇدانىڭ نەپرىتىگە قالىدۇ، بالام!“ دەپ نەسىھەت قىلاتتى. لېكىن ئۇ نەسىھەتلەر خالىققا نىسبەتەن ناھايىتى يىراقتىكى بىر زامانغا، ھەتتا باشقا بىر دۇنياغا تەۋە گەپلەر ئىدى.

خالىقنىڭ ھىيلىگەرلىكى ساقچىلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، شۇڭا سوراق ئىنتايىن تەسكە چۈشۈۋاتاتتى.

ئۇ دەسلەپتە تاماقمۇ يېمەي، ئۇخلىماي، گەپمۇ قىلماي بۈتتەك ئولتۇرۇۋالدى. كىچىك پەرھات كىرىپ گەپ قىلسىمۇ، مىت قىلىپ قويمىدى.

خالىقنى سوراق قىلىشقا بۇجى ساقچىخانىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى جۇ گاڭ قاتناشتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەلگەن بۇ خۇنەنلىك ئەزىمەت ئىلگىرى ئابدۇسەمەتنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچىخانىغا كەلگەندىن كېيىن، كەسپىي ماھارەت جەھەتتە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىگەنلىكىنى، دېلولارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، خىزمەتنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىدە خەنزۇلاردىن قېلىشمىغىدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇنى كۆرگەن جۇ گاڭ ئابدۇسەمەتنىڭ ناھايىتى ئىستىقباللىق يىگىت ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغانىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئابدۇسەمەت تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتتى، بۇ كېلىشمەسلىك ھەممىنى ھەسرەتتە قويدى. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رازۋېدكا ئەترىتىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى گو خۇگۇيمۇ ناھايىتى تەجرىبىلىك ساقچىلاردىن بولۇپ، نۇرغۇن چوڭ دېلولارنى پاش قىلىشقا قاتناشقانىدى.

ئۇلار سەپدىشى ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈرگەن ۋەھشىي قاتىل خالىقتا كۆزلىرىنى مىختەك تىككەن چاغلىرىدا، ئۇنى چايناپ پۇركۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

بىرەر ئامال تاپمىسا ساقچىلار ئۇنى بوش قويمايدىغانلىقىنى سەزگەن خالىق يالغاننى توقۇش يولى بىلەن جىنايىتىدىن قاچماقچى بولدى.

ئۇ جىنايىتىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى: ”ئابدۇسەمەتنىڭ مېنىڭ ياتىقىمدا ئۆلتۈرۈلگىنى راست. لېكىن ئۇنى پۇرقەت ئۆلتۈردى، مەن پۇرقەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئابدۇسەمەتنى بىز ئىجارە ئالغان ئۆيگە باشلاپ كىردىم. بىز كىرىشىمىزگىلا پۇرقەت يەنە بىر نەچچە ئادەم بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈرۈۋەتتى...“

خالىقنىڭ دېگەنلىرى ساقچىلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ ئېگىلىگەن پاكىتلارغا ماس كەلمەيتتى، ئابلەت ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندا تاپشۇرغان ئەھۋاللاردىنمۇ پەرق قىلاتتى. ئۇنىڭ يالغانچىلىقى پۈتەنلەي چېنىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن خالىقنىڭ بىرىنچى كوزىرى يوققا چىقتى.

ئارىدىن تۆت سائەت ئۆتكەندىن كېيىن خالىق يەنە ئىقرار قىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئۆينىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ئۇيغۇرلار ئۇرۇشۇپ كەتتى، كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. ئۇلار ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مېنى جەسەتنى ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشكە ياردەملىشىشكە بۇيرىدى. مەن ياق دېيىشكە پېتىنالمىدىم...“ خالىقنىڭ كاللا دېسە پاقالچاق دېگەندەك گەپلىرى ساقچىلارنى ئىشەندۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى كوزىرىمۇ بىكار بولدى.

ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن خالىق يەنە سۆزلىدى: ”ئابدۇسەمەتنى چوڭ تۇرغۇن ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى پۇرقەت ئىدى، ئابدۇسەمەت ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىنىسى كىچىك تۇرغۇننى تۇتقان بولغاچقا، ئۇ ئابدۇسەمەتكە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى...“

خالىقنىڭ چوڭ تۇرغۇن دېگىنى شىنجاڭدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قاچقۇن جىنايەتچى بولۇپ، خالىقلارنىڭ خوجايىنى ئىدى. دېمەك، خالىق ئىشنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ قويسام، قۇتۇلۇپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى.

لېكىن ساقچىلار يۇقىرى پەن- تېخنىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق تۇرغۇننىڭ شۇ كۈنى كەچتە شېنجېندا ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇنىڭ بىلەن تۇرغۇنىنىڭ مەزكۇر دېلونى سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى دەرھال ساقىت قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، خالىقنىڭ ئۈچىنچى كورۇرىمۇ ئاخىرى سۇغا چۈشكەن چالمىغا ئوخشاپ قالدى.

ئىككىنچى قېتىملىق سوراقتا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى رازۋېدكا باشقارمىسى نۇر زىيايىدىن ئىسىملىك تەجرىبىلىك ئۇيغۇر ساقچىنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك پەرھات ئىككىسى ھەمكارلىشىپ، خالىققا روھىي جەھەتتىن تۇيدۇرماي ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى: «سەن يەنە يالغان ئېيتىۋاتىسەن، دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي خاتا!» ئىككى ئۇيغۇر ساقچى خەنزۇ ساقچىلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئۇنىڭ ئىقرارىدىكى دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى ئۇششاق ھالقىلىرىغىچە تەپسىلىي تەھلىل قىلدى.

خالىقنىڭ ھەرقانچە قۇۋ بولسىمۇ يالغانىنى قىلچە چاندۇرماي راستتەك قىلىپ توقۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ساقچىلار قولىغا چۈشۈرگەن پاكىتلار، باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ۋە ئورۇنلۇق ئەقلىي خۇلاسىلەر ئالدىدا خالىق خۇددى تۆشۈككە قاپسىلىپ قالغان ھىيلىگەر چاشقانغا ئوخشاپ قالدى. چۈنكى چاشقان ھەرقانچە ھىيلىگەرلىك قىلىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا قاچىدىغان باشقا تۆشۈك تاپالماي، تۆشۈكنىڭ قاپقان قۇرۇلغان ئېغىزىغا كېلىدۇ - دە، قاپقانغا چۈشۈپ، تۆت پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتىدۇ.

مىختەك قادىلىپ تۇرغان جۇپ - جۇپ غەزەپلىك كۆزلەردىن خالىق دىرىلدەپ تىترەشكە باشلىدى. پۇختا لوگىكىلىك تەھلىللەر ئالدىدا ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرى خۇددى شامال سوققان توزغاققا ئايلاندى. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن دەرمانسىزلانغان خالىقنىڭ مېڭىسى خۇددى سېھىرلەنگەندەك ئىشلىمەيلا قالدى، شۇنىڭ بىلەن راست گەپ قىلماقتىن باشقا يولىنىڭ قالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خالىق زۇۋانغا كەلدى: «ئابدۇسەمەتنى مەن ئۆلتۈردۈم، مەستلىكتە ئەمەس، بەلكى كونا ئاداۋىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم. ئابدۇسەمەت ئىلگىرى مېنى قولغا ئالغاندى، بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، قولۇمدىكى شوركىلارنى قاچۇرۇپ بولدى، مېنىڭ پېيىمگە چۈشتى. ھە دېسىلا ئۇنى ئېيت، بۇنى دەپ بەرگىن دەپ كۆزۈمگە

كىرىۋالدى. ئاشۇ ئىش بولۇشتىن يېرىم ئاي بۇرۇن ئۇ ساقچىلارنى باشلاپ بىز تۇرغان يەرگە تەكشۈرۈپ كەلدى. كېيىن ئۇقساق، ئۇ قېتىمقىسى نۆۋەتچى ساقچىلارنىڭ رەسمىيەت ئۆچۈن ئىجارە ئۆيلەرنى مۇنداقلا تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئىكەندۇق. لېكىن ئابدۇسەمەت ئۇلارنى بىز تۇرغان ئورۇنغا ئەتەي باشلاپ كەپتىكەن. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، ئابدۇسەمەتنىڭ هامان مېنى ئارامىمدا قويمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى...»

خالىق ئاخىرىدا شۇنداق دېدى: «ئابدۇسەمەت مېنىڭ كۆزۈمگە قادالغان مىخ، تاپىنىمغا سانچىلغان تىكەن، ئۆلسەممۇ ئۆچۈم چىقمايدىغان دۈشمىنىم...»

## 28. سەرسانلىق خالىقنى هالاكەتكە باشلىغانىدى.

خالىق راست گەپ قىلىپ قىلمىشىنى ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، ئىچى خېلىلا بوشاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ سولاقخانىغا قايتىپ كىرىپ راسا قېنىپ ئۇخلىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا شۇ ئۇخلىغىنىچە ئويغانمىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ هە! ئۇ ئويغاندى، لېكىن قويقۇسى كەلمەي ئۇزاقتىن ئۇزاق ياتتى.

ئىلگىرىكى كەچمىشلەر خۇددى بىر قارىسا چۈشتەك، بىر قارىسا بولغان ئىشتەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى...

ئۇنىڭ سولاقتا يېتىپ باقمىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. كىچىك ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيگە بىر كېچە ـ كۈندۈز سولاپ قويغىنى هازىرغىچە ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بېرىپ، ئۇلارنىڭ 10يۈەن پۇلىنى ئوغرىلىۋالغانىدى، شۇ چاغدا ئۇ بالىنىڭ دادىسى خالىققا: «بالام، پۇلنى ئوغرىلىدىڭمۇ ـ يوق؟ راست گەپنى قىلساڭلا بولىدۇ، هەرگىز داداڭغا دېمەيمەن» دېگەندى مۇلايىملىق بىلەن. خالىق ئاخىرى راستىنى ئېيتىپ، پۇلنى ئوغرىلىغانلىقىغا ئىقرار بولدى ۋە ئايىغىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان پۇلنى ئېلىپ بەردى.

بىراق هېلىقى ئادەم گېپىدە تۇرماي، خالىقنىڭ پۇل ئوغرىلىغانلىقىنى ئۇنىڭ دادىسىغا دەپ قويدى. خالىقنىڭ دادىسى نېرى ـ بېرىسىنى سورىمايلا خالىقنى

بولۇشىغا ئۆرۈپ يۈز- كۆزىنى كۆكەرتىۋەتتى، ئاندىن ئۇنى قاراڭغۇ قازىناققا بىركىچە-كۈندۈز سولاپ قويدى، قورسىقىغا تاماقمۇ بەرمىدى. يەنىلا ئانىنىڭ باغرى يۇمشاق بولىدىكەن، خالىقنىڭ ئانىسى ئوغلىغا ئىبرىدىن خۇپىيانە نان ئەكىرىپ بەردى.

خالىقنىڭ ئىككى ئاكىسى بولۇپ، ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇيتتى. خالىق مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە ئۇنىڭ ئىنى- سىڭىللىرىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، دادىسى ئۇنى مەكتەپكە بەرمەي، ئۆينىڭ ئىش- كۈشلىرىگە سالدى.

خالىق دەسلەپتە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دوستلىرىغا ناھايىتى ھەۋەس قىلدى، ھەتتا مەكتەپكە بېرىپ سىنىپىنىڭ دېرىزىلىرىگە سىرتتىن تويماي قاراپ كېتەتتى. كېيىن ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغانمۇ ياخشىكەن دەپ قالدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، مەكتەپتە ئوقۇمىساڭ تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن، ئىمتىھان بېرىمەن دەپ غەم قىلمايسەن، مۇئەللىمنىڭ تەنبىھلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن، ئۆز بەگ- ئۆز خان ياشايسەن.

بىر كۈنى خالىق كەنتتىكىلەرنىڭ پوزۇر كىيىنگەن بىر ئادەمنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، خالىق بېرىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى. ئۇ ئادەمنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەسلىدە بەك نامرات ئىكەندۇق. كېيىن ئۇ ئادەم يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ئون نەچچە يىل ئوقەت قىلىپ، ھازىر كاتتا خوجايىن بوپتۇ. بۇ دورەم ئۇ دادىسىنىڭ نامىزىغا كەلگەنىكەن، ئەتە-ئۆگۈن يەنە ماڭىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن خالىقمۇ ئاشۇ ئادەمگە ئوخشاش ئوقەت قىلىپ جىق پۇل تېپىپ، خوجايىن بولۇشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

1998- يىلى خالىق 14 ياشقا كىردى. ئۇ بەزىدە خوتەن ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا ئۆيىدىن ئۆزۈم، پاختا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاپىرىپ ساتىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ نەرسىلىرىنى سېتىپ بولۇپ، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ توخۇ قوردىقى يېگۈسى بار ئىدى. لېكىن كىرەي دېسە ئۆيگە بارغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ پۇلنى بۇزۇپسەن، دەپ تىللاپ كېتىشىدىن قورقاتتى.

دەل شۇ چاغدا 30 ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەن كېلىپ قالدى.

ــــ ئۇكام، تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ ــــ دېدى ئۇ كىشى ئەدەب بىلەن، ــــ نېمە يېڭىلىق بار؟ ماڭە، مەن مېھمان قىلاي!

پاھ، ماۋۇ ئامەتنى قارىمامدىغان! خالىق قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ پوزۇر كىيىنگەن بۇ كىشىگە مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە نېمەدەپ رەھمەت ئېيتىشنى ئۇقالماي تۇرۇپلا قالدى.

ــــ يۈرە- يۈرە، ــــ دېدى ھېلىقى ئادەم ئۇچۇق- يورۇقلۇق بىلەن، ــــ نېمىگە تارتىنىسەن؟ ــــ ئۇ خالىقنى يېتىلەپ دېگۈدەك ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى.

ئۇ ئادەم ناھايىتى مەرتلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ خالىققا توخۇ قوردىقى ئېلىپ بەردى، ئاندىن ئۆزىگىمۇ پىۋا تۇتتى. بۇ خالىقنىڭ تۇنجى قېتىم پىۋا ئىچىشى ئىدى، پىۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، خالىققا بەك تېتىپ كەتتى. خالىق بۇ ئادەمنى تۇيۇقسىزلا ياقتۇرۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاكا، دەپ ئاتىدى.

ئۇ ئادەم خالىق بىلەن تاغدىن- باغدىن پاراڭلىشىپ، ئۆيۈڭ نەدە، ئۆيۈڭلاردا نەچچە جان بار، مەكتەپتە ئوقۇۋاتامسەن دېگەندەك گەپلەرنى سورىدى. كېيىن ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ئۇدۇللا سورىدى:

ــــ ئۇكام، سېنىڭ پۇل تاپقۇڭ بارمۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە ئاكا!

ــــ مېنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودا بىر ئاشخانام بار، ئوقەتتى بەك ياخشى. مەن بۇدو بىر قانچە ياردەمچى ئىزدەپ كەلگەن، ئۇ يەردىكىلەرنى ئىشلەتكۈم يوق، يەنىلا بىزنىڭ خوتەنلىكلەر ئىشەنچلىك كېلىدىكەن. قارىسام خېلى جېنى بار بالىدەك قىلىسەن، شۇڭا ساڭا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ناۋادا مەن بىلەن بارساڭ ئۆزۈڭ يەپ- ئىچكەندىن باشقا يەنە ئىشلەپ پۇل تاپالايسەن، ھەر ئايدا ئۆيۈڭگە ئاز- تولا پۇلمۇ ئەۋەتىپ تۇرالايسەن. شۇنداق قىلساڭ پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ساڭا ھەيران قالىدۇ، دېگىنە!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خالىقنىڭ خۇشاللىقتا يۈرىكى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ۋۇي، بۇ ئۇڭۇمۇ- چۈشۈمۇ؟ بۇ ئامەت زادى قاياقتىن كېلىپ قالدى؟ خالىق بۇ ئادەمگە بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي سورىدى:

— ئاكا، مېنى ئالداۋاتمايدىغانسىز؟

— قارا، قارا دەۋاتقان گېپىڭگە، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — مەن ئاشۇنداق ئادەمگە ئوخشامدىكەنمەن؟ مەن سائەت ئالتىدە ماڭماقچى ئىدىم، شۇڭا ئالدىراۋاتىمەن. ئاۋادا مەن بىلەن بىللە باراي دېسەڭمۇ، قارىغاندا بۈگۈن ئۈلگۈرەلمەيدىغاندەك قىلىسەن...

خالىق ئارىسالدى بولۇپراق سورىدى:

— ئاكا، ئەته ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟

— يا...ق! — دېدى ھېلىقى ئادەم ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ، — ئۈرۈمچىدىن ئالغان ئادەملىرىم مېنى ساقلاۋاتىدۇ، بۈگۈن كەچتە خوتەندىن يولغا چىقىپ، ئەته ئۈچرىشىشنى دېيىشىپ قويغان، ئاندىن دەرھال پويىز بىلەن جەنۇبىي جۇڭگوغا ماڭمساق بولمايدۇ. ياكى بولمىسا سەن ھازىرچە بارماي تۇرغىن، كېيىن بىر گەپ بولار...

— ياق، ياق ئاكا، ئۇنداق دەپ گېپىڭىزدىن يېنىۋالماڭ! — خالىق بۇ كىشىنىڭ ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. دېمىسىمۇ، بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئۇ نەدىنمۇ ئىزدەپ تاپالىسۇن؟ — بولىدۇ، — دېدى بىر قارارغا كەلگەن خالىق، — سىز بىلەن ھازىرلا ماڭغىنىم ماڭغان. بىراق شۇ ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالارمىكىن دەپ قېلىۋاتىمەن... ھەي بولدىلا، بارغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار...

— ئۇنىڭ ئىشى ئاسان ئۇكام، — ھېلىقى ئادەم يانچۇقىدىن يانفوننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، — ھازىر دېگەن ئالاقە ئاسانلىشىپ كەتتى، جاھاننىڭ ھەرقانداق يېرىدە تۇرۇپمۇ باشقىلار بىلەن ئالاقىلاشقىلى بولىدۇ. بارغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرگە تېلېفوندا دەپ قويساڭلا بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— ماقۇل ئاكا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن!

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ كەمگىچە خوتەندىن چىقىپ باقمىغان خالىق ھېلىقى «ئاكا»سىغا ئەگىشىپ، كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسقا ئولتۇردى. ئۇلار تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، نەق بىر سوتكا ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئۈرۈمچىگە

يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىدەك رەڭگارەڭ دۇنيانى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ھەيران قالغان خالىق ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. پاھ! نېمانچە ئېگىز ئۆيلەر بۇ؟ نېمانچە جىق ئادەم؟ يوللىرىنىڭ كەڭلىكچۇ تېخى! ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئادەملەرمۇ بەك جىقكەن، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئەجەپ ئۇققىلى بولمايدىكەن!

— ئۇلار دېگەن خەنزۇلار، — دېدى خالىقنىڭ ‹‹ئاكا››سى، — ئۇلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنى خەنزۇچە گەپ. ناۋادا خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋالساڭ، كېيىن جۇڭگونىڭ ھەرقانداق يېرىگە بېرىپ جېنىڭنى باقالايسەن. ھازىر يېنىڭدا مەن بار، خاتىرجەم بولغىن.

خالىقنىڭ ‹‹ئاكا››سى دېگەندەك ئۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنىلا يېرىم كېچىدە پويىزغا چىقتى، پويىزغا يەنە خالىق بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىككى بالىمۇ بىللە چىقتى.

بۇ قېتىم ‹‹ئاكا››سىنىڭ كەينىگە كىرگەن خالىقنىڭ كۆزى ئاجايىپ ئېچىلدى، ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئۇدۇل بېيجىڭغا كەلدى. پاھ! بېيجىڭ دېگەن ئۈرۈمچىدىنمۇ چوڭ شەھەركەن! ئۇ دېگەن پۈتۈن جوڭگونىڭ مەركىزى ئىكەن. بىنالىرى ھەم جىق، ھەم ئېگىز، يوللىرى تېخىمۇ كەڭرى. كوچىدا مىغ ـ مىغ ئادەم، ھەممىلا يېرى قايناق بازارغىلا ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ! بىراق، بۇ يەردە ئۇيغۇرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، نەگىلا قارىسا خىلمۇ خىل كىيىنگەن خەنزۇلار، ھەممىلا يەردە خەنزۇچە گەپ.

ئۇلار بېيجىڭدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ يەنە ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن پويىزدىن چۈشتى.

— بۇ يەر گۇاڭجۇ، — دېدى خالىقنىڭ ‹‹ئاكا››سى، — بۇ يەردە بايلار بەك جىق، شۇڭا ھەممە يەرنىڭ خەقلىرى مۇشۇ يەرگە پۇل تاپقىلى كېلىدۇ.

‹‹ئاكا››سى ئۇلارنى بىر مۇسۇلمان ئاشخانىسىنىڭ كەينىدىكى ھويلىغا باشلاپ كىردى، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى.

كەچتە، ‹‹ئاكا››سى خالىق بىلەن ھېلىقى ئىككى بالىنى چوڭ بىر ئېغىز ئۆيگە ئەگەشتۈرۈپ كىردى. خالىق ئىشىكتىن كىرىپلا ھەيران قالدى، ئۆيدە ئۆزىگە ئوخشاش بالىدىن نەچچە ئونى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خالىقتىن چوڭراق، بەزىلىرى كىچىكرەك ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ـ ئىككى قىز بالىمۇ بار ئىدى.

خالىقنىڭ «ئاكا»سى ئۇلارنى ھېلىقى ئۆيگە «ھۈنەر ئۆگىنىسىلەر» دەپ ئەكىرگەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان خالىق «ئېھتىمال تاماق ئېتىش، قورۇما قورۇشنى ئۆگىتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا، ئۆيدە يا ئاشتاختىنا، يا پىچاق، يا قازان- قومۇچ يوق ئىدى، بۇنى كۆرگەن خالىق سەل- پەل دېلىغۇل بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا 20 نەچچە ياشلاردىكى بىر «ئۇستام» كىرىپ كەلدى.

— قېنى، ماڭا قاراڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بالىلارغا، — ھۈنەرنى ئوبدان ئۆگىنىۋالساڭلار خوجايىندىن مۇكاپات ئالىسىلەر، ئۆگىنەلمىسەڭلار، پاچىقىڭ چېقىلىپ كەتسە ھەرقايسىڭنىڭ ئۆزىگە ھېساب!

«ئۇستام» ئىشكاپنى ئېچىپ قوش بېغى بار سومكىدىن بىرنى ئالدى. ئاندىن بالىلار ئارىسىدىكى بويى ئېگىزرەك بىر ئوغۇل بالىنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ، سومكىنى ئۇنىڭ دولىسىغا ئاستى.

— مانا بۇ، بېكەتتە ماشىنا ساقلاپ تۇرغان يولۇچى، — دېدى ئۇ. ئاندىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ نومۇر تاختىسىغا سىنچىلاپ قارىغان بولۇپ ھېلىقى «يولۇچى»نىڭ دولىسىدىكى سومكىنىڭ سىرتىمىسىنى ئېچىپ، بىر دانە ھەميان ۋە بىر دانە يانفوننى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئالدى.

— ئادەتتە يانفون، ھەميانىنى ئالىمىز، باشقا نەرسە پۇلغا يارىمايدۇ، — دېدى «ئۇستام» بالىلارغا چۈشەندۈرۈپ.

«ئۇستام» بالىلارنىڭ ئارىسىدىن خالىقنى ئالدىغا قىچقاردى.

— سەن مەندىن سەل- پەل نېرىراقتا ماڭا دىققەت قىلىپ تۇرىسەن، مەن بىرەر نەرسىنى قولۇمغا چۈشۈرگەن ھامان، ئوقتەك كېلىپ قولۇمدىكى نەرسىنى ئالىسەن- دە، تىكىۋېتىسەن. شۇنداق قىلساڭ، قارشى تەرەپ مېنى تۇتۇۋالغان تەقدىردىمۇ يېنىمدىن نەرسىلىرى مېنىڭ قولۇمدا بولمىغاچقا، مېنى «ئوغرى» دېيەلمەيدۇ...، ئۇقتۇڭمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خالىقنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى: بۇ «ئۇستام» بىزگە ئوغرىلىقنى ئۆگىتىۋاتامدۇ- نېمە؟ ئەمدى بىز ئاشخانىغا تاماق

يېگىلى كەلگەنلەرنىڭ پۇلىنى ئوغرىلامدۇق؟ خالىق 10 يۈەن پۇلنى ئوغرىلاپ قويغانغا دادىسىدىن ئۆلگۈچە تاياق يەپ، بىر كېچە قاراڭغۇ ئۆيدە ياتقانلىقىنى دەرھال يادىغا ئالدى. بىر ھەميانىنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن 10 يۈەن چىقىدىغاندۇ؟ بۇنى دادام ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەي قويمايدۇ.

مەشق ناھايىتى ئەتراپلىق ئىدى، سومكىنى قانداق ئاختۇرۇش، قولدىن قولغا قانداق ئۆتكۈزۈش، قولغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىدىكىلەرنى قانداق قۇتقۇزۇش... ساقچىلار تۇتۇۋالسا قانداق تېنىۋېلىش، قانداق قارشىلىق كۆرسىتىش، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن خوجايىن بىلەن قانداق ئالاقىلىشىش... ۋاي- ۋۇي، ئىشقىلىپ ھەممە ماھارەت ئۆگىتىلەتتى.

ـــ سىلەر ھەرگىز قورقماڭلار، ـــ دېدى ”ئۇستام“ بالىلارغا ئىلھام بېرىپ، ـــ سىلەر تېخى بالا، ساقچى تۇتۇۋالسىمۇ سىلەرنى سوتقا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. سىلەر ئۇيغۇرچە سۆزلەپلا تۇرۇۋالسىلەر، بۇ يەرنىڭ ساقچىلىرى ئۇيغۇرچە ئۇقمايدۇ، ئاخىرى ئامال قىلالماي قويۇۋېتىدۇ...

ئەتىسى بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى بازارغا ئاچىقىپ تەرەپ- تەرەپكە قويۇۋېتىلدى. خالىقنىڭ بىرىنچى قېتىم بازارغا چىققان ۋاقتىدىكى ئىشلار ھازىرقىدەكلا يادىدا ئىدى، خالىق ئۆزىدىن چوڭراق ئىككى بالا بىلەن بىر گۇرۇپپا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېتى ئىليار، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئىمىن ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە ئىككى يىل بۇرۇن كەلگەن بولغاچقا، ناھايىتى تەجرىبىلىك ئىدى.

ئىليار خۇددى كېسەل ئادەمدەك ناھايىتى ئورۇق ۋە تاتىراڭغۇ ئىدى. كەم سۆز ئىمىن بولسا خېلى كېلىشكەن بالا ئىدى، ئۇ ئۇرۇمچىلىك بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئاز- تولا خەنزۇچە بىلەتتى. ئۇ ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان بولغاچقا، خالىقتەك جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامرات ناھىيىلىرىدىن كەلگەن بالىلارغا قارىغاندا بىلىدىغانلىرى جىق ئىدى.

شۇ كۈنى ئىليار بىلەن ئىمىننىڭ ئىشلىرى خېلىلا ئوڭدىن كەلدى، ئۇلار ھاڭۋېقىپ قۇرۇق قول قاراپ تۇرغان خالىقنى كۆرۈپ، ئۇنى پىيادىلەر يولىدىكى تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئىچىگە چاقىردى.

— سەن بېكەتكە بار. قارا، دومبىسىگە سومكا ئېسىۋالغان ئاۋۇ ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئادەم ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە قىستالغان هامان قول سالغىن، بىز مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمىز.

خالىق ئۇستىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، هېلىقى ئادەمنىڭ كەينىگە ئاستا قىستاپ باردى. دەل شۇ چاغدا ئاپتوبۇس كېلىپ قالدى، بېكەتتە تۇرغانلارنىڭ هەممىسى ئالدى- ئارقىسىغا قارىماي ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە قاراپ قىستاشقىلى تۇردى. هېلىقى ئادەممۇ ئابتوبۇسنىڭ ئىچىگە قىستاۋاتاتتى، خالىق قولىنى ئاستا ئۇزىتىپ هېلىقى ئادەمنىڭ دومبىسىدىكى سومكىنىڭ سىرتقى سېرىتمىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن بىر دانە يانفونىنى ئالدى. خالىق ئارقىغا بۇرۇلۇپ توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئەر كىشى تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:

— يانچۇقچى، يانچۇقچى، يانفونىنى ئېلىۋالدى!

قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەي دېگەن خالىق تېلېفون بوتكىسى تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇ 10 قەدەم يۈگۈرە- يۈگۈرمەيلا بىرى ئۇنىڭ مايكىسىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى پۇتلىۋەتتى، خالىق ئالدىغا مۇدۈرۈلۈپ بېرىپ يىقىلدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى هېلىقى يانفون يىراققا چۈشتى. ئاڭغىچە بىرەيلەن يانفوننى ئېلىپ ئىگىسىگە ئەكېلىپ بەردى. دومبىسىگە سومكا ئارتقان هېلىقى ئادەم خېلى گۇمپىسى بار نېمە بولسا كېرەك، ئۇ خالىقنى بىر پۇتىدا دەسسەپ تۇراتتى. ئەتراپتىكىلەر بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى، خالىق گەرچە ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىگە بولغان نەپرەت، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هېلىقى ئادەمگە بولغان مىننەتدارلىقنى بايقىغاندەك بولدى.

ئاڭغىچە بىرەيلەن 110 غا تېلېفون قىلىۋىدى، ساقچى ماشىنىسى شۇ هامان يېتىپ كەلدى. يانفوننىڭ ئىگىسى ئۇلارغا يانفوننى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇنىڭ خالىقنىڭ ئۇ يانفوننى قانداق ئوغرىلىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ چۇرقۇرىشىپ سۆزلىشىپ كەتتى، ساقچىلار هېلىقى ئادەمنى ماشىنىغا چىقاردى، ئاندىن خالىقنىمۇ چىقىرىپ، ئۇدۇللا ساقچىخانىغا ئېلىپ باردى.

سوراق خالىقتا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىز بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ خەنزۇچە ئۇقمايتتى، ئۇنىڭ قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە ئېيتىۋاتقان "مېنى كەچۈرۈڭلار، ئەمدى ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمايمەن!" دېگەن گەپلىرىنى ساقچىلارمۇ چۈشەنمەيتتى. يانفونىنىڭ ئىگىسى بىر نېمىلەرنى يېزىپ بەردى- دە، ئاچچىقلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ساقچىلار خالىقنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ سولاپ قويدى، چۈشتە ئۇلار خالىقتا بىر قاچا مۇسۇلمانچە تەييار چۆپ ئەكىرىپ بەردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت- بەشلەر بىلەن ساقچىلار كىرىپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلدى- دە، ئۇنى چىقىرىۋەتتى.

خالىق ساقچىخانىدىن چىقىپ قاياققا مېڭىشىنى ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، دەل شۇ چاغدا ئۇ "ئاكا"سىنىڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مېۋە- چېۋە بوتكىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ شەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. خالىق شەرەت بويىچە ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. خالىق يول ئېغىزىغا كەلگەندە ئارقىسىدا ساقچى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن "ئاكا"سى ئۇنى ياتاققا ئېلىپ كەتتى.

ــــ ئاكا، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىۋېتىڭا، ــــ دېدى خالىق يىغلىنىپ تۇرۇپ، ــــ مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

خالىقنىڭ "ئاكا"سى كۈلۈپ كەتتى:

ــــ بولىدۇ، ــــ دېدى ئۇ خالىقتا قولىنى ئۇزىتىپ، ــــ يول كىراسىنى چىقار، سېنى ئەكەلگىچە كەتكەن پۇلنىمۇ بېرىسەن، ئاندىن سېنى ئاپىرىپ قويىمەن، قانداق؟

خالىق جىم بولۇپ قالدى. "ئاكا"سى ئۇنىڭغا يەنە چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈپ كەتتى:

ــــ سەن يەنە بىرقانچە قېتىم بازارغا چىقىپ، يول كىراسىغا يەتكۈدەك پۇل تاپساڭ، ئاندىن سېنى ئۆيۈڭگە كەتكىلى قويىمەن.

خالىقنىڭ "ئاكا"سى ياتاققا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يوغان بىر ئاليۇمىن كورىنى كۆتۈرۈپ كىردى، كورىدا ھور چىقىپ تۇرغان قايناقسۇ بار ئىدى. ئۇ كورىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر دانە ھەميانىنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇللارنى ئېلىۋېلىپ، ھەميانىنى كورىدىكى قايناقسۇغا تاشلىدى. ئۇ گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان خالىقتا قاراپ ۋارقىرىدى:

ــــ قېنى، كورىدىكى ھەميانىنى ئاله!

خالىقنىڭ قوللىرى سۇغا تېگىشى بىلەنلا پىژژىدە كۆيدى.

ــــ ئاكا، سۇ بەك قايناقكەن!

ــــ ئال دەيمەن! ــــ «ئاكا»سى خالىققا قاراپ كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن چەكچەيتتى.

خالىق چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ كورىدىكى ھەميانىنى ئالماقچى بولدىيۇ، لېكىن قايناقسۇدا كۆيۈپ پىچاق تىققاندەك ئاغرىۋاتقان قوللىرىنى يەنە تارتىۋالدى. لېكىن «ئاكا»سىنىڭ نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرغان فورقۇنچلۇق كۆزلىرىدىن قورقتى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ كورىدىكى ھەميانىنى ئالدى.

ھەميان يەرگە چۈشۈپ كەتتى، خالىقنىڭ كۆيگەن قوللىرىدىن ھەش- پەش دېگۈچە سۇ قاپىرىپ چىقتى. «ئاكا» ھەميانىنى يەنە كورىغا تاشلىدى:

ــــ يەنە ئاله!

خالىق تېگىرقاش ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يىلىنىپ قارىدى، ئۇ خالىقنىڭ دولىسىنى قېقىپ قويۇپ دېدى:

ــــ قولۇڭ ھازىر جىقراق كۆيسە، كېيىن كوچىغا چىققاندا تاياقنى ئازراق يەيسەن، ئۇقتۇقمۇ؟

خالىقنىڭ قايناقسۇدا كۆيگەن قوللىرى كېچىچە پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ چىقتى. خالىق ئىگراپ ئۇ ياقتىن- بۇ ياققا تولغىناتتى، خالىقنىڭ يىراقتا قالغان ئاتا- ئانىسى، نامراتچىلىقتا ئۆتسىمۇ لېكىن كۆڭۈللۈك كۈنلىرى يادىغا يەتتى. ئاھ خۇدايىم! مۇشۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈپ ئەتە- ئۆگۈن نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ كۆڭلى يېرىم بولغان خالىق ھېقىلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

ئىمىن خالىقنىڭ يىغىسىدىن ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. بىر يەرلەردىن بىر تال يىڭنىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنى چاقماقنىڭ ئوتىدا داغلىدى. ئاندىن ھېلىقى يىڭنە بىلەن خالىقنىڭ قولىدىكى قاپارتمىلارنى تېشىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتتى، ئاندىن يەنە تارتمىدىن بىر مەلھەم دورىنى ئېلىپ، خالىقنىڭ قولىدىكى كۆيگەن يەرلەرگە چېپىپ قويدى.

ــــ بۇ كۆيۈك دورىسى، بەك ياخشى، ئىككى- ئۈچ كۈندىلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئىمىن خالىقنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى:

—— دەسلەپتە مۇشۇنداق بولىدۇ، يىغلىما، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن!

ئەتىسى ئۇ ئۆچى بىر سودا سارىيىغا باردى. ئىمەن باھاسى چۈشكەن داڭلىق ماركىلىك كىيىملەرنى ساتىدىغان پۇكەينىڭ ئالدىدا قىستىلىشىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ ئارىسىغا سىغدىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى كۆزى چۈشكەن نەرسىنى قولىغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ چىقتى. ئىلىيارمۇ ھەش- پەش دېگۈچە غىپپىدە ياندى، خالىق ئۇنىڭ قولىدىمۇ ناھايىتى چىرايلىق بىر ئەرەنچە سومكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ لىفتتىن چۈشىدىغان چاغدا خالىققا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

خالىق خېلى ئايلىنىپ باقتى، لېكىن قول ئۇزىتىشقا پېتىنالمايتتى، قولىنى ئۇزىتىپ باقسىمۇ كۆزلىگەن يېرىگە يەتكۈزەلمەيتتى. ئىمەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ شەرەت قىلدى، بۇ ئۇنىڭ «بولدى قايت» دېگىنى ئىدى. بۇنى كۆرگەن خالىق خۇددى باغلاقتىن بوشىتىلغان قوزىدەك ئىمەنگە ئەگىشىپ سودا سارىيىدىن چىقتى.

ياھ، ماۋۇ كارامەتنى كۆرمەمدىغان! خالىق ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كىچىككىنە بىر مۇسۇلمانچە ئاشپۇزۇلنىڭ ئايرىم بۆلمىسىگە كىرگەندىن كېيىن ئىلىيار پىۋا، قورۇمىلارنى بۇيرۇتتى، ئاندىن مۇلازىمنى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى، ئىمەن يانچۇقىدىن ئىككى دانە يانفون، ئىككى دانە ھەميياننى چىقاردى.

ھەميياننىڭ بىرىدىن 3000 يۈەن، يەنە بىرىدىن 7000 يۈەن پۇل چىقتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ- تۆت پارچە ئالا- يېشىل كارتا، بىر دانە كىملىكنامە بار ئىدى.

ئىمەن بۇ نەرسىلەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان خالىققا ھېلىقى قاتتىق كارتىلارنى كۆرسىتىپ دېدى:

—— بۇ بانكا كارتىسى، مەخپىي نومۇرىنى بىلمىسە پۇل ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ماگىزىنلاردىن نەرسە- كېرەك سېتىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن يىتتۈپ كەتكەن ھامان ئىگىسى بانكىغا دەپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، —— ئىمەن ھەميياندىن يەنە ئالا- بۇلماچ قەغەزدىن بىر نەچچە پارچىنى ئالدى، —— بۇنى كۆرگەنمۇ؟ بۇ دېگەن شياڭگاڭ پۇلى، بىر پارچىسى 1000 دوللاردىن جەمئىي 6000مىڭ دوللار، —— ئۇ ئىككى يانفوننى چىقىرىپ بىرىنى خالىققا سۇندى، —— ئالە، بۇنى ئاپىرىپ ۋەزىپەڭگە تاپشۇر! ئىلىيار، سەن قاچىلىك تاپتىڭ؟

ئىلىيار قولىدىكى قارا سومكىنى ئاچتى، سومكىدا ئۈچ باغلام پۇل تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئىلىيار خۇشلۇقىدا ئۇستەلگە پاققىدە بىرنى ئۇردى:

ــــ ۋاھ- ۋاھ- ۋاھ، ئۈچ مونەككەن ئەمەسمۇ، ئۈچ مونەك!

خالىق ئۆمرىدە مۇنچىۋالا جىق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىلىياردىن سورىدى:

ــــ ئۈچ مونەك دېگىنىڭ قانچە پۇل؟

ــــ 30 مىڭ يۈەن!

بۇنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپلا قالغان خالىق بىر ھازادىن كېيىن سورىدى:

ــــ بۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈردىڭ؟

ــــ بىرەيلەن بىر قىزنى باشلاپ ئاياغ ئالغىلى كىرىپتىكەن، ھېلىقى قىز ئاياغنى كىيىپ باقاي دەپ ئولتۇرۇشىغا، ھېلىقى ئادەم ئەرەنچە ئاياغلار بار پوكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر جۈپ ئاياغنى ئېلىپ كىيىپ باقماقچى بولۇپ، سومكىسىنى پوكەينىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى قىز ئۇنى چاقىرۋىدى، ئۇ ئۇدۇل ھېلىقى قىزنىڭ يېنىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن سومكىنى ئالدىم- دە، غىپپىدە تىكىۋەتتىم.

شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن، خالىق ‹‹ئاكا››سى ئۇنىڭغا ئۆگىتىۋاتقان ‹‹ئوقەت››نىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى:

ــــ ئۆيدە بىر يىل يەر تېرىپ يەردىن چىققان پاختا، ئۇرۇملەرنى ساتساق ئاران بىر نەچچە يۈز يۈەن پۇل بولىدۇ، بىر نەچچە يىل جاپا تارتىپ باققان كالا ئاران دېگەندە 1000 يۈەندىن ئاشىدۇ، ئىلىيارچۇ، كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقىچە 30 مىڭ يۈەن تېپىپتۇ! ئىمىنىڭمۇ 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. . .، خەپ، مېنىڭمۇ ئىلىياردەك تەلىيىم كېلىپ قالسا، ئاشۇ پۇلنى ئېلىپلا ئۆيگە كېتىۋالسام، ئۆمۈر بويى يەر تېرىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتۇق- تە!

ئۇ ئۈچى كەچتە قايتىپ بېرىپ، ‹‹ئاكا››سىغا تاپاۋەتلىرىنى تاپشۇردى. خالىق ‹‹ئاكا››سىنىڭ ئىمىنغا ئازراق، ئىلىيارغا جىقراق مۇكاپات بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆردى. خالىق تاپشۇرغان ئىككى دانە يانفون 5000 يۈەنگە ھېسابلاندى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى ئاران ئورۇنداپ تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

خالىق شۇنىڭدىن باشلاپ "ئاكا"سىنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلىشقا بەل باغلاپ، ئەلىيار بىلەن ئىمىنغا ئوخشاش ئۇستىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنى نىيەت قىلدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خالىقمۇ ماھارەتتە خېلى يېتىلىپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ چاندۇرۇپ قويغان چاغلىرىمۇ بولدى، ئۇنداق چاغلاردا بەك بولسا بىر- ئىككى شاپىلاق يەيتتى، بەزىدە ھەتتا ئاق كۆڭۈل كىشلەرگە ئۇچراپ قالسا، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپلا قويۇپ بېرەتتى.

كېيىن ئۇ مۇنداق ئىككى ئىشقا يولۇقۇپ ئاز- تولا ئىككىلىنىپ قالغانمۇ بولدى.

ئەلىيار ھەر قېتىم مۇكاپات ئالغان ھامان ئۈچ- تۆت ئاغىنىسى بىلەن كاراOK خانىغا كېتىپ، ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئەلىيارنىڭ خورىنىڭ چەككەندىن كېيىنكى ئىنتايىن بەدبەشىرە ئەپتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىمىندىن ئەلىيارنىڭ خورىن چېكىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئەلىيارنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئورۇقلاپ، ئەرۋاھدەك تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئىمىننىڭ دېيىشىچە، ئەلىيار ئىلگىرى خوجايىنىغا خورىن سېتىشىپ بېرىدىكەندۇق، شۇ چاغدا قىزىقىپ چېكىپ بېقىپ ئۆگىنىپ قاپتۇ. شۇڭا تاپقىنىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ تۈگىتىدىكەن، چەكمىسە بەك قىينىلىپ كېتىدىكەن.

— ئېسىڭدە بولسۇن، خورىن دېگەن نەرسىگە يېقىن يولاشقا بولمايدۇ، — دېدى ئىمىن خالىققا تاپىلاپ، — ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالدىڭمۇ، بولدى، ئۆمۈر بويى تاشلىيالمايسەن.

بىر قېتىم ئىمىن خالىقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى: "ئەلىيارنى جىگەر كېسىلى بولۇپ قاپتۇ، دېيىشىدۇ. جىگەر كېسىلى دېگەن يۇقىدۇ، ئۇنىڭ قولى تەگكەن نەرسىلەرنى يېمىگىن، بىراق بۇ ئىشنى ئاكام ئۇقۇپ قالمىسۇن- ھە!"

كېيىن ئەلىيار ھەر كۈنلا بازارغا چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ كۈندىن- كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۇچىسىدىكى ئىشتان خۇددى ئاچىماققا كىيدۈرۈپ قويغان خالتىغىلا ئوخشايتتى.

بىر كۈنى كەچتە خالىقنىڭ «ئاكا»سى تۇيۇقسىز كېلىپلا:
— نەرسە- كېرەكلىرىڭلارنى ئېلىپ تېز مېڭىڭلار، — دېدى ئۇلارغا، — خوجايىندىن تېلېفون كەلدى، شىنجاڭدىن ساقچىلار كەلگۈدەكمىش، شۇڭا بۇ يەردىن تېز كەتمىسەك بولمايدىكەن.
ئۇ تۆتى ماشىنىغا چىقتى. شوپۇرنىڭ يېنىدا سېمىز بىر ئادەم ئولتۇراتتى، تۆتى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا قىستىلىپ ئولتۇردى. ماشىنا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن شوپۇر دېدى:
— تۆت كوچا ئېغىزىدا ساقچى باركەن، كەينىدىكى تۆتۈڭلاردىن بىرىڭلار چۈشۈپ كېتىڭلار، بولمىسا جەرىمانە قويىدۇ.
خالىقنىڭ «ئاكا»سى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى:
— قايسىڭلار چۈشىسىلەر؟ ياكى بولمىسا ئىليار سەن چۈشۈپ تۇرغىن، سەل تۇرۇپ سېنى ئېلىپ كېتىمىز.
— ئۇ چۈشمىسۇنچۇ، — دېدى ئىمىن، — بەك قىزىپ كېتىۋېتىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا ئىليار ئىككىمىز چۈشۈپ تۇرايلى، — دېدى خالىقنىڭ «ئاكا»سى ئىمىنغا كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ تۇرۇپ، — بىرىمىز ھەمراھ بولمىساقمۇ بولماس، سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، سەل تۇرۇپ ئارقاڭلاردىن بارىمىز.
«ئاكا»سىنىڭ ئۆزى يالغۇز يېنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خالىق ئۇنىڭدىن ئىليارنى سورىدى:
— ھەي، بۇ ھارىمىنى قويۇڭلار، — دېدى ئۇ تېرىكىپ تۇرۇپ، — ئۇسسۇلۇق ئالغىلى بارغانىدىم، كېلىپ قارىسام يوق. ئۇ گۇي قېچىپ كەتتى تايىنلىق!
خالىق شۇنىڭدىن كېيىن ئىليارنى كۆرمىدى.
ئىمىن خالىققا كۆزىنى قىسىپ قويىدى، خالىق يەنە كوچىلاپ سورىمىدى. لېكىن ئىمىن خالىقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:
— ئىليارنى ئەمدى كارغا كەلمەيدۇ، دەپ تاشلىۋېتىپ كەلگەن گەپ.
بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىمىن بىر پارچە گېزىتنى خالىققا كۆرسەتتى. گېزىتكە ئىليارنىڭ كېسەل كارۋىتىدا ياتقان سۈرىتى بېسىلغانىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ساقچى ۋە دوختۇرلار تۇراتتى، ئىمىن خالىققا گېزىتنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بەردى:

— ئىلىيار كوچىدا هوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتىكەن، ساقچىلار دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ، ئۇ ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ دېگەن ساقايمايدىغان يامان كېسەل.

خالىق شۇ كۈنى قارا بېسىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. چۈشىدە خالىقمۇ ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قاپتىمش، «ئاكا»سى ئۇنى كارىۋاتتىن سۆرەپ تۇرغۇزۇپ، ئاچىقىپ بىر ماشىنىغا سېپتۇدەك، ماشىنا بىر يارنىڭ لېۋىگە بارغاندىن كېيىن «ئاكا»سى بىلەن «ئۇستا»سى ئۇنى ماشىنىدىن تارتىپ چىقىرىپ، چوڭقۇر هاڭغا تاشلىۋېتىپتۇمش... ئۇ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا، پۈتۈن ئۇزايى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. خالىق ماڭالىغۇدەك ماجالى بار چاغدا غىپپىدە قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ پويىز ئىستانسىسىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى پويىز ئىستانسىسىدا «ئوقەت» قىلىپ باققانىدى.

بىراق قېرىشقاندەك خالىقنىڭ قېچىپ كېتىش پىلانى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇ قولغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن قاتتىق جازالاندى: باللارنىڭ هەممىسى چوڭ بىر ئېغىز ئۆيگە يىغىلدى، قوللىرى ئارقىغا قىلىپ سىمدا باغلانغان خالىق ئېلىپ كىرىلدى. شايكىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى خالىقنىڭ جىنايىتىنى جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى سۇغا چىلانغان كەمەر بىلەن قاتتىق ئۇردى، ئاندىن لۆڭگىگە ئورالغان تاش بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بولۇشىغا سالدى. ئاغرىققا چىدىيالماي نەپىسى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقان خالىق هوشىدىن كەتتى. بۇ خىل جازا «تاش مانتا يېگۈزۈش» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ چىدىغۇسىز قىيىن - قىستاقلار بىلەن يەنە هوشىغا كەلتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇلار ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بىر تىرنىقىنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇنىڭغا چىدىيالماي قاتتىق چىرقىرىغان خالىق يەنە هوشىدىن كەتتى.

سوغۇق سۇ چېچىپ هوشىغا كەلتۈرۈلگەن خالىقنى «خوجىدار» شۇنداق دەپ ئاگاهلاندۇردى:

— بۇ دېگەن سېنى مۇنداقلا ئۇچۇقداپ قويغىنىمىز، بىلەمسەن؟ يەنە قاچىدىغان بولساڭ، بۇدو پېيىڭنى كېسىۋېتىمەن! ئاندىن كۆرەي قاچقىنىڭنى...

شۇ قېتىمقى قانلىق جازادىن كېيىن خالىقنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئادىمىلىك ئېغىر دەرىجىدە نابۇت بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىنتايىن باغرى تاش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىمىندىن باشقا ھېچكىمگە ھېسداشلىق قىلمايتتى، چۈنكى ئۇ مۇشۇ شايكىغا كىرگەندىن تارتىپ ئىمىن بىلەن خۇددى ئاكا ـ ئۇكىدەك بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئۆتكەنىدى.

لېكىن ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كوچىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئېلىشىشتا ئىمىن ئۇلاردىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدى.

ئۇ چاغدا، خالىق بىر ئاياغ كىيىم ماگىزىنىدا بىر موماينىڭ قولىدىكى سومكىنى بۇلاپلا قاچتى، بىراق ئۇ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ماگىزىننىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، بۇنىڭ بىلەن خالىق قولىدىكى سومكىنى تاشلاپلا قاچتى. بۇنىڭغا قورسىقى كۆپكەن خالىق يىراقتا پايلاپ تۇرۇۋاتقان "ئاكا"سىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى."ئاكا"سى ئۇچەيلەننى خالىققا ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمىنمۇ بار ئىدى.

ئۇ تۆتەيلەن ئاچچىقىدا ھېلىقى ئاياغ ماگىزىنىغا كېلىپ، ماگىزىننىڭ ئىشىكى تۈۋىدە بىر ئامانلىق قوغدىغۇچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنى پاراڭلاشمىز دەپ تالاغا قىچقاردى. ھېلىقى ئامانلىق قوغدىغۇچى تالاغا شۇنداقلا چىقىشىغا خالىقلار ئېتىلىپ كېلىپ ھېلىقى ئامانلىق قوغدىغۇچىنى ئىتتىرىپ ـ تۈرتۈپ يۈرۈپ ئارىغا ئېلىۋالدى ـ دە، ئۇر ـ ئۇر قىلىپ كەتتى. ھېلىقى ئامانلىق قوغدىغۇچى چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەن بولغاچقا، خالىقنىڭ خامىرىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سېلىۋىدى، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرالماي قالغان ئىمىن يېنىدىن پىچاقنى شارتتىدە چىقىرىپ، ئامانلىق قوغدىغۇچىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئىككى پىچاق ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن ياندا تۇرغانلار ۋارقىرىشىپ كەتتى:

ــــ ۋاي چاپسان بولۇڭلار، ئادەم ئۆلدى! بۇنى ئاڭلاپ ماگىزىننىڭ ئىچىدىن يەنە ئىككى ئامانلىق قوغدىغۇچى يۈگۈرۈپ چىقتى. ئاڭغىچە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئىمىننىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالدى، بۇنىڭغا تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن ئىمىن پىچاقنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھېلىقى ئادەم بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ئېلىشتى. ئارقىدا تۇرغان ئامانلىق قوغدىغۇچىدىن بىرى

خالىقنى ئىمىن تەرەپكە قارىتىپ كۆچەپ بىرىنى ئىتتىرىۋىدى، خالىق بېرىپ ئىمىنغا سوقۇلدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىكى پىچاق دەل ئىمىننىڭ يۈرىكىگە تەگلەگلىك ئىدى. سەنتۈرۈلۈپ بارغان ئىمىن ھېلىقى ئادەمگە سوقۇلدى ـ دە، پىچاق ئۇدۇل ئىمىننىڭ يۈرىكىگىلا سانچىلدى.

بۇ چاغدا ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى، بۇنى كۆرگەن خالىقنىڭ «ئاكا»سى قالغانلارنى باشلاپ غىپپىدە تىكىۋەتتى. خالىق ئەسلىدە ئىمىننىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن «ئاكا»سى تۇۋلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن خالىقمۇ «ئاكا»سىنىڭ زورى بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇ كېيىن تېلېۋىزوردىن بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى كۆردى: ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن ئىمىننى دەرھال دوختۇرخانىغا قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ مېڭىپتۇ، لېكىن ئىمىن يېرىم يولغا بارغاندا جان ئۈزۈپتۇ، ئىمىندىن ئىككى پىچاق يېگەن ھېلىقى ئامانلىق قوغدىغۇچىمۇ قازا قىپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۇلار خوجايىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ، كېيىن شېنجېنغا كەلدى، خالىق، «ئاكا»سى قاتارلىق بىر نەچچەيلەنمۇ شېنجېنغا كەلدى. خالىق خېلى بىر چاغلارغىچە ئۆزىنى «ئىمىن مېنى دەپ يارىلانغان تۇرسا، جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە ئۇنى تاشلىۋېتىپ قاچتىم. مەن نامەردلىك قىلدىم، مەن ئادەم ئەمەسكەنمەن!» دەپ ئەيىبلەپ يۈردى. بىراق خالىقنىڭ «ئاكا»سىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا داۋلىسى بار ئىدى:

ـــ ئۇ چاغدا ئۇنى تاشلاپ قاچماي قانداق قىلاتتىڭ؟ تاشلاپ قاچمىساڭ سەنمۇ ساقچىنىڭ قولىغا چۈشىسەن. ئادەم ئۆزىگە پۇختا بولمىسا زىيان تارتىدىغان گەپ.

شۇ چاغدا خالىق: ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ يارىلىنىپ يىقىلىپ قالسام، خوجايىن مېنىمۇ ئاشۇنداق تاشلاپ قاچارمۇ؟ دەپ ئويلاپ بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ ۋەھىيمىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، ـــ بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرساڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىك بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىكەن، بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا ھېچكىم ساڭا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىكەن. پۇل تاپىمەن دەپ جانىنى سېلىپ بەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇڭا، پۇت ـ قولۇمنىڭ ساق ۋاقتىدا ئاستا شىنجاڭغا كېتىۋالاي!

بىراق ئۇ رەسمىي قاچىدىغان ۋاقىتىدا يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. دۇرۇس، بىرىنچى قېتىم قېچىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا ئۇچرىغان دەھشەتلىك جازادىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۇنتۇلغۇسىز داغلار قالغانىدى، ئۇلا ئەمەس، خالىق ئادەتتىكى ئادەملەردەك نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ جەۋر- جاپاسىنى ئويلىسىلا بېشى قاتاتتى: «دادام ئالتاي ياز ئېتىزدا بۇرنىدا يەر تىرەپ جاپالىق ئەمگەك قىلىدۇ؛ ئۇششاق تىجارەتچىلەر سوغنى سوغ، ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي كاۋاپدانلىرىنى سۆرەپ، كىشىمش بېسىلغان هارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تەر تۆكىدۇ؛ زاۋۇت باشلىقى، ساراي خوجايىنى بولغانىنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نەرى بار؟ خوجايىنلاردىن ئاڭلىسام، ئۇلارمۇ پۇلنى بەك تەستە تاپقۇدەك، ئۇلار باشلىقلارغا پارا شۇڭغۇتىمەن، بەزىلەرگە خوشامەت قىلىمەن، دەپ، بەك هەرەج تارتارمىش؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئارام- زامان يوق زاكاز تويلايمەن، خېرىدار تاپىمەن، هېسابات قىلىمەن... دەپ جۇلىقى چىقىپ كېتەرمىش! ... يەنىلا بىزنىڭ ئىشىمىز ياخشىكەن، قولۇڭنى شۇنداقلا ئۇزارتساڭ هەممە تەل بولىدۇ. بىزنىڭ خوجايىن نېمىدېگەن ئەركىن- ئازادە راھەتتە ياشايدۇ- ھە! ئۆيىدىن چىقماي ئولتۇرۇپلا كەلگەن پۇلنى سانايدۇ، بازار باشقۇرۇش، باجگىر دېگەنلەرنى تونۇمايدۇ. يەيمەن دېسە تەييار، ئوينايمەن دېسە خېنىملار دېگەن قاتىرىسىغا، هېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ! قولىدىكى شورىكىلاردىن قېچىپ كەتسە ياكى تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭدىن شوركىلارنى هەش- پەش دېگۈچە ئەكىلىپ تولۇقلايدۇ...»

شۇنداق، كىشىلىك هاياتنىڭ نۇرغۇن دوقمۇشلىرى بولىدۇ. بەزى دوقمۇشلاردىن خاتا مېڭىپ قالساڭ، ئانچە هەرەج تارتمايلا يولۇڭنى توغرىلىۋالالەيسەن. لېكىن بەزىبىر دوقمۇشلاردىن خاتا مېڭىپ قالساڭ، خۇددى «قىلدىن كەتتىڭ قىرىقتىن كەتتىڭ» دېگەندەك، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىسەن. خالىقمۇ شۇ قېتىم ئۆزىنى قۇتقۇزۇسا قۇتقۇزۇپ قالالايتتى، لېكىن ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئازدۇرۇپ مەھلىيا قىلغان، بىراق ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىپ تۆگىتىدىغان بارسا كەلمەس يولنى تاللىدى.

شۇنداق قىلىپ خالىق تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىپ ئەسەبىيلەشتى، شايكىنىڭ ئىش- ئوقەتلىرىگە بېشىچىلاپ كىرىپلا كەتتى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ

يۇرىكى قارىداپ ۋە نەپسى يوغۇناپ، ئۆزىمۇ ماھارەتتە خېلىلا يېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زىيان- زەخمەتكە ئۇچرايدىغانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

يېڭى كەلگەندە جاھاننىڭ ئەلمى- تەلمىنى ئۇقمايدىغان 14 ياشلىق كىچىككىنە خالىق مانا كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە بۇرۇتلىرى خەت تارتقان بەرنا يىگىتلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇ 17 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، خوجايىن ئۇنى بىۋاستە بازارغا چىقارماي، ئىز باسار يېتىشتۈرۈشكە قويدى. خوجايىن خوتەنگە بېرىپ يەنە تۆت بالىنى ئېلىپ كەلدى، خالىق ئۇلارغا خىلمۇ خىل ماھارەتلەرنى ئۆگىتىپ، ئاندىن كوچىغا چىقىرىپ يانچۇقچىلىققا سالدى. كېيىن خالىق كىچىكرەك بىر شايكىنىڭ ئاتامانى بولۇپ، ئۇمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى "ئاكا"سىغا ئوخشاش قولىدىكى شورىكىلارنىڭ كوچىغا چىقىپ، "ئىش- ئوقەت" قىلىشىغا خۇپىيانە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئەسلىدە خالىق بۇ ئاتامانلىقنى خېلى ئوبدان قاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، كېيىن كىچىك تۇرغۇن ئۇنى شىنجېڭغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن لوخۇ ئەتراپىدا "تىرىكچىلىك" قىلىپ يۈردى. كېيىن ئۇ بۇجىنىڭ ئاققۇنلار كۆپ، پۇلدار بايلارمۇ كۆپ، ئاۋات بازار ئىكەنلىكىنى بايقاپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ بىناسىدىن بىر يۈرۈش ئۆينى باشقا بىرىنىڭ نامىدا ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردى.

كۈتۈلمىگەن يەردىن سەرگەردان باللارنىڭ نىجاتچىسى ــــ ئابدۇسەمەت شىنجېڭغا كېلىپ قالدى. "ناۋادا ئابدۇسەمەت دېگەن گۇي كىچىك پەرھاتنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ يولغا سالمىغان بولسا، ئۇ ھازىرمۇ نەدىمۇ شىنجاڭغا كېتەلىسۇن" دەپ ئويلايتتى خالىق. كېيىن، يەنە بىر بالا كوچىدا ئامانلىق ساقلىغۇچىغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپتۇ، ساقچىخانىدىن ئۇنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئاپىرىپ بەردى، ئۇنى شىنجاڭدىن مەخسۇس ئايالالار ۋە باللارنى ئالداپ ئاپىرىپ سېتىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن جىنايى ئىشلار ساقچىسى شىنجاڭغا ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىككى بالا ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ئىش خالىقنىڭ ئوقىتىنى تەتۈرسىگە سۈرىگىلى تۇردى. ئارقىدىنلا، ئۇنىڭ قولىدىكى يەنە بىر بالا كاۋاپچى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ،

ئۇمۇ قېچىپ كېتىپ ئىز- دېرەكسىز يوقالدى. ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت ياسىنلا قالغانىدى، ئۇنى يالغۇز تالاغا چىقارمايتتى. خالىق ھەتتا ئۆزى تالاغا چىققان چاغلاردىمۇ ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قوياتتى.

خالىق ئابدۇسەمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، بىر مەزگىل شەھەر ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كېيىن يەنە بۇجىغا غىپپىدە كېلىۋالدى. بىر كۈنى خالىق قاۋاقخانىدىن بىر قىزنى 100 يۈەنگە ماقۇل كەلتۈرۈپ يېتىلەپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى خالىقنىڭ ياتىقىغا بارغاندىن كېيىن، خالىق ئۇنىڭغا پۇلنى بەردى، قىز پۇلنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى. ئۇ ئىككىسى ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى قىز كىيىملىرىنى كىيىپ، سومكىسىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، خالىق ئۇنى توسۇۋالدى.

— ماڭا قىيالمايۋاتامسىز قەدىرلىكىم، — دېدى قىز نازلىنىپ تۇرۇپ، — سېغىنغان چېغىڭىزدا تېلېفون قىلسىڭىزلا كېلىمەن، مانا ماۋۇ مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇم.

خالىق تېلېفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى:

— بىز بىر كېچە بىللە بولۇشنى 100 يۈەنگە سۆزلەشكەن، سەن ھازىر كەتسەڭ بولمايدۇ. ھازىر ماڭىمەن دېسەڭ 100 يۈەننى قايتۇر!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ بۇنداق پىخسىق پاھىشىۋازنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىدى. خالىقنىڭ پۇلنى بېرىۋېتىپ كېتەي دېسە، زىيان تارتاتتى، پۇلنى بەرمەي دېسە خالىقنىڭ ئەلپازىدىن قورققانىدى. ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا خالىق ئۇنىڭغا دېدى:

— ھازىر ماڭساڭمۇ خەتەرلىك، شۇڭا پۇلۇڭنى ماڭا بەر، مەن ساقلاپ قوياي، ئەتە سەن ماڭغاندا ئاندىن بېرەي.

ھېلىقى قىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، 100 يۈەن پۇلنى خالىققا قايتۇرۇپ بەردى. خالىق ئۇقىزنى يەنە كارىۋاتقا ئېلىپ چىقىپ نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، مادارىدىن كېتىپ خورەككە چۈشتى.

خالىق ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ قارىۋىدى، يېنىدا ھېلىقى قىز يوق، ھەتتا ئۇنىڭ يانفونى ۋە ھەمىيىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچقان خالىق

ئاچچىقىدا بىر ئىستاكاننى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى، ئاندىن يېنىدا تۇرغان پىچاقنى چاي ئۇستىلىگە غەزەپ بىلەن سانچىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خالىق قاۋاق ۋە رەستىلەردىن ھېلىقى قىزنى خېلى ئىزدەپ باقتى. 2 ـ ئىيۇن كۈنى كەچتە ئۇ ھېلىقى قىزنى دېگەندەكلا رەستىدە ئۇچرىتىپ قالدى، ئۇ قىزمۇ خالىقنى كۆرۈپلا بۇرۇلۇپ تىكىۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. خالىق ئۇنىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتتى:

ـــ ھەمميان بىلەن يانفوننى چىقار، بولمىسا ھېلى بىكار بوغۇزلىۋېتىمەن!

ھېلىقى قىز چارلاپ يۈرگەن بىر ئامانلىق ساقلىغۇچىنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇۋلىغىلى تۇردى:

ـــ نېمە قىلماقچى سەن؟ ئادەم بارمۇ، بۇلاڭچى...!

ئاڭغىچە ئامانلىق ساقلىغۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئىككىسى ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئامانلىق ساقلىغۇچى ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلدى.

خالىق خەنزۇچىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلسىمۇ، لېكىن ھېلىقى قىز بىلەن بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى دېگۈسى كەلمەي، پەقەت: "بۇ قىز مېنىڭ ھەمميېنىم ۋە يانفونۇمنى ئوغرىلىۋالدى" لا دەيتتى. قىز بولسا: "ئۇ بۇلاڭچىكەن، سومكامنى بۇلىماقچى بولدى"لا دەيتتى.

بۇنىڭ بىلەن نۆۋەتچى ساقچى ئەھۋالنى نۆۋەتچى رەھبەر لەي شىنشېڭغا مەلۇم قىلدى. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىپ، دەرھال كېلىپ خالىق بىلەن ھېلىقى قىزنىڭ ماجراسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتتى. ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەت شەھەر ئىچىدە ئىدى.

كېيىنكى بولغان ئىشلار خالىقنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىر چۈشكىلا ئوخشايدۇ. ساقچىلار ھېلىقى قىزنى قويۇۋەتتى، خالىق ئابدۇسەمەتنى ئىككى رومكا ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى: "بىز تەرەپكە بېرىپ بىر دەم ئولتۇرايلى، ئۇ يەردە بىر نەچچە يۇرتداش باللار بار، مۇڭداشامدۇق!" دېدى خالىق. شۇنداق قىلىپ ئابدۇسەمەت خالىق بىلەن قاۋاقخانىغا بېرىپ ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى، ئاندىن خالىق ئىجارىگە ئالغان ئۆيگە باردى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئېچىنىشلىق تراگېدىيە يۈز بەردى...

سۇرلۇك سولاقخانىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان خالىق گاھىدا تۇرۇپلا پۇشايمان قىلىپمۇ قالاتتى: ” لىللا گەپنى قىلغاندا ئابدۇسەمەت ئۆزى يامان نەرسە ئەمەس ئىدى، ـــ دەپ ئويلايتتى خالىق، ـــ نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆردى. بىراق ئۇ مەن بىلەنلا قالدىغۇ. تاڭ! ئۇمۇ ئۇيغۇرغۇ، ھەم خوتەنلىككەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى 15 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىكەن... ھەي، كۆزۈمگە كىرىۋالمىغان بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلاتتىم...؟ ئابدۇسەمەتنىڭ قېرىنداشلىرى كۆپمىش دەپ ئاڭلايمەن، ئۇنىڭ ئۆيدىكىلىرى بىزنىڭ نۆيگە بېرىپ ئىنتىقام ئالمىز، دەپمۇ يۈرەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىققان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كادىركەن ئەمەسمۇ... ھەي...!“

بۇ ئىشلار يادىغا يەتكەن خالىق سەل دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە، بىردىنلا مەيدىسىگە مۇشتلاپ كەتتى: ”بولار ئىش بولدى، بۇنى كىمدىن كۆرۈمەن؟ ئاكامدىن كۆرۈمەنمۇ؟ خوجايىندىن كۆرۈمەنمۇ؟ ھېلىقى قىزدىن كۆرۈمەنمۇ؟ ياكى ئابدۇسەمەتتىن كۆرۈمەنمۇ؟“ ئويلىغانسېرى خالىقنىڭ كاللىسى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى...

شۇنداق، بۇ تراگېدىيىنى خالىق ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق، خالىقنىڭ ھازىرقى ھالىچۇ؟ ئۇمۇ تراگېدىيە بولماي نېمە؟

2004 ـ يىلى 14 ـ نويابىر كۈنى شىنجېن شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئابدۇخالىق مەمتىمىننىڭ جىنايى قىلمىشى ئۇستىدىن بىرىنچى سوتتا چىقارغان ھۆكۈمنامىسى چۈشتى.

ھۆكۈمنامىدە ئابدۇخالىق مەمتىمىننىڭ جىنايى قىلمىشى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلغانىدى:

مەھكىمىمىز. جاۋابكار ئابدۇخالىق مەمتىمىن دۆلەت قانۇنىغا پىسەنت قىلماي. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. جاۋابكار ئابلەت جاۋابكار خالىقنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىشىگە ياردەملەشكەن. ئۇنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، دەلىل ـ ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىشكە ياردەملىشىش جىنايىتى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئەيىبلىگۈچى ئورگان ئەيىبلىگەن ئاساسىي پاكىتلار ۋە بېكىتكەن جىنايەت نامى

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. جاۋابكار ئابلەت دېلو سادىر بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، جىنايى قىلمىشىنى راستچىللىق بىلەن ئىقرار قىلدى. ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئۇ يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى باشلاپ بېرىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئابدۇسەمەتنىڭ جەسىتىنى تېپىشقا ياردەملەشتى. شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ دەل خالىق ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى مەزكۇر پاكىتقا ئاساسەن رازۋېدكا نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جاۋابكار خالىقنى ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈردى. ئابلەتنىڭ بۇ ئىپادىسىنى زور خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى يەڭگىللىتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. جاۋابكار خالىق سوتتا شىنجېڭدا سادىر قىلغان ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلدى، لېكىن تەكشۈرۈش ۋە نۇرغۇن شاھىدلارنىڭ ئىسپات بولۇشى نەتىجىسىدە جاۋابكار خالىقنىڭ شىنجېڭدا ئوغرىلىق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تولۇق دەلىللەندى. جاۋابكار خالىق يەنە سوتتا ئۆزىنى ئاقلاپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ پەقەت تۆت يېرىگىلا پىچاق تىقتىم، دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما قانۇن دوختۇرلىرىنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ **10** نەچچە يېرىگە پىچاق سېلىنغان. ھازىر قولغا چۈشۈرۈلگەن پاكىتلارغا ئاساسەن، مەزكۇر دېلونى ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولىدۇ. جاۋابكار خالىقنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پاكىتلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن جاۋابكار خالىق، ياسىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ يوتىسىغا پىچاق سالغان ئادەم مەن ئەمەس، دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى. ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى ئەيىبلەش دەلىللىرىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. شۇڭا جاۋابكارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. جاۋابكارنىڭ ئاقلىغۇچىسى جاۋابكارنىڭ بۇ قىلمىشىنى تاسادىپىي سادىر قىلغان جىنايەت. ئۇنىڭدا قەستەنلىك يوق، دەپ ئاقلىدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەزكۇر دېلودا جاۋابكارنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇددىئاسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلار

تېپىلمىدى. ئەيىبلىگۈچىمۇ بۇ ھەقتە شىكايەت قىلمىدى. شۇڭا ئاقلىغۇچىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن جاۋابكار شېنجېندا ئوغرىلىق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن. ئابدۇسەمەت جاۋابكارنىڭ بۇ قىلمىشىنى نورمال تەكشۈرۈۋاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى يامان غەرىزى ئېنتايىن كۈچلۈك بولغان، شۇڭا ئاقلىغۇچىنىڭ جاۋابكاردا سۇبيېكتىپ يامان غەرەز ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، دېگەن پىكرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىنى قوغداپ. پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاش ئۈچۈن. بىرلەشمە سوت مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 232 - ماددىسى، 307 - ماددا 2 - تارمىقى، 67 - ماددا 1 - تارمىقى، 68 - ماددىسى ۋە 57 - ماددا 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلدى:

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جاۋابكار ئابدۇخالىق مەتمىنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى.

دەلىل - ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىشكە ياردەملىشىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جاۋابكار ئابلەت كېيىرگە بېرىلىدىغان جازا كەچۈرۈم قىلىندى.

خالىق سوتتا گەرچە ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تولۇق ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ھۆكۈمنامە چۈشكەندىن كېيىن ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىڭ ئېيتقىنى ۋە ئۇ كۆرسەتكەن رەسمىيەت تەرتىپلىرى بويىچە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى سۇندى. ئەمما گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى خالىقنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئەسلىي ھۆكۈمنى ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، خالىق ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جان بەدىلى تۆلەيدىغان بولدى...

**29. "قارىغىنا ئابدۇسەمەت ، داداڭ شىنجىڭغا كەلدى، مېھرىگۈل ئىزىڭنى باستى...!"**

ئابدۇسەمەت قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسى روزىمۇھەممەتئاخۇن گويا ئىسىنى يوقىتىپ قويغاندەكلا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ئابدۇسەمەت تېخى ھاياتتەكلا، يىنچۈەن ياكى شىنياڭدا ئوقۇۋاتقان چاغدىكىدەك كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىشىكتىن "دادا، مەن قايتىپ كەلدىم" دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى مېھرى بىلەن سىيلاپ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

بولۇپمۇ بوۋاينىڭ كېچىلەرنى ئۆتكۈزمىكى ناھايىتى مۈشكۈل ئىدى، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي ئۆرە ئولتۇراتتى، ئولتۇرسا - قوپسا ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت ئابدۇسەمەتلا ئىدى. بوۋاينىڭ بەشىنچى بالىسى ئابدۇسەمەت 11 بالا ئىچىدە ئەڭ كۆيۈمچان ئىدى. ئابدۇسەمەت ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى قاتتىق ئاغرىپ، چاچراپ كەتكىلى قىل قالدى، شۇ چاغدا ئابدسەمەتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزمەن، سۈت بېرىمەن دەپ كېچە - كېچىلەپ ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولغانىدى. دادىسى ئۇنىڭ بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ، دۇئا ئوقۇغانىدى، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن ئابدۇسەمەت شۇ قېتىمقى كېسەلدىن ئامان - ئېسەن ساقايدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇسەمەت ئاتا - ئانىسىنى قىلچە دەككە - دۈككىگە سېلىپ باقمىدى. ئۇ كەنتتىكى باشقا بالىلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى، ئۇ كىتاب ۋە رادىئوغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ رادىئودىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى، ئانىسىغىمۇ قەۋەتلا كۆيۈمچان ئىدى. ئابدۇسەمەت تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان يىلى، ئانىسىنىڭ جىگەر راكى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغاچقا، بالنىستتا يېتىپ قالدى. ئابدۇسەمەت مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە مەكتىپىگە باراتتى. ئۇ تاكى ئانىسىنىڭ كۆزى

يۇمۇلغىچە شۇنداق قىلدى. شۇڭا دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ”ئەجەپمۇ ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئەدەبلىك، كۆيۈمچان بالىكەن“ دەپ ماختاپ كېتىشكەندى.

ئابدۇسەمەت شۇنچە چوڭ بولغىچە ئوقۇش خىراجىتىنى غەملەشتىن باشقا ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ باقمىغان ئىدى. روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ئەسلىدە تۆمۈرچىلىك قىلاتتى، كېيىن سىرتلارغا چىقىپ كىيىم ـ كېچەك سودىسى قىلىپ باقتى. شۇڭا ئۇ كەنتتىكى باشقا دېھقانلارغا قارىغاندا يىراقنى كۆرەتتى، بالىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئابدۇسەمەتنىڭ ھەر قېتىملىق ئوقۇش خىراجىتىنى غەملەش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى چەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇسەمەتنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ داۋاملىق ئوقۇتتى. بوۋايغا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى ئابدۇسەمەتنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئالتە يىل ئوقۇشىغا كەتكەن خىراجەتنى غەملەش بولدى. بوۋاي ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا پۇل تېپىش ئۈچۈن كالا ـ قويلىرىنى، ياغاچ ـ تاشلىرىنى ساتتى، پاختا سودىسى قىلىپ باقتى، كەنتتىكى پۇل بېرىپ تۇرالايدىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە سارغىيىپ دوقۇرۇپ باقتى. ئۇ ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە پۇل سوراپ بارغان چېغىدا ئالدى بىلەن:”پۇللىرىنى قاچان قايتۇرسام بولار؟“ دەپ سورايتتى. ئۇ پۇل ئىگىسىنىڭ جاۋابىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا قايتۇرۇشقا قۇربى يېتىدىغان ياكى يەتمەيدىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرەتتى ـ دە، پۇل ئىگىسىنىڭ دېگەن ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا كۆزى يەتمىسە، دەرھال چىقىپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ھالىنى ئېيتاتتى. روزىمۇھەممەتئاخۇن لەۋزى ھالال ئادەم بولغاچقا، كەنتتىكىلەر ئۇنىڭدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قەرز ئېلىپ ۋاقتى توشقاندا ئامال قىلىپ قايتۇرۇۋېتىپ، يەنە قەرز ئېلىپ دېگەندەك مىڭ بىر جەبىر ـ جاپالار بىلەن ئوغلى ئابدۇسەمەتنى ئوقۇتۇۋالدى.

مۇنداق بىر ئىش بوۋاينىڭ يادىدا ھازىرقىدەكلا ئىدى: ئابدۇسەمەت جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقىدىغان چاغدا دادىسىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن:

ـــ دادا، مەن شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلىمەكچى دېمەن، شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

—— شىنجىن دېگەن شەھەرنى بەكمۇ يىراق دەيدۇ بالام، —— دېگەنىدى بوۋاي، —— بارمىساڭ بولارمىكىن. ئەڭ ياخشىسى يېنىپ كېلىپ كۆز ئالدىمدىراق ئىشلىگىن، شۇنداق قىلساڭ سېنى دائىم كۆرۈپ تۇرالايمەن، ئوغلۇم!

ئابدۇسەمەت دادىسىنىڭ گېپىگە ماقۇل بولدى. لېكىن ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە دادىسىغا تېلېفون قىلىپ:

—— دادا، مەن ئۇرۇمچىدە ئىشلەيمىكىن دەيمەن، قانداق، بولامدۇ؟ —— دەپ سورىدى. دادىسى: " ئۇرۇمچى شىنجىن دېگەن يەردىن يېقىنراق بولغاندىكىن ئوغلۇمنى بېرىپ يوقلاپ تۇرالايمەن" دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

ئاردىن 20 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇسەمەتتىن تۇيۇقسىزلا تېلېفون كېلىپ قالدى:

—— دادا، مەن شىنجىنغا بېرىپ ئىشلەيدىغان بولدۇم، —— دېدى ئابدۇسەمەت، —— ئۇ يەردىن ئادەم ئالغىلى كەلگەنلەر مېنى قوبۇل قىلدى.

دادىسىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ئابدۇسەمەت:—— دادا، مەن ئالدى بىلەن بېرىپ بىر مەزگىل ئىشلەپ تۇراي، —— دېدى دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، —— كېيىنرەك يېنىپ كېلىمەن. خوتەنگە يۆتكىلىپ بېرىپ، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن.

روزىمۇھەممەتئاخۇن نۇرغۇن ئويلىنىپ ئاخىرى ئابدۇسەمەتنىڭ شىنجىنغا بېرىپ ئىشلىشىگە قوشۇلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، دېمىسىمۇ، شىنجىننىڭ خىزمىتى جاپالىقراق بولغىنى بىلەن مائاشى يۇقىرى ئىدى. ئابدۇسەمەت ئۇ يەردە ئىشلىسە كۆپرەك پۇل تېپىپ، قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ، ئىنى- سىڭىللىرىنى ئوقۇتالايتتى.

ئابدۇسەمەت شىنجىنغا بېرىپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، قىلغان ۋەدىلىرى بويىچە ئائىلىسىگە ۋاپادارلىقىنى يەتكۈزدى. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئۆيىگە ھەر ئايدا 1000 يۈەندىن پۇل ئەۋەتىپ تۇردى، كېيىن 2000 يۈەندىن ئەۋەتتى. ئۇ قازاغا ئۇچراشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئۆيىگە 4000 يۈەن ئەۋەتكەنىدى. روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا بولۇپمۇ ئابدۇسەمەتنىڭ خىزمىتى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ھەر ھەپتىدە تېلېفون قىلىپ ئىسەنلىك سوراپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ

مننەتدار ئىدى. ئۇ چاغدا ئابدۇسەمەتلەرنىڭ ئۆيىدە تېلېفون يوق ئىدى، دادىسى كېلىشىپ قويغان ۋاقىتتا كەنتتىكى دۇكانغا بېرىپ ئۇنىڭ تېلېفونىنى ساقلايتتى. ئابدۇسەمەت ھەر قېتىمقى تېلېفوندا شۇنداق دەيتتى:

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ دادا، ئېغىر ئىشلارنى قىلماڭ، قورساققا ئوبدان يەڭ. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، دېيىشكەن. سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم. ناۋادا ئاغرىپ قېلىپ ئۇ يەردە داۋالىتالمىسىڭىز ماڭا دەڭ. مەن سىزنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ داۋالىتىمەن. دادا، سىز دائىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلسەم بولاتتى، دەيتتىڭىزغۇ؟ مەن يېتەرلىك پۇل جۇغلىۋالغاندىن كېيىن خۇدا بۇيرىسا سىزنى ئاشۇ ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزىمەن!

— رەھمەت بالام، — دەيتتى بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ، — ئۇ شىنجاڭ دېگەن يەرنى بەك قالايمىقان دېيىشىدۇ، ئۆزۈڭگە دىققەت قىلغىن، كېچىلىرى يالغۇز تالا ـ تۈزگە چىقما، قورسىقىڭغا ئوبدان يېگىن، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما. قاچان كېلەرسەن بالام؟

ئابدۇسەمەت دەسلەپتە ماي ئېيىدا رۇخسەت سوراپ، مېھرىگۈلنى ئېلىپ بېرىپ سىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، دېگەنىدى. كېيىن خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ئاۋغۇست ئېيىدا بارىمەن، شۇ چاغدا مېھرىگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چاي ئىچكۈزۈپ توينى قىلىۋەتسەك، دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ روزىمۇھەممەتئاخۇن ئوغلىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئۇ دائىم كالىندارغا قاراپ، ئوغلى كېلىدىغان كۈنگە قانچىلىك قالغانلىقىنى ساناپ كېتەتتى. بولغۇسى كېلىنىنىڭ بوسۇغا ئاتلاپ كىرىدىغان چاغدىكى خۇشاللىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

بوۋاي ئوغلىنى سافلىدى، زارىقىپ كۈتتى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئاخىرى بوسۇغىدىن ئوغلىنىڭ جىنازىسى بىلەن قارىلىق كىيىمى كىيگەن بولغۇسى كېلىنى تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى.

ئابدۇسەمەت قازا قىلغاندىن كېيىن، يۇسۇپجان ئائىلىسىگە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت، ئاما ۋە ئابدۇسەمەت بىلەن بىرگە ئىشلىگەن خىزمەتداشلارنىڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە ھال سوراپ قىلغان ئادەمگەرچىلىكىنى ئېلىپ قايتتى.

ئابدۇسەمەتنىڭ نەزىرـ چىراغلىرىمۇ ناھايىتى داغ ـ دوغلىق ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭدىن ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى مىننەتدار بولدى. لېكىن ئۇ يەنىلا دائىم: ”شۇ چاغدا بالامنىڭ شېنجېنغا بارىمەن دېگىنىگە قوشۇلمىسامىمۇ بوپتىكەن. پۇل ئاز بولسىمۇ ـ كۆپ بولسىمۇ ئوخشاشلا كۈن ئۆتۈۋېتەتتىڭ، بىراق ئوغلۇم كەتتى، يۈرەككە مەڭگۈ ساقايماس جۇدالىق يارىلىرىنى سېلىپ قويۇپ كەتتى، ئىسسىت! “ دەپ پۇشايمان قىلاتتى.

بوۋاينى بەك غېرىپسىنىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىغان يۈسۈپجان كېيىن ئۆيگە تېلېفون ئورنىتىپ بەردى. بالىلىرى گەپ قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى 2005 ـ يىلى يېڭى يىل بايرىمىدىن كېيىن بوۋاينى قايتا ئۆيلەپ قويدى. چۈنكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەچكە، بوۋاي ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى. بىراق، ئۇ تېلېفونغا قارىسىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ خىيالغا پاتاتتى: ” ئابدۇسەمەت ھايات چاغدا تېلېفون يوق، خەقلەرنىڭ ئىشىكىدە سارغىيىپ تېلېفون ساقلىدىم. مانا، ھازىر تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپلا سۆزلىشەي دېسەم، ئامراق ئوغلۇم ئابدۇسەمەت يوق. بۇنداق تېلېفوننىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ “ بوۋاي مۇشۇلارنى ئويلىسىلا تېلېفوننىڭ سىمىنى ئۈزۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

ئابدۇسەمەتنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ئەتىگەندىن كەچكىچە: ”ھۆكۈمەت ئوغلۇمغا قەست قىلغان مەلئۇننىڭ تېزراق جاجىسىنى بەرسە بولاتتى“ دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ يۈسۈپجاننى مېھرىگۈل ياكى شېنجېندىكى كىچىك پەرھاتقا تېلېفون قىلغۇزۇپ، ئۇلاردىن سوراپ تۇردى. ئۇلار: ”قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى“ دەپ جاۋاب بېرىشتى. بوۋاي مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بىراق ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى ھۆكۈمنىڭ ئىجراسى ئىدى. ئابدۇسەمەتنىڭ دوستلىرى، مۇخبىرلار كەلسىلا روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ئۇلاردىن ئەھۋال ئۇققۇشاتتى، ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى خىلمۇ خىل ئىدى:

ـــ قاتىل ھۆكۈمگە قايىل بولماي، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوتقا نارازىلىق ئەرزى سۇنۇپتىكەن، يۇقىرى سوت دېلوغا قايتا قاراپ چىقىۋېتىپتۇدەك...

ـــ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت خالىقنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى قايتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قاپتۇدەك...

ــــ شىنجىندىكى سوت ئورۇنلىرى قاتىل ئاز سانلىق مىللەت بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، قاتىلغا بىرىلگەن جازانى يا شىنجىندا ئىجرا قىلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىش ياكى بولمىسا شىنجاڭغا يالاپ ئەكىلىپ شىنجاڭدا ئىجرا قىلىشنى كېڭىشىۋاتقۇدەك...

2004 - يىلى دىكابىرنىڭ ئاخىرلىرى خوتەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن تېلېفون كېلىپ، شىنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىگە يوللىغان ئابدۇسەمەتكە ”مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچى“ دەپ نام بېرىش ھەققىدىكى ھۆججەتنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى، لوڭگاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قەھرىمان ئابدۇسەمەتتىن ئۆگىنىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خوتەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ جيەنجۈن، ناھىيىلىك جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسى، ئىككىنچى ئاكىسى يۈسۈپجان قاتارلىقلارنى يىغىنغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇنداق قىلىپ بوۋاي ئاخىرى چوڭ بىر ئارزۇسىغا يېتەلىگەن بولدى: ئۇ ئوغلى خىزمەت ئىشلىگەن يەرلەرنى، ئوغلى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قوغدىغان شىنجىن دېگەن شەھەرنى ئاخىرى كۆرۈدىغان بولدى.

68 ياشقا كىرىپ ھازىرغىچە خوتەندىن چىقىپ باقمىغان روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ئىككىنچى ئوغلى يۈسۈپجان ۋە خوتەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ماڭغانلار بىلەن بىرگە خوتەن ئايرودرومىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئىككى يېرىم سائەتتە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، ئەتىسى يەنە ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن شىنجىنغا قاراپ بەش سائەت ئۇچۇپ، ئاخىرى شىنجىنغا يېتىپ كەلدى.

شىنجىن دېگەن بۇ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا بوۋاينىڭ كۆزىگە ياش كېلەتتى. روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ھەم ئۆزىگە ناتونۇش، ھەم ئوغلى ھايات چاغدا ئاجايىپ

تەلپۈنگەن بۇ شەھەرگە قەدەم باسقان دەقىقىدىن باشلاپلا ئايىغىغا يەتكىلى بولمايدىغان خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئابدۇسەمەت نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭغا: "دادا، ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، مەن ئەتە- ئۆگۈن سىزنى شېنجېنغا ئەكىلىمەن، ئىككىمىز شېنجېننى قانغۇچە ئايلىنىمىز..." دەپ كەتكەنىدى، مانا داداڭ راستىنلا شېنجېنغا كەلدى. بىراق، سەنچۇ؟ قېنى سەن، ئابدۇسەمەت...؟

رايونلۇق ھۆكۈمەت روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكىنى ئالىي مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. 27- دېكابىر رايون بويىچە قەھرىمان ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆگىنىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىن باشلانغىچە روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ياندىكى قوبۇلخانىدا ئولتۇرۇپ تۇردى. شېنجېننىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى كىرىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. مېھرىگۈل ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى بوۋايغا تەرجىمە قىلىپ بەردى:

— شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى فېڭ سىلىنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇ، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شېنجېندىكى 16مىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسىغا ۋاكالىتەن سىلىدىن سەممىي ھال سوراۋاتىدۇ. بۇ كىشى لوڭگاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى يولداش يۇ خۇيخۇڭ بولىدۇ، بۇياق رايون باشلىقى يولداش لى مىڭ بولىدۇ، بۇ ياق رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، قوشۇمچە سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى يولداش جەي جۇڭتەي بولىدۇ، بۇ كىشى رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش لىيۇ كۇەنجى بولىدۇ...

بوۋاي ئۇلار بىلەن توختىماي قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، ئۇلارغا توختىماي باش لىڭشىتاتتى. ھەر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاجايىپ بىر ئىللىق ئېقىم شۇرۇدە ئاقاتتى، كۆڭلى تەسكىن تاپاتتى. ئۇ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بۇنچىلىك كۆپ رەھبەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى.

يىغىندا جەي جۇڭتەي رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن لوڭگاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋۇ يىڭدا مەركىزىي كومىتېت

سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى قوشۇمچە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى يولداش جو يۇڭكاڭ ئىمزا قويغان جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ يولداش ئابدۇسەمەتنى « مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تونۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقى» ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «يولداش ئابدۇسەمەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ تونۇش ھەققىدىكى تەستىقنامە»سىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا لوگكاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سەي لى «شېنجېن شەھىرى لوگكاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يولداش ئابدۇسەمەتتىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئېلان قىلدى. قارارىدا مۇنداق دېيىلگەندى: ”قەھرىمان ساقچىنىڭ روھىنى جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، لوگكاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن رايون خەلقىنى، بولۇپمۇ سىياسىي- قانۇن كادىر- ساقچىلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش سېپىدىكى بارلىق يولداشلارنى يولداش ئابدۇسەمەتتىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. ھەممەيلەن يولداش ئابدۇسەمەتنىڭ پارتىيە ۋە خەلققە سادىق بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى، خىزمىتىگە چەكسىز سادىق بولۇپ، بارلىقىنى ئومۇم ئۈچۈن ئاتاپ، جاپا- مۇشەققەتتىن قورقماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشتەك كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش روھىنى، ياماندىن نەپرەتلىنىپ، زوراۋانلىقتىن قورقماي، ئەمىنلىك ئۈچۈن ئۆزىنى قەھرىمانلارچە قۇربان قىلىشتەك جاسارىتىنى، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئاددىي- ساددا ياشاپ، مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئەيش- ئىشرەتكە بېرىلمەسلىكتەك ئالىيجاناب خىسلىتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.“

رايون باشلىقى يولداش لى مىڭ قەھرىماننىڭ روھىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ ئۆگىنىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ”نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، ئۇنى پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى يۇكسەكلىكىدىكى مۇھىم ئىش دەپ بىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە شەرەپ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر

ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۈردە زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇقرا قوللايدىغان ۋە پۇقرانى خاتىرجەم قىلالايدىغان سىياسىي قانۇن خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.» ئۇ رايوندىكى بارلىق پارتىيىلىك كادىرلارنى ئابدۇسەمەتنى ئۈلگە قىلىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، لوڭگاڭ رايونىدىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشقا چاقىردى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى فېڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «ئابدۇسەمەت لوڭگاڭ رايونى ۋە شېنجېن جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىن چىققان نەمۇنىچى، ئۇنىڭ ۋاپاتى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، ئۇ شېنجېننىڭ پەخرى، گۇاڭدۇڭنىڭ شەرىپى. شېنجېن خەلقى ئابدۇسەمەتنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ، يولداش ئابدۇسەمەتنىڭ ئوبرازى ھەربىر يۈرەكتە مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدە بولۇپ قالىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلقنى خاتىرجەم قىلالايدىغان زامانىۋى ساقچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىنچ ۋە ئىناق شېنجېن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى!»

رەئىس سەھنىسىدىكى روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا قاتار ئولتۇرغان فورمىلىق ساقچىلارغا قارىدى، ئۇ ئاشۇ ساقچىلار ئارىسىدا ئوغلى ئابدۇسەمەتنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ھە! ئۇ سۆزلەۋاتقانلارنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «ئابدۇسەمەت» دېگەن گېپىدىن، ئوغلىنىڭ تەرىپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، يىغىندا ئولتۇرغان شۇنچىۋالا كۆپ كادىر ۋە ساقچىنىڭ چىرايىدىكى ھەيۋەتلىك سۈكۈناتتىن ئوغلىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى كۆرگەندەك بولدى، بۇنىڭدىن يۈرەكلىرى تەسكىن تاپقان بوۋاي ئۆز-

ئۆزىگە پىچىرلىدى: ‹‹ئاھ ئوغلۇم، ئارمانسىز كېتىپسەن! سەن مېنىڭ قورقماس بۆركۈتۈمسەم، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرىسەن!››

رەھبەرلەر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، لوگگاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى يۇ خۇيخۇڭ ئوردېن، گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات تەقدىم قىلدى.

چۈشلۈك غىزادا ئۇلار ناھايىتى ئېسىل مۇسۇلمانچە تاماق تەييارلاتتى. بىراق بوۋاينىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتۈدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئوغلى ئىشلىگەن يەرلەرنى كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتقاچقا، پېيك گوچىڭ ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

چۈشتىن كېيىن، بىر پىكاپ روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا، يۈسۈپجان ۋە مېھرىگۈلنى بۇجى ساقچىخانىسىغا ئېلىپ باردى.

پېيك گوچىڭ ئۇلارنى باشلاپ يىغىن زالىغا كىرگەندە، سۆھبەت يىغىنى ئېچىۋاتقان ساقچىلار دەس ئورنىدىن تۇردى- دە، بوۋايغا قاراپ ھەيۋەت بىلەن چاس بەردى.

بوۋاي بىر- بىردىن قامەتلىك گەۋدىلەر، ياشلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يۈزلەر ۋە ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان ساقچى بەلگىلىرىگە تىكىلگىنىدە، ساقچى فورمىسى كىيگەن ئوغلى ئابدۇسەمەتنىمۇ ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە كۆرگەندەك بولدى.

ساقچىخانا باشلىقى سۇڭ مىڭياۋ گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ساقچىلارنى بوۋايغا بىر- بىرلەپ تونۇشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇسەمەتنىڭ ئىلگىرىكى رەھبىرى، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى جۇ گاڭ، ئابدۇسەمەت بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان سەپداشلىرىدىن جاڭ- جوۋبى، شيې جيەنكەي، ساۋاقدىشى ھەم خىزمەتدىشى ۋاڭ كەي، سەي خۇاسۇگلار بار ئىدى...

سۆھبەت يىغىنىدا رەھبەرلەر، ئابدۇسەمەتنىڭ سەپداشلىرى ۋە ئامما ئابدۇسەمەتنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش- ئىزلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەپ، ئابدۇسەمەتكە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىدا بېرىلگەن يۇقىرى باھانىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. دۇرۇس، ئابدۇسەمەت شۇنداق

ئەزىمەت ئىدى: ”ئۇ ئۆز كەسپى ئۈستىدە بىرىلەپ ئىزدىنىپ، سەپداشلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، رازۋېدكا قىلىش ۋە دېلو بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شۇ رايوننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپىلەرنى قوشتى... ئۇ ئىنتىزامچان ۋە پاك ئۆتكەن ساقچى ئىدى. ئۇ ئاممىنى قىزغىنلىق بىلەن غەم- ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئاممىغا خالىسانە ياخشى ئىش ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى خەلق ساقچىسىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى تىكلىدى...“

يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە بىرمۇنچە كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈشتى. يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن پېيىڭ گوچىڭ روزىمەمەتئاخۇن ئاكا، يۈسۈپجان ۋە مېھرىگۈلنى ئابدۇسەمەتنىڭ ئىشخانىسىغا، ئاندىن ئۇنىڭ ياتىقىغا باشلاپ ئەكىردى. روزىمەمەتئاخۇن ئاكا تىترەپ تۇرغان قاداق قوللىرى بىلەن ئابدۇسەمەت ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى سىيلايتتى. ئەنە، ئاۋۇ كىتابتا ئابدۇسەمەتنىڭ كۆز نۇرلىرى بار، كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىدا ئۇنىڭ بارماق ئىزلىرى بار، ئورۇن- كۆرپىلەردە ئۇنىڭ ھىدى ۋە ھارارىتى بار... روزىمۇھەممەتئاخۇن ئاكا ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچى فورمىسىنى ئۇزاقتىن ئۇزاق سىيلاپ، ئۇنىڭغا تويماي قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ فورمىدىن ئوغلى ئابدۇسەمەتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چېھرىنى، قامەتلىك گەۋدىسىنى ۋە ئۆلمەس روھىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئوغلىنىڭ 17 يىل ئوقۇپ، مىڭ تەسلىكتە مۇشۇنداق ئوبدان خىزمەت ئورنىغا ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىپ، كۆڭۈلدىكىدەك لايىقىنىمۇ تېپىپ، ئەمدى راسا بىر ئىشلەپ، ئىشلىگەننىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان ۋاقتىتا تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالغانلىقى بوۋاينى ھەممىدىن بەك ئېچىندۇراتتى.

بۇلارنى ئويلاپ بوۋاينىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياشلار قورۇق باسقان مەڭىزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ، قاردەك ئاپئاق ساقاللىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قالدى.

پېيىڭ گوچىڭ ئەسلىدە بوۋاينىڭ بۇ يېشىدا شېنجېنغا كەلمىكى ئاسان ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى شېنجېننىڭ شەھەر ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ، مەنزىرىلىك يەرلىرىنى كۆرسىتىپ كېلىشنى پىلانلىغانىدى. لېكىن ئۈچەيلەن ياتاقتا بىر ھازاغىچە

مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى پىلەك گوچگىنىڭ بۇ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. چۈنكى بوۋاينىڭ ئۇنىڭغا ھېچبىر كۆڭلى تارتمايتتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، شىنجىڭ دېگەن بۇ شەھەرنى كۆرگۈسى يوق ئىدى.

— بۇ يەر بىز تۇرىدىغان يەر ئەمەسكەن، — دېدى بوۋاي يۇسۇپجانغا، — ئۇلارنى ئاۋارە قىلىۋەرمەي ئۆيىمىزگە كېتەۋالايلى.

ئەتىسى، بوۋاي قايغۇ- ھەسرەت، قانائەت ۋە مىننەتدارلىق ئىلمىشىپ- چىرمىشىپ كەتكەن ئاجايىپ بىر تۇيغۇدا ئوغلى يۇسۇپجان بىلەن بىرگە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىنجىڭدىن ئايرىلدى.

مېھرىگۈلنىڭ ئارزۇسىمۇ دەل شۇ كۈنى ئىشقا ئاشتى. ئۇ بۈگۈن ساقچىخانىسىغا كېلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇمۇ شىنجىڭلىق ساقچىلاردىن بولۇپ قالدى.

مېھرىگۈل زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، دۇرۇس، خالىق تورغا چۈشكىنى بىلەن قورامىغا يەتمىگەن بالىلارنى يولدىن چىقىرىپ، ئۇلارنى تىلەمچىلىك، يانچۇقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا سېلىۋاتقان خالىققا ئوخشاش يامان نىيەتلىك بۇزۇقلار مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە قوتراپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ ئەندىشىسىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. بالىلارنى ئالداپ يولدىن چىقىرىش قىلمىشى ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ناۋادا ئۇنى توسماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەندە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈگىمەس بالايىقازاغا ئايلىنىدۇ. بۇ مەسىلىگە ھەممە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى پەيدىنپەي ھەل قىلغاندا، نۇرغۇنلىغان سەرگەردان بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن ئادەم بولۇپ، يېڭىچە ھايات يولىغا قەدەم قويۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

دۇرۇس، بۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. چۈنكى سەرگەردان بالىلار مەسىلىسى جۇڭگودىلا ئەمەس، ھەتتا تەرەققىي تاپقان ئەللەردىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئەنگلىيىدە «ئەنگلىيە بالىلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى» (Save the children) قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئەنگلىيىدىكى

سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىمۇ بالىلارنى قۇتقۇزۇش تۈرلىرىنى يولغا قويماقتا. بۇ جەمئىيەت «شىنجاڭ سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى»گە ماشىنا ئىئانە قىلدى ۋە سەرگەردان بالىلارغا ئۆيۈن شەكلى ئارقىلىق ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دائىر ساۋات ۋە چارىلەرنى تونۇشتۇردى...

كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مەركەزنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. دېمەك، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ مۇھىم مەسىلىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ تەدرىجىي ھەل قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. شۇ چاغدا، ھەممە ئاتا ـ ئانا، ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن بالىسىنى تېپىپ ئەكىلىپ بەرگەن ساقچىلارغا: ”مەيدەڭلەرگە ئالتۇندىن ئوردېن تاقساقمۇ ئەرزىيدىكەن!“ دەپ تەشەككۇر بىلدۈرگەن بىر ئۇيغۇر ئانىنىڭ سۆزىگە ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايدۇ!

لېكىن نۆۋەتتە، لۇشۇن ئەپەندى ئۆز زامانىسىدا ئېيتقان مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى تەكرارلىساق كىشىلەرگە قورقۇنچ سالغانلىق بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە: ”بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى!...“

# خاتىمە

## يىقىلماس توغراق

ئابدۇسەمەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش- ئىزلىرى ئۇنىڭ يۇرتىدا تىللاردا داستان بولدى.

ئۆلگىنىنىڭ كۆچى چەكسىز بولىدۇ. ئابدۇسەمەت ئۇيغۇرلار ئۇچۇن، شىنجاڭ ئۈچۈن كەلتۈرگەن ئىززەت- ھۆرمەت ۋە شان- شەرەپ يۇرتداشلارغا مائارىپنىڭ كىشىلىك ھاياتقا نەقەدەر كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ”دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدۇ، ھەرقانچە ئوقۇغىنى بىلەن بىكار“ دەيدىغان قاششاق ئاڭدىن قۇتۇلۇپ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. جۇملىدىن بۇ خىل ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ جانلىق تىمسالى سۈپىتىدە، ئابدۇسەمەتنىڭ يۇرتىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

قەھرىمان ئابدۇسەمەت بىز بىلەن ۋىدالاشتى، لېكىن ئۇنى پارتىيە ۋە خەلق ئۇنتۇمايدۇ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ۋە شىنجاڭ ئالاھىدە رايوندىكى ئامما ئەبەدىي ياد ئېتىدۇ.

جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا ”مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچى“ دەپ نام بېرىپ، ج ك پ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، 2005- يىلى ماي ئېيىدا بېيجىڭدا داغدۇغىلىق چاقىرىلغان مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەن چاقىرغان 4- نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئابدۇسەمەتكە گوۋۇيۈەن

تەرىپىدىن ‹‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار نەمۇنىچى›› دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. ئارقىدىنلا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ‹‹ئىنقىلابىي قۇربان›› دەپ ئەنگە ئالدى.

تەكلىماكاندا ‹‹توغراق›› دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قەدىمىي ۋە قىممەتلىك دەرەخ بار، توغراق خەنزۇلارنىڭ قەدىمىي كىتابلىرىدا كالوفىل ياكى چىنار دەپ ئاتالغان.

توغراق ـــ قارىماققا ئادەتتىكىچىلا بىر خىل دەرەخ. توغراقتا قارىغايدەك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەددى- قامەت بولمايدۇ، ‹‹يول بويىدا سۆۋادان تۇرار مەغرۇر قەد كېرىپ، ئېغاڭلايدۇ يۇلغۇنمۇ چېچىكىنى پەش قىلىپ›› دېگەندەك رەڭ- جۇلامۇ ئۇنىڭغا يات؛ ئۇنىڭدا تاناپتەك ئۆسىدىغان بامبۇكلاردىكى گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەس؛ ئۇنى باغۋەنلەر ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىپمۇ يۇرمەيدۇ. لېكىن توغراق ئۆزىنىڭ ‹‹قۇملۇقتىكى گىگانت دەرەخ›› دېگەن شۆھرىتى بىلەن سانسىزلىغان شائىر، رەسسام، فوتوگرافلاردىكى تۈگىمەس ئىلھامنىڭ مەڭگۈلۈك بۇلىقى، كۆرمىگلىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئەبەدىي ئۇنتۇلماس ئەستىلىكى بولۇپ كەلدى.

توغراق ـــ گىگانت دەرەخ. چۈنكى ئۇ چۆل- جەزىرىنىڭ دەھشەتلىك مۇھىتىغا بەرداشلىق بېرىپ ياشايدۇ. ئۇ، تۇپراقنىڭ تەركىبىدىكى ئىشقار مىقدارى 10 پىرسەنتتىن ئاشىدىغان، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 10 نەچچە مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان قۇملۇقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئۆسىدۇ. توغراققا ھېچكىم سۇ قويمايدۇ، ئوغۇت بەرمەيدۇ؛ ھېچكىم ئۇنى قۇم- بورانىنىڭ ھوجۇملىرىدىن قوغداپمۇ يۇرمەيدۇ. ئۇ، باياۋان بورانلىرىنىڭ زەرب بىلەن سوقۇشلىرى، پىژغىرىم ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشلىرىدە ئۆزىنى تاۋلاپ، ۋۇجۇدىدىكى قەيسەرلىكى بىلەن چۆل باغرىدا بەھەيۋەت تىك تۇرىدۇ، يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ، نوتا مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يىپتەك ئىنچىكە ئۇزۇن بولىدۇ، بەش يىلدىن 15 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى كېڭىيىپ سۆگەتنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ سوزۇنچاق يوپۇرماقلار ئۇرۇك يوپۇرمىقى شەكلىگە كىرىدۇ.

قورامىغا يەتكەن توغراق ئادەتتە ئون نەچچە مېتىر بوي تارتىپ، غولىمۇ نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە يوغىنايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شاخلىرى

باراقسانلىشىپ، ناھايىتى يوغان كۆلرەڭگە مايىل يېشىل كۆنلۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ، كىشى ئۇنىڭغا شۇنداقلا قارىسا، كۈچ- قۇدرىتى تېشىپ تۇرغان جەسۇر پالۋان كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. دېمەك، چىڭ سۇلالىسى شائىرى سۇڭ بەيلۈنىڭ[1] «تودوق[2] يولىدىكى توغراقلىققا سەپەر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس:

”كۆرمىگەنمەن تودوقتىكى توغراقلاردەك،
توغراقنى ھېچ. پەلەك بىلەن بوي تالاشقان.
شاخ- شۇمبىسى ئىرماش- چىرماش گىرەلىشىپ.
ئۆز قامىتى يەرۇ كۆككە خوپ ياراشقان.
بىر قارىسا يىلان كەبى تولغىنار ئۇ،
بىر قارىسا ئېيىق- يولۋاس خىرقىرايدۇ.
خۇددى ئۇندا تۈلكە- قاۋان يامرىغاندەك،
ھەررەڭ- سەررەڭ پەنجىلىرى پارقىرايدۇ.“

توغراق ــــ گىگانت دەرەخ، چۈنكى ئۇ بارلىقىنى تەقدىم ئېتىشكىلا يارالغان. ئۇ چۆل- جەزىرىلەردە ياشايدۇكى، لېكىن ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەتتىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئايانماي تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ئاقسىل ۋە ئىشقار ناھايىتى مول بولۇپ، باياۋاندىكى مال- ۋاران شۇنىڭغا تايىنىپ قىشتىن چىقىدۇ. توغراقنىڭ غولى چىڭ، ئاسان ئۇپراپ كەتمەيدۇ، سۇدا قېيىپ كەتمەيدۇ، تىلغاندىن كېيىنكى سىزىقچىلىرىمۇ ناھايىتى چىرايلىق. شۇڭا ئۇ پەنەركە ۋە گۈللۈك پول تاختىيى ياساشقا ناھايىتى باب كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن تەپچىرەپ چىقىدىغان توغراق ئىشقارىدىن سودا ۋە سوپۇن ياسىغىلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ ياۋا كەندىرنىڭ يىلمىنى، تېرىنىڭ مېيىنى ئايرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

---

[1] 1898- يىلى شەندۇڭ تەپتىشى ئۇنى قانۇن ئۆزگەرتىش تۈپىلىكىگە قاتناشتى، دەپ تۈرمىگە سولىغان. كېيىن ئىلى جياڭجۈنى ئۇنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ كەلگەن ــــ تەرجىماندىن.

[2] يېپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنيىسى بولۇپ، ھازىرقى جىڭ ناھىيىسىنىڭ تودوگ يېزىسىغا توغرا كېلىدۇ ــــ تەرجىماندىن.

توغراق ئىشقارى يەنە قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. لى شىجېن يازغان «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»دا توغراق ئىشقارى ”توغراق يېشى“ دەپ قەيت قىلىنغان. چى يۈنشى[1] مۇ ئۆزىنىڭ «چىنار يېشى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان: ” ئايا، توغراق يارالغاندەك ساخاۋەتكە، تەقدىم ئېتەر بارلىقىنى مىڭ سېتەمگە[2] . ئۆزى تەنھا ياش تۆكەركەن توختىماستىن، ئاشۇ ياشلار شىپا ئىكەن خەستە تەنگە.“ ھەمدە ”ئۇ بىر قىممەتلىك دەرەختۇر. ياز كۈنلىرى ئاپتاپتا ئۇنىڭدىن بىر خىل ياش ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك يېشى قىممەتلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى قىزىتىلغان ھاراققا ئۇچتە بىر نىسبەت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ئاغرىقى، چاشقان يارىسى ۋە بوغۇز ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ“ دەپ ئىزاھاتمۇ بېرىلگەن.

ئەمەلىيەتتە بۇ ”ياش“توغراق تۇپراقتىن سۈمۈرگەن ئىشقار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى توغراقنىڭ غولىدا ساقلىنىدۇ، بىر قىسمى يەرگە چۈشكەن شاخ- شۇمبا ۋە يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق بىئولوگىيىلىك ئىشقار شەكلىدە، تۇپراققا سىڭىپ كېتىدۇ، يەنە بىر قىسمى قوۋزاقلىرىدىكى يېرىقچىلار ئارقىلىق سىرتقا ئېقىپ چىقىپ، بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى ئاچ سېرىق رەڭدە كرىستاللىشىپ قالىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ ”توغراقنىڭ يېشى“ دېگىنى دەل توغراقنىڭ غولىدىكى ئاشۇ كرىستال ماددىنى كۆرسىتىدۇ.

پاھ، ”يەيدىغىنى ئوت- چۆپ، بېرىدىغىنى ئاپئاق سۈت“ دېگەن كەلىمىنىڭ ئەينەن تەسۋىرىغۇ بۇ- ھە!

شۇڭا ئۇيغۇرلار توغراقنى مۇنداق دەپ تەرىپلەيدۇ: ”توغراق 3000 يىل ئۆمۈر كۆرۈدۇ: قۇرۇماستىن 1000 يىل ياشايدۇ، قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن 1000 يىل تىك تۇرىدۇ، يىقىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە 1000 يىلغىچە چىرىمەيدۇ“.

ئېھ توغراق، سېنىڭ ئاشۇ خىسلەتلىرىڭنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا ئابدۇسەمەت يادىمىزغا يېتىدۇ، ئۇ ئەجەبا سەندىن ئەنداز ئالغانمۇ؟

دۇرۇس، ئابدۇسەمەتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاشۇ توغراقنىڭ خىسلەت ۋە سالاپىتى مۇجەسسەملەنگەن. ئابدۇسەمەت دەل 1000 يىل كۆكلۈرۈپ ياشايدىغان، قۇرۇپ

---

① چىلىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا شىنجاڭ ئىلىغا پالانغان ئوقۇمۇشلۇق زات ـــ تەرجىماندىن.

② ئازاب- ئوقۇبەت، زۇلۇم- سىتەم ـــ تەرجىماندىن.

كەتكەندىن كېيىن 1000 يىل تىك تۇرىدىغان، يىقىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە 1000 يىلغىچە چىرىمەيدىغان ئاشۇ توغراقنىڭ ئۆزى ئىدى...

---

(2004 ـ يىلى ئاۋغۇستتىن دېكابىرغىچە شېنجېن، گۇاڭجۇ، شېنياڭ ۋە شىنجاڭلاردا زىيارەتتە بولدۇق. 2005 ـ يىلى يانۋاردىن ئىيۇنغىچە شېنجېن بۇجى مەھەللە ئىش باشقارمىسى مېھمانخانىسىدا يېزىپ تاماملىدۇق.)

# ئاخىرقى سۆز

## ”ئەخمەق“ ئاپتورنىڭ قەھرىمانغا مۇھەببىتى

مەزكۇر كىتابنىڭ پۈتكەن ۋاقتى دەل جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدا چاقىرغان جۇڭگو 3 - نۆۋەتلىك لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنىغا توغرا كېلىپ قالدى، شىنجاڭدىكى چوڭ - چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى مەزكۇر يىغىنىنى ئارقا - ئارقىدىن خەۋەر قىلىشتى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى سەي دۇڭشى ۋە ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى لى خۇڭجۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇاڭدۇڭنى مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە ”مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش“تەك ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە يۈكسەك ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە يەنە ئۈچ قېتىم لۇشۈن ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچى ياڭ لىگۇاڭ ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ شىنجاڭلىق يازغۇچىنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى، شىنجاڭنىڭ بىر بۆلۈكىگە كىرىۋېلىپ ئەدەبىي ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ۋە سىرتلاردا باش چۆكۈرۈپ يېزىش بىلەن ئىككى - ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزگەن مەنمۇ بۇنىڭدىن كاتتا ئىلھاملارنى ئالدىم.

يىغىن ئارىلىقىدا خەلقئارا شاھمات خانىشى شيې جۈن جىيا پىڭئاۋ ئەپەندىنى يوقلاپ باردى.

—— مەنمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، شۇڭا سىزدىن تەلىم ئالغىلى كەلدىم، —— دېدى شيې جۈن.

— ئاقىل ئادەم شاھمات ئوينايدۇ، ئەخمەقلەرلا كىتاب يازىدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى جىيا پىڭئاۋ ئەپەندى ئۇنىڭغا.

جىيا پىڭئاۋ ئەپەندى ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇنداق ئەخمەق ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم. دۇرۇس، كىتاب يازىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەقلەرمۇ بار، ئۇنىڭ بىرى مەن.

بۇ جىيا پىڭئاۋ ئەپەندى قىلغان چاقچاق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئەھۋال. بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئاساسى بار:

بىرىنچى، ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ كېتىدىغان ژانىر — ئەدەبىي ئاخباراتنى تاللىغان ئەخمەقمەن.

مەن شېئىر، ھېكايە، نەسىر ھەتتا كىنو- تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرىنىمۇ يېزىپ باققان. لېكىن يۈرەك قېنىمنى ئەڭ كۆپ سىڭدۈرگىنىم ئەدەبىي ئاخبارات. دېمەك، مەن ئەخمەق بولمىسام ئەبەدىي ئاخباراتنى تاللايتتىممۇ؟

ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، ناۋادا سەن ئەبەدىي ئاخباراتنى تاللاپ قالساڭ، يازغۇچى، شائىر ۋە سىنارىستلارغا قارىغاندا كۆپ قان- تەر ئاققۇزماي ئامالىڭ يوق.

ئەقىللىق يازغۇچىلار پويىزدا كېتىۋېتىپ بىرەر ھېكايىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىن توپلىغان دېتاللىرى ۋە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوشۇپلا كىتابتىن بىرنى يېزىپ چىقىدۇ، كىتابى ھەتتا مۇكاپاتلىنىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئەدەبىي ئاخباراتنى ئۇنداق يېزىش مۇمكىنمۇ؟ كىممۇ ئۇنداق يېزىشقا پېتىنالىسۇن؟ ئۇنىڭدىكى دېتاللارنىڭ ھەممىسىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بىر- بىرلەپ ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

زىيارەت دېگەن گەپ تىلغا ئېلىنىسىلا، گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىغا ھەۋەسىمىز كېلىدۇ. ئۇلار ئۈنئالغۇ(ئۈنئالغۇلۇق قەلەم)، مىكروفوننى زىيارەت ئوبيېكتىنىڭ ئالدىغا شۇنداقلا قويىدۇ- دە، بىر قانچە ئېغىز سوئال- جاۋاب بىلەنلا ئىش پۈتىدۇ، ئۇزۇن بولغاندىمۇ بىر نەچچە ئون مىنۇتتىن ئاشمايدۇ.

لېكىن ئەدەبىي ئاخبارات ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش ئۈچۈن قىسقا بولغاندا بەش- ئالتە كۈن، ئۇزۇن بولغاندا بىر نەچچە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. ئەستايىدىللىق بىر ئىش قىلاي دېگەن ئادەمگە تېخىمۇ تەس،

چۈنكى ‹‹ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ جاۋاپ تېپىپ››، ‹‹ئەخمەقلىق›› بىلەن ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي زىيارەت قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان نەق ماتېرىيالغا ئېرىشىمسەڭ، ئوبيېكتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنى جايىدا ۋە جانلىق يازالىشىڭ مۇمكىنمۇ؟

ئىككىنچى، ئۇرۇپ- سوقۇپ بىر ئىش قىلىشنى ئۇقماي، ئەسەرگە كېتىدىغان ‹‹خام ماتېرىيال كانىنى تولۇق ئېچىش››قىلا ئۇرۇنىدىغان ئەخمەقمەن.

ھەر قېتىملىق زىيارەت مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەمنى جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تاۋلايدىغان ‹‹ئۇزۇن سەپەر›› ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بۇ قېتىمقى «يىقىلماس توغراق»نى ئېلىپ ئېيتايلى، مەن بىلەن ھەمكارلاشقۇچى شېن شۇربىن ئەپەندى مەن شىنجاڭغا بېرىشتىن ئىلگىرىلا نۇرغۇن ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قويغانىدىكەن. ناۋادا ئىشنىڭ ئاسىنىنى ئويلىغان بولسام، شىنجاڭدىكى، پەقەت بولمىسا گۇاڭجۇدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپلا ئىشنى پۈتتى قىلسام بولىۋېرەتتى. لېكىن جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىدا ئۆتكەن تۆت يىل ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدىغان تۇرسا، شۇ يەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا قالدۇرغان ئىزلاردىن ئانچە- مۇنچە خەۋەردار بولمىسام قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن شېنياڭغا بېرىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەسلەپتە ئوقۇش خىراجىتىنى غەملىيەلمەي مەكتەپكە يېرىم ئاي كېچىكىپ كەلگەنلىكى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەچكە كىچىك چېغىدىن باشلاپلا دىلى سۇنۇق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ گاھىدا تۇتۇپ قالىدىغان قىزىق قانلىقى تۈپەيلىدىن ئىش تېرىپ بىر ساۋاقدىشىنىڭ بۇرنىنى ئۇرۇپ ئېزىۋەتكەنلىكى، ئۇ كىچىك بالىغا ناھايىتى ئامراق بولغاچقا، ھەر ئايلىق 200 يۈەنلىك تۇرمۇش خىراجىتىدىن قىسىپ يۇرۇپ پۇل يىغىپ، نامراتلىق ۋە كېسەللىك ئازابىدا قىينىلىۋاتقان خەنزۇ بالىسىغا ياردەم قىلغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتىم، بۇنىڭ بىلەن كىتابنىڭ ئىككىنچى بابى ۋۇجۇتقا كەلدى.

بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى زىيارىتىم ماڭا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇرۇق- تۇغقان ۋە دوست- بۇرادەرلىرىم مېنىڭ

بىرىشىمغا قوشۇلماي، ماڭا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىشتى: ”خوتەننى ئانچە تىنچ ئەمەس دەيدۇ، گاھىدا شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىرى قۇتراپمۇ تۇرارمىش؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىنى ئۇقمايسىز، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن گاس- گاچىلا بولۇپ قالىسىز؛ رىماتىزىم كېسىلىڭىز بولغاچقا ئادەتتە پەشتاقتا چىقىپ- چۈشۈشتىمۇ قىيىنلىشىۋاتقان تۇرسىڭىز، شۇنچە يىراق يەرگە بەرداشلىق بېرەلمەسسىزمىكىن؛ زادى بارىمەن دېسىڭىز بىرەرسىنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ!“

بۇ گەپلەردىن سەل- پەل ئىككىلىنىپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان بولسامۇ، لېكىن يانمىسام بولمايتتى. ئۆزۈممۇ ياشراق بىرەر ساقچىنى ھەمراھ قىلىۋالغان بولسام ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى قىشلىق كىيىم- كېچەك، ئۈنئالغۇ، لېنتا، زىيارەت ئوبيېكتلىرىغا بېرىمەن دەپ ئېلىۋالغان كىتابلار قاچىلانغان يوغان چامادانىمنى يالغۇز كۆتۈرمىكىممۇ مۈشكۈل ئىدى.

بىراق، بىرەرسىنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭسام، بىر ھەسسە خىراجەت ئارتۇق چىقىم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۆزۈم يالغۇز بېرىش قارارىغا كەلدىم.

مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم ماڭا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان مېھرىگۈلدە ئىدى، ئۇنى ھەمراھ قىلىۋالسام ئۇ ماڭا ھەم تەرجىمان، ھەم قوغدىغۇچى بولاتتى. چۈنكى ئۇمۇ ساقچى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ياش ساقچى- دە! بىراق شىنجاڭغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئاجىزە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز خوتەندە ئۈچ كۈن زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى پۇت سۆڭىكى چىقىش كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، مېھمانخانىدىن چىقالمىدى، بۇنىڭ بىلەن مەن مەتتوختىنى ھەمراھ قىلىپ، زىيارىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

خوتەندىكى زىيارىتىمنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان چاغدا مەن يەنە دېلىغۇل بولۇپ قالدىم: جاپا چەكمەي تىنچ- ئامان كېتىۋالاي دېسەم، ئايروپىلانغا ئولتۇرسام ئۈچ سائەتكە قالمايلا ئۆزۈمنى ئۈرۈمچىدە كۆرەتتىم. بىراق مېنىڭ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا دەرياسى —— تارىم دەرياسىنى، تەكلىماكاندىكى گىگانت دەرەخ —— توغراقنى كۆرگۈم بار ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كېچىلىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تەكلىماكانغا كىرىشكە توغرا كېلىدىكەن. تەلىيىمگە ھەپتىنىڭ ئاخىرى بولۇپ

قالغاچقا، مەن ئابدۇسەمەتنىڭ قەدىناس دوستلىرى مەتوختى بىلەن مەمەت ئابدۇللانى ”مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار“ دېدىم.

— زادى بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى مەتوختى مەندىن. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا ئىدى، چۈنكى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يەنە 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ماشىنا ئۇيەر- بۇيەردە توختايدۇ، ئادەمسىز قۇملۇقتىن ئۆتىدۇ. دېمەك، ئۇ ئايروپىلاندەك بىخەتەر ئەمەس ئىدى. بىراق بۇنىڭغا باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا: ”چوقۇم بېرىشىم كېرەك، توغراقنى يازىمەن دېگەن ئادەم توغراقنى كۆرمىسە قانداق بولىدۇ؟“ دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى.

ئاپتوبۇس خوتەندىن چىقىپ قارلىرى تولۇق ئېرىپ بولالمىغان يولغا كىرگەندە، مېنىڭ توڭلىسام كىيەرمەن دەپ ئېلىۋالغان ماموق چاپىنىم دېرىزىنىڭ ئاراشلىرىدىن كىرىۋاتقان سوغۇق شامالغا دالدا بولالمىدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ ئۈيۈشۈشقا باشلىدى. شوپۇر ناھايىتى قارام ئادەمدەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ كېچىدىكى قۇملۇق يولىدا باشقا بىرەر ماشىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ماشىنا گويا يۈگەنسىز ئاتتەك ئۇچقاندەك چاپماقتا ئىدى. سۈرئەت ناھايىتى تېز بولغاچقا، گاھىدا ماشىنىنىڭ قۇيرۇقى ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلۈپ يەنە جاڭگىلدە يەرگە چۈشەتتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. ئاخىرى كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم- دە، تەۋەككۈل دەپلا جېنىمنى شوپۇرغا تاپشۇرۇپ، جىم ئولتۇردۇم...

ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى، بىز بېلەت ئالغاندا بېلەتچىك مەنزىلىمىزگە ئەتىگەن سائەت يەتتە- سەككىزلەر بىلەن يېتىپ بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقانىدى. بىراق، شوپۇر ماشىنىنى بەك تېز ھەيدىگەچكە، ئۇرۇمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت تۆت بىلەن ماشىنىنى بىر يەرلەرگە توختاتتى- دە، بىزنى ”قېنى چۈشۈڭلار!“ دېدى. تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى، شوپۇرنىڭ سىياھەدەك قاراڭغۇدا بىزنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاڭ- تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم.

ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن تالاغا قارىدىم، ئەتراپ گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى، پەقەت ماشىنىنىڭ چىرىقىلا ئالدىدىكى يولنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ چۈشىسەك قانداق بولار؟ تەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىز تۆت بولغىنىمىز بىلەن، بىرى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال، يەنە بىرەيلەن نازۇك قىز بالا، قالغان ئىككىسىمۇ سىپايە زىيالىي يىگىتلەر...، بىزنى نېمە قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟ چىل بۆرىلەرگە ئۇچراپ قالساق قانداق قىلارمىز؟ بۇلاڭچىلار كېلىپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر مەھەللە- كويمۇ ئەمەس، ئىنسۇ جىننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان باياۋان تۇرسا! چۈشمىسەكچۇ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئۇدۇللا ئاخىرقى مەنزىلگە بارىمىز. تاڭ يورۇغاندا پويىز بىلەن ئۆرۈمچىگە كېتىۋالىمەن. بىراق، تارىم دەرياسىچۇ؟ توغراقچۇ؟ بۇ يەردىن چۈشمەي ئۆتۈپ كەتسەم ئۇلارنى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. دۇرۇس، ئەقلىمنى ئازراق ئىشقا بۇيرۇپ، ئۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلسامىمۇ بولىدۇ. بىراق، تارىم دەرياسى بىلەن توغراقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىشكە زادى كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

بولدى چۈشەيلى! تۆتەيلەن يوك- تاقلىرىمىزنى ئېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئاپتوبۇس گويا ”گۇناھكار“ باللارنى چۆللۈككە ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەندەك، بىزنى چۈشۈرۈۋېتىپلا قۇيرۇقىدىن ئىس پۇركۈگىنىچە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

باياتىن بېرى ماشىنىنىڭ چىرىقىدا ئانچە- مۇنچە يورۇپ تۇرغان يول مانا ئەمدى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى. ئاندا- ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان يىراقتىكى دۇكانلارنىڭ چىراغلىرىلا بىلىنەر- بىلىنمەس پىلىلداپ، ئوت پىلىلدىغان قەبرىستانلىقنى ئەسلىتەتتى.

شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بۇ ”دانا“لىقلىرىم ئۈستىدە ئويلاپ قالدىم، بۇ ئىككى يىگىتنى ھەمراھ قىلىۋالمىغان بولساق، مېھرىگۈل ئىككىمىز قانداقمۇ قىلارىدۇق، نېمە كۈنلەرگە قالا ِيدۇق- ھە!

—— سىز بېرىپ ئاۋۇ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ بېقىڭ، ئامال بولسا تاڭ يورۇغىچە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى، —— دېدىم مەمەت ئابدۇللاغا.

—— ياتاق باركەن، 40 يۈەن دەيدۇ، —— مەمەت ئابدۇللا ھايال قىلماي يېنىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىچىمدە، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاشنى راۋا كۆرمەيدىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

بۇنداق چاغدا تۆتىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ھېلىغۇ 40 يۈەن دەپتۇ، ھەتتا 400 يۈەن دېسىمۇ غىڭ قىلماي بېرىدىغان گەپ ـ دە!

ھېلىقى ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ بولۇپ، تۇيۇقسىزلا يەنە ئەنسىرەپ قالدىم. بۇ قارا ئۆتەڭ ئەمەستۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ساقچى تۇرماق ھەتتا بىرەر ئادەمنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان بۇ چۆل ـ جەزىرىدە بىز تۆتەيلەننى ئىس ـ بۇسنى چىقارماستىن جايلىۋېتىش ئاسان ئىشقۇ!

مەن ياتاقنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم، ئىشىك تۈۋىدە بىر بوۋاي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭ جياڭسۇلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئون نەچچە يىل بولغانىكەن، بۇ جياڭسۇلۇق بوۋاينىڭ قويمىچى سارايۋەنلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، قالغان ئۈچەيلەننى ياتاققا چاقىردىم.

بۇ "مېھمانخانا" ئەمەلىيەتتە يوغان ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان بىر نەچچە رەت كېسەك ئۆي ئىدى. ئىختىيارسىز چوڭ شەھەرلەردە يەر باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقى يادىمغا يېتىپ قالدى، بۇ يەردە ئۆي سالىدىغانلار يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالمىسىمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ. ناۋادا پۇل تۆلەپ تەستىق ئېلىشقا توغرا كەلسە، بەيگە مەيدانىدەك بۇنداق چوڭ ھويلىنى سېلىش ئۈچۈن قانچىلىك يەر پۇلى كېتەر ـ ھە!

بۇ كىچىك دەڭنى كۆرۈپ، شەرقىي شىمالنىڭ ئۆتەڭلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا شەرقىي شىمالنىڭ مۇشۇنداق ئۆتەڭلىرىدە ئىككى قېتىم قونۇپ باققانىدىم، بىراق ئۇ چاغدا نەچچە ئون ئادەم بىللە، ھەممىمىزنىڭ ئۈچىسىدا ھەربىيچە فورما بولغاچقا، قورقۇش دېگەن يوق ئىدى.

بوۋاي ياتاقتىن بىرنى ئاچتى، ياتاقتا تۆت كارىۋات بار ئىدى.

ـــ قېنى، يوتقانغا يۆگىنىپ بىر ئاز ئىسسىنىۋېلىڭلار، ـــ دېدىم مەن.

تۆتەيلەن كارىۋاتقا چىقتۇق ـ دە، يوتقانغا يۆگىنىپ تۆگۈلۈپ ئولتۇردۇق. بىر ـ بىرىمىزگە قارىساقلا كۈلگۈمىز كېلەتتى. مەندىكى بىردىنبىر ئىستەك ـــ زىيارەت بولغاچقا، ئاپپاراتنى چىقىرىپ بىر نەچچە پارچە سۈرەت تارتتىم.

تاڭ غۇۋا يورۇغاندا، مەمەت ئابدۇللا سىرتقا ماڭدى. بىز تېخى ئۇنى ھاجەتخانىغا چىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمىز. لېكىن ئۇ بىر چايدان ئىسسىق سۇ بىلەن بىر داسنى كۆتۈرۈپ كىردى، بىز يۈز- كۆزىمىزنى يۇيدۇق.

مەمەت ئابدۇللا ناھايىتى ياخشى يىگىت ئىكەن، كەمسۆز بولغىنى بىلەن بەك ئاق كۆڭۈل، سەممىي بالا ئىكەن. ئۇ يول بويى يۈك- تاقلىرىمىزنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ، بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى.

تاڭ رەسمىي يورىدى. بىز ئىشىمىزغا تېزراق تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن، ياتاق پۇلىنى تۆلەپ، ئۈچ- تۆت سائەتلا ئولتۇرغان ئەمما ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان بۇ ياتاق بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقتۇق.

بىز يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىردۇق. بىز بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ بۈگۈنكى تۇنجى مېھمانلىرى ئىدۇق. شۇڭا خوجايىن ئەسنەپ تۇرۇپ، ئوچاققا ئوت ياقتى ۋە شاگىرتلىرىنى تاماق ئېتىپ، كاۋاپتىن تۆت زىخ پىشۇرۇشقا بۇيرىدى. تاماق ئۈستىلىگە دەسمال تېگىپ باقمىغان بولغاچقا، ناھايىتى مايلىشاڭغۇ ئىدى. بىز قورساق ئاغرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ بىر نەچچە تال سامساق ۋە ئاچچىقسۇ ئەكەلدۈردۇق.

ناشتىدىن كېيىن ئۈچىمىز بىر ئاز ئىللىغاندەك بولدى. بىز ئاشخانا خوجايىنىدىن تارىم دەرياسىغا قانداق ماڭىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم سورىۋالغاندىن كېيىن، يۈك- تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ ئاشپۇزۇلدىن چىقتۇق. چۆلنىڭ سەھەر مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى.

يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، يوغان بىر كۆۋرۈك كۆرۈندى. كۆۋرۈك ناھايىتى ئۇزۇن، دەريا قىنى كەڭ بولغىنى بىلەن سۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. تارىم دەرياسى مۇشۇمىكىنە؟ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. كۆۋرۈك بېشىدا يول ئىشچىلىرى ياكى كۆۋرۈك باقىدىغانلارنىڭ خىزمەت پونكىتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك بىر ئۆي تۇراتتى، ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىۋىدۇق، ئىچىدىن خىزمەت كىيىمى كىيگەن ئىككى خەنزۇ چىقتى. ئۇلاردىن سوراپ، كۆز ئالدىمىدىكى قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇ دەريانىڭ دەل نامى ئۇلۇغ تارىم دەرياسى ئىكەنلىكىگە ئاندىن ئىشەندىم. ھېلىقى ئىشچىلار مېنىڭ شېنجېندىن ئالايىتەن تارىم دەرياسىنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

ــــ يازدا كەلگەن بولسىڭىزغۇ دەريادا سۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى، قىش كىرگەن ھامان تارتىلىپ كېتىدۇ.

تارىم دەرياسىنى كۆرۈپ سەل ئۈمىدسىزلەنگەن بولسامۇ، لېكىن بىز تۆتەيلەن كۆزۈرۈك بېشىدا تۇرۇپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق.

بىز ھېلىقى ئىشچىدىن توغراقلىققا قانداق بارىدىغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇ:

ــــ ئېقىننى بويلاپ قارشى تەرەپكە بىر نەچچە سائەت ماڭسىلەر، ئەڭ ياخشىسى ماشىنا بىلەن بېرىڭلار. سەل تۇرساڭلار شەخسلەرنىڭ كىچىك مىنبۇسلىرى كېلىدۇ، ــــ دېدى.

بىز ئازراق ماڭغاندىن كېيىن دېگەندەك ئارقىمىزدىن بىر مىنبۇس كەلدى، بىز ماشىنىغا چىقتۇق.

ماشىنا بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، شوپۇر: ”كەلدۇق، چۈشۈڭلار“ دېدى. دېگەندەك، تاقىر باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە توغراقلىق بار ئىدى. بىراق توغراقلار ناھايىتى شالاڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش بولغاچقىمۇ توغراقلار مەن رەسىمدە كۆرگەندىكىدەك ئۇنچىۋالا چىرايلىق ئەمەس ئىدى، ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماقلاردىن ئەسەرمۇ يوق، پەقەت قۇرۇق شاخلىرىلا قالغانىدى. لېكىن توغراقلارنىڭ تۇرقى خىلمۇ خىل بولۇپ، بىر- بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، كۆن نۇرىدا بىر ئاز سىرلىق كۆرۈنەتتى.

بىر تۇپ توغراق ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ”توغراق قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ 1000 يىل تىك تۇرىدۇ“ دېگەن گەپ يادىمغا يەتتى. بۇ توغراقنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىگە قانچە يىللار بولغاندۇ؟ بۇ بىر تۇپ توغراقنىڭ غول ۋە شاخلىرى ئاللىقاچان قاخشال بولۇپ بولغانىدى، بىراق رەڭگى تېخى قۇرۇمىغان توغراقلارنىڭكىگە قارىغاندا قېنىق ئىدى، ئۇنىڭ شاخلىرى ئايرىلىپ چىققان بەزى يەرلىرى كاۋاك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرۇشلىرى يەنىلا مەغرۇر ئىدى، بەئەينى مىس ياكى تاشتا قاتۇرغان ھەيكەلگىلا ئوخشايتتى.

يەنە بىر تۇپ توغراق يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ”توغراق يىقىلىپ چۈشۈپمۇ يەنە 1000 يىلغىچە چىرىمەيدۇ“ دېگەن سۆز يادىمغا يېتىپ، بۇ توغراقنىڭ بۇ چۆلدە

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشقانلىقىغا شەكسىز ئىشەندىم. ئۇنىڭ يىقىلغىنىغا قانچە يىللار بولغاندۇ؟ ئەمما بۇنىڭغا قانچە يىل بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ چىرىپ كەتمەي مەزمۇت تۇرغانلىقى مېنىڭ ھۆرمەت- ئېھتىرامىمنى قوزغايتتى. بۇنى كۆرۈپ مېنىڭ كىشىلىك ھاياتىم ۋە روھىمغا ئۇنتۇلماس تەسىر كۆرسەتكەن قەھرىمانلار بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمغا كەلدى: ئەنە، پاۋىل.كورچاگىن، زويا ۋە شورا، خۇاڭ جىگۇاڭ، لېي فېڭ، ياڭ زىرۇڭ، جياۋ يۈلۈ، يەنە ئابدۇسەمەتمۇ بار...

زىيارەت گەرچە جاپالىق بولغىنى بىلەن كۆڭۈللۈك ئىدى. چۈنكى زارىقىپ ئىنتىلگەن نەرسىلىرىڭنى كۆرگەن ۋە بىلگەندىن كېيىن، ئاشۇ دىتاللار ئىلھام ئۇچقۇنلىرىڭنى يالقۇنغا ئايلاندۇرىدۇ. خەير- خوش، توغراق! سېنى ئاخىرى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!

ئۈچىنچى، قەھرىمانغا ئىشتىياق باغلىغان ئەخمەقمەن.

ياشلار ماڭا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىشتى: ھازىر ئادەملەر كىتاب كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتتى. شۇڭا نېمىشقا بازارلىق كىتابلارنى يازمايسىز؟ ئۇنداق كىتابلارنى يازسىڭىز جاپاسى ئاز، پايدىسى كۆپ دەڭە!

ئاشۇنداق قىلىشنى ئويلىمىدىم ئەمەس، ئويلىدىم. چۈنكى بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق داۋلىسىمۇ بار. بىراق، ئادەم ئۆزىنىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتمىكى بەك تەسكەن.

60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەن مەلۇم ھاۋا ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى ئىدىم. شۇ چاغلاردا شېئىر، ناخشا تېكىستى دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىپ «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئانچە- مۇنچە ئېلان قىلاتتىم. بىراق ئۆمەك رەھبەرلىكى مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قالدى: ''سىزنىڭ كەسپىڭىز ئارتىس بولغاندىكىن، شېئىر- قوشاق يازىمەن دەپ شائىرلىقتىن تەمە تارتىپ يۈرمەڭ، شائىر بولماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ھە دېسىلا تېرىپ- تۆنەپ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىڭىز ئۆي- خىيالىڭىزنىڭ ئۆز خىزمىتىڭىزدە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن زېھنىڭىزنى خىزمەتكە قويالمىغانىكەنسىز، دېمەك، سىزدە نام- مەنپەئەت قوغلىشىش ئىدىيىسى بار دېيىشكە بولىدۇ. نام- مەنپەئەت قوغلىشىش ئىدىيىسى بار ئادەم «بەشتە ياخشى» باھالىنالمايدۇ؛ «بەشتە ياخشى» باھالىنالمىغان ئادەم پارتىيىگە

كىرەلمەيدۇ...!»» نىمىدېگەن «سەممىي نەسىھەت»- ھە! شۇنىڭ بىلەن بىر نەرسىلەرنى يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان «ئەيىب»نىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم. كېيىن ئويلىمىغان يەردىن قىسمىغا بىرىپ قالدۇق. ئۇ يەردىكى بەزىبىر ئىلغار ئىش- ئىزلارنى كۆرۈپ، يەنە قولۇمغا قەلەم ئالماي تۇرالمىدىم. ئويۇن ئارىلىقىدا سەھنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ مىسرالار ئۈستىدە كاللا قاتۇراتتىم، مۇشۇنداق قىلىپ ئويۇن قويۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالغان چاغلىرىممۇ بولغان. نەتىجىدە ئۆمەك باشلىقىنىڭ ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى راستىنلا بېشىمغا كەلدى، تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان «نام- مەنپەئەتكە قۇل بولغان ئۇنسۇر» ئاتالدىم. شۇنىڭ بىلەن «بەشتە ياخشى»مۇ باھالىنالمىدىم، پارتىيىگىمۇ كىرەلمىدىم. كېيىن ئويلىسام، قەلەمنى تاشلىماسلىق قان- قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل ئىشتىياق ئىكەندۇق. ئاشۇ ئىشتىياقىم ئۆچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېزىقچىلىقتا مەندە بىر خىل روھ بار، ئۇ بولسىمۇ قەھرىمانلارغا بولغان ئۈتتەك ئىشتىياقتۇر. شۇڭا ئۆزۈم ناھايىتى توخۇ يۈرەك بولسامۇ، لېكىن قەھرىمانلارغا چوقۇنغۇم، ئۇلارنىڭ دەۋرلەر دولقۇنى داۋامىدا باشتىن كەچۈرگەن جاپالىق كەچمىشلىرىنى، خەتەرلىك پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ غايە- ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مىللىي جاسارىتىنى يازغۇم كېلىدۇ. چۈنكى، مەيلى جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدا بولسۇن ياكى دۇنيا تارىخىدا بولسۇن، ئاشۇنداق قەھرىمانلار گويا توغراققا ئوخشاش پانىي دۇنيادا ئەبەدىي يىقىلماي، كىشىلەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. لېكىن بۇ بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە «دەۋرنىڭ كەينىدە قالغانلىق، ئەخمەقلىق» دەپ قارىلىدۇ.

دۇرۇس، ئادەم مودا كىتابلارنى يازسا راستىنلا داڭ چىقىرىپ پۇل تاپالايدۇ، لېكىن مېنىڭ ئۇنداق يازغۇچىلار قاتارىغا قېتىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. چۈنكى، مېنىڭچە ئەدەبىيات روھ قاتلىمىغا تەۋە نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. چىنلىق، گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ئەدەبىيات مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئەدەبىيات ئەمەس.

ئەخمىقانە ئـادەمنىڭمۇ ئەخمىقانە بـەختى بولىدىغـان ئوخشـايدۇ. مـەندەك ئەخمەقنىڭ ئەخمىقانە ئويلىرى، ئەخمىقانە تىپىرلاشلىرى ئاخىرى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. «يىقىلماس توغـراق» ناملىق بـۇ كىتابنى مىسالغا ئالساق، شېئىر شۇرېن ئەپەندى بۇ تېمىنى بايقىغاندىن كېيىـن، مېنى دوستانە يېنىغا تـارتىپ ”بىرلىكتە يـازايلى“ دېـدى. بۇنىـڭ بىلـەن بىـر قېتىملىق ئۇنتۇلماس ئىجادىيەت پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. قـەھرىمانىنىڭ ئىش- ئىزلىرى مېنىـڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمنى ئەۋجىگە چىقاردى.

زىيـارەت جـەريانىدا مـەن شـېنجېن شـەھىرى لوڭگـاڭ رايونلـۇق پـارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش جەي جۇڭتەي، لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يولـداش يـۈەن شـياگېن، بۇجـى مەھەللـە ئىش باشقارمىسى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يولداش جاۋ يـەنمىن، ئىـش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى يولداش ياڭ شياۋمىڭ، مۇئاۋىن سېكرېتارلىرىدىن لى زىسەي، لىـن جيەنجۇڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەتكارلىقىغا ئېرىشتىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسـىي ۋە ئىقتىسادىي چىـڭ تۇتـۇش بىلـەن بىرگـە يەنـە ”مەدەنىيـەت ئـارقىلىق شـەھەرنى گـۈللەندۈرۈش“ جەھـەتتىمۇ ئۆزگـىچە قـاراش ۋە روھقـا ئىگـە ئىكـەنلىكىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئـاۋىن سـېكرېتارى، مۇئـاۋىن مۇدىـرى يولـداش جـىن يۈشـۈ، تەشۋىقات بـۆلۈمىنىڭ باشـلىقى يولداش ۋاڭ شيەنزېڭ، بۇجـى ساقچىخانىسىنىڭ سياسـىي يېتەكچىسـى يولـداش پېڭ گوچىڭ قاتارلىقلار ماڭا كۆپ يېتەكچىلىك قىلـدى ۋە يـاردەم بـەردى. ئابدۇسەمەتنىڭ نۇرغـۇن ساۋاقداشـلىرى، خىزمەتداشـلىرى، يۇرتداشـلىرى، ئـۇرۇق- تۇغقـان، دوسـت- بۇرادەرلىرى زىيارىتىمنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ، مېنى يەنە نۇرغـۇن يىـپ ئۇچـى بىلـەن تەمىنلەپ، نۇرغۇن زىيارەت ئوبيېكتى بىلەن ئالاقىلىشىپ بەردى. بولۇپمۇ مېھرىگۈلنىڭ ھەيران قالارلىق كۈچلۈك خاتىرىسى ۋە خەنزۇچە ئىپادىلەشتىكى كارامەت ئىقتىدارى مېنىڭ قـەھرىمانىنىڭ ئـەينى چاغدىكى ھېس- تۇيغۇلىرى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك تەپسىلاتلارنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلىشىمگە ئىمكانىيەت ياراتتى.

جۇڭگـو يـازغۇچىلار نەشـرىيات گـۇرۇھى باشـقۇرۇش كومىتېتىنىـڭ مۇئـاۋىن مۇدىرى، داڭلىـق يـازغۇچى ئەكبـەر مىجىت ئەپـەندىمۇ ماڭا يېقىندىـن يـاردەم قىلـدى.

خانقىز خۇ جىڭ قەھرىمانغا بولغان قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن دەم ئېلىش ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ ماڭا ماتېرىيال ئىزدىشىپ بەردى، پۈتۈن كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى كومپيۇتېردا تىزىپ چىقىپ، بۇ كىتابنىڭ ئوڭۇشلۇق روياپقا چىقىشىغا قولايلىق ياراتتى. بۇ يەردە يۇقىرىقى يولداشلارنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن.

كىتاب نەشر قىلىنىش ھارپىسىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش تۆمۈر داۋامەت يازغان كىرىش سۆزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يەتتى. تۆمۈر داۋامەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل سىياسىي ئەرباب بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان داڭلىق شائىر ۋە يازغۇچى. شۇڭا، ئۇنىڭ دىققىتى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىغا نائىل بولغانلىقىم مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم، ئەلۋەتتە.

قەھرىماننىڭ گويا توغراقتا ئوخشاش يىقىلماي قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، قەھرىماننىڭ ھەقىقىي ھاياتى بەدىئىي رەۋىشتە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنى نامايان قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. دەۋر ــــ بۇ بىر جەڭ مەيدانى؛ مۇئەللىپ ــــ ئاشۇ جەڭلەردىكى ھەربىي مۇخبىر. مەن بۇ مۇخبىرلىقنى ئاخىرقى تىنىقىمغىچە داۋاملاشتۇرىمەن.

**لى لىڭشيۇ**

2005 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇن، بۇجى

**زىيارەت ۋە ئىجادىيىتىمگە نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلغان تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمەن:**

شېنجېن شەھىرى لوڭگاڭ رايونى بۇجى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتكومى

شېنجېن شەھىرى لوڭگاڭ رايونى بۇجى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

شېنجېن شەھىرى لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى رازۋېدكا تارماق ئەترىتى

جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتى

شېنجېن شەھىرى لوڭگاڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى بۇجى ساقچىخانىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى

شىنجاڭ سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى